سەنئەتكارلىرىمىز



1994

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION

4—5

www.uyghurkitap.com



كۈتۈش (ماي بوياق رەسم) ئەخمەت كېرەم سزغان
ـ قەييۇم قادر فوتوسى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى
قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
43 - يىل نەشرى
1994 - يىل 4 -، 5 - سان (ئومۇمىي 209 -، 210 - سان)

## بۇ سانىدا

### سەنئەتكارلىرىمىز

سەنئەت ئۇستازىنىڭ كىشىلىك يولى ...... رەنا مەخسۇت 2

### ئەدەبىيات گۈلزارى

زەيتۇنە (پوۋېست) ...... مۇھەممەت باغراش 11
قۇياش ۋەھىمىسى (ھېكايە) ...... زوردۇن سابىر 51
تەسىرات دېڭىزىدىن تامچىلار ...... ياسىنجان سادىق، ئەنۋەر تاشتۆمۈر، ئەنۋەر ئابلەت 64

### تارىختىن سۆز

تارىختىكى ئۇيغۇر سىرىك سەنئىتى ...... ئابلىز مۇھەممەت سايرامى 65

### تۇتېم تەتقىقاتى

ئۇنتۇلغان تۇتېم ۋە زامانىۋى كەمتۈكلۈك ...... ئەسئەت سۇلايمان 93

### سەھنە ئەسەرلىرى

كەچكۈزدىكى غېرىبلىق (دراما) ...... تۇرسۇنجان لەتىپ 100
ناخشا تېكىستلىرى ...... مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، ئابدۇسالام توختى، تۇرسۇن نىياز 127

### سەنئەت ئىسلاھاتى

سەنئەت تەرەققىياتىدا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم ...... ئابلىجان ھېيىت 128
سەنئەتتىكى ۋارىسلىق قىلىش بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم ...... يۈسۈپ كېرىم 131

### چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

تاتار خەلق لەتىپىلىرى ...... غارىفۇللا يىكىنىيېف تەرجىمىسى 133

### دانالار خەزىنىسى

ھايات ھەقىقەتلىرى ...... توپلىغۇچى: ئىلياس ھوشۇر 136

### سىگنال

بىز سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايمىز ...... قەدىردان قەييۇم 138
تۇمان ھاسىلاتلىرى ...... سىدىقھاجى روزى 141

### ئەينەك

بىزدىكى ھەشەمخورلۇق ...... نىزامىددىن ھۈسەيىن 143
ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى ...... ئەختەم ئۆمەر 153

### ئاممىۋى مەدەنىيەت سەپىدە

دولان دىيارىدىكى مەدەنىيەت پونكىتىغا زىيارەت ...... خۇدابەردى ئابدۇللا 159

مۇقاۋىدا: ئاتاقلىق ئۇسسۇل پېشۋاسى، مەرھۇمە قەمبەرخانىم. رەسسام: پەرھات ئىبراھىم، ئابدۇشۈكۈر كېرىم (تەكلىپ قىلىنغان). مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)، ساتتار توختى
بۇ سانىنىڭ مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت، رىسالەت مۇھەممەت
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت

www.uyghurkitap.com

# سەنئەت ئۇستازىنىڭ كىشىلىك يولى





ـ قەدىرلىك ئۇستاز قەمبەرخانىمنىڭ ئۆچمەس
خاتىرىسى ئۈچۈن

**رەنا مەخسۇت**

قانداق گۈلشەن خازان بولدى،
قانداق ئىستەك ئارمان بولدى.
قانداق چېچەك يەرگە چۈشتى،
قانداق ئەدەب شامى ئۆچتى؟!

بۇ يىل 13 ـ يانۋار ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى نامدار نامايەندە، ئەسرىمىزدىكى ئۇيغۇر مىللىي سەھنە ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە يېڭى زامان ئۇسسۇل سەنئەت مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى، مەشھۇر جامائەت ئەربابى قەمبەرخانىمنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن ئەبەدىي توختىدى. خەلقىمىز كۆپ ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىدا ياراتقان گۈزەل ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ سادىق ۋارىسى، يالقۇنلۇق تەرغىباتچىسى ۋە پازىل ئۆلگىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. خەلقىمىز قەمبەرخانىمنىڭ ۋاپاتىدىن ئېغىر قايغۇغا چۆمدى. بۇ ئېغىر مۇسىبەت ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىگە بولغان تارىخىي چۈشەنچىسىنىڭ

**سەنئەتكارلىرىمىز**

ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ تولدۇرغۇسىز يوقىتىشلىقىنى داۋاملىق ئاشۇرۇۋاتقانلىقى شۈبھىسىز!

بىز ئۇستاز قەمبەرخانىمنىڭ ھايات يولىنى، سەھنە ۋە مائارىپ ھاياتىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان ھەقىقىي ئۇيغۇر پەرزەنتىگە لايىق، ئاپىرىدىغان ئەنئەنىۋى پاك ئەخلاقىي پەزىلىتى ۋە پاشاش خۇرۇرىنى ياشلىرىمىزغا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە تونۇشتۇرۇشقا قەرزدارمىز. ئۇ بىز ئۈچۈن خېلى - خېلى سالاھىيەت ئىگىلىرىمۇ يېتىپ كېلەلمەيدىغان ئالىيجاناب مەنىۋى ئۈلگە.

# يېڭى زامان ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ مۇتەۋەر پېشىۋالىرىدىن بىرى

ئۇ «شىنجاڭدىكى ئەڭ گۈزەل ئىككى سەنئەت گۈلىنىڭ بىرى».

- ئەخمەتجان قاسىمى

قەمبەرخانىم 1915 - يىلى قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىكى مېۋىزار يېزا - بەشكېرەم ئاۋات كەنتىدە دۇنياغا كۆز ئاچقان. ئۇ ئۆز ئائىلىسىدە، ئۆز يۇرتىدا توپلىشىپ ئولتۇرغان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك، ھالاللىق ۋە ناخشا - ئۇسسۇلغا ھېرىسمەنلىك روھىيىتىدىن ئۆز قەلبىنىڭ تۇنجى مەنىۋى قاتلىمىنى ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئەمەت ئاكا ناخشا خۇمار، ئانىسى زورىخان ئاچا ئۇسسۇل خۇمار خەلق سەنئەتكارلىرىدىن ئىدى. قەمبەرخانىم بۇ ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن ئۈچ قىزنىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ، ئاچىسى نىساخان، سىڭلىسى گۈلبەھرەملەر ئىدى.

قەمبەرخانىم ئائىلىسى بىلەن ئەينى زاماندىكى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىغا چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئانىسى ئالمۇتىدا قازا قىلغاندىن كېيىن، ئانىسى يەنە ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈپ، قەمبەرخانىم غەربىي شىمال سەنئەت ئىنستىتۇتى شىنجاڭ سەنئەت فاكۇلتېتىغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان مەزگىلدە، 1953 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

قەمبەرخانىمنىڭ سىڭلىسى، ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان ئۇسسۇلشۇناس گۈلبەھرەم، ئالمۇتا ئۇسمۇرلەر مۇزىكا - ئۇسسۇل مەكتىپىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئالمۇتا، تاشكەنتلەردىلا ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل ماھارىتى بىلەن دىققەتكە سازاۋەر بولغانىدى. گۈلبەھرەم 1947 - يىلى - ئىت يىلى ئاخىرلىشىش ئالدىدا، خۇددى قەمبەرخانىمغا ئوخشاشلا 13 - يانۋار ئالەمدىن ئۆتكەن. كېيىن ھالەتتە ياتقان گۈلبەھرەمنى ئەخمەتجان قاسىمى يوقلىغان ۋە قەبرە بېشىغا چىقىپ ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ قايغۇلۇق نۇتۇق ئېلان قىلغانىدى.

قەمبەرخانىم ئائىلە ۋە ئەل - يۇرت تەسىرىدە ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىغا ئىشتىياق باغلىغانىدى. ئۇنىڭ مىللىي ئۇسسۇلغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ئۆزبېكىستان دۆلەت خروگرافىيە (ئۇسسۇل) مەكتىپىدە ئۇنىڭ كەسپىي ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا ئۇل سالغان. بۇ مەكتەپكە ئاتاغلىق ئۆزبېك ئۇسسۇل - مەدەنىيەت ئەربابى تاماراخانىم يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئەينى زاماندىكى ئۆزبېكىستان ئۇسسۇل مۇنبىرى تاماراخانىم، ھەلىمە ناسىروۋا، مۇكەررەمە تۇرغۇنبايېۋا، رازىيە كەرىموۋا قاتارلىق ئالەمشۇمۇل ئۇسسۇل ماھىرلىرى شۆھرىتى بىلەن راسا جىلۋىلەنگەنىدى. قەمبەرخانىم يەنە موسكۋاغا بېرىپ مۇزىكا - ئۇسسۇل ئىنستىتۇتىدا تەلىم ئالدى ۋە ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنى موسكۋا سەھنىسىدە ئوينىدى.

كىشىنى قايىل قىلىدىغىنى شۇكى، قەمبەرخانىم تۇنجى رەسمىي مەكتەپ - مائارىپ ئارقىلىق يېتىشىپ چىققان يېڭى زامان ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىسى سۈپىتىدە تارىخىمىزغا كىرىپ كەلدى. قەمبەرخانىم ئۆزبېك ئۇسسۇل ئوقۇش يۇرتىدا يەنىلا تېپىك، خاس ئۇسلۇبقا ئىگە ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىسى بولۇپ يېتىشتى.

قەمبەرخانىم 1942 - يىلى نويابىردا ئانىسى، سىڭلىسى بىلەن ئۆز يۇرتى شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى. بۇ، چۆچەك، غۇلجا، ئۈرۈمچى، تۇرپان ۋە قەشقەرلەرنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيەت دولقۇنى داۋام قىلىۋاتقان چاغلار ئىدى.

قەمبەرخانىمنىڭ مۇشۇ مەدەنىيەت ئۆركىشىگە ئۇلگۇرۇپ كېلىشى تارىخنىڭ تاللىشى بولدى. ئۇ، بۇ مەدەنىيەت دولقۇنىنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشىغا ئۆز ھەسسىسىنى قوشتى. ئۇ چۆچەكتە، كېيىنچە ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارمىقىدىكى سانايىنەپىسىدە سەھنە سەنئىتىگە قاتناشتى. بۇ، دەل خەلق ئۇسسۇل، مۇزىكا، تىياتىر سەنئىتىنىڭ سەھنە سەنئىتىگە ئايلىنىش مەزگىلى ئىدى. شۇندىن باشلاپ، خۇددى قەدىرلىك ئەخمەتجان قاسىمى ئېيتقاندەك: «شىنجاڭدىكى ئەڭ گۈزەل ئىككى سەنئەت گۈلى» - قەمبەرخانىم بىلەن گۈلبەھرەمنىڭ ۋەتەن سەنئىتى ھاياتى باشلانغانىدى.

www.uyghurkitap.com

قەمبەرخانىم «نىمپەدە»، «دىلخاراج»، «ئۇششاق» قاتارلىق تىپىك ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى بىلەن ئۇيغۇر سەھنە سەنئىتىگە يېڭى ھۆسن قوشتى.

قەمبەرخانىمنىڭ نامى تېز ئارىدا پۈتكۈل شىنجاڭغا پۇر كەتتى. خەلقىمىز ئۆز روھىيىتىنى ساغلام گەۋدىلەندۈرگەن بۇ سەنئەت ماھىرىنى قىزغىن سۆيدى. ئاڭا ھۆرمەت ۋە شۆھرەت بېغىشلىدى.

ئۇ 1947 - يىلى 9 - ئايدا نەنجىڭ، سۇجۇ، شاڭخەي ۋە تەيۋەنلەرگە ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى ئېلىپ باردى. بۇ چاغدا ئەمدىلەتىن ئەنگلىيە پادشاھلىق بالېت مەكتىپىنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتقان دەي ئەيلەن خانىم بىلەن ئۇسكار مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى تۇنجى جۇڭگو كىنو چولپىنى خۇدې خانىم ۋوگزالغا چىقىپ گۈل تۇتۇپ قەمبەرخانىمنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئاتاقلىق سەنئەت پېشۋاسى مېي لەنفاڭ ئەپەندى قەمبەرخانىمنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىلدى. قەمبەرخانىمنىڭ شەرقىي جۇڭگو سەھنىلىرىدە مىسلىسىز شۆھرەت قازانغان «ياشلىق كۈيى» قاتارلىق گۈزەل ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنى كۆرگەن ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى دەي ئەيلەن خانىم قەمبەرخانىمنى ئۆزى قۇرغان شەڭخەي بالېت مەكتىپىدە دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ چاغدا گېزىت - ژۇرناللاردا قەمبەرخانىمنىڭ ئوينىغان ئۇسسۇللىرى توغرىسىدا سۈرەتلىك مەدھىيىلەر ئېلان قىلىندى. ئۇلارنىڭ بىرىدەمۇزىكشۇناس ئەن يى: «ئۇنىڭ گۈزەللىك، ئېپتىخار ۋە تەمكىنلىك بىلەن تولغان ئۇسسۇللۇق قىياپەت ۋە قەدەملىرى شىنجاڭ مىللىي مەدەنىيىتى ئۈچۈن مىسلىسىز ئۇلۇغ تۆھپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ يازغان.

ئانچە ئۆتمەي جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. ئۇ ئۇرۇمچىدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى ئۆزىنىڭ جۇشقۇن ئۇسسۇلى بىلەن كۈتۈۋالدى. بۇ چاغدا قوماندان ۋاڭ جېن سەھنىگە چىقىپ ئۇنى تەبرىكلىدى ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بەردى.

قەمبەرخانىم 1950 - يىلى دۆلەت بايرىمىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن شىنجاڭ ۋەكىللىرى تەركىبىدە بېيجىڭغا باردى. 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ماۋزېدۇڭ، لىيۇشاۋچى، جۇئېنلەي، جۇدې قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ماۋجۇشى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «مەن نامىڭىزنى بىلەتتىم» دېدى. ئەتىسى ئۇ تيەنئەنمېن مۇنبىرىدە بايرام تەنتەنىسىنى تاماشا قىلدى. شۇ كۈنى كەچتە خۇەيرېنتاڭ كۇلۇبىدا «ناغرا ئۇسسۇلى»، «تەخسە ئۇسسۇلى»، «ئازاد زامان» قاتارلىق قويۇق مىللىي ئۇسلۇبتىكى ئۇسسۇللارنى ئويناپ يەنە ماۋجۇشى قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

قەمبەرخانىم 1950 - يىلى 10 - ئايدا بېيجىڭدىن شىنئەنگە خىزمەتكە - غەربىي شىمال سەنئەت ئىنستىتۇتى شىنجاڭ سەنئەت فاكۇلتېتىغا مەسئۇل بولۇپ كەلدى. شۇندىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئۇسسۇل مائارىپىدىن ئىبارەت يېڭى ھايات پائالىيەت دەۋرى باشلاندى.

# يېڭى زامان ئۇيغۇر ئۇسسۇل مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى

«مائارىپسىز سەنئەت سۇزۇلدۇرمىگەن لاي سۇ دېمەكتۇر».

- قەمبەرخانىم

قەدىرلىك ئۇستازىمىز قەمبەرخانىمنىڭ ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىگە قوشقان تارىخىي تۆھپىلىرى ئۇنىڭ سەھنە ھاياتىدىكى جەزىبكار رەقس پائالىيەتلىرىدىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ يېڭى زامان ئۇيغۇر ئۇسسۇل مائارىپى پائالىيىتىگە ئۇل قويغانلىقىدا گەۋدىلەنگەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى بىر قانچە مىڭ يىللىق، كۆپ باسقۇچلۇق، ئۇزاق تارىخنى بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇسسۇل سەنئىتىنى پەقەت مەشرەپ - مۇراسىملار ئارقىلىق ئۆگىنىش، ئوردا - قەسىرلەر يېنىدىكى «ناغرىخانا»لار ئارقىلىق ئۆگىنىش، ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىشتىن باشقا، رەسمىي ئۇسسۇل مەكتەپ مائارىپىدىن ئىبارەت مەخسۇسلاشقان ئۆگىنىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلمىغانىدى. ئەگەر بۇنداق مەخسۇسلاشقان ئۇسسۇل مائارىپى سىستېمىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا سۆز بولىدىغان بولسا، بۇ شەرەپ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن بېرى باشلانغان يېڭىچە مەكتەپ مائارىپى ئۆركىشى ئاساسىدا، 50 - يىللىرى مەيدانغا كەلگەن شىنجاڭ ئۇسسۇل (جۈملىدىن باشقا ژانىرلاردىكى سەنئەتلەر) مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى قەمبەرخانىم نامىغا تەئەللۇقتۇر. بۇ بىناكارلىق خاراكتېرىدىكى تارىخىي باشلىنىش گەرچە 50 - يىللاردىن 80 - يىللارغىچە ئىزچىل داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئۇ قەمبەرخانىم چوڭقۇر چۆچەككە كەلگەن يىلىلا ئۆزىنى كۆرسەتكەنىدى. قەمبەرخانىم چۆچەكتە ئىككى قېتىم

قىسقا مۇددەتلىك ئۇسسۇل كۇرژۇكى (كۇرسى) بىلەن ئۇزنىڭ دەسلەپكى ئۇسسۇل ماھارىتى پائالىيىتىنى باشلىغانىدى.

قەمبەرخانىمنىڭ نام - شەرىپى بىز تېخى گۆدەك چېغىمىزدىلا ئەل ئارىسىدا مەشھۇر ئىدى. 1951 - يىلى غەربىي شىمال سەنئەت ئىنستىتۇتىدا شىنجاڭ سەنئەت فاكۇلتېتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، قەمبەرخانىم ھەم رەھبەر، ھەم ئوقۇتقۇچى ئىدى. مەن ئۇ يەردە قەمبەرخانىمنىڭ ئۆز ئانىمىزدەك مېھرىبانلىقى ۋە قىزغىن تەربىيىسىگە ئېرىشتىم. تەقدىر مېنى قەمبەرخانىم بىلەن 30 يىل بىر مەكتەپ، بىر قورۇدا بىللە ياشاشقا نېسىپ قىلغانىدى. بۇ يىللار تولىمۇ ئەگرى - توقاي، بەزىدە خۇشاللىنارلىق، بەزىدە ئېچىنىشلىق ئۆتتى. بۇ يىللار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ غايىسى، ئىرادىسى، خاراكتېرى ۋە پەزىلەتلىرىنىڭ جانلىق كارتىنىسىنى قەلبىمىزگە ئەبەدىي سىزىپ چىقتى.

قەمبەرخانىم ئۆز خەلقىنىڭ سادىق پەرزەنتى، غايىلىق قىزى ئىدى. ئۇ ئۆز خەلقى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتىگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتى ۋە ئۈمىدىنى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىغا سىڭدۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ نەپىسلىكى، ساپلىقى، ئېنەنىلىكىنى بىر ئۆمۈر ساقلاپ، ئويناپ، كۆرسىتىپ كەلدى. ئۇ ئۇسسۇل ساھەسىدە ئۇيغۇر سەھنە ئۇسسۇللىرىنىڭ مىللىي ئۇسلۇبى ۋە ھەرىكەت تۈسىنى ئېنەن داۋاملاشتۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئۇسسۇل ماھارىتىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويغانىدى.

ئېنى يىللاردا ئۇنىڭ خۇسۇسىغا كۆيۈنۈش يۈزىسىدىن بەزىلەر ئۇنىڭغا: «شاگىرت بېۋاپا، كەسىپداشنىڭ كۆڭلى ئالا بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلاپ، يەنىلا سەھنىدە ئۇسسۇل ئوينىغىنىڭىز تۈزۈك» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىمۇ ئۇ ئۇسسۇل ماھارىتىغا بولغان ئوتتەك مېھرىدىن يانمىدى. ئۇ غەربىي شىمال سەنئەت ئىنستىتۇتىدىلا «ئۇيغۇر ئۇسسۇلى دەرسلىكى» نى تۈزدى. ھەر خىل ھەرىكەتلەر (جۈملىدىن سالام بېرىشنىڭ بەش خىل ھەرىكەت شەكلى) گە ئىسىم بېكىتتى. ئانچە ئۆتمەي بۇ دەرسلىك ئۇ ئالاھىدە ئۇستاز سۈپىتىدە تەكلىپ قىلىنغان بېيجىڭ ئۇسسۇل ئىنستىتۇتىدىكى ئۇيغۇر ئۇسسۇلى دەرسىنىڭ دەستۇرى قىلىندى.

بىز بۈگۈن، يېڭى زامان ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئەت ماھارىتىنىڭ يېرىم ئەسىرگە يېقىن تارىخىي مۇساپىسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇستاز قەمبەرخانىمنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى قاراشلىرىدىكى مۇنداق ئىككى روشەن ئىستېتىك نۇقتىسىنى بايقايمىز. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئۇسسۇل سەنئىتى ماھارىتىنى سەھنە ئۇسسۇللىرىنىڭ ئالدىغا قويۇش، ئۇسسۇل ماھارىتى ئارقىلىق خەلقنىڭ ئۇسسۇل - سەنئەت ئېڭىنى تىكلەش ۋە ئۆرگۈتۈش، ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ ھەرىكەت تىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە كەسپىي ئەخلاقىي پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈش، ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنى ھەر قايسى پەنلەرگە ئوخشاش كۆپ باسقۇچلۇق ماھارەت سىستېمىسى ۋە ئوقۇتۇش سىستېمىسىغا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ، ماھىيەتتە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كاتتا بىر غولى بولغان ئەنئەنىۋى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈش، ئۇنى زامانغا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈشتىكى تارىخىي خاراكتېرلىك ئاڭ ۋە ئەمەلىيەت ئىدى. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىغا، مەيلى ئوقۇتۇش ياكى ئويۇن كۆرسىتىشتە بولسۇن، يەنىلا ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ خاس مىللىي - بەدىئىي تامغا - ئالامەتلىرى، روھى - پسىخىكىسى، ھەرىكەت تىلى خەزىنىسى، ئۇسسۇللۇق قىياپىتى، ئۇسسۇللۇق كىيىم - گىرىملىرى، ئۇسسۇل مۇزىكىسى، ئۇسسۇل تۈسى بويىچە ۋارىسلىق قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى روشەن ۋە ئىزچىل تەشەببۇستىن ئىبارەت ئىدى. قەمبەرخانىم بۇ ھەقتە بىر ئۆمۈر تەكىتلەپ سۆزلىدى! 1957 - يىلى بىز «ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلى» دەرسلىكىنى تۈزۈۋاتقىنىمىزدا، بەزى كەسىپداشلار ياۋروپا بالېت ئۇسسۇللىرىنى ئاساس قىلىشنى تەكىتلىدى. بۇ ۋاقىتتا قەمبەرخانىم بىزنى باشلاپ قەشقەرنىڭ شەھەر - يېزىلىرى بىلەن مەكتەپ ناھىيىسىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇللىرىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىدىن بىۋاسىتە ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇ تارتىپ چىقىرىلىپ ئاتالمىش «خەلق دۈشمىنى» قىلىپ قويۇلغان، ئۆزى كېسەللىك ئازابىدا قىيىنىلىۋاتقان چاغلىرىدىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھەر قايسى پەدىلەرگە ئوينىلىدىغان ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ ئەسلى ئۇسلۇبى، تۈسى ۋە ئەنئەنىسىنى ئويناپ كۆرسىتىپ، ئۇنتۇلۇپ قالماسلىقنى تەكىتلەيتتى. بۇ دەل ئۇنىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنىڭ يارقىن دەلىلى ئەمەسمۇ؟!

قەمبەرخانىمنىڭ ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ تىپىك مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاش ئىدىيىسى چوڭقۇر ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئىدى. ئۇ، بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنى تۈنۈگۈنكى ياكى بۈگۈنكى نەتىجە دەپ قارىماستىن، ئۇزاق تارىخنىڭ مەنىۋى مەھسۇلى، ئۇ ياكى بۇ ئۇسسۇلچىنىڭ بىر قانچە ئىجادىي كونسېرتى دەپ قارىماستىن، خەلقنىڭ، ئالدى بىلەن كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ فولكلورلۇق

بايلىقى دەپ قارايتتى. ئۇ مۇنداق تارىخىي بايلىقنىڭ ئۆز خەزىنىسى، ئالاھىدە سىستېمىسى، خاس قانۇنىيەتلىرى، ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقى مەسىلىسىدە ھەر قانداق نېگىلىزملىق (ئىنكارچىلىق) بولمىغۇرلۇقلارنىڭ ناھايىتى زىيانلىقلىقىنى تەكىتلەيتتى.

ئۇ بىر تەرەپتىن، ھەر بىر مىللەتنىڭ مىللىي ئۇسسۇللىرى ئۆزىنىڭ مىللىي خاسلىقى بىلەن باشقا مىللەت ئۇسسۇللىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. مۇشۇ خاسلىقنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتى ئۇنىڭ نوپۇزى ۋە ھۆرمىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي تۇستىن ئايرىلغان ئۇسسۇل ھەر قانچە قىزىقارلىق بولسىمۇ «قېتىشما ئەبجەش» دىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى مىللىي ئۇسسۇل دېگىلى بولمايدۇ، دەيتتى.

ئۇ يەنە بىر جەھەتتىن، ھازىرقى دەۋر دۇچ كېلىۋاتقان ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىپ، توقۇنۇشۇپ، رىقابەتلىشىپ تۇرغان زاماندا، مىللىي مەدەنىيەت (جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇللىرى) تەرەققىياتىدا ۋارىسلىقنى ئاساس قىلىپ، ئەنئەنىگە ماسلاشقان ھالدا قوبۇل قىلىشنى ئىنچىكە ئاڭلىقلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى تەكىتلەپ كەلدى. ئۇ، ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ تىپىك خاسلىقى ۋە ھەرىكەت روھىيىتى (پسىخولوگىيىسى) گە زىت بالېتچە ھەرىكەتلەرنى ئىزچىل ئەيىبلەپ كەلگەن. بەزى كىشىلەر ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى مۇجەسسەم قاراشلىرىنى «كاتېپەي» (قەمبەرخانىم ئۇسسۇل ئېقىمى) دەپ ئاتىغاندا، ئۇ، بۇ ئاتالمىنى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرىغا ۋارىسلىق قىلىشتا چىڭ تۇرغانلىقىنى ئىپادىلەمدۇ ياكى بۇ ۋارىسلىقتا چىڭ تۇرۇشنى مېنىڭ شەخسىي ئۇسلۇبىم، دەپ قارىغانلىقنى بىلدۈرەمدۇ، دەپ سوئال قويۇپ، كېيىنكى مەنىدە بولسا رەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە، ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى ئەنئەنىسىگە بولغان ھەممىنى ئۇنتار ئوتلۇق قەلبى ۋە پاك ساداقىتىنى گەۋدىلەندۈردى.

قەمبەرخانىم ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە مائارىپىغا ئۆلمەس تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ ئالاھىدە تىپىكلىككە ئىگە بولغان ئۇيغۇر ئۇسسۇل ئۇسلۇبى باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنى تونۇشى ۋە ئۆگىنىشىگە ئۈلگە كۆرسەتتى. ئۇ سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭ ئۇسسۇل ئىنستىتۇتىنىڭ بىرىنچى تۈركۈمدىكى ياش ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەشكە تەكلىپ قىلىنىپ بۇ ئالىي ئوقۇش يۇرتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۆھپە قوشتى. ئۇ غەربىي شىمال سەنئەت ئىنستىتۇتى شىنجاڭ سەنئەت فاكۇلتېتى، شىنجاڭ ئىنستىتۇتى سەنئەت فاكۇلتېتى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا ھەقىقىي ئەمەلىي ئاساس سالغۇچى بولۇپ قالدى.

قەمبەرخانىمنىڭ بىۋاسىتە تەربىيىلىگەن شاگىرتلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى بۈگۈنكى كۈندە ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇسسۇل سەنئىتى سېپىدە جەۋلان قىلماقتا، قالماستىن، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ھېلىمۇ ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇسسۇل ماھىرلىرى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا. ئۇنىڭ نامى يىراق ئەللەرگىمۇ تارقالغان. 1991 - يىلى ئىيۇندا ئۆزبېك خەلقىنىڭ داڭلىق ئۇسسۇل ئۇستازى تامارا خانىم سەھنە ھاياتىنىڭ 75 يىللىقى، تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزبېكىستان مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرىلەش سەنئەت كېچىلىكىدە تاماراخانىم مېنى باغرىغا بېسىپ، ئۆز نامىدىن ئۇستازىمىز قەمبەرخانىمغا ئالاھىدە سالام يوللايدىغانلىقىنى تەۋسىيە قىلغانىدى.

## كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابى

«ئەگەر خەلقىم بولمىغان بولسا، مەنمۇ، مېنىڭ قەدرىم - قىممىتىممۇ بولمىغان بولاتتى».
- قەمبەرخانىم

قەدىرلىك ئۇستازىمىز قەمبەرخانىم يېڭى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابى ئىدى.

ئۇ 1944 - يىللىرىلا مەشھۇر يازغۇچى ماۋدۇن، مەشھۇر سەنئەتكار جاۋدەن ئەپەندىلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ «يامغۇردىن كېيىنكى ئاپتاپ» دراممىسىغا «باھار» ناملىق ئۇسسۇل تۈزۈپ چىققان. ئەينى زاماندا «ياپونغا قارشى ئەسكەرلەرگە ياردەم بېرىش» ئۈچۈن ئوينىغان بۇ ئويۇنغا جاۋدەننىڭ خانىمى پېئاننو، مۇھەممەتجان ئىسمائىل ئاكا ساز چالغانىدى.

ئۇ ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىلا غەربىي شىمال سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ بىر قىسىم مۇنەۋۋەر

ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ شىئەن، تەييۈەن، شىجياجۇاڭ، لوياڭ، شەنياڭ قاتارلىق شەھەرلەردىكى زاۋۇت، كان - كارخانا، قىسىملارغا بېرىپ ئويۇن قويۇپ، «ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش» كە ئومۇم خەلق سەپەرۋەرلىكى پائالىيىتىنى تەشكىللىگەن ۋە ئۆزى باشلاپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ئىئانە توپلىغاندىن تاشقىرى، مۇساجان روزى ئاكا، ئابدۇرېشىت ئىمىن ئاكا، ئىبراھىمجان، قەمبەرنىسا ئۆمەر، ئەيسا قارىي، زەينەپ سابىت، ھاۋاخان مۇھەممەت، بۇبىتاي، مەلىكە دۇگامەت قاتارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلاردىن بەش تۈركۈمنى بەش نۆۋەت چاۋشيەنگە بېرىپ جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىملىرىدىن ھال سوراشقا ئۇيۇشتۇرغاندى.

ئۇ، 1956 - يىلى جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار ئۆمىكى تەركىبىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا زىيارەتكە چىقىپ، مەشھۇر رۇس بالېت مۇتەخەسسىسى ئۇلانوۋا بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ تاشكەنتتە تامارا خانىمنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ، بىللە رەسىمگە چۈشتى.

ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ يەتتە قېتىم قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى، ئۇيغۇر خەلقىگە ۋەكالىتەن ماۋجۇشىغا چىمەن دوپپا كىيدۈردى.

ئۇ، مەملىكەتلىك 4 - قېتىملىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

ئۇ، 1980 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

ئۇ، 1980 - يىلى 10 - ئايدا، بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات : سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، پېشقەدەم سۇنايچى ئابدۇگۇل ئاكا قاتارلىق مەشھۇر سەنئەتچىلەر بىلەن سەھنىگە چىقىپ ئويۇن كۆرسەتتى.

ئۇ، 1982 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا سەنئەت تەتقىقاتى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، ھەر قايسى ئەللەر سەنئەتشۇناسلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى.

ئۇ، 1992 - يىلى يەكەندە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۇيغۇر 12 مۇقامى تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ۋە ئامانىساخاننىڭ ھەيكىلى، قەبرىگاھى پۈتۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى. بۇ جەرياندا ئۇ ئىلمىي تەتقىقات خادىملىرى ۋە يەرلىك خەلق مۇقامچىلىرى بىلەن كەڭ - كۇشادە ئۇچراشتى.

ئۇ، 1979 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلىنىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە بۇ ۋەزىپىنى ئۆتەپ كەلدى.

ئۇ، 1992 - يىلى ئۆكتەبىردە سەنئەتكە بولغان تارىخىي جاۋابكارلىقى بىلەن بىر فوند جەمئىيىتى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭنىڭ تەستىقى، خەلق ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئەنگە ئېلىشى بىلەن قەمبەرخانىم نامىدىكى سەنئەت فوند جەمئىيىتى شۇ يىلى 25 - دېكابىردا رەسمىي قۇرۇلدى.

قەمبەرخانىم بىر ئۆمۈرلۈك سەنئەت ئەجرى شەرىپىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تونۇلغان مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئەربابى سۈپىتىدە جاھان سەنئەت قامۇسىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالدى.

## ئاجايىپ پەزىلەت

«سەنئەت - خەلقنىڭ سەنئىتى، سەنئەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن خەلقنى قەدىرلەش لازىم».
- قەمبەرخانىم

قەدىرلىك ئۇستاز قەمبەرخانىم يېڭى زامان ئۇيغۇر سەھنە ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ مەملىكەت ئىچى - سىرتىغا داڭقى يېيىلغان نادىر سەردارى، يېڭى زامان ئۇيغۇر ئۇسسۇل مائارىپىنىڭ مۇھەندىسى - ئىنژېنېرى بولۇش بىلەن بىللە، ئۇ ئۇيغۇر ئەدەب - ئەخلاقىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر پەزىلەتلىرى بىلەن ئۆز قەلبىنى، ئۆز خاراكتېرىنى، ئۆز ئادەتلىرىنى زىننەتلىگەن سۆيۈملۈك ئۇستاز ئىدى.

قەمبەرخانىم ھاياتىنىڭ قىسقا بىر مەزگىلىنى ھېسابلىمىغاندا، ئۆمرىنىڭ بىر قانچە دەۋرلىرىنى ئېغىرچىلىق، جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكۈزدى. يېتىملىك، مۇساپىرەت، كونا شىنجاڭ جەمئىيىتىدىكى

فېئوداللىق ئاسارەت ۋە سەنئەتچىلەرنى خار كۆرۈشلەر؛ شەخسىي تۇرمۇش بەختسىزلىكى، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى قالپاق كىيدۈرۈش، ئۆي بىساتلىرىنى مۇسادىرە قىلىش، رەھبەرلىك خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاش، ھۆكۈمەت ئۆيلىرىدىن كۆچۈرۈۋېتىش، «چوڭ تازىلاش»تا تۇتقۇن قىلىپ قاماش قاتارلىقلار تاكى 80 - يىللارغىچە بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كەلدى. 80 - يىللاردىن كېيىن ئۇ قايتا قەد كۆتۈرگەن بولسىمۇ، كېسەللىك ئازابى ئۇنى يىلاندەك چىرمىۋالغانىدى. قەمبەرخانىمنىڭ قەلبى، ئىرادىسى ۋە خاراكتېرى بۇ ئەگرى - توقاي تېپىك مۇھىتتا ئۆز نۇرانىلىقىنى كۆرسەتتى.

قەمبەرخانىم ئۆز ھاياتىدىن، كېچۈۋاتقان مۇشكۈللۈكلىرىدىن زارلىمىدى. ئۇ ئۆي بىساتلىرى بۇلۇنۇپ، ئۈستىدىن يامغۇر تامچىپ تۇرىدىغان بىر ئېغىزلىق ئۆيگە كۆچۈرۈۋېتىلگەندىمۇ، يەنىلا ئۈمىدۋارلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ مىللىي تۇسى، ھەرىكەت شەكلى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، بىزگە بىر ياندىن سۆزلەپ، بىر ياندىن ئۆزى ئويناپ كۆرسىتىپ تەربىيە بېرىپ تۇردى.

قەمبەرخانىم بىر ئۆمۈر بايلىق توپلاش غېمىدە بولمىدى. ئۇ سەھنە ئويۇنى ۋە جەمئىيەت ئالاقىلىرى سورۇنلىرىدا قاملاشتۇرۇپ كېيىنىشكە ماھىر بولۇش بىلەن بىللە، ھېچقانداق كۆز قاماشتۇرىدىغان زىبۇ - زىننەت، يېتىپ — ئېشىپ تۇرغان كىيىم - كېچەك، ئۆي روزىغارلىرى يىغىشقا بېرىلمىگەن. ئۇ مەنسەپدار بولغان چاغلىرىدىمۇ پاكلىقنى، ھالاللىقنى، ئادىللىقنى ئۇنتۇمىدى. ئۇ ھەر قانداق ھارامتاماقلىقنى كىشىلىك ئارىسىدىكى كەچۈرگۈسىز ئېغىر قىلمىش دەپ بىلەتتى.

قەمبەرخانىمنىڭ ھەقىقەتەن كۆكسى - قارنى كەڭ، پىكرى يولى ئادىل ئىدى.

ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، نىيىتى ئىنتايىن خالىس ۋە ھالال بولغاچقا، مەملىكەت ئىچى ھەتتا خەلقئارا پېشىۋالارغا نامزات كۆرسىتىش، ئادەم تاللاشتا، مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى ئېلىپ قىلىشتا باشتىن - ئاخىر پرىنسىپتا چىڭ تۇردى، ئۆز نوپۇزى، ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، «قولى ئىچىگە ئېگىلىش»تەك بولمىغۇر ئىدىيە، ھەرىكەتتە بولمىدى. ئۇ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە، ھەر مىللەت سەنئەت مەدەنىيىتى ۋە سەنئەت مائارىپى مۇناسىۋىتىگە تولىمۇ خالىس، ھەممە مىللەت مەدەنىيىتىگە كۆيۈنگۈچى باغۋەن ئىدى. بۇ، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان تولىمۇ مەردانە پەزىلەت.

قەمبەرخانىم ساختا شۆھرەتكە بېرىلمىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر سەنئىتىنى ئۆتتەك قىزغىنلىق بىلەن سۆيسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئالىيجاناب كەسپىي ئەخلاقىنى ئىزچىل قەدىرلىدى. قەمبەرخانىم كەسپىي ھەسەت، پۇت تېپىشىش، غەيۋەت - شىكايەتلەردىن بىر ئۆمۈر خالىي ئۆتكەنلىكى بىلەن پۈتۈن سەنئەتچىلەرگە نەمۇنە ياراتتى. ئۇ ئۆزىنى «تالانتلىق» دەپ جاكارلاندۇرۇشقا، خەلق ئۇسسۇللىرى ۋە ئۆزى ئويىنىغان شۇنچە گۈزەل ئۇسسۇللارنى يۇقىرى باھادا تاۋار قىلىپ پۇل ئۇندۇرۇۋېلىشقا بېرىلمىگەن، ئەكسىچە، ئۇنداق قىلىشنى «خەلقتىن ئېلىپ خەلققە سېتىش»، «ئۆزىنى خەلق ئىجادىيىتىگە ئىگە قىلىۋېلىش» دەپ قارىلاپ كەلدى. ئەگەر بۇ ئېسىل پەزىلەت بولمىغاندا، ئۇ مۇشۇ ئەسىر بېشىدىن بۈگۈنگە ئۆتۈپ كەلگەن خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ خېلى بىر قىسمىنى ئۆز نامىغا ئاتىغان بولاتتى!

قەمبەرخانىم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مېھماندوستلۇق پەزىلىتىنى ئۈستىدىن يامغۇر تامچىپ تۇرغان بىر ئېغىزلىق ئۆيىدىكى غورىبەتچىلىك كۈنلىرىدىمۇ ئۈزۈلدۈرمەي كەلدى. ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدىكى دوستلىرى، كەسپداشلىرى، ئوقۇغۇچىلىرىنى زادى ئۇنتۇمىدى، تاشلىمىدى. ھېچقانداق غەرەزسىز، پاك نىيەت، ئىنسانىي، باراۋەر مېھماندوستلۇق قەمبەرخانىمدا گەۋدىلەنگەن ئۇيغۇر مېھماندوستلۇق ئەنئەنىسىنىڭ بىر ئۈلگىسى بولۇپ قالدى.

قەمبەرخانىم تولىمۇ چىقىشقاق، كەمتەرىن، كىشىلەرگە قولىدىن كېلىدىغانلىكى ياخشىلىقنى ئايىمايدىغان پەزىلەت ساھىبى ئىدى. ئۇ مەنسەپدار ياكى ئاۋام، كادىر ياكى پۇقرا، پېشقەدەم ياكى كىچىك باللاز بولسۇن ھەممىسى بىلەن چىقىشىپ، ئۇلارنى ئەتىۋارلاپ سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كەلگەن. ئۇنىڭ قوشنىلىرى، ئائىلە ئاياللىرى ۋە پەرزەنتلەر بىلەن بولغان نۇرغۇن - نۇرغۇن قىزغىن سۆھبەتلىرى ھېلىمۇ كۆڭلىمىزنى ياشنىتىپ تۇرۇپتۇ. قەمبەرخانىم بىر زامانلاردا ئۆزىنى قارىلىغان، چەتكە قاققان كىشىلەرگىمۇ غوم ساقلىماي، ئۇلار بىلەن چىقىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ھاياتى خەلق بىلەن ياشىغان ھايات ئىدى. ئۇ ئەمەل - ئۇنۋانلىق ئادەملەرنى پەرقلەندۈرىدىغان، يۇقىرى - تۆۋەنلىك

پەلەمپەيلىرىنى كۆز - كۆز قىلىپ، ئىنسانلىق ئارىسىغا رېشاتكا - توساقلار پەيدا قىلىدىغان غەلىتە ناملاردا ئاتاشتەك خاھىشلارنى ياقتۇرمايتتى.

# ئىزگۈنىيەت، خاسىيەتلىك زىيارەت

«ئەسسالام ئەل - يۇرت، مەن بۇ يەرگە ماھارەت كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس، سالام بېرىش ئۈچۈن كەلدىم».
- قەمبەرخانىم

1993 - يىلى ئاۋغۇستتا، يېشى 80گە يېقىنلاپ قالغان قەمبەرخانىمنىڭ ھاياتىدا مەڭگۈ ئۇنتۇلماس تەشەببۇسكار، ئاجايىپ ئىزگۈ ئوبرازلىق پائالىيەت يۈز بەردى. بۇ ئۇنىڭ پېشقەدەم سەنئەتچىلەر بىلەن كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى توپلىشىپ ياشايدىغان جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان ئويۇن كۆرسىتىش سەپىرى ئىدى.

قەمبەرخانىمنىڭ بۇ قېتىمقى جەنۇب سەپىرىدە ئۆز ئالدىغا ئىزگۈ مەقسىتى بار ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى، دائىم دېگۈدەك كېسەل ئازابىدا تۇرغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتى خەلققە چەمبەرچەس باغلانغان ھايات ئىكەنلىكىنى، بويىندا خەلقتىن ھېسابسىز قەرز ۋە پەرزى بارلىقىنى ھېس قىلغانىدى. قەمبەرخانىم ھەقىقەتەن ھەممە كىشى قىلىپ كېتەلمەيدىغان، ھەتتا «مەن - مەن» دەيدىغان كاتتا كىشىلەرمۇ ئويلاپ يېتەلمەيدىغان خەلققە مۇھەببەت، خەلققە جاۋابكارلىق ۋە ئىنتايىن كەمتەرلىك روھىيىتى بىلەن دوختۇردىن چىقىپلا، كىسەللىرود قاچىسىنى كۆتۈرۈپ جەنۇب سەپىرىگە ئاتلاندى.

ئۇ 7000 كىلومېتىر يول بېسىپ كۇچا، قەشقەر كونا شەھەر، يېڭىشەھەر، يەكەن ناھىيىلىرى بىلەن ئاقسۇ، ئاتۇش، قەشقەر، خوتەن شەھەرلىرىدە پېشقەدەم سەنئەتچىلەر بىلەن خۇددى ئۇسسۇل ئارتىسلىرىدەك كىيىنىپ، گىرىم قىلىپ سەھنىگە چىقىپ ھەر قايسى ئۇسسۇل پەدىلىرىگە لەرزان ئۇسسۇل ئوينىدى. ئۇ 30 مەيدان ئويۇن كۆرسىتىش جەريانىدا سەھنىدە تۇرۇپ تاماشىبىنلار ئارقىلىق پۈتۈن ئۆز خەلقىگە ئاجايىپ مەنىدار، ئاجايىپ مۇھەببەتكە تولغان ئوتلۇق ۋە كەمتەرىن سۆزلەرنى سۆزلىدى.

ئۇ كۇچادا: «كۇچالىقلار سەنئەتخۇمار خەلق. مېنىڭ ئۇسسۇل ئۇستازىم كۇچا ئۇسسۇلچىلىرى، تۇنجى ئۇستازىم خەلچىخان ئاچا بولغان. مەن بۈگۈن بۇ ئۇستاز ئەلگە سالام بېرىشكە كەلدىم» دېدى.

ئۇ ئاتۇشتا: «سالام، ئەزىز خەلقىم، چېۋەر خەلقىم. مەن بۇ قېتىم دۇنياغا داڭقى كەتكەن ھەر قايسى پېشقەدەم سەنئەتچىلەرگە ئەگىشىپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەلدىم. مەقسىتىم ماھارەت كۆرسىتىش ئەمەس، بەلكى ھەر قايسىلىرىغا، ئەزىز خەلقىمگە سالام بېرىش» دېدى.

ئۇ قەشقەردە: «سالام، ئەزىزانە قەشقەر. قەشقەر خەلقى ئەقىللىق خەلق، ئەزىز خەلق، ھۆرمەتلىك خەلق، مېھماندوست خەلق، يەنە چىدامliq، سەۋر - تاقەتلىك خەلق. مەن ئەزىزانە قەشقەردە تۇغۇلغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر بۇ ماكانىنى ھەر دائىم سېغىنىمەن» دېدى.

ئۇ، ئوپالغا بېرىپ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلدى، يەكەنگە بېرىپ ئامانىساخان ھەيكىلى ئالدىدا مەرۇزە سۆزلىدى. ئۇ: «مەھمۇد قەشقەرى ئۇلۇغ زات، ئۇلۇغ زاتنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئۇلۇغ جاسارەت كېرەك» دېدى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، نورۇز بۇلاقتا يۈزىنى چايقىدى. ئۇ ئامانىساخان ھەيكىلى ئالدىدا ئۇيغۇر 12 مۇقامى ۋە ئامانىساخانىڭ ئۇنىڭغا قوشقان تارىخىي تۆھپىسىنى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالدى.

ئۇ خوتەن سەھنىلىرىدىمۇ تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىنى ئۆزىنىڭ ھەم ئۇلۇغ، ھەم كەمتەر ئوبرازى بىلەن ئېرىتتى.

قەمبەرخانىمنى ئۇنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك تۆھپىسى، ئۇنىڭ بىر تارىخىي شەخسكە لايىق پاك دىل، ئەقىللىق، كىچىك پېئىللىقى شارائىتى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى تولىمۇ قەدىرلىدى. ئۇنى سۆيدى، قۇچاقلىدى، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشتى، گۈل ۋە شېئىرلار تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭ 40 - يىللاردىكى كەسىپدىشى رابىيە زۇنۇن ھەدە ئۇنىڭغا كالوتون دوپپا تەقدىم قىلسا، ئەمدىلەتتىن ئەرافاتتىن يانغان مۇبارەكخان ھاجىم ئۇنىڭغا قىزىل دۇخاۋىغا ئىشلەنگەن بادام دوپپا كىيدۈردى. بۇ ھەقتە قەمبەرخانىم: «ماڭا ھەممىدىن بەك تەسىر قىلغىنى، قەشقەردە بىر مەيدان ئويۇن ئاخىرلاشقاندا چۈمبەل تارتىۋالغان بىر ھاجى ئايال سەھنىگە چىقىپ، ماڭا ئۆز قولى بىلەن تىككەن بىر دوپپىنى كىيدۈرۈپ قويدى. ئەلۋەتتە، ئۇ دوپپا تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ماڭا، شۇنداقلا مەن ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىي سەنئىتىگە تۆھپە قوشقان سەنئەتكارلارغا ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلدى. دېمەك، خەلقىمىز يەنىلا بىزنىڭ مىللىي سەنئىتىمىزنى قەدىرلەيدىكەن، ئۇلۇغلايدىكەن» دېدى. توققۇزاقتا بىر ئەما كىشى قەمبەرخانىمنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئويۇن زالىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ، بۇ سەنئەت پېشۋاسى، خەلق ئاشناسىنىڭ دىل سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىدىن

ئىللىق ياش تۆكتى.

قەمبەرخانىم ئۆزى تەۋەللۇت قىلغان بەشكېرەم ئاۋات يېزىسىنى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن زىيارەت قىلدى. ئۇ كەمبەغەللەرگە، كىچىك باللارغا پۇل سوۋغا قىلدى.

قەمبەرخانىم شىمالىي شىنجاڭغا بارالمىغانلىقىغا ئارمان قىلىپ: «ئەپسۇس، سوغۇق چۈشۈپ قالغانلىقى ۋە سالامەتلىكىمنىڭ ياخشى بولماسلىقى سەۋەبلىك مەن شىمالىي شىنجاڭدا ئويۇن قويۇشقا قاتنىشالماي قالدىم. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاغما ۋە سەنئەتكارلار بىلەن، بولۇپمۇ قارامايى، مايتاغدىكى ئىشچىلار بىلەن دىدار مۇلاقەت بولۇش، ئۇلاردىن ھال سوراش نىيىتىم بار ئىدى، ئۇسسۇلۇم بىلەن ئازراق بولسىمۇ ئۇلارغا ھۆرمىتىمنى بىلدۈرەلىگەن بولسام ناھايىتى ياخشى بولاتتى...» دېدى.

قەمبەرخانىم قەشقەر سەھنىسىدە تۇرۇپ: «سەنئەت - كۆرەشتىن ئىبارەت. بۇنداق سەنئەت روھى، بۇنداق كۆرەش روھى قېنىمدا بار. ئۇ ئەبەدىي ئۆرغۈيدۇ، ئەبەدىي توختىمايدۇ. خەلقىنىڭ ئۇلۇغ روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىزنىڭ بۇرچىمىز» دېدى.

بۇ نېمەدېگەن خاسىيەتلىك زىيارەت ۋە ھېكمەتلىك سۆز!

قەمبەرخانىم ياشاشنى بىلدى. ئۇ بولسىمۇ، ئەلنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ، ئەل بىلەن تەقدىرداش بولۇپ ياشاش ئىدى.

قەمبەرخانىم قېرىش سەنئىتىنىمۇ بىلدى. ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە خۇددى ئۇلۇغ ئەدىب ئەلىشىر نەۋائىي ئېيتقاندەك، «تۇپراققا يېقىن» ، «خەلققە يېقىن» ئۆتكەن ئۆمرىنى ئۆزىنىڭ جەنۇب سەپىرى بىلەن يەنىمۇ نۇرلاندۇردى، بۇ ھەممىلا ئادەم مۇيەسسەر بولالمايدىغان ئاجايىپ قۇتلۇق پائالىيەت بولدى. ئۇ خەلققە نەسىھەت قىلمىدى، خەلقتىن يۇلۇپ ئالمىدى، خەلق سەرپىياتى بىلەن ئويناپ - كۈلۈۋالمىدى. ئەكسىچە ئۇ خەلق ئالدىدا ئورۇندىيالمىغان ئىشلىرىغا كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن، خەلققە سالام يوللاش ئۈچۈن، خەلقنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ئۆز خەلقى ئارىسىغا چۆكتى. بۇ ئۇنىڭ بەختى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئەڭ ئالىي ئارامى، خۇشاللىقى بولدى! ئۇ ئېغىر كېسەل ئازابىغا قارىماي بۇ ئۇنتۇلماس، ئەھمىيەتلىك سەپەرنى تاماملىدى. ئۇ ئۆز ھاياتىنى، ئۆزىنىڭ سەنئەت ھاياتىنى ئەنە شۇنداق باشلىغانىدى. ئەنە شۇنداق ئاياغلاشتۇردى.

# گۈزەل سەنئەت ۋە گۈزەل پەزىلەت ئابىدىسى

«ئەزىز خەلقىم، سىلەرنى تەڭرىگە تاپشۇردۇم».

— قەمبەرخانىم

قەدىرلىك ئۇستازىمىز قەمبەرخانىم ئۆز ھايات پائالىيىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى كۆپ قىرلىق يەنە بىر تەۋەرۈك مەنىۋى سىما بولۇپ قالدى. ئۇ خەلقىمىزنىڭ مۇشۇ ئەسىردە ئىپتىخارلىنىدىغان كىشىلىرىنىڭ بىرى، ئەلۋەتتە.

قەمبەرخانىم تارىخ ئۆزى تاللىغان تارىخىي شەخس، يىپەك يولى كىندىكىدىكى «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دا، مۇشۇ ئەسىرىمىزدە مەيدانغا كەلگەن ئۇسسۇل شاھى!

قەمبەرخانىم ھەممىدىن ئىلگىرى بىر تۈپ شەرت سەۋەبىدىن، ئۆز خەلقى بىلەن بولغان مەنىۋى مۇناسىۋىتىنىڭ پاك ۋە يالقۇنلۇقلۇقى تۈپەيلى تارىخنىڭ تاللىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ھايات يولىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ قەلبىنى سېزىش بىر پەرق ئېتىش ئىقتىدارى مەسىلىسى بولۇپ، بۇنداق پەرق ئېتىش ھەر بىر پەرق ئەتكۈچىنىڭ كىشىلىك قارىشى ۋە ئۆمۈر يولىغا قاراپ ھەر خىل بولۇشى تەبىئىي.

قەمبەرخانىم ئۆزىنىڭ ئۆمۈر يولى ئارقىلىق كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان، كىشىگە ئىلھام بېرىدىغان باي ئۆمۈر پەلسەپىسى، ئۇسسۇل سەنئىتى تەشەببۇسى، كىشىلىك پەزىلىتى نەمۇنىسى قالدۇرۇپ كەتتى. بىر قاراشتا تولىمۇ ئاددىي كۆرۈنگەن بۇ مەنىۋى مىراس ھەممە كىشى ئېرىشىپ كېتەلمەيدىغان تولىمۇ باي مەزمۇنلار بىلەن تولغان!

خەلقىمىز مۆتىۋەر ئۇستاز قەمبەرخانىمدىن ئايرىلدى. بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتۈن جۇڭگو سەنئىتى ئۈچۈنمۇ ئورنىنى تولدۇرغۇسىز زور يوقىتىش. بىز ئۇنىڭ مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە مائارىپ قاراشلىرىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ ئۇسلۇب ھەم تۈسىنى قېزىپ چىقىشىمىز ۋە جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. بىز يەنە ئۇنىڭ بىر خەلق سەنئەتچىسىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئالىيجاناب خىسلەت ۋە پەزىلەتلىرىنى ئۆگىنىپ، سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي كەسپىي ئەخلاقىي ۋە ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

قەدىرلىك ئۇستازىمىز قەمبەرخانىمنىڭ روھى خەلقىمىز بىلەن مەڭگۈ بىللە!





( پوۋېست )

## مۇھەممەت باغراش

1

ئالي مەكتەپنى يېڭىلا پۈتتۈرگەن يىلىم ئىدى. تەقسىم قىلىغان ناھىيىگە بارغۇم كەلمىدى. ئۈرۈمچىدە مېنى دەررۇ ئېلىپ قالغۇدەك ئىدارە چىقمىدى. ئەدەبىياتتا ئوقۇغانىدىم. ئوقۇش جەريانىدا خېلى نۇرغۇن شېئىر، نەزەرىيىۋى ماقالە ئېلان قىلىپ بىر قانچە تەھرىر بۆلۈملەرگە تونۇشلۇق بولۇپ قالغانىدىم. ئۇلارغىمۇ قاتىراپ باقتىم. لېكىن ھەممىسىلا دېگۈدەك: «ئېلىشنىغۇ ئالاتتۇق، لېكىن بۇ يىلقى شتات كۆرسەتكۈچىنى ئىشلىتىپ بولدۇق، كېلەر يىللىق شتات كۆرسەتكۈچى چۈشكىچە كۈتۈڭ» دەپ قايتۇرۇشتى.

شۇنىڭ بىلەن يا تەقسىم قىلىنغان ناھىيىگە بارماي، يا ئۈرۈمچىدە ئىش تاپالماي جەمئىيەتتىكى ئىشسىزلار قاتارىغا كىرىپ قالدىم. مېنىڭ سەرسانلىق - سەرگەردانلىق ھاياتىم مانا شۇنداق باشلاندى.

ئەل - ئاغىنىلەرنىڭ ياتاقلىرىدا يېتىپ - قوپاتتىم. تامىقىم ئۇدۇللۇق ئىدى. نەدە تاپسام شۇ يەردە يەيتتىم. تاپالمىسام ئاچ يۈرەتتىم.

تىقىشتۇرۇپ ساقلاپ يۈرگەن پۇللىرىممۇ تۈگىدى. بەزىدە ئۇنى - بۇنى يېزىپ ياكى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇراتتىم. بەزىدە يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ بېرەتتىم. قەلەم ھەققى يوقنىڭ ھېسابىدا ئىدى. ئەشۇ ئازغىنە قەلەم ھەققى مېنىڭ بىردىنبىر كىرىمىم ئىدى . . . مەن لېۋىمنى چىشلەپ يىلنىڭ تۈگىشىنى كۈتەتتىم. يېڭى يىلدا يېڭى شتات كۆرسەتكۈچى تەقسىم قىلىنسا بىر ئامال قىلىپ بىرەر تەھرىر بۆلۈمىگە ئورۇنلىشىۋېلىش خىيالىم بار ئىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى مېنى ئۇشتۇمتۇت چاقىرتىپ قالدى. ئۇلار كېلەر يىلغا ئاتاپ سەنئەت كالېندارى نەشر قىلغانىكەن. بۇ كالېندارنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئاپىرىپ سېتىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم كېرەك بولۇپ قاپتۇ. تۇرمۇش پۇلى (ئەلۋەتتە بەكمۇ ئاز) ۋە ياتاق بىلەن تەمىنلەيدىكەن. مەن خۇشاللىق بىلەن رازى بولدۇم. چۈنكى تۇرمۇشۇم مەلۇم ۋاقىت بولسىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولاتتى. ئوبدانراق ئىشلەپ ئۇلاردا ياخشى تەسىرات قالدۇرسام، مۇشۇ تەھرىر بۆلۈمىگە ئورۇنلىشىپ قېلىشىممۇ مۇمكىنىدى.

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ كالېندار سېتىش ئىشى بىرلا ماڭا قاراشلىق تۇرغاندەك ھالدا ئىكەن. مەن ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ ئۈچىنچى كۈنىلا، كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن «212» تىپلىق كىچىك ماشىنىغا تېڭىق - تېڭىق كالېندارنى بېسىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈپ كەتتۇق. ياق، «كەتتۇق» ئەمەس «كەتتىم». چۈنكى ماشىنىدا شوپۇر ئۇستام بىلەن ئىككىمىزلا. ئۇ ماشىنىغا مەسئۇل، مەن كالېندارغا. تەھرىر بۆلۈمى قولۇمغا تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان كىملىك ۋە شۇ ژۇرنالنىڭ مۇخبىرلىق كىنىشكىسىنى بەرگەنىدى. مەن مۇشۇ نەرسىلەرنى قولۇمغا ئېلىپ ماشىنىغا چىقىۋاتقىنىمدا ئەمدىرەك ۋە پەقەت ئەمدىرەكلا ئۆزۈمنى مەن ياشاۋاتقان مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئويلاپ باقسام، ئادەمدىكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىلا شۇ كىشىنى: «مەن مۇشۇ دەۋرنىڭ، مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى، ھاياتنىڭ ئىشتىراكچىسى مەن» دەيدىغان سېزىمگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تىرىك ۋە ھەرىكەتتىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىكەن. سەن بىر ئەمەس ھەتتا بىر قانچە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولساڭمۇ، زىممەڭدە بىرەر ئىش توغرىسىدا بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت بولمىسا سەن ئەدناسى ئۆزۈڭنى بۇ دۇنيا بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق ئادەمدەك سېزىدىكەنسەن. بۇلار مېنىڭ بەش - ئالتە ئايلىق ئىشسىزلىق، نامراتلىق، سەرسانلىق ۋە سەرگەردانلىق ھاياتىم جەريانىدا ئىگە بولغان يەكۈنۈم ئىدى.

بىز (شوپۇر ۋە مەن) ھەر بىر ناھىيىدە دېگۈدەك ئىككى - ئۈچ كۈندىن توختاپ، 17 - 18 كۈن بولدى دېگەندە قەشقەرگە يېتىپ كەلدۇق. كالېندارلارنى يول بويى تارقىتىپ ماڭغان بولساقمۇ قەشقەرگە يەنە سەككىز - ئون تېڭىق كالېندار ئېشىپ قالدى. قەشقەردە ئۈچ - تۆت تېڭىقنى تارقاتتىم. يېڭى يىل يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى. قولۇمدىكى كالېندارلارنى ناھايىتى تېزلىكتە تارقىتىۋەتمىسەم يىل ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالسا، ئۇلارنى ھېچكىم ئالمايتتى. ئۇ چاغدا تەھرىر بۆلۈمىگە بىر مۇنچە پۇل زىيان بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن تەھرىر بۆلۈمى تاپشۇرغان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان بولاتتىم - دە، ئۇلار مېنىڭ سەممىيىتىم ۋە ئىقتىدارىمدىن شۈبھىلىنىپ قالاتتى، نەتىجىدە مېنىڭ ئەشۇ تەھرىر بۆلۈمىگە ئورۇنلىشىش ئىشىم سۇغا چىلىشاتتى. مۇشۇ خىياللارنىڭ ئىزتىراپى مېنى بىئارام قىلاتتى.

كالېندار ياخشى ئىشلەنگەن بولۇپ نەپىس، قىزىقارلىق ۋە مول مەزمۇنلۇق ئىدى. كۆرگەنلا ئادەم: «پاھ! نېمەدېگەن ئېسىل - ھە؟!» دېيىشەتتى. ئەمما قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ باقىدىغان ئادەم كۆپ، پۇل سانايدىغان ئادەم ئاز ئىدى. مەن بازارمۇ بازار، گۈزەرمۇ گۈزەر قاتراپ يۈرەتتىم. ساۋاقداشلىرىمغا، تونۇش - بىلىش، ئاغىنە - ئۆڭگىلەرگە خىزمەت ئىشلەيتتىم، يالۋۇراتتىم.

ئۇلار مېنىڭ ھالىمنى چۈشىنىشەتتى - دە، ۋېلسىپىتلىرىنىڭ ئارقىسىغا بىرەر تېڭىقتىن كالېندارنى ئارتىشىپ مەھەللىمۇ مەھەللە، يېزىمۇ يېزا ئىدارىمۇ ئىدارە چاپاتتى.

مەن بىرەر ئاي بولا - بولمايلا مۇكەممەل بىر «ۋەكالىتەن مال ساتقۇچى » بولۇپ يېتىشىپ چىقتىم. ئەدەبىياتتىكى بىلىمىم، شائىرانە ناتىقلىقىم ئەسقاتتى، ماللىرىمنى ماختاشقا، خېرىدارنى شىلاشقا، تەرسالىرىنى زورلاشقا تولىمۇ ئۇستا بولۇپ كەتتىم. 40 - 50 تېڭىق كالېندارنى قولدىن چىقارغۇچە تولا جاۋىلداپ كالپۇكۇمنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كەتتى. «ھەر نېمە قىلساڭ بىر نېمە قىل» دېگەندەك، يېڭى يىلغا ھەپتە قالغاندا قولۇمدىكى كالېندارلارنى ئاساسەن تارقىتىۋەتتىم. پەقەت بىر تېڭىق كالېندار ئېشىپ قالدى.

تارقىتىشنىغۇ تارقىتىۋەتتىمۇ، لېكىن كۆپلىرىنى نېسىگە بەرگەنىدىم. نەق پۇل بەرگەنلەر بەك ئاز ئىدى. ئاخىرى بولماي ماشىنىنى ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزۈم قەشقەردە قېپقالدىم. ماشىنىنىڭ چىقىمىنى كۆتۈرۈشكە ماجالىم يەتمەيتتى. خەقنىڭ گەدىنىدە قالغان پۇلنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغانلىقى ھەققىدە بىر نېمە دېمەك تەس ئىدى، بىر ئادەمنىڭ چىقىمى بولسىمۇ ئازايمىسا بولمايتتى. بولۇپمۇ ماشىنا تۇرىۋەرسە قولغا چۈشكەن پۇلنى ئۇدۇللۇق ماي ۋە رېمونت پۇلىغا سېلىپ بېرىشكە مەجبۇر بولاتتىم.

ماشىنا قايتىپ كەتتى. ئۆزۈم يېگانە قالدىم. كالېندارنىڭ پۇللىرى بولسا يىغىلمايۋاتاتتى. بەزى ئىدارىلەر مۇددەتكە بۆلۈپ بېرەيلى، دەپ تۇرۇۋالدى. بەزىلىرى يېڭى يىللىق خىراجەت پۇلىدىن بېرىمىز دەپ پەقەتلا بەرگىلى ئۇنىمىدى. ئاخىرى شۇلارنىڭ دېگىنىگە كۆنمەي بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن قەشقەردە «لەڭگەر تاشلاپ» ياتتىم. تەھرىر بۆلۈمىدىن خىراجەتكە ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل ئاللىقاچان تۈگىگەنىدى. نېمىشقىدۇر ئۇلار مېنى ئۇنتۇپ كېتىشكەندەك ياكى پۇل ئەۋەتىشمەيدۇ، ياكى خەت - خەۋەر.

ئۈچ ۋاق تاماقنى ئۈچۈن كۈنىگە ئاز دېگەندە سەككىز - ئون سوم كېتەتتى، ياتاق ئۈچۈن 10 - 15 سوم. يەنە ئەتراپتىكى ناھىيىلەردىكى قەرزنى سۈيلەشكە ئاپتوبۇس كىراسى، تېلېفون ھەققىمۇ بار تېخى. قىسىپراق ھېسابلىسام ماڭا كۈنىگە ئاز بولغاندىمۇ 20 - 30 سوم بولمىسا بولمايتتى. يانچۇقۇممۇ قۇرۇپ قالغىلى قوپتى. ئىككى ۋاق تاماققا چۈشۈپ قالدىم. بەزىدە پۈتۈن كۈنلەپ ئاچ قالاتتىم. ھەممىدىن ياتاقنىڭ ئىشى چاتاق ئىدى. كۈنلۈكنى كۈنلۈك تاپشۇرمىسام بولمايتتى. ئاخىرى بىر چارە ئويلاپ تاپتىم - بىر مېھمانخانىغا بارىمەن - دە، ئۆزۈمنىڭ تەھرىر بۆلۈمى يېزىپ بەرگەن كىملىكى بىلەن مۇخبىرلىق كىنىشكامنى كۆرسىتىمەن ۋە ئۇلارغا «زىيارەت ئۈچۈن كەلگەنمەن. پۇلۇم تۈگەپ كەتتى. تەھرىر بۆلۈمىمىز پۇلنى ماڭغۇزۇۋېتىپتۇ، يا بۈگۈن، يا ئەتە يېتىپ كېلىدۇ، پۇل كەلگۈچە نېسىگە يېتىپ تۇراي! » دەيمەن. مەن پەقەت «مۇخبىر» بولغىنىم ئۈچۈنلا ئۇلار تەستىرەك ماقۇل بولۇشىدۇ. ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن مېنىڭ «ئەتەم» تۈگىمەيدۇ، ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ بەش - ئالتە كۈننى ئۆتكۈزۈۋالىمەن - دە، بىر كۈنى بولغاندا مېھمانخانا بىلەن «خوشلاشمايلا»، «غىپپىدە» تىكىۋېتىمەن ۋە باشقا بىر مېھمانخانىدىكى «مېھماندارچىلىق» نى باشلىۋېتىمەن. شۇنداق قىلىپ شەھەر ئىچىدىكى مېھمانخانىلارنى بىر قۇردىن كوملاپ بولدۇم. پۇلنى تېخى يىغىپ بولالمىغانىدىم. قەشقەردە يەنە قانچىلىك تۇرۇپ قېلىشىمنى بىلمەيتتىم. ئاخىرى مەن شەھەر سىرتىدىكى مېھمانخانىلارغا «يۆزلىنىش» كە مەجبۇر بولدۇم.

2

بىر كۈنى «يارباغ» مېھمانخانىسىدىكى «مېھماندارچىلىق» نى تۈگىتىپ يېنىپ چىقتىم. ئەمدىكى نىشانىم «سەمەن» مېھمانخانىسى ئىدى. شومكامنى كۆتۈرۈپ سەمەن تەرەپكە يول ئالدىم. خىيال بىلەن كېتىۋاتسام ئارقامدىن بىر ئات ھارۋىسى يېتىشىپ كەلدى. قارىسام كىرا ھارۋىسى ئىكەن. «توسايمۇ - توسمايمۇ» دەپ

ئىككىلىنىپ توختاپ قالدىم. ئاخىرچە ھارۋىكەش ھارۋىسىنى ئۆدۈلۈمگە ئەكىلىپ توختاتتى. مەن ئىرى ـ بىرىسىنى ئويلاپ تۇرمايلا ھارۋىغا سەكرەپ چىقىپ، ئالدى يان تەرىپىگە جايلىشىۋالدىم. ياخشى بېقىلغان تورۇق ئات قاتراپ يۈرۈپ كەتتى. مەن ھارۋىكەشكە يەر تېگىدىن سەپسالدىم. ھارۋىكەش 45 ـ 46 ياشلاردىكى قاڭشارلىق كەلگەن، كۆزلىرى كۆك ۋە ئىچكىرى، ئۆڭى ئاق سېرىق، چاشقان بۇرۇت ئادەم ئىدى. ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىغا قارىماي چاپىنىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەنىدى. خالتا كۆڭلىكىنىڭ ياقىسمۇ ئوچۇق ئىدى. ياقىسىنىڭ ئوچۇق يېرىدىن ئۇنىڭ سېرىق بۇدرە تۈك قاپلاپ كەتكەن قىزغۇچ ۋە توخۇئەت مەيدىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ياغلىشىپ كەتكەن دولان تۇمىقىنى نوچىلارچە قىيسايتىپ كىيىۋالغانىدى. مەن بۇ ئادەمگە سەپسېلىۋېتىپ: «كىراغا قانچە پۇل سورار، بۇ ھارۋىكەشكە قانداق تاقابىل تۇرساِم بولار؟» دېگەنلەرنى ئويلايتتىم. ئۇنىڭ تەققى ـ تۇرقىدىن شەھەرنىڭ تازا ياغلىمچى، كۆرەڭ ۋە قىتمال ھارۋىكەشلىرىدىن ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. بۇنداق ئادەملەرگە ئوڭاي تاقابىل تۇرغىلى بولمايتتى.

ـ نەگىرەك ئاپىرىپ قويىمەن يىگىتنىڭ كۆڭلى؟ ـ دېدى ئۇ ئادەم باش ـ ئايىغىمغا يارانمىغاندەك بىر خىل نەزەردە قارىۋېتىپ.

مەن شۇنى كۈتۈپ تۇرغانىدىم. ئالدىراپ جاۋاب بەردىم:

ـ سەمەن مېھمانخانىسىغا ... نەچچە ...

ئۇ ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ ھىجايدى:

ـ ئەرزان دەيمەن، يوقنىڭ ئورنىدا.

مەن قەشقەرلىقنىڭ «ئەرزان » نى بەك ئوبدان چۈشىنەتتىم. ئۇنىڭ ئەشۇ گېپى بىلەن يانچۇقۇمدىكى يوقنىڭ ئورنىدىكى پۇلنىڭ غېمىگە چۈشتۈم. «پىيادىلا بارسام بولغانىكەن، ئەتتەڭەي ...» دېيتتىم ئىچىمدە. شۇ ئەسنادا ھارۋا ئالدىمىزدا كېتىپ بارغان بىر قىزغا يېتىشىپ قالدى . ئۇ قىز بىر چوڭ سومكىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. سومكىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۇنىڭ سومكىنى تەستە كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

قاتراپ كېتىپ بارغان ئاتنىڭ ئاياغ تىۋىشى ۋە ئاتنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان قوڭغۇراقلارنىڭ كوچىنى بىر ئالغان «جاراڭ ـ جۇرۇڭ» نى ئاڭلىغان قىز ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، كېلىۋاتقان ھارۋىغا قاراپ توختاپ قالدى. ھارۋىكەش ئۇنىڭ ئۆدۈلىگە بېرىپ ھارۋىنى توختاتتى.

ـ چىقىۋالسىلا مانتىگۈل، جاپا تارتىپ قاپلا.

ھارۋىكەش ئۇ قىزغا قارىماي ئاتنىڭ تەرىدىن ھۆللىنىشكە باشلىغان تۇخۇمدەك ساغرىسىغا تەشۋىشلەنگەندەك قارىۋېتىپ قىزغا مۇراجىئەت قىلدى.

قىز قولىدىكى سومكىنى سۆرىگەندەك تەسلىكتە كۆتۈرۈپ ھارۋىغا يېقىنلاشتى. مەن ئىختىيارسىز ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قىزنىڭ قولىدىكى سومكىنى ھارۋىغا ئالدىم. مەن سومكىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىۋاتقىنىمدا ئۇ قىز ماڭا «لاپپىدە» بىر قاراپ قويدى. مەن پەقەت شۇندىلا بۇ قىزنىڭ ئادەم ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە چىرايلىق قىز ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدىم. شۇ ھامان يۈرىكىمنى يېلىلىق بىر سېزىم قوچقاندەك قىلىپ، نەچچە ئايلىق سەرسان ھاياتنىڭ دىشۋارچىلىقىدا ئۆگىدەپ قالغان يىگىتلىك سېزىملىرىم چۇچۇگەندەك قىلدى. سومكا راستىنلا ئېغىر ئىدى. ئاغزى ئوچۇق سومكا ئارقا سان گۆش، تۇخۇم، نان، كۆكتات ۋە يەنە ئاللىقانداق نەرسىلەر بىلەن لىق توشقانىدى. سومكىدا يەنە ئىككى ـ ئۈچ پارچە نېپىزرەك كىتاب تۇراتتى. مەن سومكىنى ھارۋىغا تاشلاپ ئۆزۈممۇ ھارۋىغا سەكرەپ چىقتىم. قىز ئىنتايىن چاققانلىق بىلەن ھارۋىغا «لىككىدە» قىلىپ چىقىۋالدى ۋە ماڭا يېقىنراق جايلىشىپ ئولتۇرۇۋېتىپ ماڭا قاراپ يېلىلىققىنە كۈلۈمسىرەپ قويدى. قىزنىڭ ھارۋىغا چىققان ۋاقتىدىكى ئاجايىپ نەپىس ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ بايىقى تاتلىق تەبەسسۇمى نېمىشقىدۇر ماڭا چۈشىنىكسىز بىر خۇشاللىق بەخش ئەتتى. مەن قىزغا خۇددى باشقىچىلا قىزىرىپ پىشقان بىر تال ئالمىغا ھەۋەسلىنىپ قارىغاندەك ئىشتىياق ئىچىدە سەپسېلىشقا باشلىدىم.

قىز 18 ـ 19 ياشلاردا كۆرۈنەتتى. قامەتلىك قاپقارا ۋە قويۇق چاچلىرىنى سىپتا تاراپ بېشىنىڭ ئارقىسىغا تۇگۈۋالغانىدى. قاش ـ كىرپىكلىرى تۇكۇلۇپ تۇراتتى. ئۇزۇن، ئىنچىكە ۋە قارا قاشلىرى يۇقىرىغا قايرىلىپ تۇراتتى. قويۇق ۋە ئۇزۇن كىرپىكلىرى كۆزىگە سايە تاشلىغانىدى. ئېقىپ چۈشكەندەك تۈز، ئىنچىكە لېكىن ئوتتۇرىسى سەلگىنە ئېگىز كەلگەن بۇرنىنىڭ ئاستى يۇپقا، يۇمران تۇكلەر بىلەن سەلگىنە كۆكىرىپ تۇراتتى. ئېچىلىشنى تېخى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ياش غۇنچىدەك پاكىز، قىزغۇچ ھالرەڭ ۋە يۇمران لەۋلىرى ھېقىقەتەك يالتىراپ تۇراتتى. سەلگىنە تۈزۈپ قالغان بۇدرە چاچلىرىنىڭ ئارىسىدا ماراپ تۇرغان چۆچۈرىدەك كىچىككىنە قۇلاقلىرىدىن، ساغۇچراق، سىلىق، ئىنچىكە بويىنىدىن، يۇپيۇمىلاق ۋە يۇمران ئېگىكىدىن كىشىنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگۈدەك دەرىجىدىكى بىر خىل يېقىملىق گۈزەللىك بالقىپ تۇراتتى. «ھەقىقىي قەشقەر گۈزىلى!» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

قىز مېنىڭ تەرسالارچە قادىلىشىمدىن ئەيمەنگەندەك، قاپقارا، نۇرانە ۋە كۈلۈپ تۇرىدىغان چىرايلىق كۆزلىرىنى كۆزۈمدىن قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى. مەن نېمىشقىدۇر بىر خىل كۆڭۈل ئۈزۈكچىلىكىدە چوڭقۇر بىر تىنىۋەتتىم.

ـ ئۆزلىرىنى نەگە ئاپىرىپ قويىمەن، خېنىم؟

باياتىندىن بېرى ئاتىنىڭ تۇشلۇكىنى بىردەم چىڭىتىپ، بىردەم بوشىتىپ يۈرگەن ھارۋىكەشنىڭ ئاۋازى جىمجىتلىقنى بۇزدى.

قىز مېنىڭ مۈرەمدىن نەزىرىنى ئارتىلدۇرۇپ ھارۋىكەشكە بويىنىنى سوزۇپ جاۋاب بەردى:

ـ سەمەنگە، ماددىي ئەشيا (ماددىي ئەشيا ئىدارىسىنىڭ دېمەكچى بولسا كېرەك) نىڭ يېنىغىلا...

ـ ئىككىلىرى بىر يەردە چۈشىدىكەنلا ـ دە، ـ ھارۋىكەش ھارۋىغا تايانمايلا چىقىۋالدى ۋە ھارۋىنى قوزغىدى. قىز ھارۋىكەشنىڭ گېپى بىلەن ماڭا تەئەججۈپ ئارىلاش قاراپ كۈلۈپ قويدى.

ـ ئۆيىڭىز شۇ يەردىمۇ؟ ـ سورىدىممەن قىزدىن گەپ تەمە قىلىپ. قىز سوئالىمغا جاۋاب بەرمەي، سوئال قويدى:

ـ سىلىنىڭ نەدىن كېلىشلىرى؟

مەن شۇندىلا ئۇنى «سىزلەپ» خاتا قىلغىنىمنى سەزدىم. قەشقەرلىقلەرنىڭ ھەر قانداق «سىلە» دەيدىغانلىقى يادىمدىن چىقىپتۇ.

ـ ئۈرۈمچىدىن. سەمەنگە ئىش بىلەن ماڭدىم.

قىز ئۇن ـ تىنسىزلا باش ـ ئايىغىمغا بىر قۇر سەپسالدى. «ئوغرى دەپ گۇمان قىلىۋاتامدىكىن مېنى» دەپ ئويلاپ قالدىم شۇ ھامان. چۈنكى مېنىڭ ئۈرۈمچىدە كىيىپ چىققان چوپان چاپىنىم، چوپان ئىشتىنىم بىر ـ ئىككى ئايدىن بۇيان سۇ كۆرمىگەچكە قاساپنىڭ پەشتامىسىدەك قاسماقلىشىپ ئۆز رەڭگىدىن قالغانىدى. «ساياھەت ئايىغى» دەپ ئاتىلىدىغان ئاق مودا ئايىغىممۇ چورۇققا ئوخشاپ قالغانىدى. چاچلىرىم نەچچە ئايلاپ ياسىتىلمىغاچقا قۇلاقلىرىمنى بېسىپ يەلكەمگە تېگەي دەپ قالغانىدى. ئانچە يېرىك بولمىسىمۇ، بەكمۇ قويۇق ئۆسكەن ساقال ـ بۇرۇتلىرىم مېنى چوڭلا بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. مېنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقۇم ھەر قانداق كىشىگە ئامېرىكىنىڭ كىنولىرىدىكى كالىفورنىيە چۆللۈكلىرىدە يول توسۇپ جان باقىدىغان ۋەيرانە ۋە رومانتىك چۆل قاراقچىسىنى ئەسلىتەتتى.

مەن سەل خىجالەت بولدۇم ـ دە، كۆزۈمنى ئۇ قىزدىن قاچۇردۇم.

دېكابىر ئايلىرى بولۇشىغا قارىماي ھاۋا ئىللىق ئىدى. يول بويىدىكى كۆك قەرىگە بوي سوزغان قاتار ـ قاتار تېرەكلەر ياپراقسىز بولۇشىغا قارىماي زېمىنغا بىر خىل جەزبە ۋە كۆڭۈللۈكلۈك بەخش ئەتكەنىدى. تېرەكلەرنىڭ غولى كۆك ئىدى. شۇ قەدەر كۆك ئىدىكى، ئاشۇ تېرەكلەرنىڭ غولىدىن بالقىغان كۆكۈچ رەڭ بۇ گۈزەل ۋادىنى بىر يۇپقا ۋە چەكسىز كۆك نۇر قۇچىقىغا بۆلىگەنىدى. بۇ تېرەكلەرنىڭ غولى پاكىز ۋە سۈزۈك ئىدى. شۇ قەدەر سۈزۈك ئىدىكى، ئاددىي كۆز بىلەن تېرەك غوللىرىنىڭ ئىنچىكە تومۇرلىرىدا شىرقىراپ

ئېقىۋاتقان تارام - تارام كۆكۈچ سۇنى كۆرگىلى بولىدىغاندەك ئىدى. بۇ تېرەكلەرنى «تېرەك» دېگەندىن كۆرە، كۆك خرۇستال تۈۋرۈك، غايەت زور بىللور نوكچىسى ۋە ياكى كۆك نۇر دەستىسى دېگەن تۈزۈك ئىدى. قەشقەر تېرىكى ئەشۇنداق كۆك ۋە سۈزۈك ئىدى. شۇ قەدەر پاكىز ئىدى.

ھارۋىنىڭ چاقى كىچىكرەك لاقمىغا چۈشكەندەك قىلدى. مەن سىلكىنىشتىن ئۆزۈمگە كېلىپ قىزغا بۇرۇلۇپ قارىدىم. قىزمۇ مەن تەرەپكە قايرىلىپ قارىدى. ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى نېمىشقىدۇر بىر خىل ئازادىلىك، ھەيرانلىق ۋە يەڭگىللىگىنە خۇشاللىق سېزىملىرى ئىچىدە ئۇچراشتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى دىدىل ئىدى، شوخ ئىدى، كۈلۈپ تۇراتتى، گۈزەل ئىدى.

- نېمە كىتاب ئالدىڭىز؟ ئۆزىڭىزگىمۇ؟ - مەن ئۇ قىزغا يەنە نېمە دېيىشىمنى بىلمەي ئىختىيارسىزلا سومكىسىنىڭ ئاغزىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان كىتابلارغا قول ئۇزاتتىم. «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، «گىرىم چۆچەكلىرى»، «گۈلپەرى»، «ئاندىرسۇن چۆچەكلىرى».

مەن كۈلۈۋەتتىم:

- پاھ، سەپسەن چۆچەككۇ؟ چۆچەكچى ئوخشىمامسىز!

- قانداق؟ چۆچەك بولسا بولمامدىكەن؟ - ئۇ قىز قەشقەر شىۋىسىدە ھەيران بولغاندەك سوزۇپ سورىدى.

- ياقەي، بولىدۇغۇ. لېكىن ھەممىسىلا چۆچەك ئىكەن دېمەكچىمەن...

مەن قىزنى رەنجىتىپ قويغان ئوخشايمەن دەپ چۆچۈپ قالدىم ۋە ئالدىراپ ئىزاھ بەردىم.

- بۇلارنىغۇ بالىلارغا ئالدىم. ئۆزۈممۇ چۆچەك ئوقۇشقا ئامراق، شۇڭا ھەر كۈنى كەچتە بالىلارغا چۆچەك ئوقۇپ بېرىمەن.

«بالىلار؟ ئوقۇتقۇچىمىدۇ؟ نېمىشقا كەچتە ئەمدى؟ ئوقۇغۇچىلار كۈندۈزى ئوقۇيدىغۇ؟ ئۆكىلىرىغا بولسا كېرەك، لېكىن نېمىشقا ئۆكىلىرىمغا دېمەيدۇ؟ ياكى بالىلىق چوكانمۇ - يە؟ قەشقەردە بەك كىچىك ئەرگە بېرىمىش دەپ ئاڭلىغان، لېكىن ھەر قانچە كىچىك بولسىمۇ چۆچەك ئاڭلىغۇدەك بالىسى يوقتۇ تېخى، بىراق ‹بالىلار›، غا دەۋاتىدۇ. بۇ، بىر نەچچە بالا دېگەن گەپقۇ؟»

- مۇشۇ كۈندە بەزى يازغۇچىلارنىڭ يېزىۋاتقان نەدىكى تېتىقسىز، قۇرۇق گەپلىرىدىن چۆچەك مىڭ ياخشى ئەمەسما؟ چۆچەكنىڭ تىلى ئاددىي، چۈشىنىشلىك، ۋەقەلىكى قىزىقارلىق، ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى روشەن، ساپلا ياخشىلىق، گۈزەللىك، مېھىر - شەپقەت، ئادالەت، باتۇرلۇق كۈيلىنىدۇ. بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزچۇ؟ يېزىلىك دېسە، بىرلىرى رېئالىزم دەپ نەدىكى قۇرۇق تەشۋىقاتنى يېزىۋاتقان، يەنە بىرلىرى مودېرنىزم دەپ نەدىكى ئېلىشىپ قالغان ساراڭنى... مۇشۇ كۈندە يازغۇچى دېگەنلەرنى ساراڭ بولدىمىكىن دېگۈم كېلىدۇ. يېزىۋاتقىنى غىچىلا قۇرۇق سەپسەتە، ئۆزىنىڭ خەلقىنى بىلمەيدۇ، مىللىتىنى چۈشەنمەيدۇ! مىللەت نېمە ئويلايدۇ؟ نېمىنى ئارزۇ قىلىدۇ، قانداق كۈن كۆرۈۋاتىدۇ دېگەنلەر ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ئوخشايدۇ ئۇ خەقنىڭ! يازغان نېمىسى يا خەقنى خۇش قىلالمىغان، يا ئۆزىنى!

قىزنىڭ گەپلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بولغان زوقۇم تېخىمۇ ئاشتى. قىز خېلىلا ئوبدان كىيىنگەنىدى. سېرىق يۇڭ پوپايكا، پاختەك تۈكى رەڭدىكى سارجىدىن تىكىلگەن تار يوپكا قىزغا گۈلدەك ياراشقانىدى. مەن ئۇزى گۈزەل، ياسىنىشى جايىدا قىزلارنى جىق كۆرگەنمەن، لېكىن پىكرى جايىدا قىزلارنى بولسا ناھايىتى ئاز ئۇچراتقانىدىم. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ كىيىنىشى، قىلىدىغان پەدىزى ۋە يىگىتلەرنى جەلپ قىلىش ئۇسۇللىرىدىن باشقا نەرسىلەرتوغرىسىدىمۇ باش قاتۇرۇشنى بىلىدىغان قىزلارنى كەمدىنكەم ئۇچرىتىپ قالىمەن. بولۇپمۇ مۇشۇ كۈنلەردە بۇنداق قىزلار بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتاتتى.

ئالدىمدىكى بۇ قىز شۇ قەدەر گۈزەل ۋە يېقىملىق ئىكەن، كىيىنىشىمۇ، كىيىنگەندە زامان مودىسى بويىچە كىيىنىشنىمۇ بىلىدىكەن ۋە شۇنىڭغا يارىشا «خەلق»، «مىللەت»، «ئەدەبىيات»، «يازغۇچى» دېگەندەك بىر قەدەر

زىل ۋە بۈيۈك تېمىلار توغرىسىدا ئويلايدىكەن. . . پىكرىنىڭ كەسكىنلىكىنى قارا ئۇنىڭ؟ ھاللىق ۋە ياخشى ئائىلىنىڭ پەرزەنتى، ياخشى تەربىيىلەنگەن مۇنەۋۋەر قىزدەك قىلىدۇ ئۆزى. ئەگەر ئۈرۈمچىدەك يەرلەردە بولۇپ قالىدىغان بولسا ئۈرۈمچى قىزلىرىنىڭ سەرخىلى بولاتتىكەن. ھەرقانداق سورۇنغا ياراشقۇدەك، ياخشى ئەرگە يارىغۇدەك . . . نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ زادى؟ قانچىلىك ئوقۇغانكىن؟ ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ تولۇق ئوتتۇرا ، بولمىسا ئالىي مەكتەپنى يېڭىراق پۈتتۈرگەندەك قىلىدۇ. خۇدايىم ماڭا مۇشۇنداق قىزلارنى نېسىپ قىلسا. - ھە. توۋا دەي، پەرىزاتتەك بۇنداق گۈزەل قىز نەدە تۇرۇپتۇ مەندەك ساياققا. بۇنداق مەلىكىلەرگە قولىمىز قىسقا - دە، بىزنىڭ. ئاسماندىكى تولۇن ئايغا تەلمۈرۈپ قارىغاندەك تەلمۈرگىنىمىزچە قاراپ قالىمىز شۇ، لېۋىمىزنى چىشلەپ . . . مەن كەلسە - كەلمەس خىيال بىلەن بەنت ئىدىم. كۆزۈم قىز تەرەپكە قادالغانىدى. قىزنىڭ سۆزلىگەن چاغدىكى چېچەن، ئۆتكۈر، ئەلتەك ۋە خۇش خۇيلۇقى، سۈكۈتتە ئولتۇرغان چاغدىكى چوڭ سۈپەت، تەمكىن ۋە خىيالچان گۈزەللىكى، گاھىدا سىلىق، گاھىدا يەڭگىل سىلكىنىپ كېتىپ بارغان ھارۋىدا ئولتۇرۇشىدىكى لاتاپىتى، ئۆزىنى تۇتۇشلىرى، كىچىككىنە بولسىمۇ قىمىرلىشىدىكى بىر خىل گۈزەل نازاكەت مېنى ھېلىدىن - ھېلىغا مەست قىلماقتا ئىدى. مەن بۇ قىزغا مىنۇتسىرى ئېچىنىپ، مەھلىيا بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. توۋا، كۆڭۈل دېگەن - ھە. . .

- ئۈرۈمچىدە نېمە خىزمەت قىلىلا؟ بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەن؟

قىزنىڭ تاڭ شامىلىدەك مەيىن ئاۋازى مېنى ئوڭ - تەتۈر خىيال ئىلكىدىن قۇتقۇزدى، مەن چۆچۈپ ئۆزۈمگە كەلدىم.

- مۇخبىرلىق قىلىمەن، ژۇرنال ئىشى بىلەن كەلگەن، سەمەندە بېجىرىدىغان . . . - مەن قويۇن يانچۇقۇمدىن ژۇرنال بەرگەن مۇخبىرلىق كىنىشكام بىلەن كىملىكىمنى چىقىرىپ قىزغا ئۇزاتتىم. قىز كىنىشكام ۋە كىملىكىمنى ئېھتىيات بىلەن قولىغا ئالدى ۋە ئاجايىپ بىر قىزغىن ھەۋەس - ئىشتىياق ئىچىدە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى، ئاندىن خۇددى قولىدىن ئۇشتۇمتۇت چۈشۈپ كېتىپ پارە - پارە بولۇپ كېتىشتىن قورققاندەك، ئۇ نەرسىلەرنى ناھايىتىمۇ ئاۋايلاپ، ئىككى قوللاپ ماڭا ئۇزاتتى. مەن شۇ چاغدا قىزنىڭ يۈرىكىدىمۇ ماڭا نىسبەتەن بىر خىل ھۆرمەت، ئەيمىنىش، ھەتتا قىزىقىشقا ئوخشايدىغان بىر نەرسىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ئاشكارا ھېس قىلدىم ۋە شۇ ھامان كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. «ھەر ھالدا، ھېچبولمىغاندا مېنى ئوغرىمۇ نېمە بۇ ساياق دەپ ئويلاپ قالمايدىغان بولدى! » دەپ خۇشاللاندىم ئۆزۈمچە.

- سەمەندە بىرنەچچە ۋاقىت تۇرۇپ قالامىلا؟ - قىز تارتىنىش ئىچىدە كۆزۈمگە بېقىپ سورىدى.

- شۇنداق، خۇدا خالىسا سەككىز - ئون كۈن تۇرۇپ قالىمەنغۇ دەيمەن.

مەن خۇشاللىق ئىچىدە ئالدىراپ جاۋاب بەردىم.

قىز ئۈن چىقمىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدە مەيۈسلۈككە ئوخشاپراق كېتىدىغان چۈشىنىكسىز بىر خىل تۇيغۇ چاقنىغاندەك بولدى. «بۇ قىزنىڭ قەلبىدە بىر جاراھەت بارمۇ، نېمە؟ ياكى تۇرمۇشىدا كىشىلەرگە بىلدۈرۈشتىن قورقىدىغان بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك بارمىكىن؟ » دەپ ئويلاپ قالدىم ئۇشتۇمتۇت. لېكىن بۇ خىيالىمنى ئىنكار قىلدىم. ئۆزۈمچە بولغاندا، توققۇزى تەل، باھاردەك ياش ۋە گۈزەل بۇ قىزغا ھېچقانداق ۋە ئازغىنە بولسىمۇ كۆڭۈلسىزلىك راۋا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا شاد - خۇراملىق، بەختىيارلىق، پاكىزلىك، خاتىرجەملىك، ماختاش، ئەركىلىتىش، پەپىلەش، ئاياش ھەم قەدىرلەشلەر ھەر قاچان ۋە تەبىئىي يوسۇندا ھەمراھ بولۇشى كېرەك ۋە شۇنداقتۇر، دەپ ئويلىغۇم كېلەتتى نېمىشقىدۇر. مېنىڭ نەزىرىمدە، خۇدايىم ئەقىل ۋە چىرايدىن ئېيتقان بۇ گۈلبەدەن بىر زامان ئەركىسى، ھايات ئەركىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى.

مەن قىزغا ئەشۇنداق ئىزگۇ ھېسسىياتلىرىم-

www.uyghurkitap.com

ىنىڭ تەپتى بىلەن قايتا نەزەر سالدىم.

ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىدە دەل مەن كۈتكەن بىر خىل قانائەت ، خاتىرجەملىك، خۇش خۇيلۇق، ھەتتا بىر خىل بالىلارچە شوخلۇق جۇلالاپ تۇراتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئاخىرقى خىياللىرى ۋە قىياسلىرىمدىن مەمنۇن بولغاندەك يېنىك نەپەس ئالدىم. «خۇدايىم، بۇنداق گۈزەل ۋە ياخشى قىزلارغا يامان كۈنلەرنى ئەمەس، يامان سائەتلەرنىمۇ راۋا قىلمىغايسەن. . .» دەپ ئويلىدىم يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇرىدا.

— ئۆيىڭىز سەمەندىمۇ؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن ھارۋىدىكى بۇ قەدىردان مىنۇتلارنى سۈكۈت بىلەن زايە قىلغۇم كەلمەي. قىز ماڭا نېمىشقىدۇر ھەيران بولغاندەك بىر خىل سىياقتا قارىۋېتىپ جاۋاب بەردى:

— ھە . . . ھەئە.

— ئاتا - ئانىڭىز بىلەن بىللە تۇرامسىز؟

— ياق، ھەئە، ھەئە . . .

قىز نېمىشقىدۇر بىردىنلا دۇدۇقلىدى. بۇ مېنىڭ «يولدىشىڭىز بارمۇ؟» دېگەن سوئالىمنىڭ باشقىچىرەك شەكلى ئىدى. قىز بۇ گېپىمنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ مېنىڭ بۇ ئورۇنسىز سوئالىمدىن خىجىل بولدىمىكىن؟

مەن بىزەڭلىك قىلىۋاتاتتىم. مەندىكى يولدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان بۇ ناتونۇش گۈزەلگە بولغان قىزىقىش تۇيغۇسى، مېنى بۇ قىز توغرىسىدا كۆپرەك بىر نەرسىنى بىلىۋېلىشقا ئالدىرىتاتتى. چۈنكى شۇ كۈنلەردە قەشقەردە ئۆتكۈزۈۋاتقان غېرىب ۋە سەرگەردان ھاياتىم ماڭا كۈنسېرى ئېغىر ۋە كۆڭۈلسىز تۇيۇلماقتا ئىدى. بولۇپمۇ كىشىنىڭ يۇرتىدىكى يېگانىلىق مېنى قىينايتتى. شۇ كۈنلەردە مەن كىملەرگىدۇر ۋە نېمىلەرگىدۇر موھتاج ئىدىم. شۇڭا بۇنداق گۈزەل ۋە يېقىملىق قىز بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىم ئۈچۈن بەكلا خۇشھال ئىدىم. شۇ تاپتا مۇشۇ قىز قەشقەردىكى كۈنلىرىمنى يەڭگىل ۋە كۆڭۈللۈكرەك ئۆتكۈزۈشۈمگە ئەسقېتىپ قالار دېگەن خۇپىيانە ئۈمىد مېنى ئۈمۈندۇراتتى.

— نەدە ئىشلەيسىز؟ — مەن ئۆشتۈمتۇت سورىدىم.

قىز ماڭا نېمىشقىدۇر چۆچۈپ قارىدى. شۇ چاغدا بۇ قىزنىڭ چىرايىدە ۋۇللىدە قىلىپ بىر قىزىللىق بالقىدى. ئۇ مېنىڭ كۆزلىرىمدىن كۆزلىرىنى دەررۇ ئەپقېچىپ يول بويىدىكى كۆك تېرەكلەرگە قارىۋالدى.

— شە . . . شەھەردە، شەھەر ئىچىدە.

قىزنىڭ ئاھاڭى مەيۈس، ئاۋازى تىترەك ئىدى. مەن ھەيران بولدۇم، بۇ قىز بارغانسېرى مېنىڭ سوئاللىرىمغا توغرىدىن - توغرا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ مەندىن بىزارلىقىنى ئاشكارا بىلىندۈرۈۋاتامدىكىن؟ يا بولمىسا مەن ئويلىغاندەك بۇ قىزنىڭ يۈرىكىدە خەققە بىلىندۈرگۈسى كەلمەيدىغان بىر جاراھەت بارمىكىن؟

— شەھەردىكى قايسى ئىدارىدە؟ نېمە ئىش قىلىسىز؟

قىز ماڭا ئاچچىقى كەلگەندەك «شارتتىدە» ئۆرۈلدى. ئەمدى ئۇ چىرايلىق كۆزلىرىنى مېنىڭ كۆزلىرىمدىن قاچۇرمىدى. بۇ كۆزلەر ئەمدى كۆزلىرىمگە تەرسالارچە قادالغانىدى.

— شەھەر ئىچىدە بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن!

قىزنىڭ ئاھاڭىدىن بىر زەردىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن: «ھە، ئەمدى بولدىمۇ، نېمانچە بىزەڭ يىگىتسىز؟» دېگەن سوئالنى كۆرگەندەك بولدۇم. مەن بۇ قىزنىڭ نېمىشقا بۇنچىۋالا چېچىلىۋاتقىنىنى چۈشىنەلمىدىم. ئاخىرىدا: «مىجەزى سەل تەرساراق قىز ئىكەن» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ جىم بولدۇم. «ياق، غۇرۇرى كۈچلۈك قىز ئىكەن، دەپ ئۆزۈمنىڭ خىيالىنى تۈزەتتىم خىيالىمدا. ئۆز شەخسىيىتىنى قەدىرلەشنى بىلىدىكەن. . .» مەن بۇ قىز توغرىسىدا ھەر قانداق ئورۇنسىز باھا ۋە سۈپەتلەرنى جىنىم بىلەن ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتىدىم. بۇنداق پەرىشتىدەك گۈزەل بىر قىز توغرىسىدا كىچىككىنە بولسىمۇ بولمىغۇر خىيالدا بولۇشنىڭ ئۆزى بىر گۇناھ ئەمەسمۇ؟!

3

ھارۋا سەمەن بازىرىغا يېقىنلاپ قالدى. مەن بىردىنلا ئارامسىزلىنىشقا باشلىدىم. «قانچە پۇل ئالار – ھە؟! يېنىمدا ئازغىنە پۇل بار، يەنە كېلىپ بۇ قىزمۇ بار تېخى، ئۇ قىزنىڭ كىرا ھەققىنىمۇ ئەلۋەتتە مەن تۆلەيمەن – دە، بىراق ...»

ھارۋا بەش قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

– مانا، كېلىپ قالدۇققۇ مېھمانلار؟

ھارۋىكەش ئىككىمىزگە قاراپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ : «قېنى، پۇلنى كىم بېرىدۇ؟» دېگىنى ئىدى.

مەن بىئاراملىق ئىچىدە سورىدىم:

– قانچە پۇل ئۇستام؟

– ئۆزلىرى بىلىپ بېرىشسىلە، – دېدى ھارۋىكەش ماڭا قاراپمۇ قويماي پەرۋاسىزغىنە.

مەن «ئۆزلىرى بىلىپ» دېگەن گەپنىڭ قەشقەرچە مەنىسىنى ئوبدانلا چۈشىنىپ قالغانىدىم، شۇڭا نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدىم، شۇ ئەسنادا ھېلىقى قىز يانچۇقىدىن بىر تۆتام پۇلنى چىقاردى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ پۇللىرى سەپسىن موچەن، چوڭلىرى بىر كويلۇق ئىدى. بۇ مەيدى پۇللار كىر ۋە پۇرلىشىپ، پۇرچاللىغانىدى. ئۇ پارچە پۇللاردىن 10 كوي پۇلنى جەملەپ ھارۋىكەشكە ئۇزاتتى:

– مانا ئاكا، ئىككىمىزنىڭ ...

ھارۋىكەش پۇلنى قولىغا ئېلىپ، بارماقلىرىغا تۈكۈرۈپ تۇرۇپ ئەستايىدىل ساناپ چىقتى.

– كەم بولا جۇما خېنىم ... بۇ ئۆزلىرىنىڭ كىرا ھەققى بولسۇن، ماۋۇ يىگىتنىڭ...

مەن خىجالەتچىلىكتە يانچۇقۇمغا قول ئۇزاتتىم.

قىز ئالدىراپ مېنى جىملىدى.

– شۇك ئولتارسىلا سىلە. پۇللىرى شۇنچە جىقما سىلىنىڭ؟

قويۇن يانچۇققا تولىمۇ تەسلىكتە سوزۇلۇۋاتقان قولۇم قىزنىڭ سۆزى بىلەن دېلىغۇللۇق ئىچىدە توختاپ قالدى.

– ماڭا بىژ قايلىۋەتسىلە ئاكا، چىمگە دەۋاتىلا بۇ گەپلىرىنى؟ – قىز بويىنىنى شاپتۇل قېقىپ ھارۋىكەشكە ھۈرپەيدى، – بۇ ياق ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىلەن چا، مەن ئۈرۈمچىدىن كەپ قالمىدىم جۇما! مەن چا، مۇشۇ قەشقەرنىڭ كىندىكىدىن، بىلسىلىرى. ئىككى كوي ئالىدىغان يەرگە «بوپتۇ» دەپ 10 كوي بەرسەم خۇش بولماي نېزىقايلىميا تېخى؟ ئاز بولاپ قاپتىما كۆڭلىلىرىدە؟ ئانداق بولساچا ئاتنىڭ بېشىنى ياندۇرسىلا ئارقىسىغا، چىققان يېرىمىزدە چۈشۈپ قېلىپ باشقا ھارۋا تېپىۋالىلى. ئەكەلسىلە ئاۋۇ10كوينى... ئىھ؟!- قىز قەشقەرچە قىلىپ ئاخىرقى فونېمانى ئىچىگە زەردە ۋە كۈچ بىلەن تارتتى ۋە بويۇنىدىغىنىچە ھېچ تارتىنمايلا قولىنى ھارۋىكەش تەرەپكە ئۇزاتتى. ھارۋىكەش قىزغا سۇنۇۋاتقان قولىنى دەررۇ تارتىپ، قولىدىكى پۇلنى تۆش يانچۇقىغا ئالمان - تالمان تىقتى ۋە قىزغا قاراپ ھىجايدى:

– ۋاي خېنىم، ئاچچىقلىرىنى يامان قىلمىسىلا دەيمەن، يا ھەزرەت... ما بالىنىڭ ئاچچىقىنى، مۇشتتەك تۇرۇپ. چېقىشىپ قويدۇم دەيمەن ئۆزلىرى بىلەن.

– شۇنداما؟ ھە مانداق دېسىلە... سىلىگىزە بەك كىچىك كۆرۈنۈپ قاپتۇق - دە، بۇ تاپتا. ئەمىساچا، ئا پى پى تۇماقلىرىنى ئۇستۇرەك قىلىپ، كۆزلىرىنى يوغانراق ئېچىپ ئوبدان بىر قايلىۋېتىپ ئاندىن چېقىشسىلا جۇما خان ئاچىلىرى بىلەن.

«ياپىر ماۋۇ كاساپەتنى، قوينىڭ قوزىسىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن تۇرغانلا بىر بالا ئىكەنغۇ ھوي، بۇ!» دەپ ئويلىدىم مەن قىزنىڭ شۇ تاپتىكى پەيلى - سىياقىغا قاراپ ھەيرانلىق ئىچىدە.

ھارۋىكەش قىزنىڭ دوقىدىن «غىق» بولدى.

ئۇئۆزىنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، قىزنىڭ جاۋىلداشلىرىنى ئاڭلىمىغان بولۇۋېلىپ، ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئېتىنىڭ تۆشلۈكىنى تۈزەشتۈرگىلى تۇردى. بىزمۇ ھارۋىدىن چۈشتۇق. مەن قىزنىڭ ھېلىقى چوڭ سومكىسىنى ھارۋىدىن ئالدىم ۋە قىزغا قاراپ:

www.uyghurkitap.com

– سىز نەگىرەك بارىسىز؟ سومكىڭىز خېلىلا ئېغىر ئىكەن، كۆتۈرۈشۈپ ئاپىرىپ بېرەي، – دېدىم ۋە مۇشۇ گەپنى قىلىۋېتىپ ئىچىمنىڭ بىر يېرى كۆيگەندەك بولدى. چۈنكى مەن شۇ تاپتا ئەشۇ قىزنىڭ مەن ئۈچۈن تۆلىۋەتكەن كىرا پۇلىغا قەرزدار بولۇپ قالغانىدىم. ھارۋىكەش بۇنى بىلىدۇ. مېنىڭ ھېلىقى گېپىمنى ۋە بۇ قىزنىڭ ئالدىدىكى مۇساپىرغا خاس مەيۈسلۈكۈمنى ئۇ ھارۋىكەش «يوغانلا بىر مۇخبىر ئىكەنۇ، كىرا پۇلى ئۈچۈن مۇشتتەك بىر قىز بالىغا قەرز بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭ سومكىسىنى كۆتۈرۈپ خۇشامەت قىلغىلى تۇردى. . . » دېگەنگە جورىشى مۇمكىنىدى. بەلكىم ئەشۇ قىزمۇ شۇنداق ئويلاۋاتقاندۇ تايىن. مۇشۇ خىياللار بىلەن ھېلىقى گەپنى قىلىۋېتىپ ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتىم ۋە خودۇكسىرىگەندەك ھارۋىكەشكە يەر تېگىدىن قاراپ قويدۇم. ئەسلىدە چىن گەپنى قىلسام بۇ تۇيغۇ مېنىڭدە يوقمۇ ئەمەس ئىدى. لېكىن مۇھىمى نېمىشكىدۇر بۇ قىزدىن ئايرىلغۇم كەلمەيۋاتاتتى . ھېچ بولمىسا، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى بولسىمۇ بىلىۋالسام دەيدىغان بىر خۇيپيانە مۇددىئا مېنى دەيدەيگە سالماقتىدى. قىز بىر قولى بىلەن بىر تارچۇقنى كۆرسەتتى:

– ئۆيۈم ئاينا ئەۋەدە، ئۆزۈم كۆتىرەلەيمەن، رەھمەت سىلىگە. سىلىدەك بىر مۇخبىرنى ئىشقا سالغىلى بولامدىغان.

ئۇ ئاپئاق ۋە ئۇششاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى ۋە قولىنى مېنىڭ قولۇمدىكى سومكىغا ئۇزاتتى.

– ياقەي ، نەدىكى گەپنى قىلىسىز. ھېچ بولمىسا تار كوچىنىڭ ئاغزىغا بولسىمۇ ئاپىرىشىپ بېرەي.

– سەت بولدىغۇ؟ ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىپ.

قىز ئاغزىدا شۇنداق دېسىمۇ، دەررۇ ماڭا يول باشلاپ ماڭدى. مەنمۇ قىزنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتىم.

– ھېزى بولسىلا جوما مۇخبىر ئەپەندىم، قەشقەرنىڭ قىزلىرى يامان كېلىدۇ، شاما قىلىۋەتمىسۇن يانا. ئۆزلىرىمۇ ياداپ شۇمەكتەك بولاپ قاپلا قايىلىسام. قەشقەر دېگەن يامان شە جوما. قىھ، قىھ، قىھ، – قىلىپ كۈلدى ھارۋىكەش قىز ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ماڭا قاراپ بىر كۆزىنى قىسىپ.

قىز ئارقىسىغا «شارتتىدە » ئۆرۈلۈپ ھارۋىكەشكە ھۆرپەيدى ۋە نېمىدۇر بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ توختاپ قالدى. ھارۋىكەش يەنە دەككىسىنى يېيىشتىن ھەزەر ئەيلىدى بولغاي، نېرىسىدا خېرىدار ساقلاپ تۇرغان ھارۋىكەشلەر توپىغا قاراپ ۋارقىرىغان بولۇپ كېتىپ قالدى:

– ھاي مەممەت تۇرسۇن، ئوقەت قايداراق؟

قىز ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ماڭدى. مەن شۇ چاغدىلا قىزنىڭ قولىدا كىچىكرەك بىر يالتىراق سومكىنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلدىم. سومكىنىڭ ئوچۇق ئاغزىدىن بىر كونا چىت كۆڭلەك ۋە ئۆتۈك كەتكەن يېشىل يۇڭ ياغلىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ قىز بۇ سومكىنى ھارۋىغا چىققاندىن بېرى نېمىشقىدۇر زادىلا قولىدىن ئاجراتمىغانىدى.

بىز بايا قىز كۆرسەتكەن تارچۇق كوچىنىڭ ئاغزىغا كېلىپ توختىدۇق. قىز ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

– سىلىگە جاپا سېلىپ قويدۇم، ئەمدى ئۆزۈم چىرىپ كېتەلەيمەن.

مەن قولۇمدىكى چوڭ سومكىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم.

– ئۆيگە باشلىسام بولىتتى . . . – قىز سومكىنى قولىغا ئېلىپ تەڭقىسچىلىق ئىچىدە جىلمايدى.

– ياقەي، رەھمەت . . . كېيىن . . . خوش ئەمىسە.

مەن قىيماسلىق ئىچىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدىم ۋە ئارقامغا ئۆرۈلدۈم؛ قىزمۇ تارچۇق تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. بىر چاغدا ئارقامغا قارسام ئۇ بىر ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئەشۇ ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ چىققان ئىككى بالىنىڭ باشلىرىنى سىلاپ، ئۇلارغا نېمىلەرنىدۇر دەۋېتىپتۇ. ئۇ باللار ئالتە – يەتتە ياشلاردا كۆرۈنەتتى. قىزنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى، باللارنىڭ ئۇزايىدىن (باللارنىڭ بىرسى قىز

ئىدى) ئۇنى تولىمۇ سېغىنغاندەك ئىدى. ئۇلار خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا سىغماي ۋىلىقلاپ كۈلۈشۈپ، ئۆزلىرىنى ئۇ قىزنىڭ باغرىغا تىقىشاتتى، ئۇ قىزمۇ ھېلىقى بالىلارنى باغرىغا بېسىپ، كۈلگىنىچە ئەركىلىتىۋاتاتتى.

«پەرۋەردىگارىم، شۇنچە چوڭ بالىلىرى بارمىدۇ ئەشۇ مۇشتتەك قىز بالىنىڭ؟ ياكى ئۇكىلىرىمىكىن؟» مەن ئەشۇ خىياللار بىلەن مېھمانخانا ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغىنىمنى بىلمەي قاپتىمەن.

4

كونا ھۈنىرىمنى ئىشلىتىپ ئۇنى دەپ - بۇنى دەپ «سەمەن» مېھمانخانىسىغا ئورۇنلىشىۋالدىم. ۋاقىت تېخى بالدۇر ئىدى. ياتاقتا ئۇ ياققا ئېغىناپ، بۇ ياققا ئېغىناپ بىردەم يېتىپ باقتىم. بىردەمدىلا قورساق كوركىراشقا باشلىدى. ئەتىگەن ناشتا قىلمىغانىدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ مېھمانخانا ئالدىدىن بىر نان سېتىۋېلىپ ياتاقتا قايناقسۇ بىلەن «تاماقلاندىم». شۇ كۈنلەردە بۇنىڭدىن ئارتۇقىغا قۇربىتىم يەتمەيتتى. خەجلەيدىغانغا پەقەت 30 سوملا پۇل قالغانىدى. مەن چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ خاتىرەمدىكى تىزىملىكلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ پۇل تاپشۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مۆھلىتى توشۇپ قالغان ئىدارىلەرنى بىر - بىرلەپ ساناپ چىقتىم ۋە ئاخىرىدا بۈگۈنلا پەيزاۋات ناھىيىسىگە جۆنەش قارارىغا كەلدىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ سۈرۈكى ئاللىقاچان توشۇپ ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېھمانخانىدىكى پەيزاۋاتلىق بىر يولۇچىدىن مەندىن كالېندار سېتىۋالغان بىر ئىدارىنىڭ كۈزدە ئۈرۈمچىگە ئۆتكۈزگەن قوغۇنلىرىنىڭ پۇلىنى يېڭىلا تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ياتاقنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ شەھەرگە قاراپ چاپتىم. شۇ تاپتا پەيزاۋاتنىڭ ئاپتوبۇسىغا ئۈلگۈرەلەيتتىملا ئەمەس، خۇدايىم ئىشىمنى ئوڭغا جورسا كالېندارنىڭ پۇلىنى ئېلىپ كەچكىچە قەشقەرگە قايتىپ چىقالايتتىم.

ناھىيە - يېزىلارغا ئاپتوبۇس قاتنايدىغان ئاپتوبۇس تۇرغۇسىغا كېلىپ بېلەت ساتىدىغان تۆشۈككە بېرىپ سۈرۈشتۈرسەم، پەيزاۋاتنىڭ ئاپتوبۇسى تېخى ماڭماپتۇ. ئاپتوبۇس يەنە بىرەر سائەتتىن كېيىن ماڭغۇدەك، ئاپتوبۇسمۇ توشماپتۇ. مەن خاتىرجەم بولدۇم ۋە ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تۇرغۇننىڭ ھويلىسىغا چىقىپ بىر چەتكە تاشلاپ قويۇلغان ئاپتوبۇسنىڭ ئەسكى چاقىغا ئولتۇرۇپ تاماكا چەككەچ، تۇرغۇننىڭ ھويلىسىدىكى كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ئاپتوبۇس ۋە يولۇچىلارنى تاماشا قىلىشقا باشلىدىم.

تۇرغۇننىڭ ئىچىدە ئادەملەر كۆپ بولۇپ بەزىلىرى ماڭا ئوخشاش ئاپتوبۇسنىڭ توشۇشىنى كۈتۈۋاتقانلار، بەزىلىرى كېلىدىغان ئادىمى بارلار ياكى ماڭىدىغان ئادەملىرىنى ئۇزىتىشقا چىققانلار، بەزىلىرى تۇرغۇدىن ماكان تۇتقان بىكارچىلار، يەنە بەزىلىرى بولسا ئېلىپ - ساتارلار ئىدى. تۇرغۇ ئىچىدە تەرتىپ ساقلىغۇچى ساقچىلارنىڭ ئارىلاپ يۈرگىنىگە قارىماي يانچۇقچى تەتۈر ئۆرۈلۈپ قالغانلارنىڭ ياكى سومكا، چامادانىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويغانلارنىڭ داد - پەريادى پات - پات ئاڭلىنىپ قالاتتى. يېڭىلا توختىغان ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىدە، مېڭىش ئالدىدا تۇرغان ئاپتوبۇسنىڭ ئەتراپىدا بىر نەچچە تىلەمچىلەر تەمتىرىشىپ يۈرۈشەتتى. ئالدىغا تەنزە ئېسىۋېلىپ گازىر - پۇرچاق ساتىدىغانلار، مېۋە - چېۋە، تاڭگازا، قەنت - گېزەك، نان - سامسا ساتىدىغانلار كىشىلەر توپىنى ئارىلاپ ئاپتوبۇسنىڭ كۆزنەكلىرىگە بويۇندىشىپ بەس - بەس بىلەن ۋارقىرىشاتتى.

مەن تاماكامنى چېكىپ بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، بىر دەپسەپ، ئىككى دەپسەپ، بىر يەرگە غۇژمەكلىشىۋالغان بىر توپ ئادەمنىڭقېشىغا كەلدىم. قارىسام 23 - 24 ياشلاردىكى بىر يىگىت داق يەرگىلا بىر قولياغلىقنى سېلىپ «ئۈچ قارت ئويۇنى» قىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە ئىككى - ئۈچ يىگىت ھەدەپ پۇل تىكىپ ئوينىغان بولۇپ خەقلەرنى دەيدەيگە سالغىلى تۇرۇپتۇ. بۇلار ئەسلىدە ھېلىقى قارت ئويۇنى قىلىۋاتقان يىگىتنىڭ ھەمشېرىكلىرى بولۇپ، كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئارا تونۇشمىغان بولۇۋېلىپ پۇل تىكىشىدىكەن. ئاخىرىدا چۈشكەن پۇلنى

بولۇشۇۋالىدىكەن. بىر كەمدە بىر ساقچى ئادەملەرنى ئايرىلاپ كېلىپ قارت ئويناۋاتقان يىگىت بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا «ھە - ھۇ» دەپ باز - بازغا سېلىنۋاتقان يىگىتنىڭ بىلىكىدىن كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى - دە، ئىككىسىنىڭ قولىنى چېتىپ كويزا سالدى، ئۇنىڭ باشقا ئىككى شېرىكى «پارت» لا قىلىپ قاچتى، ساقچى ئۇلارنى قوغلىدى ۋە ئىككى تاقلاپ بىرىپلا خوراز مىكىيانىنى پوكلىغاندەك باسمىدىۋالدى - دە، ئۇلارنىڭ قولىنمۇ بىر - بىرىگە چېتىپ كۆتىگە تەپكىنىچە ھەيدەپ كەلدى، ئاندىن بۇ تۆت يىگىتنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ «ئۇچ قارت ئويۇنى » نى ئەرمەك قىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قارىشىپ قېلىشتى. ھېلىقى قارتچىلارنىڭ باز - بازغا سېلىشى بىلەن پۇل تىكىپ قويۇپ ئۇتتۇرۇۋەتكەن ئىككى دېھقان ئۇتتۇرۇۋەتكەن پۇللىرىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولۇشۇپ ساقچىنىڭ ئارقىسىدىن پالاقلاپ يۈگۈرۈشتى.

شۇ ئەسنادا، ئادەملەر توپىنىڭ ئارىسىدا زىلغىنە بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

- سەدىقە بالانى يەر، تۆۋە گۇناھنى. ئەي ئەزىز ئاتىلار، ئاكىلار، ئاتىغىنىڭلار بولسا بېرىڭلار. سىلەرگە خۇدا رەھمەت قىلسۇن!

بۇ ئايالنىڭ ئاۋازى ئىدى، بۇ ئاۋاز شۇنچە مەيىن، شۇ قەدەر مىسكىن ۋە تەسىرلىك ئىدى. بۇ ئاۋازنىڭ تېمبىرى نېمىشقىدۇر ماڭا تونۇشتەك بىلىنىدى. ئارقامغا ئۆرۈلۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم. بېشىغا كونىرىغان يېشىل يۇڭ ياغلىق چېگىپ، ئۇچىسىغا ئۇ يەر - بۇ يېرى يىرتىلغان ھاۋا رەڭ چىت كۆڭلەك ۋە ئەر كىشىنىڭ ئۇششاق چەنغ يوللۇق ناۋاترەڭ ئەسكى كاستۇمىنى كىيىۋالغان بىر ئايال مەن تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىپ، ئاپتوبۇسقا قىستىلىپ چىقىۋاتقان ئادەملەردىن پۇل تىلەۋاتاتتى. يولۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدىراش ۋە بىسەرەمجانلىقىغا قارىماي ئۇنىڭ قولىغا پۇل تاشلاپ بېرىۋاتاتتى. ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئولتۇرۇپ بولغانلىرى ئۇنى چاقىرىپ دېرىزە كۆزنىكىدىن قوللىرىنى چىقىرىشىپ ئاتىغانلىرىنى تۇتقۇزۇپ قويۇشۇۋاتاتتى.

ئۇ ئايالنىڭ كىيىملىرى ئۆزىگە كەڭ ۋە چوڭ كېلىپ قالغانىدى. ھەدېمەيلا ھېلىقى ئاپتوبۇس قوزغىلىپ يۈرۈپ كەتتى. ھېلىقى ئايال ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ مەن تۇرغان توپ تەرەپكە قاراپ كەلدى:

- سەپىرىڭلار ئوڭۇشلۇق بولسۇن، خۇدايىم سىلەرنى كۆزى يوق بالا - قازادىن، خېيىم - خەتەردىن ساقلىسۇن.

تىلەمچىگەقاراپ چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ، ئەتىگەن مەن بىلەن بىر هارۋىدا ئولتۇرۇپ ماڭا سەمەنگىچە ھەمراھ بولغان ھېلىقى ئوقۇتقۇچى قىز ئىدى. مەن ئىشەنگۇم كەلمەي، كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ ئۇنىڭغا قايتا سەپسالدىم.

شۇنداق، مەن خاتالاشمىغانىدىم. ئەنە، مېنى بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغان بۇلاقتەك شەھلا كۆزلەر، قىياقتەك قاشلار، كۆيدۈرگۈچى زىناقلار...

مەن ئۇ قىزنىڭ تونۇش چىرايىغا قاراپ ئاغزىمنى ئاچقىنىمچە ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدىم.

ئۇ قىز ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا دېگۈدەك كېلىپ توختاپ ئۆتەتتى. ئۇنىڭ ماڭا ئاجايىپ جەزىبىلىك بولۇپ كۆرۈنگەن چىرايى شۇ تاپتا سەلگىنە تۇتۇلغانىدى. كۆزلىرى بىر خىل مىسكىنلىك ئىچىدە بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ پىلدىرلايتتى. ئۇنىڭ بۇلۇتتەك قارا ۋە قويۇق چاچلىرى يىرتىق ياغلىق بىلەن مەھكەم تېڭىلمىغىنىغا قارىماي، ئۇ يەر - بۇ يەردىن بۇجغۇرۇپ چىقىپ قالغانىدى. ئاققۇنىڭ بويىنىدەك ئاق ۋە گۈزەل بويىنى ئەسكى ياغلىق ئىچىدىمۇ بىللوردەك سۈزۈك ۋە جەلپكار كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ياش ۋە چاڭ كۆكسى ئۆزىگە چوڭ ۋە كەڭ كېلىپ قالغان ئەرەنچە كاستۇمنى بۆرتۈپ كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قوپال ۋە ئەسكى كۆڭلەك ئىچىگە يوشۇرۇنغان سەرۋىدەك زىبا قامىتى ئەتراپقا پىشقان، تولغان ھەمدە گادايلىقتا بويسۇنماس بىر خىل تەرسا گۈزەللىك بەخش ئېتىۋاتاتتى. نامراتلىق گۈزەللىكنى ئېخىمۇ رومانتىكلىق تۈسكە ئىگە

قىلىدۇ، ۋايىغا يەتكۈزىدۇ. چۈنكى نامراتلىق چىنىلىقتۇر.

— كۆرگەن ياخشى – يامان چۈشۈڭلارنىڭ ھەققىدە، روھ – ئەرۋاھلارنىڭ ھەققىدە ئاتىغىنىڭلارنى بېرىڭلار، سەخى جەننەتى، خۇدا رەھمەتى، - قىز زادىلا دۇدۇقلىمايتتى. چىرايى خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. ئۇ، ئادەملەرگە خۇددى ئۆتكۈزۈپ قويغىنى باردەك ئىشەنچ بىلەن دىدىل تىكىلەتتى. ئۇنىڭ گويا ئالدىدىكى ئادەمنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىنى، ئادىمىلىكىنى، ئەركەكلەرچە سېخىيلىقىنى سىناۋاتقاندەك بىر خىل قەتئىي سوراق مەنىسىدە تىكىلىشلىرى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەر قانداق ئادەمنى تەمتىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. بۇ تىلەمچى قىزنىڭ جۈسسۇن – سىياقىدىن، تىكىلىشلىرىدىن، ئەشۇ مەيىن ئاۋازىنىڭ تەسىرلىك تېمبىرىدىن، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ بارلىقىدىن كىشى رەت قىلىپ بولماس دەرىجىدىكى بىر خىل كۈچ ئۆرۈدەپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ ئالدىغا كېلىپ توختىغان ھەر بىر ئادەم ئىختىيارسىز قولىلىرىنى يانچۇقىغا ئۇزىتىشاتتى. مەن نېمىشقىدۇر قاتتىق خىجالەتچىلىك ۋە دەككە - دۈككە ئىچىدە قالدىم. ئالدامچىلىق ئۈستىدە «قولغا چۈشۈپ» قالغىنى ئۇ قىز بولماي ئەكسىچە ئۆزۈمدەك، كۆڭلۈمنى بىر ئەنسىزچىلىك قاپلىدى. مەن نېمىشقىدۇر ئاشۇ قىز مېنى كۆرۈپ قالغۇچە بۇ يەردىن يوقىلىشنى ئويلىدىم. لېكىن پۇتلىرىم ئىختىيارىمغا بويسۇنماي خۇددى يەرگە مىخلاپ قويغاندەك قىمىرلىيالمىدىم.

بىر كەمدە قىز مېنى ئۇشتۇمتۇت كۆرۈپ قالدى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قورقۇپ كەتكەندەك ئەندىشە ئىچىدە تىكىلدىم. قىز بىر نەپەسكە سەلگىنە تېڭىرقاپ قالدى. ئۇنىڭ مەرمەردەك سۈزۈك يۈزى ۋىللىدە قىزارغاندەك بولدى، كۆزلىرىدە يېنىككىنە بىر ئەندىكىش زاھىر بولدى. بۇلار پەقەت كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچىلىك ۋاقىت ئىچىدىلا روي بەرگەنىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى، ئىشىنىمەنكى مەن ۋە ئۇنىڭدىن بۆلەك ھېچكىم سېزىپ ئۈلگۈرەلمىدى. قىز ھە دېمەيلا ئۆزىگە كېلىۋالدى. ئۇنىڭ چىرايىدا قانداقتۇر مەن كۆتكەن ھولۇقۇش، بىسەرەمجانلىق ۋە خىجالەتچىلىكنىڭ ئەكسىچە بىر خىل بىپەرۋالىق، خاتىرجەملىك ۋە ھەتتا باشقىلار سەزگۈسىز دەرىجىدىكى مەغرۇرلۇق ئەكس ئېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىدا ئەكس ئېتىۋاتقان بۇ خىل ئالامەتلەرگە قاراپ بىردىنلا بۇ قىزنىڭ ئەسلىدىلا مەن ئويلىغاندەك ئۇنچىلىك ياخشى قىز ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە قولىدىن ھەر قانداق ئىش كېلىدىغان كاززاپ، ساختىپەز ۋە ئۆتۈپ كەتكەن بىر ساپساپچى ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدىم ۋە نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم بىردىنلايېرىم بولدى.

ئۇ قىز مېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلىپ تۇرغاندەك ئىدى. ئۇ ماڭا خۇددى ياراتمىغاندەك سوغۇق نەزەردە «لاپپىدە» بىر قاراپ قويۇپ ئالدىدىكى ئادەمگە يۈزلەندى:

— خۇدا رەھمەت قىلسۇن. سەپەرلىرى ئوڭۇشلۇق بولسۇن ئىلاھىم...

ئۇ ھېلىقى ئادەم ئۇزاتقان پۇلنى ئالغاندىن كېيىن ئۇدۇل ماڭا قاراپ كەلدى. ھودۇقىنىمدىن نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئارقامغا ئۆرۈلۈپلا قېچىشنى ئويلىدىمۇ، لېكىن تۇرغان جايىمدا روھىم چىقىپ كەتكەندەك ھاڭۋاقىنىمچە قىمىرلىيالماي تۇرۇپ قالدىم. بۇ چاغدا بۇ يەردە توپلىشىپ تۇرغان ئادەملەر بىرلەپ - ئىككىلەپ تارقاشقا باشلىغانىدى. يېنىمدا تىجارەتچى سىياقىدىكى ئىككى ئادەم ئۆز ئارا قىزغىن پاراڭغا چۈشكەنىدى.

قىز ماڭا يېقىن كېلىپ بەتمۇ بەت يۈزلەندى.

— قېنى، مۇخبىر يىگىت، خۇدا يولىدا سىلىنىڭمۇ ئاتىغانلىرى يوقمۇ؟ ئانىمىز بۇۋى پاتىمەمىنىڭ ھەققىدە، غېرىب - غۇرۋالارنىڭ ھەققىدە، يېتىم - يېسىرلارنىڭ ھەققىدە...

مەن ھېچ نەرسىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمەي قولۇمنى يانچۇقۇمغا ئۇزاتتىم. قولۇمنىڭ ئۇچى يانچۇقتىكى ئازغىنە پۇلغا تېگىشى بىلەن تەڭلا قانداقتۇر بىر يېرىم «ۋىژژىدە» قىلىپ كۆيگەندەك قىلدى ۋە پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزۈمگە كەلگەندەك بولدۇم.

— ھېلىقى كىراغا تۆلىۋەتكەن پۇلىڭىزنى

www.uyghurkitap.com

قايتۇرۇۋالدىڭىز ـ دە ئاخىر، ـ دېدىم قولۇمغا چىققان بەش سوم پۇلنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىۋېتىپ قىز ئاڭلىيالىغۇدەك پەس ئاۋازدا.

ئۇ قىز كۆزۈمگە تىكىلىپ قوۋۇلارچە كۈلۈمسىرىدى:

ـ پۇل دېگەن جىمى ئادەمگە تاتلىق ـ ھە، يوغان يەرنىڭ مۇخبىرى بولسىمۇ.

مەن ئۈن چىقارمىدىم. ئۇ قىز مەن ئۇزاتقان پۇلنى ئىككىلەنمەي ئالدى ۋە ئۈنلۈك ئاۋازدا دېدى:

ـ نېملادېگەن بىلەن چوڭ شەھەرنىڭ ئادەملىرى سېخى بولىدىكەن. رەھمەت، مۇخبىر غوجام. خۇدايىم تەنلىرىنى سالامەت، بەخت ـ پېشانىلىرىنى ئوڭ قىلسۇن.

ـ يېنىڭىزدىن پۇل ئۆكسىمىسۇن دەپ دۇئا قىلىڭ ماڭا، ـ مەن چاقچاق ئارىلاش كۈلۈمسىرىدىم.

قىز كۈلۈۋەتتى ۋە ئىككى ئالقىنىنى يېيىپ يۇقىرى ئاۋازدا دېدى:

ـ يانچۇقلىرىدا ھەر دائىم ئاق تەڭگە جىرىڭلاپ تۇرسۇن، بىزدەك يېتىم ـ يېسىر، غېرىب ـ غۇرۋا ساھىللارغا سەدىقە بەرگەندە قوللىرى ئۇنداق تىترىمىگەي ئىلاھىم.

ـ ئالماق ئاسان بولغان بىلەن، بەرمەك قىيىن ئىكەن خېنىم، بولۇپمۇ پېقىردەك مۇساپىرلىق كوچىسىدا ھالسىراپ قالغاندا، ـ مەن پەس ئاۋازدا چاقچاق قىلدىم.

ـ ماڭا شاگىرت بولامىلا ـ يا غوجام؟ يۈزلىرىنى ئازراقلا قېلىن قىلسىلىرى پۇل دېگەن ئۆزى كېلىدۇ، ـ دېدى قىزپەس ئاۋازدا كۈلۈپ تۇرۇپ.

ـ جانْ دەيتتىم، لېكىن شۇ . . .

ـ يۈزلىرىدىن كېچەلمەيلا يىگىت. بۇ يول ـ پەسلىك يولى. يۈز ۋە ئۇياتنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويالىسىلا، ئاندىن . . .

ـ سىزگىمۇ كېرەكقۇ شۇ يۈز ۋە ئۇيات؟ ئاشۇ چىرايىڭىز بىلەن قانداقلارچە . . . ـ مەن زەردىلىك كۈلۈمسىرىدىم. شۇ تاپتا مەن بىردىنلا قىزنى قانداق ئىنكاس قايتۇراركىن دەپ ئۇنىڭغا تىكىلدىم. قىز خۇددى مېنىڭ شۇنداق دەيدىغىنىمنى ئاللىقاچان بىلىدىغاندەك، كېيىنكى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويماي، ماڭا دىدىل تىكىلگىنىچە كېيىمنىڭ بېلىگە «تەپتى»:

ـ بۇ يەرگە كېلىپ قاپلىغۇ ئۆزلىرى. تۇرمۇش ئۆگىنەي دەپما؟

قىز ئەمدى ئۆزى توغرىسىدا سۆزلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتاتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ رايىغا بېرىپ، سۆزىگە ئۇدۇل جاۋاب بەردىم:

ـ پەيزاۋاتقا بارماقچىدىم، ئاپتوبۇسنىڭ مېڭىشىنى كۈتۈۋاتىمەن.

قىز كۆنگە لاپپىدە قاراپ قويۇپ دېدى:

ـ يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن ماڭىدۇ. ھازىر تېخى ئەتىگەن. جۇرسىلە، ئاۋۇ ئاشپۇزۇلغا چىرىپ بىر دەم ـ يېرىمدەم ئولتۇرىلى، ـ قىز تۇرغۇ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى يولنىڭ ئۇ تەرىپىنى كۆرسەتتى.

ـ ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈرەلمەي قالارمەنمىكىن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنىڭ ئوقىتىڭىزگە تەسىر بېرىپ قويسام بولماس، ـ مەن مەجھۇللۇق ئىچىدە غودۇڭشىدىم. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، بۇ قىزنى بىر چۆشىنىپ بېقىش ئىستىكىدە تاقىتىم تاق بولۇۋاتقان بولسىمۇ، شۇنچە خەقنىڭ كۆزىچە ئۇنىڭ بىلەن يانمۇ يان مېڭىش ماڭا قانداقتۇر بىئەپ تۇيۇلۇۋاتاتتى.

ـ قەيەرنىڭ ئاپتوبۇسى سائەت نەچچىدە كېلىپ، سائەت نەچچىدە ماڭىدىغانلىقىنى بەش قولۇمدەك بىلىمەن؛ خاتىرجەم بولسىلا يىگىت، يەنە ئىككى سائەت بار دېدىممۇ، شۇگېپىمگە ئىشەنسىلە. بىر يىلدىن بېرى خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى مۇشۇ يەردىمەن، ھەتتا بۇلار ماڭا يادا بولۇپ كەتكەن. مېنىڭ «ئوقىتىم» گە كەلسەك، ھېچقىسى يوق، بىر كۈنلۈك نورمام ئاللىقاچان توشتى، سىلە بەرگەن بەش كوي بىلەن، ـ قىز كۈلۈۋەتتى ۋە كۆڭلۈمدىكىنى تۇيۇپ قالغاندەك ئۆزىنىڭ باش ـ بويىغا بىر قارىۋېتىپ دېدى، ـ سىلە ئاۋۋال مېڭىپ تۇرسىلا، مەن جىنىدەك تۇرۇپ ئارقىلىرىدىن بارىمەن، ـ قىز ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدى.

«يەنە تېخى كۆڭلۈك ۋەزىپە - نورمىسى بار ئىكەن - دە، توۋا! قانداق قىز بۇ! ئۆزۈمچە قورۇنۇپ كېتىپتىمەن، خۇددى مەن تىلەمچىلىك قىلىۋېتىپ ئۇنىڭغا يولۇقۇپ قالغاندەك. خىجىل بولايمۇ دېمەيدىغۇ.» مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر هازاغىچە قاراپ تۇرۇپ، قاتار - قاتار ئاپتوبۇسلار-نىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ قارىسى يوقىتىلگەندىن كېيىن، ئۇ كۆرسەتكەن ئاشپۇزۇل تەرەپكە ماڭدىم. شۇ تاپتا بۇ قىزنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى مېنى قاتتىق قىزىقتۇرماقتا ئىدى. كاللام ئۇ قىز توغرىسىدىكى هەر خىل قىياس، تەسەۋۋۇر ۋە باهالار بىلەن تولغانىدى. مەن ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىرتال تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇردۇم ۋە ئۇ قىزنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتكەچ خىيالغا چۆمدۈم.

5

- سوغۇقتا تالادا تۇرغىچە، ئاشخانىغا چىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرسىلا بولماسمىدى؟ - مەن چۆچۈپ ئارقامغا ئۆرۈلدۈم. بۇ هېلىقى قىز ئىدى. تىلەمچى قىز ئۈستىبېشىنى يەڭگۈشلەپ ئۈلگۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ قامىتىگە قاراپ ئاغزىمنى ئېچىپ قالدىم. كۆز ئالدىمدا پورەكلەپ ئېچىلغان بىر گۈل تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇدرە ۋە قويۇق چېچى قامەدەك تاۋلىنىپ دولقۇنلاپ تۇراتتى. سوغۇقتىن سەل قىزارغان يۈزى ئۇنىڭ چىرايىغا بىر خىل هالرەڭ گۈزەللىك بەرگەنىدى. ئۇنىڭ روشەن، چوڭ ۋە بۇلاقتەك شەهلا كۆزلىرى بىر شادلىقتىن نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئۆز تۇرمۇشىدىن رازى، بىغەم ۋە بەختلىك قىزلارنىڭ كۆزلىرىلا شۇنداق چاقنايدۇ. ئاق، سۇزۇك بويىنى ئۇنىڭ قۇلىقىدىكى ئالتۇن زىرە ۋە ئۆزىگە بەكمۇ ياراشقان توخۇم سېرىقى پوپايكىسىنىڭ قايتۇرغان نۇرى بىلەن تېخىمۇ نازۇك ۋە تېخىمۇ سۇزۇك كۆرۈنەتتى. قارامتۇل كۈلرەڭ سارجىدا تىكىلگەن تارغىنە يوپكىسى، قاردەك تازا ئاق تۇفلىيى (بايا ئۇ پاشنىسى ماكچىيىپ كەتكەن بىر قارا تۇفلىي كىيىۋالغانىدى) ئۇنىڭ بويىنى ئېگىز ۋە تېخىمۇ زىلۋا كۆرسىتەتتى. بۇ كىيىملەر ئۇنىڭ قامىتىدىكى جىمىكى ئېنىقلىقنى جارى ۋە نامايان قىلىپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل جۇسۇنىنى هەم بىر نازۇك

زىبالىق هەم بىر ئەمدىلا تولۇپ كېلىۋاتقان جەزىبىلىك ئىچىدە بەرقىلىتىپ، ئۇنى بەكمۇ دىلرابا قىلىپ ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى.

- قېنى جۇرسىلە.

قىزنىڭ يۇمشاق ئاۋازى مېنى گاللۋاڭلارچە مەستخۇشلۇق ئىچىدىن ئويغاتتى.

- خىزمەتتىن چۈشۈپسىز - دە؟ - مەن ئۆزۈمگە كېلىپ چاقچاق قىلدىم.

- شۇنداق، بىر خاسىيەتلىك خىزمەت دېسىلە يانا كېلىپ، - قىز هېچ تارتىنماي كۈلۈپ جاۋاب بەردى. مەن ئۇنىڭغا تەئەججۇپ ئىچىدە قاراپ قويۇپ ئاشپۇزۇلنىڭ ئىشىكىگە ماڭدىم. شۇ چاغدا مەن ئۇ قىزنىڭ قولىدىكى كىچىكرەك يالتىراق سومكىغا دىققەت قىلدىم. بۇ چۈشتىن ئىلگىرى مەن ئۇنىڭ قولىدا كۆرگەن سومكا ئىدى. ئۇ سومكىنىڭ ئوچۇق ئېغىزىدىن قىزنىڭ باياتىلەمچىلىك قىلغاندا كىيىۋالغان كىيىملىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ هارۋىدا ئولتۇرغان چېغىدا شۇڭىمۇ ئۇ سومكىنى قولىدىن ئاجراتمىغانىكەن.

بىز ئاشپۇزۇلغا كىرىپ بۇلۇڭدىكى بىر ئۈستەلگە جايلاشتۇق. بىز كىرىپ كەلگىنىمىزدە شىرەلەرگە ئاش كەلتۈرۈۋاتقان ياش يىگىت بىلەن ئىشىكنىڭ تۈۋىدىكى كەنتىردە ئولتۇرۇپ پۇل يىغىۋاتقان يادىڭغۇ كەلگەن ياشقىنە ئايال خوجايىن ئۇ قىزنى ئىشارە قىلىپ بىر - بىرىگە قاراپ زاڭلىق قىلغاندەك ئۈنسىز كۈلۈپ قويىدى. تىلەمچى قىز ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈستىدىن كۈلۈۋاتقىنىنى سەزگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۈلكىسىگە پەرۋامۇ قىلماي، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بېشىنى تىك تۇتۇپ، كۆكسىنى كېرىپ، ئايغىردەك دەپسەپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئاشپۇزۇلدىكىلەرنىڭ بۇ قىزنى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ بۇ قىزغا ئۆچ ئىكەنلىكىنى پەملىدىم.

ئاشپۇزۇلدا تاماق يەۋاتقانلار ئۇنچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئاشخانىنىڭ تام - تورۇسلىرى شۇ قەدەر مەينەت ئىدىكى، بۇ ئاشخانا بىنا بولغاندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ تازىلىنىپ باقمىغاندەك ئىدى. تاماق يەيدىغان شىرەلەرنىڭ ئۈستىگە سېلىپ قويغان يالتىراق كونىرىغىنىدىن يىرتىلىپ

پارچە - پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ يەر - بۇيەردىن مىخلانغان قالپاق مىخ ئارانلا تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇرۇندۇقلارمۇ بۇستىن ياغلىنىشىپ پارقىراپ تۇراتتى. قازانبېشى بىلەن تاماق يەيدىغان ئۆي ئارىلىقىدا كىرىپ - چىقىپ يۈرگەن ئاشپەز ۋەنىمكالانىڭ ئۈستىبېشىغا قارىغۇسىز ئىدى. ئۇلارنىڭ قاي زامانلاردىدۇر ئاق بولغان ئىش كىيىملىرى كىر ۋە ياغ دەستىدىن قارىغا ئۆزگىرىپتۇ. نىمكا باللارنىڭ بويۇن - پاتاقلىرى، سالۋاراپ تۇرغان چاچلىرى ھېلىلا تۇرخۇن تازىلاپ چىققاندەك كىرلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنى ئاشپەز ئەمەس، ئەكسىچە كېچىدىن بىرى گۆلەختە تۈنەپ چىققان كۆتۈرمىچىلەرمۇنىمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ كىشى. قەشقەر شەھىرى شۇنچىلىك مەشھۇر شەھەر ۋە ئاجايىپ بۈيۈك مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغىنىغا قارىماي، ئاشپۇزۇللىرى ھەتتا داڭلىق «خەلق» باغچىسىمۇ ھەر قانداق كىشىنى «ھۆ» قىلدۇرغۇدەك دەرىجىدە مەينەت ئىكەن. بۇنى ئىلگىرى كۆپ ئاڭلىغانمەن، لېكىن بۇ قېتىم قەشقەرگە كەلگىنىمدىن كېيىن ئاڭلىغانلىرىمنىڭ چىنلىقىغا ئىشەندىم. بولۇپمۇ مېنى ھەيران قالدۇرغىنى، بۇ يەردە ئاشپەزلەرنىڭ يالىڭاياغ يۈرۈيدىغانلىقى ئىدى. خەسە كېكىردەك، تاۋى نازۇك قەشقەر خەلقى ئاشپۇزۇللاردىكى شۇ دەرىجىدىكى مەينەتچىلىككە قانداقمۇ چىداۋاتقاندۇ، دەپ ھەيران بولىمەن ئۆزۈمچە.

بىر چاغدا ئاش توشۇيدىغان بىر نىمكا يىگىت قاسماق بېسىپ كەتكەن بىر چەينەك بىلەن ئىككى پىيالىنى كۆتۈرۈپ بىز ئولتۇرغان شىرەگە كەلدى ۋە پىيالىلەرگە چاي قۇيۇۋېتىپ دېدى:

- ھەر قايسىلىرى نېمە يېيىشلىكىن؟

مەن ئۇنىڭ ماڭا نېمىشقىدۇر ئۆچمەنلىك بىلەن يەر تېگىدىن سىنچىلاپ قاراۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئۇتىلەمچى قىزغا پىيالىنى ئىككى قوللاپ سۇندى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قوللىرى سەلگىنە تىترىگەندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تىلەمچى قىزنىڭ كۆزىگە بىچارىلىك ئىچىدە تەلمۈرەتتى. مەن بۇ يىگىتنىڭ روھىي ھالىتىدىكى بىر خۇپىيانە غۇلغۇيچىلىقنى ئوچۇق ھېس قىلدىم. بۇ يىگىت بۇ قىزغا كۆيۈپ يۈرەمدۇ نېمە؟

- نېمە يېيىشلىكىن؟ - يىگىت ماڭا ئەمەس، تىلەمچى قىزغا قاراپ بىر خىل قورۇنۇش ئىچىدە تەكرارلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئىگىرىغاندەك تىترەپ چىقتى.

- بىر چىنە ئاش بەرسىلە، گۆشتىن تۆت پارچە بېسىپ، - قىز يىگىتكە يېلىنىقىنە قاراپ كۈلۈپ جاۋاب بەردى. يىگىت قىزنىڭ كۈلكىسىدىن ئۆزىنى يوقىتىپلا قويدى.

ئاش كەلتۈرۈلدى. قىز «يېگۈم يوق». دەپ تاماق يېمىدى. كۈنۈم نان بىلەن چايغا قالغىلى خېلى كۈنلەر بولغانىدى، قۇۋۋەتلىكرەك تاماق يېمىگەچكە ئىچىم بەكلا ياغسىراپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئاشپەز ۋە ئاشپۇزۇلنىڭ تازىلىقى توغرىسىدىكى كۆڭۈلسىز خىيالنى ئۆزۈمدىن نېرى قىلىپ، كەلتۈرۈلگەن ئاش بىلەن گۆشكە تۇتۇش قىلدىم. تىلەمچى قىز تاماق يېيىشىمگە قاراپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ قاراشلىرىدىن مېنى خىجىل بولۇپ قالمىسۇن دېگەندەك، مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىسام، ئۇ بۇستىن قارىيىپ كەتكەن تامغا سىزۋارى چاپلىنىۋېتىلگەن مەككە - مۇكەررەمىنىڭ رەسىملىرى ۋە ھۆسن خەتلەر يېزىلغان قەغەزلەرگە قارىۋالاتتى. ئۇلارنى بىر نائۇستىراق ھۆسن خەتچىنىڭ يازغانلىقى «مانا مەن» دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارغا قۇرئاندىكى ئايەتلەر ۋە مۇسۇلمانچىلىق توغرىسىدىكى ۋەز - نەسىھەتلەر يېزىلغانىدى.

مەن ئالدىمدىكى تەخسىنى بىردەمنىڭ ئىچىدە يالىغاندەك پاك - پاكىزە قىلىپ قويدۇم. تىلەمچى قىز ئالدىمدىكى سوۋۇشقا باشلىغان چاينى تۆكۈۋېتىپ بىر پىيالە قىزىق چاي قۇيۇپ قويدى.

- ھە، ئەمدى نېمە ئىش قىلىمىز؟

مەن قىستىلا دۇئا قىلىپ بىرتال تاماكا ئورىغاچ قىزدىن سورىدىم. قىز خېلى ئۇزۇنغىچە دۇئا قىلدى. ئاندىن ماڭا پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

- سىلە بۇ يەردە چاي ئىچكەچ جىمىدەك ئولتۇرۇپ تۇرسىلا. دۇكانغا بارىدىغان بىر ئىشىم بار ئىدى، «شاققىدە» بېرىپ كېلەي. ئاندىن ئەھۋاللىشارمىز.

مەن ئۇنىڭغا قاراپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، خوجايىن ئايالنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھېسابىنى تۈگەتتى - دە، يېنىمغا كېلىپ پەس ئاۋازدا:

— چىقىپ كېتىپ قالمىسىلا جۇما، — دېدى ۋە ھېلىقى سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ قىز ئاشپۇزۇلدىن چىقىشى ھامان خوجايىن خوتۇن ياقىسىنى تۇتۇپ كۈلگىلى تۇردى:

— توۋا دەيمەن، توۋا! ما دۇۋانىنىڭ ھالىنى قايداق قىلاي.

مەن گەپ كوچىلاش مەقسىتىدە خوجايىن ئايالدىن سورىدىم:

— قانداق دەيسىز؟

ئۇ خۇددى شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك جاۋىلداپ سۆزلەپ كەتتى:

— ياق، دەيمىنا ئەمدى. بېقىپ - كۆرەپ كەلسە بىر تىلەمچى رەسۋا، ئۇنىڭ قېتىۋېلىشلىرىنى. خۇدايىم توۋا! ھەممىسى ئاشۇ تىلەمچىلىكتىن كەلگەن: ھەر كۈنى ئىككى - ئۈچ ئادەمنى ئاشخانىغا ئەچىرىپ مېھمان قىلىشلىرىچۇ تېخى. ياپياش تۇرۇپ يۈزىنى ساتقان رەسۋا.

— مېھمان قىلىش بىلەنلا قالماي، ئاپتوبۇسقا بېلەت ئېلىپ بېرىپ يولغا سېلىپ قويىدۇ تېخى، — چۆپ تارتىۋاتقان، چاچلىرىنى شىرنىڭ بېشىدەك ھۆرپەيتىۋالغان نىمكار يىگىت خوجايىن ئايالغا قاراپ خۇشامەت بىلەن ھىجىيىپ سۆز قاتتى.

بۇ گەپلەر بىلەن كۆڭلۈم بىردىنلا خىرەلەشتى. «بۇ تىلەمچى قىزنىڭ ساپساپچىلىقتىن باشقا يەنە تىلەپ تاپقان پۇلى بىلەن ئەر خەقلەرنى ئوۋلايدىغان ھۈنىرىمۇ بار ئىكەن - دە ئەسلىدە! ئىست، سېنىڭ شۇ ھۆسن - جامالىڭ ۋە ئەقلى - ھوشۇڭغا!» نىمىشقىدۇر ئىچىم ئاچچىق بولدى. ناھايىتى يېقىن بىر ئادەممدىن، ياق، ھەتتا ئۆز سىڭلىمدىن كەچۈرگىلى بولمايدىغان بىر خاتاسى ئۈچۈن كۆڭلۈم قالغاندەك بولۇپ بىر خىل ئازابلىق، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئىچىم ئېچىشىپ كەتتى.

— قانداق ئادەملەر ئۇ، ئۇ قىز مېھمان قىلىپ يۈرىدىغان، ھەتتا ئاپتوبۇسقا بېلەت ئېلىپ بېرىپ يولغا سېلىپ قويىدىغان؟ — مەن نىمىشقىدۇر بىر چىدىماسلىق ئىچىدە ئۆرتىنىۋاتاتتىم. بىردىنلا مەن بۇ قىزنىڭ بىر داڭلىق ئوغرى، بىر مەشھۇر بۇزۇق، ھەتتا قېچىپ يۈرگەن بىر قاتىل بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىپ قالدىم. ئۆزۈمنىڭ نىمىشقا بۇنداق ئويغا كېلىپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. بۇ قىز مەن خالىغاندەك بولۇپ چىقسا، نىمىشقىدۇر ماڭا ئاسان ۋە يەڭگىل بولىدىغاندەك تۇيۇلىۋاتاتتى. نىمە ئاسان بولىدۇ؟ نىمە يەڭگىل بولىدۇ؟

خوجايىن ئايال ئۆزىنىڭ پىكرىگە ئورتاقلىشىدىغان ئادەم تاپقاندەك خۇشاللىنىپ، قاش - قاپاقلىرىنى مەنىستىمەسلىك بىلەن سۈزۈپ قويۇپ دېدى:

— ۋاي چىم بولماقچىدى، نەدىكى ئاقساق - توكا، چولاق - مايماق، قېرى - چۆرى، يېتىم ئوغلاقلارنى بولمامدۇ. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى باشلاپ كەلگەن تۈزۈكرەك ئادىمى مانا سىلە، شۇ! ئايدەك چىرايىڭغا لەنەت. خۇدايىم، بىرەرسى بىر تۈزۈكرەك ئادەم بولسا كاشكى. سىلە قايداق ئېيتىپ تونۇشۇپ قالىلا ئۇكام بۇ دۇۋانە رەپ - رەپ بىلەن؟ سىلە بۇ يەرلىك ئەمەس ئوخشايلا قايلىسام. قەشقەردە ئادەم تېپىلمىغاندەك ئۆتە - ساپا ئىلىشىپ قالغان ئادەملىرىنى قايلىسىلا. توۋا، — ئۇ قاش - قاپاقلىرىنى بايىقىدەك سۈزۈپ، بوينىنى «شاپتۇل قاقتى» ۋە ماڭا بىر چۈشىنىكسىز نەزەردە تىكىلىپ قاراپ جىلمىيىپ قويدى.

— زەيتۇنەم ئۇ ئاقساق - چولاق، قېرى - چۆرى، يېتىم ئوغلاقلارنى باشقا مەقسەتتە ئەمەس، بىچارە دەپ ھالىغا يېتىپ يولغا سېلىپ قويىدۇ. بۇنى ئۆزلىرى بىلىلىغۇ؟ ئاشۇ توكا - مايماق، قېرى - چۆرىلەرنى بىر ساراڭ ئادەممۇ زەيتۇنەمگە راۋا قىلماس. نىمىلا دېگەن بىلەن ساۋابلىق ئىش قىلىپ يۈرىدۇ ئاشۇ قىز بالا. پۇلىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويغان، دوختۇرخانىدا يېتىپ چىقىپ كىراغا پۇلى يەتمەي قالغان ئادەملەرغۇ ئۇ خەق؟

ئۇ خەقنىڭ ئارىسىدا قېرى مەزلۇم، ئېغىر بوي جۇگانلىرىمۇ جىققۇ؟ ئۆزلىرىمۇ شۇنداق دېمىگەنىمىدىلە بىر چاغدا، - بابا بىزگە چاي قۇيۇپ بەرگەن ھېلىقى قاسماق يىگىت نېمىشقىدۇر بىردىنلا خوجايىنىغا ئۆكتە قوپتى. خوجايىننىڭ ئايالىنىڭ تىلەمچى قىزتوغرىسىدىكى ئىچى قارىلىقى ئۇنىڭ غورۇرىغا قاتتىق تەگكەندەك ئىدى. بۇھال مېنىڭ بايىقى پەرىزىمنى تەستىقلاۋاتاتتى. بۇ يىگىت شۇتاپتا ئۆز كۆڭلىدىكى بىر مەبۇدەنى قارامىلارچە ھىمايە قىلىۋاتاتتى.

- ۋۇي، چىم سىلە، ماڭا بىز قايىلۋەتسىلە.

تۇرۇپلا تىللىرى چىقىپ قالدىغۇ سىلىنىڭ، - خوجايىن ئايال تاماق شىرەسىنى يىغىشتۇرۇپ يۈرگەن ھېلىقى قاسماق يىگىتكە مەسخىرە ئارىلاش ھۆرپەيدى، - مەن ئۇ تىلەمچىنىڭ گېپىنى قىلسام، سىلىنىڭ قوقاقلىرىغا تېگىۋاتامدا؟ زەيتۈنەمگە كۆيەپ قالدىم، دەپ مەيدىلىرىنى زەي يەرگە يېقىپ بوزلىغانلىرى بىكار ئەمەس ئىكەن -دە! قايىلسام خېلى چىلىك يەردىن كۆيەپتىكەنلا بۇ گەپچە! ئەمما ئۇ خېنىم چا، سىلىدەك يالاڭتۆش ژۇندىپۇرۇچقا قايىلىمىغىدەك، دىۋانە بولسىمۇ ئاۋۇ يىگىتتەك ئۈرۈمچى باللىرىغا مەيلى بار ئوخشايدۇ. ۋاي قوۋغام، نېمە قۇسقۇمنى كەلتۈرىدۇ ما خورۇم پاتالڭ قاۋامىدىن. ماڭە، ئوچاققا كۆمە سېلىۋەت، - ئۇ يىگىت خوجايىننىڭ ھازازۇللۇقىدىن پوسكويۇپ كەتتى. ئۇنىڭ نېمىشقىدۇر خۇددى مېنى ئاڭلىمىسىدى دېگەندەك ماڭا قىسىلىش ئىچىدە «لاپ - لاپ» قاراشلىرىدىن، ئۇنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى ھاقارەتكە غەزەپلىنىشتىن كۆرە، ئۆزىنىڭ مېنىڭ كۆزۈمچە بۇنچىلىك خورلىنىۋاتقىنى ئۈچۈن قاتتىق ئۇيىلىۋاتقانلىقىنى پەملىدىم. تىلەمچى قىزغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە كىرگىنىم ئۈچۈن، ئۇ يىگىت مېنى ئۆزىنىڭ كۈشەندىسى دەپ تونۇپ قالغان بولسا كېرەك. بىردىنلا مېنىڭ ئۇ يىگىتكە ئىچىم ئاغرىپ قالدى. بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرىشكە تاقەت قىلالماي، ئورنۇمدىن تۇردۇم -دە، ھېلىقى يىگىتنى تېخىمۇ خىجىل بولمىسۇن دەپ ئۇ يىگىت تەرەپكە قاراپمۇ قويماي ئىشىك تەرەپكە ماڭدىم.

«زەيتۈنە، ئېتى زەيتۈنە ئىكەن - دە ئۇ قىزنىڭ، ئېتىمۇ شۇنچە يېقىملىق ئىكەن» دەپ ئويلىدىم مەن ئاشپۇزۇلنىڭ كونا ئىشىكىنى غىچاڭشىتىپ ئېچىپ چىقىۋېتىپ.

- يېنىپ چىقىپىلىغۇ؟ بۇ جۇۋازخانىدا ئولتۇرغىلىرى كەلمەپتۇ - دە! - قارىسام زەيتۈنە ئىكەن، ئۇ ئاق سىيامبۇغا ئورالغان بىر قۇچاق كەلگۈدەك بوغچىنى كۆتۈرۈپ بېلىقتەك ئويناقشىپ كېلىۋېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدىم.

- ئاپتوبۇسنىڭ ماڭىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى ئېھتىمال، مەن ماڭاي.

مەن زەيتۈنەگە بىر خىل مۈرەككەپ سېزىم ئىچىدە تىكىلدىم. كاللامدىن: «بۇ زادى قانداق قىزدۇ؟» دېگەن سوئال زادىلا نېرى كەتمەيۋاتاتتى. قىز خۇددى مېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىمنى بىلمەكچى بولغاندەك ماڭا بىر خىل سىنچى نەزەر بىلەن تىكىلدى. سوغۇقتىن ۋە ئالدىراپ ماڭغىنىدىن بولسا كېرەك، چىرايى لالىدەك قىزىرىپ، چېھرى ئاپتاپتەك پارلاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ بەكمۇ گۈزەل رۇخسارىغا تىكىلگەنسېرى كۆڭلۈمنى بىر تېگى يوق غەشلىك قاپلاپ، ۋۇجۇدۇمنى نېمىشقىدۇر غەزەپكە، ئېسىركەشكە، سەسكىنىشكە ۋە يەنە قىيماسلىققا ئوخشايدىغان بىر خىل تۇيغۇ مالىمان قىلماقتىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. ئاخىرىدا مەن بۇ قىزدىن ئۈزۈل - كېسىل نېرى بولۇش نىيىتىگە كەلدىم. زەيتۈنە يەنىلا بىپەرۋا ھەم خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. ھەتتا ئۇنېمىشقىدۇر خۇشال ئىدى. لەۋلىرىدە بىر خۇش تەبەسسۇم ئوينايتتى.

- جۇرسىلە ئەمىسە. ئاپتوبۇستىن كېيىن قالمايلى يەنە.

مەن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا بۇرۇلدۇم. ئۇ كۆزلىرىنى مەككارلارچە قىسىپ كۈلدى:

- يەنە بىر يول بولاپ قالدۇق ئۆزلىرى بىلەن، ئەتىگەندە نېمە كۆرسەڭ كەچكىچە شۇ دەپ.

مەنمۇ پەيزاۋاتقا بارىدىغان بولاپ قالدىم.

كۆڭلۈمنى بىر مەخپىي خۇشاللىق داۋالغۇتىۋەتتى، ئىچىمدە ئۆزۈمنى مىڭنى تىللىغۇم كەلدى.

- بىر . . . بىردەمدىلا پەيزاۋاتقا بارىدىغان . . .

قىز ئالدىراپ گېپىمنى بۆلۈۋەتتى.

- پەيزاۋاتتا بىر ئاكام بار ئىدى. ھەر ئاينىڭ ئاخىرقى ھەپتىسىدە يوقلاپ تۇرىمەن، مانا 12 - ئايمۇچىقاي دەپ قاپتۇ. بۇگۈنلا بېرىۋېتەي دەپ قالدىم.

ئۈنچىقمىدىم. «بۇ قىز راستىنلا ماڭا قىزىقىپ قالدىمۇ نېمە؟ مۇبادا ئاشۇنداق بولسا . . . مەيلى ئەمەسمۇ؟! لېكىن . . . ئەگەر ئۇ توغرا يولدىكى قىز بولغىنىدا ئىدى، بۇنداق بىر قىزنىڭ ماڭا كۆرسىتىۋاتقان بۇ قىزغىنلىقى مېنىڭ ئۈچۈن بىر ئامەت بولار ئىدى. ئۇ چاغدا بۇ قەدەر بىر دىلرەبا، رەنانىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغىنىم ئۈچۈن بېشىم كۆككە يېتەر ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپمۇ قالار ئىدىم. لېكىن بۇ لەنىتى قىز مېنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى جىمىكى تاتلىق خىياللىرىمنى، تونجى گۈزەل تەسىراتىمنى بىت - چىت قىلىۋەتتى. ئەمدى كۆزدە، كۆڭۈلدە كۆرۈپ تۇرۇپ بۇنداق بىر قىزنى ھەرگىزمۇ، ئۆلگەن جېنىمدىمۇ كۆڭۈل خانەمگە يېقىن يولاتماسلىقىم كېرەك! ھەسسىنەي، ئەتتىگەي . . . مەن دەسلىپىدە ئويلىغاندەك بىر قىز بولساڭچۇ - ھە، كاپىر قىز . . . » ئىچىم بىر خىل ئازابلىق قىيىنىلىش ئىچىدە پۇچۇلانماقتا ئىدى. ئىشىنىمەنكى، شۇتاپتا تەرىمدىنمۇ مۇز ياغاتتى. زەيتۇنە ئەكسىچە گويا ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك، سەزسىمۇ ئۆزى توغرىسىدا قانداق خىيال ۋە قانداق تەسىراتتا بولۇشۇم ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىزدەك يەنىلا خاتىرجەم، بىپەرۋا ۋەبىر شادلىق ئىچىدە يايراپ ئېچىلىپ تۇراتتى.

بىز ئۈنچىقماي ئاپتوبۇس تۇرغۇسى تەرەپكە ماڭدۇق.

6

ئۇيەر - بۇ يېرى قومۇرۇلۇپ كەتكەن تارغىنە ۋە ئۆي - دوڭغۇل قاراماي يول. يولنىڭ ئىككى تەرىپى قاتار - قاتار سۆۋادان تېرەكلەر، چەكسىز كەتكەن زەيكەش، شورلۇق تېتىر، ئارىلاپ - ئارىلاپ تېخى قوناق ۋە كېۋەز شادىسى يىغىشتۇرۇلۇپ بولۇنمىغان ئېكىنزارلار. مۇھىت كۆڭۈلسىز، نامرات ۋە مۇڭلۇق. كونىراپ جۇلىقى چىقىپ كەتكەن، ئاراش - ئاراشلىرى سۆكۈلۈپ، تاشلاندۇق ئەسكى داسقا ئوخشاپ قالغان كونا ئاپتوبۇس ئۆزۈندىن بۇيان ئاسرالماي تاشلىنىپ قالغان سەھرا يولىدا گاھ ئىنچىكىلداپ، گاھ بىچارىلەرچە ئىڭىشىپ، گاھ تاكىراڭشىپ، يۇلقۇنۇپ چاپماقتا. ئاپتوبۇس ئىچىدە يولۇچىلار كۆپ ئەمەس، ئۇلارغا يولنىڭ شۇ قەدەر ناچارلىقى، ئاپتوبۇسنىڭ بولۇشىچە سىلكىنىپ - قېقىلىشلىرى تەسىر قىلالمايدۇ، ئۇلار ھارغىنىدىن ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۆگدەپ ياتقان سۆرەم كالىسىدەك ھەرەڭ - سەرەڭ ھالەتتە ئۆگدەپ ئولتۇرۇشىدۇ.

زەيتۇنە بىلەن ئىككىمىز بىر ئورۇندۇقتا يانمۇ يان ئولتۇرىمىز. مەن ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆڭۈلسىز مەنزىرىدىن ئىچىم سىقىلغاندەك بولۇپ ئىچىمگە تىنىپ ئولتۇرىمەن. ھېلىقى ئاشپۇزۇلغا كىرگىچە ئارىلىقتا، ياق، توغرىراقى ئاپتوبۇس تۇرغۇسىدا زەيتۇنەنى تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان ھالەتتە كۆرگىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ قىزغا نىسبەتەن يۈرىكىمدە بىردىنلا لاۋۇلداپ كەتكەن يالقۇنلۇق ئىنتىلىشلەردىن، ماڭا بىر خىل يېڭىلىك، خۇشاللىقى بەخش ئەتكەن ئۈمىد - ئارزۇلاردىن ئەسەر يوق. شۇتاپتا كۆڭلۈم ئورۇنسىز ۋە بىھۇدە چاپقىداشتىن ھارغان ئاتتەك تىنچ ۋە بىپەرۋا. يېنىمدا ئولتۇرغان ئەلتەك، خۇش خۇي بىر ساھىبجامالنىڭ مەۋجۇتلۇقى ماڭا ھېچقانداق ھاياجان بەخش ئېتەلمەيدۇ. كاللامدا پەقەت بۇ تىلەمچى قىزتوغرىسىدىكى شۈبھىلىك خىياللار كېزىپ يۈرىدۇ.

زەيتۇنە مەندىكى تاسادىپىي پەيدا بولغان جىمغۇرلۇقتا ماسلىشىپمۇ ياكى ئەدەب يۈزىسىدىنمۇ ئەيتاۋۇر خېلىغىچە گەپ - سۆز قىلماي ئۇدۇلىغا تىكىلگىنىچە جىمجىت ئولتۇردى. تەبىئىتىدىن بۇنداق جىمغۇر ۋە كۆڭۈلسىز ھالەتكە كۆنەلمىسە كېرەك. بىر چاغدا ئۆزلۈكىدىن ئېغىز ئېچىپ قالدى:

- بىرنېمەدەپ بەرمەملا مۇخبىر؟ ئىچىم بەك سىقىلىپ كەتتى. يولنى پىشكە قىسقارتىلى.

مەن قىزغا پەرۋاسىزغىنە قاراپ قويدۇم:

— نېمە دەيمەن دەيسىز. دېگۈدەك نېمەگەپ بار ئىكەن، تاڭ؟

قىز ئادىتى بويىچە قەشقەرچە قىلىپ نەپسىنى ئىچىگە بىر تارتتى، بۇ ئۇنىڭ ھەيرانلىقىنى بىلدۈرگىنى ئىدى:

— ئىھ؟ ئۈرۈمچىدەك چوڭ يەردىن كەلگەن يوغان بىر مۇخبىرنىڭ دەپ بەرگىدەك گېپى بولمامدا؟

مەن كۈلۈمسىرىدىم:

— مۇخبىر دېگەن سۆزلەشتىن كۆرە ئاڭلاشنى بەكرەك ياقتۇرىدۇ، ئاڭلاشنى بىلمىگەن ئادەم مۇخبىر بولالمايدۇ، قىزچاق. قېنى سىزدىن ئاڭلايلى.

زەيتۇنە كۈلۈمسىرىگىنىچە ياقىسىنى تۇتۇپ بېشىنى چايقىدى:

— توۋا خۇدايىم. گەپلىرى نېمانچە قىزمەت سىلىنىڭ. مۇخبىر دېگەن ساپلا خەقنى كولدۇرلىتىپ گەپكە سېلىپ ئۆگىنىپ قالغان خەق ئوخشايدۇ - ھە؟

— ياقەي، خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، راستلا سىزگە دەپ بەرگۈدەك گېپىم يوق.

زەيتۇنە ئۈمىدسىزلەنگەندەك بېشىنى چايقاپ قويدى:

— بولاپتۇ ئەممىسە. مەن گەپ قىلىپ بېرەي، بىكار ئولتۇرغاننىڭ ئورنىدا. قايىلسام ئەسنىگىلى تۇرۇۋاتىلا ھېلىتىن.

زەيتۇنە قۇچىقىدىكى بوغچىنى يۇقىرىراق قىسداپ قويۇپ، كۆكرىكىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇلغا تىكىلدى ۋە ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك:

— نېمىدەپ بەرسەم بولا؟ بولاپتۇ ئۆزەم توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەي. سىلىنىڭمۇ ئاڭلىغىلىرى كېلىدىغىنى شۇ، دېسەم - دېمىسەم، - دېدى ۋە بىردىنلا مۇڭغۇيۇپ قالدى. ماڭا كېرىكىمۇ شۇ ئىدى. لېكىن شۇ دەمگىچە ئوڭايسىز تۇيۇلۇپ ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە بىر - نەرسە سوراشقا پېتىنالمىغانىدىم. شۇڭا، مەن دىمىمنى ئىچىمگە تارتىپ، پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلدىم.

قىز بىرھازاغىچە سۈكۈتكە چۆمۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئەشۇبوتا كۆزلىرى تۇرۇۋېلا چاقنىشىپ، خىرەلەشكەندەك بولدى. سۈكۈت ماڭا بەكمۇ ئۇزۇن (ھەتتا بىر ئاش پىشىم) بىلىنىپ كەتتى. مەن تاقىتىمنى زورغا بېسىپ ئۈنچىقماي ئولتۇرىۋەردىم.

— بىر قىز بالىغا ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلماق بەك تەس ئىكەن، بولاپمۇ سىلىدەك ئەر خەققە. يانا كېلىپ سىلە بىر مۇخبىر ئىكەنلا، - قىزنىڭ ئاۋازى بىردىنلا پەسلەپ كەتتى. چېھرىنى مەن ئۇنى ئۇچراتقاندىن بۇيان زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل مەيۈسلۈك قاپلىدى. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى، - مەن سىلىگە سۆزلەپ بېرەي، ئەمما يېزىپ يۈرمىسىلە. ئۆتۈنۈپ قالاي. قەشقەر دېگەن كىچىك يەر. ماڭا بىئەپ بولىدۇ جۇما؟

مەن گېلىمنى تەسلىكتە قىردىم:

— خاتىرجەم بولۇڭ، ھەرگىزمۇ سىزگە مالاللىق كەلتۈرىدىغان ئىشنى قىلمايمەن.

ئۇ: «گەپلىرىگە ئىشەنسەم بولامدۇ؟» دېگەندەك قىلىپ ماڭا «لاپپىدە» بىر قاراپ قويدى ۋە چوڭقۇر بىر تىنىۋېتىپ، مەندىن نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ ئۇدۇلغا تىكىلدى.

— مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىم ھېكايىلەردە يېزىلغىنىغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن بۇنى ھەرگىز ھېكايىگە ئوخشىتىپ قالمىسىلا، مۇبادا بۇلارنى «ھېكايە» دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇلار مېنىڭ كۆز يېشىمدىن، يۈرىكىمدىن سىرغىپ چىققان زەرداپتىن يېزىلغان ھېكايە. بۇلارنى بەكمۇ زىغىرلاپ ئېيتىپ ئولتارماي، ئۇلارنى ئەسلىگىمۇ، سۆزلىگىمۇ كەلمەيدۇ. ئاشۇ كۈنلىرىم كۆز ئالدىمغا كەلسىلا يۈرىكىمگە ئاغرىق كىرىپ كېتىدۇ. ئادەمنىڭ، يەنە كېلىپ مېنى تاپقان ئۆز دادامنىڭ شۇ قەدەر رەھىمسىزلىكىگە، شەپقەتسىزلىكىگە گاھىدا ئۆزەممۇ ئىشىنەلمەي قالىمەن! لېكىن ئىشەنمەي دېسەم ئامالىم يوق. بەدىنىمدە مەڭگۈلۈك ساقلىنىپ قالغان ھېسابسىز تاياق ئىزى ۋە تاتۇقلار بۇنىڭغا گۇۋاھ! ياق، بۇنىڭغا ئاللا گۇۋاھ! يەر گۇۋاھ! ئاسمان گۇۋاھ! قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق -

تۇغقانلار گۇۋاھ، مەكتىپىم، ساۋاقداشلىرىم، مۇئەللىمىم گۇۋاھ ... مۇبادا سىلە ئايال كىشى بولسىلىرى ھەدىسىمنى كۆرسىتەر ئىدىم. بۇلارنى دادام قىلغان، ئاشۇ ئۆز دادام قىلغان.

مەن 12 ياشقا كىرگەن يىلى ئانام تۇگەپ كەتتى. ئانامنىڭ يىلىنى ئۆتكۈزۈپ بىر يىلدىن كېيىن دادام ئۆيلىنىۋالدى. دادام يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى ئىدى. يېزا باشلىقىنىڭ ئىككى - ئۈچ ئەرگە تېگىپ چىققان بىر سىڭلىسىغا ئۆيلەنگەنىدى. مەن بىر تاللا يالغۇز بالا ئىدىم. ئانام تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن ماڭا بۇ دۇنيادا باشپاناھ بولىدىغان بىردىنبىر يېقىن ئادىمىم دادام ئىدى. چۈنكى دادام ۋە ئاناملارنىڭ بۇ يۇرتتا ھېچقانداق ئۇرۇق - تۇغقىنى يوق ئىدى. دادام ئۇ خوتۇننى ئۆيگە ئەكەلگەندىن كېيىن مەن ئۆز ئۆيۈمدە، ئاشۇ ئۆز دادامنىڭ ئالدىدا ئىتنىڭ كۈنىگە قالدىم. ئۇ خوتۇن كېلىپلا مەن بىلەن قېرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرساممۇ، ماڭساممۇ، تاماق يېسەممۇ، ئۇخلىساممۇ ئىشقىلىپ نېمىلا قىلسام گۇناھ ئىدى. تىللايتتى، چىمدىۋالاتتى، ئاچ قوياتتى، بەزىدە يوغان تاياق بىلەن ئۇراتتى. دادام دەسلەپتە مېنىڭ يېنىمنى ئالغاندەك قىلىپ مېنى ھىمايىمۇ قىلدى. لېكىن ئۇ خوتۇن مېنى چېقىشۇرگەندىن كېيىن، ياق، دادام ئۇ خوتۇندىن قورقىدىغان بولغاچقا، ئاخىرى بېرىپ نېمىلا قىلسا ئۈنچىقمايدىغان بولۇۋالدى. نېمىشقا دېسىلىرى، ئۇ خوتۇن بەكمۇ ھازازۇل، پىخسىق، بىشەم، ئىچى تار، زەھەرخەندە خوتۇن ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇ يېزا باشلىقىنىڭ سىڭلىسى ئىدى. دادام يېزا باشلىقىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالسام زەربە بېرىپ، ئۆچ ئېلىپ مېنى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن قوغلىۋېتەرمىكىن، دەپ ئەنسىرەيتتى.

دەسلەپتە ماڭا بەك ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ، بېرىپ - بېرىپ بۇ خورلۇقلارغا كۆنۈپ قالدىم. مەن بىر تەرەپتىن، دادامنى ئايايتتىم، يەنە بىرتەرەپتىن، ياخشى ئوقۇپ ئالىي مەكتەپكە ئۆلىشىۋالسام بۇ دوزاختىن قۇتۇلىمەنغۇ، دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا جىمى دەردىمنى كۆزۈمگە زورلاپ، ئىچىمگە يۇتۇپ يۇرىۋەردىم. كۈنگە بەش ۋاق زەھەر - زوقۇم يۇتساممۇ ئوقۇشۇمنى تاشلىمىدىم. ئوقۇشۇمنى ئوقۇۋەردىم. لېكىن خاتا ئويلىغانىكەنمەن. تەقدىر ئاخىرى قىلىدىغىنىنى قىلدى. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈشۈمگە بىر يىل قالغان يىلى يېزا باشلىقى ماڭاكىشى قويدى. ئۇنىڭ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغان خوتۇنى يېڭىلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. خوتۇنىنىڭ نەزىرىسىنى بېرىۋېتىپ ئۈچىنچى كۈنىلا ئۇنىڭ ئەلچىلىرى يېتىپ كېلىشتى. دادام بىلەن ئۆگەي ئانام مەن بىلەن بىر نېمە دېيىشمەيلا «ماقۇل» لۇق چېيىنى ئىچىشتى. ئەسلىدە بۇ ئىشنى ئاشۇ ئۆگەي ئانام تېرىغانىكەن. ئۇ خېلى بۇرۇنلا بۇ شۇملۇقنى كۆڭلىگە پۈككەنىكەن. دادام يېزا باشلىقىنىڭ ئۆزىگە كۈيئوغۇل بولۇشىنى ئۆزى ئۈچۈن بىر ئامەت، بىر دۆلەت، بىر بەخت بىلگەنىدى.

لېكىن مەن ئۇنىمىدىم! قەتئىي ئۇنىمىدىم. مەن ئوقۇۋاتاتتىم، ھەم ئوقۇيتتۇم - ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇماقچى ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەكمۇ ياخشى ئوقۇۋاتاتتىم. مەن جېنىمدىن كەچسەم كەچەتتىمكى، ئوقۇشۇمنى تاشلاپ 50 ياشلارغا بېرىپ قالغان بىر ئادەمگە ياتلىق بولمايتتىم. مەندىن 30 نەچچە ياش چوڭ بىر كىشىگە ئۆزۈمنى تۇتۇپ بەرمەيتتىم. جىسمىمنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى ئۇنىڭغا نابۇت قىلغۇزمايتتىم! بۇ، دادامغا ياقمىدى، ياقمىدى ئەمەس، ئۇنى غەزەپلەندۈردى. ئۇ شۇ كۈنلەردە يېزا باشلىقىغا قېيىن ئاتا بولۇش خۇشاللىقىدا ساراڭ بولغانىدى. بۇ ئۇنىڭغا ھەممىنى بېرەلەيتتى - ھوقۇقنى، پۇلنى، ئابروينى!

شۇنىڭ بىلەن دادام ساراڭ بولغان بۇغىرىدەك ماڭا تاشلاندى - تىللىدى، ھاقارەتلىدى، پوپوزا قىلدى، يېلىندى، گوللىدى، ئاخىرى بېرىپ ئۇردى. ئۇرغاندىمۇ دۈشمىنىنىڭ تاسادىپىي ئۆز ھويلىسىغا كىرىپ قالغان ئىتىنى ئۇرغاندەك ئۇردى. مەن باش ئەگمىدىم. «ياق!» دېگەن بىر ئېغىز سۆزۈمدىن ئىللاھ - بىللاھ يانمىدىم. ئۆگەي ئانامنىڭ بېسىمى ۋە كۈشكۈرتۈشى بىلەن دادام تېخىمۇ غالجىرلاشتى. ئاخىرى بېرىپ مېنى

تورۇسقا ئاستى. ئۇرۇۋېرىپ چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلىۋەتتى. ئىككى كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن هوشۇمغا كەلدىم. بېشىم كۆپتەك ئىششىغانىدى. ئەتىيىنىم پۇچىلىنىپ قوماچ بولغانىدى. پۇت - قولۇم ئەسكى چاپاننىڭ يېڭىدەك لاكاسلاپ قالغانىدى. ئاخىرى ئورنۇمدىن تىرمىشىپ قوپتۇم - دە، ئۆملىگەندەك مېڭىپ مەكتەپكە باردىم. ساۋاقداشلىرىم، مۇئەللىملەر يىغا - زارە قىلىشىپ كېتىشتى. ئارقامدىنلا دادام تاپ باستۇرۇپ بېرىپ، ئىتتىنىڭ ئۆلۈكىنى سۆرىگەندەك سىنىپتىن سۆرەپ ئەپچىقىپ ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى. هېچكىم ئاراتۇرالمىدى. ئۇلار ئۈنسىز يىغلىشىپ، ئاه ئۇرغىنىچە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. هېچكىم يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىدا يامان ئاتلىق بولۇپ قېلىشنى خالىمايتتى. يېزا باشلىقىدىن يالماۋۇزدىن قورققاندەك قورقۇشاتتى. مۇئەللىملەرنىڭ تەقدىرى يېزا باشلىقىنىڭ قولىدا ئىدى.

دادام مېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىپ يەنە ئۇردى. مەن يەنە هوشۇمدىن كەتتىم. ئاخىرى نېمە بولسام بولاي دېدىم - دە، يېرىم كېچىدە قوپۇپ ناهىيە بازىرىغا قاراپ قاچتىم. بۇ تازا قەھرىتان قىش ۋاقتى بولۇپ، ئۈستۈم يېلىڭ - يالىڭاچ ئىدى. ئادەمنىڭ جېنى ئىتتىنىڭ جېنىدىنمۇ چىڭ ئىكەن، مېنىڭ يېگەن تاياقلىرىمغا ئىتمۇ ئۆلۈپ قالارئىدى. لېكىن مەن ئۆلمىدىم. خۇدايىم بۇ جاننى ئالمىسا، تاياق يېگەنگە ئادەم ئۆلمەيدىكەن.

تىرىشىپ - تىرمىشىپ، سۆرىلىپ - ئۆملەپ دېگەندەك تاڭ ئاتماستا ناهىيە بازىرىغا يېتىپ كەپتىمەن. نەگە بېرىشىمنى بىلمەيتتىم. بازاردا نە بىرەر تونۇش - بىلىشىم، نە بىرەر ئۇرۇق - تۇغقىنىم يوق ئىدى. ئاخىرى ئاۋۋال قەشقەرگە، ئاندىن ئۈرۈمچىگە كېتىش خىيالىغا كەلدىم - دە، بازاردىمۇ توختىماي قەشقەرگە قاراپ ماڭدىم. ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە پاختەكلىككە ئاز قالغاندا هوشۇمدىن كېتىپ يىقىلىپ قاپتىمەن. بىردېھقان كىشى كۆرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردە بەش - ئالتە كۈن تۇرۇپ، سەل ئەسلىمگە كېلىۋالدىم. قارىسام ئۇلار بالىلىرى ئاچ - توق، يېرىم يالىڭاچ، بالىجانلىق ئادەملەر ئىكەن. ئاخىرى ئۇلارنىڭ تۇتقىنىغا قارىماي شەھەرگە كەتتىم. ئۆمرۈمدە قەشقەرگە كېلىپ بېقىشىممۇشۇ ئىدى. مەن ئەدناسى ناهىيە بازىرىغىمۇ تۈزۈكرەك بېرىپ باقمىغانىدىم. بۇ قايناق ۋە يوغان شەھەر مېنى هاپ قىلىپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

7

بىرنەچچە كۈن ئۇ يەر - بۇيەردە ئەمتىرەپ يۈردۈم. ئاخىرى بىر ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن. مېنى بۇ يەرگە ئاچلىق سۆرەپ ئەكەلگەنىدى. ئاغزىمغا گىياھ سالمىغىنىمغا خېلى بولغانىدى. لېكىن ئاشپۇزۇلنىڭ ئىشىكىدىن قانداق كىرىشنى، ئاشپۇزۇل خوجايىنىغا نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم. تەمتىرەپ ئىككىلىنىپ تۇرسام، ئاشخانىدىن 40 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر ئاق پىشماق ئادەم چىقىپ كەلدى ۋە مېنى كۆرۈپ باش - كۆزلىرىمگە زەڭ سېلىپ بىر هازاغىچە قاراپ كەتتى. خىجىللىقتا ئۆلمىدىم، ئۇنىڭ بېرىسى بولدۇم. ئاخىرى ئۇ ئادەم: «قىزچاق، بىرسىنى ئىزدەمىلا؟» دەپ سورىدى. ئاغزىمغا قانداق كەلدى، ئۇ كىشىگە: «مەن ئىش ئىزدەپ كېلىۋىدىم . . . » دەپتىمەن. ئۇ ئادەم ئارقىسىغا يېنىپ مېنى ئاشپۇزۇلغا باشلاپ كىردى. ئۇ مۇشۇ ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى ئىكەن. شۇ كۈندىن باشلاپ ئاشۇ ئاشپۇزۇلدا ئىشلەپ قالدىم. ئاشپۇزۇلدا ئۈچ - تۆت نىمكا بالىلار ئىشلەيدىكەن. مەن چىنە - قاچا، قازان - قومۇچ يۇيۇدىغان، خېرىدارغا چاي قۇيىدىغان، چاي قاينىتىدىغان، دۇكان تازىلايدىغان، ئوت قالاپ كۆل تۆكۈدىغان . . . ئىشقىلىپ بۇيرۇغان هەممىلا ئىشنى قىلاتتىم، بۇيرىمىغاننىمۇ ئۆزۈمنى سوراپ قىلاتتىم. ئاستا - ئاستا بۇ يەرگە كۆنۈپمۇ قالدىم. نېمىلا بولسا بولسۇن، قىش - قورۇن سوغۇقتا بىر ئىسسىق ماكان تاپقانىدىم. ئۈچ ۋاقلىق تامىقىم كاپالەتكە ئىگە ئىدى. بەدىنىمدىكى كۆك - ئىششىقلارمۇ يېنىپ، ئۆزۈم خېلى رەڭ تۈزەپ قالدىم. لېكىن ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي خوجايىن ماڭانىيىتىنى بۇزغىلى تۇردى. تۇرۇپ

چىمدىۋالاتتى، تۇرۇپ كۆزىنى قىسىپ غىلىتتە ھىجىياتتى، مەن دۇكاندىن قوغلاپ چىقىرىۋېتەرمىكىن، دەپ بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ ئىشلەۋەردىم. لېكىن خوجايىن بىلەن بىر يەردە يالغۇز قالغۇدەك بولسام قورقۇنچتىن پۈتۈن بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ، يۈرىكىم سېلىپ كېتەتتى. مەن خوجايىنغا توغرىدىن - توغرا قوپاللىق قىلمىساممۇ ئۆزۈمگە ھەر مىنۇت ئاگاھ بولاتتىم. ئامال بار ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم. كېيىن قارىسام نىمكا باللارمۇ بوزۇلغىلى تۇرۇشتى. ئۇلار ئۇنى قىلىپ، قىلىپ ماڭا ئەتەي سوكىشىدىغان، ئۇنى بىر بونى ئالغان بولۇپ ئۇ يەر - بۇ يېرىمنى تۇتۇۋالىدىغان بولۇشتى. ئۇلارنىڭ خوي - پەيلىدىن قورقۇپ، چۆچۈپ تۇرسام‌مۇ، بىر نىمە دېيىشكە پېتىنالمايتتىم. ئۆزۈمگە ھېزى بولۇپ، بېشىمنى يەردىن كۆتۈرمەي ئىشىمنى قىلاتتىم. خوجايىننىڭ سوغ نەپەسلىكىنى كۆتۈرەلمەي، ئىچىمگە تىنىپ يۈرسەم، نىمكا تازەكلەرنىڭ تۆپىلەپ قىلىۋاتقان ھاياسىزلىقى ماڭاھار كەلگىلى تۇردى. بۇ يەردىن كېتەي دېسەم كوچىدا قېلىشىمدىن قورقاتتىم.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن خوجايىن مېھمان كۈتۈشنى توختىتىپ، بىزنى دۇكان تازىلاشقا بۇيرۇدى ۋە ئۆزى نەگىدۇر يوقالدى. بىز تازىلىقنى تۈگىتەي دەپ تۇرساق خوجايىن قايتىپ كەلدى. ئۇ چالامەست كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا نىمكا باللارنى ئىشتىن توختىتىپ، ئۇلارنى سەرايقا بېرىپ يۈيۈنۇپ كېلىڭلار دەپ ماڭغۇزۇۋەتتى. نىمكالار ئىشكتىن چىقا چىقمايلا ئۇ مەست - ئەلەس كۆزلىرىنى غىلايتىپ ماڭا يېقىنلاپ كەلدى ۋە ھىجايغىنىچە كېلىپ مېنى پەشخۇنغا بېسىۋالدى. قورقىنىمدىن ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. پۈتۈن كۈچۈم بىلەن خوجايىننىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ، تېپچەكلەپ بۇلغۇناتتىم. لېكىن ئۇنىڭ پەيلى بوزۇلغانىدى. يىغلىدىم، يېلىندىم. ئۇنىڭغا گېپىم تەسىر قىلمىدى. ئەكسىچە ئۇ بارغانسېرى ئەسەبىيلىشىپ مېنى يامان يەرگە قىستىغىلى تۇردى. بۇ قۇتىرغان ھايۋانغا كۈچۈم يېتىدىغاندەك ئەمەس. قارىسام پەشخۇندا كۆكتات توغرايدىغان قىڭغىراق تۇرىدۇ، بىرنېمە قىلىپ يۈرۈپ قىڭغىراقنى قولۇمغا ئالدىم - دە، كۆزۈمنى يۇمۇپ خوجايىننىڭ يېڭىلا قىردۇرغان غىلتالڭ بېشىغا قىڭغىراقنىڭ چۆلدىسى بىلەن سالدىم. «ۋايجان!» دېگەن ئاۋاز بىلەن خوجايىن ئارقىسىغا «تىرڭگىدە» ئۆچۈپ چۈشتى. مەن قولۇمدىكى قىڭغىراقنى تاشلاپ ئۆزۈمنى ئىشىككە ئاتتىم. خوجايىن ئارقامدىن ئاغزىنى بوزۇپ تىللىغىنىچە خېلى يەرگىچە قوغلاپ ماڭدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ بېشىغا قىڭغىراقنىڭ بىسى تەگمەپتۇ. مەن كەچلىك بازارنىڭ ئادەم جىق يېرىگە قاراپ قاچتىم. خوجايىن خەلقى ئالەم ئىچىدە رەسۋا بولۇشتىن قورقتى بولغاي، مېنى قوغلاشتىن توختاپ، بېشىنى سىلىغىنىچە دۇكىنىغا ماڭدى. مەن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا بىردەم يوشۇرۇنۇپ تۇردۇم - دە، خوجايىن دۇكانغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن بىر تاركوچىغا كىرىپ، بىر خالىي بۇلۇڭنى تاپتىم ۋە يۈزۈمنى تامغا يېقىپ ئەلەم بىلەن ھۆڭگىرەپ كېتىپ يىغلىۋەتتىم.

قاراڭغۇ كوچىلاردا تىنەپ - تەمتىرەپ كېتىۋاتاتتىم. ئىچىم خورلۇق ۋە ئەلەم بىلەن توشاق ئىدى. يولنىڭ ئوڭ - تەتۈرىنى، ئەركەك - چىشىسىنى ئىلغىماي مېڭىۋەردىم. كاللامدا ھېلىقى ئاشپۇزۇلدىن يىراقراق كېتىش خىيالىلا بار ئىدى. قانچە يىراق بولسا شۇنچە ياخشى. لالما ئىتتەك لاغىلداپ تىترەپ، تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈپ تاڭنى ئاتقۇزدۇم. ئۇزۇن ئۆتمەي شەھەر جانلىنىشقا باشلىدى. مەن قەشقەردە قىزلار ئىشلەيدىغان «دوپپا - رەشلىيە كارخانىسى» بار دەپ ئاڭلىۋىدىم. مەن دوپپاتىكىش - رەشلىيە ئىشلەشكە ئۇستا ئىدىم. بۇنى رەھمەتلىك ئانام ئۆگىتىپ قويغانىدى. مەكتەپتىمۇ رەشلىيە كۆرگەزمىدا يېتەكچى ئىدىم. تۇرۇپلا ئاشۇ كارخانىنى تېپىپ بەش - ئالتە زامان شۇيەردە ئىشلەپ پۇل تاپاي، ئاندىن كۆرەرمەن دېگەن خىيالغا كەلدىم - دە، ئۇ كارخانىنى ئىزدەپ ماڭدىم ۋە چۈشتىن قايىرلىغاندا ئۇ كارخانىنى ئاخىرى تاپتىم. تېپىشىنغۇ تاپتىممۇ، لېكىن ئۇلار مېنى

ئىشقا ئالمىدى. چۈنكى ئۇلارغا ئىشچى كېرەك ئەمەس ئىكەن. كارخانا زىيان تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىشچىلىرىنىمۇ قىسقارتقىلى تۇرۇپتۇ. كۈنىگە مەندەك ئىش ئىزدەپ كېلىدىغان قىزلار كۆرمەك ئىكەن، ھەممىسىلا قۇرۇق قول قايتىدىكەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ «لاسسىدە» بولدۇم - دە، ئۇ يەردىن يېنىپ چىقتىم. كارخانىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتسام ئارقامدىن بىر ئايال قىچقىرىپ قالدى. قارىسام ئورتا ياشلىق، مېھرى ئىسسىق كەلگەن بىر ئايال ئۈستىخانىنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ ماڭا ئىشارە قىلىۋاتىدۇ. كۆڭلۈمدە بىر ئۈمىد تۇغۇلۇپ، ئۇ ئايالنىڭ ئالدىغا يۈگرۈپ باردىم. قارىسام ئۈستىخانىدا دوپپا تىكىۋاتقان ئاياللارنىڭ بىرسى ئىكەن. ئۇ ئايال ماڭا: «مۇشۇ دەرۋازىدىن چىقىپ ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلسىلا بىر دوقمۇش بار، دوقمۇشتىن سەل ئۆتكەندە بىر ناۋايخانىنىڭ يېنىدا بىر ماشىنىچىلىق دۇكىنى بار، ئۇ ئىنىمنىڭ دۇكىنى. قارىسام يۈزلىرى تۆۋەن قىزكەنلا، باشلىرىغا كۈن چۈشكەن ئوخشايدۇ. ئۇ دۇكاندا بىر نەچچە شاگىرت قىزلار ئىشلەيدۇ. ئىنىمغا مېنى ئەۋەتتى دېسىلە، مېنىڭ ئېتىم گۈلبان خېنىم. ئىنىمنىڭ ئېتى رىشات ھاجىم. ماڭسىلا، جۈگۈسىلا، ھۈنەر ئۆگىنىپ قالسىلا. قەشقەر دېگەندە چا، قىز بالىنىڭ ھۈنىرى بولمىسا تالادا قالىدا» دېدى. مەن ئۇ ئايالغا رەھمەت ئېيتىپ ھېلىقى دۇكاننى ئىزدەپ ماڭدىم.

خېلى ئۇزۇن ئىزدەپ ئۇ دۇكاننى تاپتىم. رىشات ھاجىم 40 ياشنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى، كېلىشكەن بىر ئادەم ئىكەن. ئۇ ئادەم مېنى ئوچۇق چىراي كۈتۈۋالدى. دۇكاندا ئۈچ - تۆت قىز ئىشلەۋېتىپتۇ. ئۇزايىدىن قارىغاندا، سەھرا قىزلىرىدەك كۆرۈنەتتى. رىشات ھاجىم ئاچىسىنىڭ ھاۋالىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەندىن: «قوللىرىدىن نېمە ئىش كېلىدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن يىڭنە ئىشى قىلالايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. رىشات ھاجىم مېنى ئاق سېرىق، سېمىزگىنە كەلگەن بىر قىزنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا: «بۇ خېنىمغا ئىش بەرسىلە، ئاۋۋال پەتلىگە سالسىلا، كېيىنچە بىر گەپ بولار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن يۈرىكىم جايىغا چۈشۈپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتىم. تېخى ئەمدى بىر چاپاننىڭ پەتلىسىنى تۈگىتىپ تۇرسام دۇكانغا بىر ئايال كىرىپ كەلدى. قىزلارنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن چاچراپ قوپۇشۇپ بىر - بىرلەپ بۇ ئايالغا تەزىم قىلىشىپ كېتىشتى. قارىسام ئۇ 37 - 38 ياشلاردىكى تولىمۇ چىرايلىق چوكان ئىكەن. ئۇ ئايال شۇنداق ئېسىل كىيىنگەنىدىكى، زىبۇزىننەتلىرىنىڭ چاقنىشىدىن كۆزلىرىمنى ئاچالماي قالدىم. مەنمۇ ھېلىقى قىزلارنى دوراپ ئۇ چوكانغا سالام قىلدىم. ئۇ چوكان ماڭا سىنچىلاپ ئۆزۈندىن - ئۆزۈنغا قاراپ كەتتى، ئاندىن مېنى سورىدى. قىزلار: «رىشات ھاجىمنىڭ ئاچىسى ئەۋەتىپتۇ. ھاجىم ئىشلەپ تۇرسۇن دېدى» دېيىشتى. ئۇ چوكان ئۇشتۇمتۇت ئالدىمغا كەلدى - دە، قولۇمدىكى ئىشنى تارتىۋېلىپ ئىشىك تەرەپنى كۆرسەتتى ۋە:

— ماڭسىلا خېنىم، جۈگۈسىلا.

مەن بۇ ئايال مېنى بىرەر يەرگە ئىشقا بۇيرۇۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئالدىراپ قالدىم. دۇكاندىكىلەرنىڭ مۇئامىلىسىدىن ئۇنىڭ ئايال خوجايىن ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغانىدىم. شۇڭا، مەن ھودۇقۇش ئىچىدە سورىدىم:

— نەگە خېنىم ...

ئۇ ئايال قاپاقلىرىنى ئۈچۈرۈپ، ئاۋازىنى سوزۇپ ئېيتتى:

— ئا ... شۇ ... كەلگەن يەرلىرىگە.

مەن تېڭىرقاپ قالدىم.

— بۇ . . . خېنىم . . . رىشات ھاجىم . . .

ئۇ خوتۇن بىردىنلا ئەلپازىنى بۇزۇپ ماڭا دېۋەيلىدى:

— رىشات ھاجىمغا چا، بىز خوتۇن يېتىمدا. سىلىچىلىك بولمىسا مماچا ، مەن ئۆستەڭ بويىدا خېلى چىرايلىق خېنىملاردىن قىلىشمايمەن. رىشات ھاجىمغا شۇمۇ يېتىشىدا! جۈگۈسىلا . . .

— لېكىن بۇ قىزلارمۇ . . . . . . .

مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە دەۋاتقىنىمنى بىلمەي قالدىم.

— ھە، بىزچا، بۇ دۇكاندا رەسىم

كۆرگەزمىسى ئاچمايمىز قايىلسىلا، تىككۈچىلىك قىلىمىز. بۇلار دېگەن ئىشلەيدىغان قىز باللا. قايىلسام سىلىنى سۈرەتتەك ياساپ قوياپ، تەكچىگە تىزىپ قويىدىغان خېنىم ئىكەنلا. ماڭسىلا جۇگۇسىلا خېنىم، سەنئەت ئۆمىكىگە بارامىلا، يا بولمىسا ھېلىقى نىمىتا ... كالا گوكەي دەيدىغان ئويۇنخانىغا بارامىلا، بارسىلا سىلە شۇ يەرگە يارىشىدىكەنلا.

مەن بۇ ئايالنىڭ ئالدىدا نېمىشقا بۇنچە گۇناھكار بولۇپ قالغىنىمنى بىلمەيتتىم. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا چىرايىمغا بىر قاراپلا ئىچىگە تىنىپ قالغاندى ۋە قاش - كۆزلىرىمگە سىنچىلاپ قاراپ كەتكەندى. خىيالىدا مېنى رىشات ھاجىمنى ئايلاندۇرۇپ كېتىدۇ، دەپ قورققانلىقىنى پەملىدىم - دە، بۇ يەردە تۇرۇش يولۇمنىڭ ئېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

مەن ئاستا ئىشىك تەرەپكە ماڭدىم.

- ماقۇل ئەمىسە، خېنىم ...

- ھە، يول بولسۇن سىلىگە، ئۆزۈنغا چىقسىلا خېنىم.

مەن قەشقەرنىڭ ھەۋەسخورلۇق، پۇلپەزلىك غەۋغاسى بىلەن شاۋقۇنلاۋاتقان ئاۋات كوچىسىنىڭ ياقىسىدا كېتىۋاتىمەن. كۆڭلۈم يېرىم، پۇت - قولۇمدا ماغدۇر يوق، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشۇمنى بىلمەيمەن. ۋۇجۇدۇم پات - پات ئەركەكلەرنىڭ ھاياسىز ئىنتىلىشتە يالقۇنلاپ تۇرغان، چۈمبەللىك ۋە چۈمبەلسىز قىز - چوكانلارنىڭ ئاياللارغا خاس ئىچى قارىلىق بىلەن تىنىپ كەتكەن كۆزلىرىنىڭ زەھەرلىك ساۋاشلىرى ئاستىدا قالىدۇ. مۇشۇ ھالىمدا - ھە؟! ئاھ خۇدا، قانداق دۇنيا بۇ؟!

ئاخىرى مەن بۇ شەھەرنى تاشلاپ كېتىش خىيالىغا كەلدىم. نەگە؟ راست نەگە؟!

بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئاپتوبۇس تۇرغۇسىغا كېلىپ قاپتىمەن. مەن تۇرغۇنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، بىر چەتتە بويۇنۇمنى قىسقىنىمچە كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ئادەملەرگە، كىرىپ - چىقىۋاتقان ئاپتوبۇسلارغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم.

يېنىمدا تىيىنىنىڭ سۇنۇقى يوق، تۈنۈگۈندىن بۇيان ئاغزىمغا گىياھ سالمىدىم. ئۈستىبېشىم بەكمۇ پەجمۇدە تۇرسا، بۇ سىياقتا نەگە بارالايمەن؟ قانداق بارىمەن؟!

مەن نېمىنىدۇر كۈتەتتىم. زادى نېمىنى كۈتىمەن؟ بۇ دۇنيادىن مەن نېمىنى كۈتەلەيمەن؟

مەن بىردىنلا ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتىم.

ناھايىتى بالدۇرلا كەچ كىرىپ، كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىدى. بىردىنلا ھاۋانىڭ پەيلى بۇزۇلۇپ، شىۋىرغان چىقىپ كەتتى. تۇرغۇدا ئادەملەر شالاڭلاپ قالدى. ھاۋانىڭ ئۈزايىدىن قاتتىق قار ياغىدىغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. دېگەندەك ھەدېمەيلا قار يېغىپ كەتتى. تۇرغۇنىڭ ھويلىسىدا شىۋىرغان ھوشقۇرتاتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا قاردا ياسىغان ئادەمگە ئوخشاپ قالدىم. قۇترىغان قارلىق شىۋىرغان چاپقىداپ يۈزۈمگە ئۇرۇلۇپ كۆزۈمنى ئاچقۇزمايتتى. كىيىم - كېچەكىم يېنىك بولغاچ ئىچ - ئىچىمدىن مۇزلاپ، لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدىم. يىرتىق كەش بىلەن قارغا كۆمۈلۈپ تۇرغان پۇتلىرىم سوغۇقتىن ئۆيۈشۈپ قېتىپ قالدى. مەن سوغۇقتىن قىزىرىپ، سېزىمىنى يوقىتىۋاتقان قوللىرىمنى قولتۇقۇمغا تىقىپ، شۈمشەيگىنىمچە تۇرغۇ ھويلىسىنىڭ بۇلۇڭىغا تىقىلدىم.

شۇ ئەسنادا، تۇرغۇ دەرۋازىسىدىن بىر ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس كىرىپ كەلدى ۋە مەن تۇرغان يەرگە كېلىپ توختىدى.

ئاپتوبۇستىن بىر - بىرلەپ چۈشۈۋاتقان ئادەملەر يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، سوغۇقتىن دۈگدەيگىنىچە تۇرغۇ دەرۋازىسىغا قاراپ ئالدىراپ مېڭىشتى. ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئارىلىقتا، ئاپتوبۇسنىڭ كېلىشى بىلەن پەيدا بولغان بىردەملىك ئالدىراشچىلىق ۋە شاۋقۇن - سۈرەن بېسىقىپ، تۇرغۇنىڭ ئىچى يەنە بالدۇرقىدەك تىمتاسلىققا چۆمدى. پەقەت شىۋىرغاننىڭ غالجىرلارچە قۇيۇن چىقىرىپ ھۇشقۇرتىشىلا ئاڭلىناتتى. بۈگۈن باشقىچە سوغۇق بولغاچقا، ئادەتتە كېلىپ توختىغان ئاپتوبۇسقا چېۋىندەك ئولىشىۋالىدىغان ئۇششاق ئېلىپ - ساتارلارمۇ

كۆرۈنمەيتتى. پەقەت دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىر ـ ئىككى كىرا هارۋىسى كىرا ساقلاپ تۇرۇشاتتى. كىراكەشلەر ۋە هارۋىدىكى ئۇلاغلارمۇ قارلىق شىۋىرغاندىن شۈمشىيىپ، بويۇنلىرىنى ئىچىگە تىقىپ دۈگدەرشىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئۈچىسىنى قىلىن بىر قەۋەت يۇمشاق قار باسقانىدى.

بىر چاغدا ئالدىمدا ئۇشتۇمتۇت بىر ئادەم پەيدا بولدى. ئۇزايىدىن ھىلىلا ئاپتوبۇستىن چۈشكەن يولۇچىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ قولىدا بىر مۇنچە يۈك ـ تاقىسى بار ئىدى.

ئۇ ئادەم ئۇدۇل ماڭا قاراپ كەلدى ۋە باش ـ كۆزلىرىمگە بىر قۇر قارىۋېتىپ، قويۇن يانچۇقىنى ئاقتۇردى.

ـ سىزچىلىك بىر قىزىم يوقاپ كېتىپ، ئۇنى ئىزدەپ ئۈرۈمچىگە چىقىۋىدىم، ھېچيەردىن تاپالمىدىم، كۆرگەنلەر بار ئىكەن، ئىچكىرىدە يۈرەرمىش، ئۇ يەرگە بېرىشقا قۇربىتىم يەتمەي يېنىپ كەلدىم، ـ دېدى ئۇ ئادەم قويۇن يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ سەيلىگەچ 10 كويلۇق پۇلدىن بىرنى ماڭا ئۇزاتتى، ـ كېچە ئەمەسلا بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، سەل پاراكەندە بولۇپ قالدىم. ماۋۇ پۇلنى ئېلىپ بىر چۈش ھەققى دۇئا قىلىۋېتىڭ.

مەن چۆچۈپ ئارقامغا داجىدىم ۋە ئۇ ئادەمگە بىر قورقۇنچ ئىچىدە سەپسالدىم. ئۇ 55 ـ 56 ياشلاردا كۆرۈنەتتى. چىرايىدا بىر قايغۇ ۋە يول هارغىنچىلىقى قېتىپ قالغانىدى. تۇرقىدىن يامان نىيىتى باردەك قىلمايتتى.

ـ ئېلىڭ ما پۇلنى. قارىسام تىلەمچى يېتىمەك ئوخشايسىز، يېتىمنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت بولىدۇ دەيدۇ. دۇئايىڭىزنىڭ بەركاتى بىلەن قىزىم تولۇكدا كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئۇ ئادەمنىڭ كۆزىدە بىر ئۈمىد، بىر يېلىنىش ئۇچقۇندايتتى. شۇتاپتا بۇ بىچارە ئاتا، مەن بىر دۇئا قىلىپ قويسام يوقىتىپ قويغان يۈرەك پارەسىنى تېپىۋالىمەن دەپ ئويلايتتى. لېكىن، مەن قانداقسىگە ئۇ پۇلنى ئالالايمەن؟ مەن قانداقسىگە تىلەمچى بولۇپ قالدىم؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟

قېنى مېنىڭ غايىلىرىم؟ قېنى مېنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم؟ ئەمدى بولغاندا مۇشۇ كۈنگە چۈشۈپ قالدىممۇ! ياق! ياق! ! ئۆلسەممۇ بۇ يولغا ماڭمايمەن. ياق، ئۆلسەممۇ...

لېكىن مەن ئاچ ئىدىم. ئىتتىكمۇ كىرىدىغان كاتىكى بولىدۇ، لېكىن مەن قەھرىتان سوغۇقتا لالما ئىتتەك تالادا قالغانىدىم. ئىتقىمۇ بىر كاتەك بىلەن بىر قاچا يۇندا بېرىدىغان بۇ دۇنيا، ماڭا كەلگەندە، تېنىمنى زەھەردەك چېقىۋاتقان مۇشۇ قارلىق شىۋىرغاندىن پاناھلىنىدىغان باش تىققۇدەك بىر ماكان بەرمەيۋاتاتتى. شۇ هالدا تۇرۇۋەرسەم كېچىدە توڭلاپ ئۆلۈپ قېلىشىم مۇمكىنىدى.

مەن ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىكى پۇلغا قورقۇمسىراپ قارىدىم. ئاشۇ پۇل مېنى ۋاقىتىنچە بولسىمۇ قۇتقۇزۇپ قالالايتتى. پەقەت ئالدىمغا بىر قەدەم ماڭسامىلا...

ئاخىرى مەن ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىن پۇلنى ئالدىم. ئۇ ئادەم ئۈمىد بىلەن مېنىڭ ئاغزىمغا تىكىلدى. مەن دۇئاغا قول كۆتۈردۈم. ئۇ ئادەممۇ ماڭا ئەگىشىپ قولىنى كۆتۈردى:

ـ بۇۋى پاتىمەم، ئىچكىرىدە سەرسان بولۇپ يۈرگەن قىزلىرىنى بالا ـ قازادىن ساقلىغاي. ئەي خۇدا! پەرزەنتىگە تەشنا بولۇپ يۈرىكى قان بولىۋاتقان ئاتىنىڭ تىلىكىنى ئىجاۋەت قىلىپ، ئۇ قىزنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەيسەن. ئاتا بىلەن قىزنى پات ئارىدا دىدار كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلغايسەن، رەھمىتى ئۇلۇغ ئاللا!

ھېلىقى ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى، مەنمۇ ئۆزۈمنى توختىتالماي يىغلىۋەتتىم. دۇئادىن كېيىن ئۇ ئادەم ماڭا يېنىش ـ يېنىشلاپ رەھمەت ئېيتتى.

ـ سىزدەك بىر پاكىزە، پەرىزاتتەك ئۆز قىزغا ئاللا ئۆزى پاسىبان بولسۇن. رەھمەت قىزىم، خۇدايىم بەختىڭىزنى بېرەر.

ئۇ ئادەم تۇرغۇ دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى. مەن تېگى يوق بىر كۆڭۈل يېرىمچىلىقىدا، قىزىنىڭ دەردىدە بۇنچىلىك رىيازەت چېكىپ يۈرگەن بىچارە ئاتىنىڭ ئارقىسىدىن تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇپ قالدىم. خۇدا! مېنىڭ ئاتام قانداق

www.uyghurkitap.com

ئاتىدۇ؟

شۇۋۇرغان بارغانسېرى ئەزۋەيلىمەكتىدى. تۇرغۇننىڭ ئىچى گۆرىستان جىملىقىغا پاتتى. تۇرغۇ قاراۋۇللىرىمۇ نەلەرگىدۇر تىقىلىشقانىدى. قاش قارىيىپ، ناھايىتى تېزلا قاراڭغۇ چۈشمەكتىدى. مەن قولۇمدىكى پۇلنى مەھكەم سىقىمدىغىنىمچە، سوغۇقتىن ئۈيۈشۈپ ئاللىقاچان سېزىمىنى يوقاتقان پۇتلىرىمنى تەسلىكتە يۆتكەپ تۇرغۇ دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدىم. شۇ تاپتا مەن نەگە بېرىشىمنى بىلمەيتتىم. مېنى شەپقەتسىز شەھەرنىڭ قورقۇنچلۇق سوغۇق ۋە قاراڭغۇ تۈنى كۈتمەكتىدى.

«ئاۋۋال قورسىقۇمنى تويغۇزاي. ئاندىن بىر گەپ بولار.»

ئۇشتۇمتۇت كىمنىڭدۇر ئىڭرىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. ئەتراپىمغا ئالاڭلاپ قارىدىم. شۇۋۇرغاندا - پىرقىراپ تۇرغان قار توزۇندىسى ئىچىدە ھېچكىمنى كۆرەلمىدىم. «ماڭا شۇنداق بىلىنگەن ئوخشايدۇ» دەپ يەنە مېڭىۋەردىم. ھېلىقى ئىڭراش يەنە ئاڭلاندى. بۇ كىچىك بالىنىڭ ئاۋازى ئىدى. بۇ قېتىم ئاۋاز كېلىۋاتقان تەرەپنى ئاڭقىرىۋالدىم. بۇ ئاۋاز بىر تاشلاندۇق ئاپتوبۇسنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتاتتى. بۇ ئاۋاز شۇنچىلىك ئاجىز ۋە ئايانچلىق ئىدى. مەن ھېچ نەرسە توغرىسىدا ئويلاشقا ئۈلگۈرمەيلا ئاۋاز كېلىۋاتقان تەرەپكە ماڭدىم. تاشلاندۇق ئاپتوبۇسنى ئايلىنىپ نېرىسىغا ئۆتتۈم. ئۇ يەردە ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەن كىچىككىنە ئىككى گەۋدە قارا - قۇرا بولۇپ كۆرۈندى. ئالدىراپ ئۇلارنىڭ قېشىغا باردىم. قارىسام ئىككى كىچىك بالا سوغۇقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ بىر يەرگە كاللەك بولۇۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ كىچىكى قىز ئىكەن. ئۇ قىز توڭلىغىنىدىن ئىڭراپ، خىتىلداپ يىغلاۋاتاتتى. بېشىنى ئوغۇل بالىنىڭ باغرىغا تىقىۋالغانىدى. ئوغۇل بالا سىڭلىسىنى بەزلەۋاتاتتى:

- قولۇڭنى مەيەگە تىقە ئۇكام، ئىسسىيدۇ. يىغلىما، يىغلىساڭ قورقىدىكەنمەن. دادام ھازىرلا كېلىدۇ. ئاندىن ...-ئوغۇل بالىمۇ خىتىلداپ يىغلاۋاتاتتى.

ئۇلار شەپەمنى ئاڭلاپ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈشتى. مەن ئۇلارغا ئېگىشىپ سەپسېلىپ قارىدىم.

- سىلەر نېمىدەپ سوغۇقتا بۇ يەردە تۇرىسىلەر؟

ئۇلار دەررۇ يىغلاشتىن توختاشتى.

ئوغۇل بالا ماڭا قاراپ ھېيىقماي جاۋاب بەردى:

- دادىمىزنى ساقلاۋاتىمىز.

مەن ھەيران بولدۇم.

- دادىمىز؟ داداڭلار قېنى؟ داداڭلار نەگە كەتتى؟

قىزچاق ياشلىق كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ جاۋاب بەردى:

- دادىمىز ئاپتوبۇش بىلەن تازغۇنغا كەتكەن. ..: ھېلى كېلىدۇ... دادىمىز كەلسە ئۆيگە كېتىمىز.

- نېمە؟ تازغۇنغا؟ ئاپتوبۇسلار ئاللىقاچان كېلىپ بولدى. ئەمدى ھېچقانداق ئاپتوبۇس كەلمەيدۇ.

- ياق، دادامنىڭ ئاپتوبۇسى تېخى كەلمىدى، - ئوغۇل بالا كېسىپلا ئېيتتى.

- دادامنىڭ ئاپتوبۇسى؟ داداڭلار شوپۇرمۇ؟

- ھەئە. ئاپتوبۇس ھەيدەيدۇ.

- ھە، ئەسلىدە مۇنداق گەپ ئىكەن - دە؟! داداڭلار سىلەرنىڭ مۇشۇ يەردە ساقلايدىغىنىڭلارنى بىلەمدۇ؟

- بىلىدۇ. ھەر كۈنى مۇشۇ يەردە ساقلايمىز.

- تۈنۈگۈنمۇ كەلمىدى، - دېدى قىز بىردىنلا ئۈمچىيىپ.

- نېمە؟ تۈنۈگۈنمۇ كەلمىدىمۇ؟ نېمىشقا؟ - ئالدىراپ سورىدىم.

- تاڭ. ئۈچ كۈن بولدى كەلمەيۋاتىدۇ، - ئوغۇل بالىمۇ ئۈمچىيىپ يىغلامسىرىدى، - چوڭ ئانام بارماڭلار دېگەنتى، بىز يەنە كەلدۇق.

- چوڭ ئانام؟ ئاپاڭلارچۇ؟

- ئا... ئاپىمىز... - ئوغۇل بالا دۇدۇقلىدى.

- ئاپىمىز بىزنى تاشلاپ كەتكەن،

ئۆيۈمچىگە، - قىز بىردىنلا يىغلىۋەتتى، - ئاكا، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى. پۇتۇم ئاغرىۋاتىدۇ.

- يىغلىما دېسە. مېنىڭمۇ ئاچتى. دادام كەلسە بىزگە مانتا ئېلىپ بېرىدۇ، - ئوغۇل بالىمۇ يىغلىغىلى تۇردى.

- ئۆيدە يەنە كىم بار؟

- چو... چوڭ ئانام بار. ئاغرىق، ياتىدۇ.

- ئاغرىق؟ ياتىدۇ؟ سىلەرگە تاماق ئېتىپ بېرەمدۇ؟

- ياق! ماڭالمايدۇ. دادام بازاردىن ئېلىپ بېيتتى، دادام كەلمەي نان يېدۇق.

نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم. بارغانسېرى قاراڭغۇ چۈشمەكتىدى. شىۋىرغان كۆز ئاچقۇزمايتتى. بالىلارنىڭ چوڭى ئالتە ياشلاردا، قىزچاق بولسا تۆت - بەش ياشلاردا كۆرۈنەتتى. بۇنچە كىچىك بالىلارنى بۇ ھالدا تاشلاپ قويۇپ كېتىشكە پەقەتلا چىدىمايۋاتاتتىم.

- قاراڭلار ئۇكىلىرىم، داداڭلار بۈگۈنمۇ كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. بۈگۈنچە ئۆيۈڭلارغا كېتىپ، ئەتە كېلىڭلار. يا بولمىسا داداڭلار كېچىچە كېلىپ قالار.

بالىلار ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ تەڭلا يىغلاشتى:

- يا، يا، ياق... دادام كېلىدۇ. دادام بىلەن بىللە كېتىمىز.

مەن ئالدىراپ قالدىم.

- ھە ماقۇل ئەمىسە. داداڭلارنى مەنمۇ ساقلاي. يىغلىماڭلار. يىغلىساڭلار كېتىپ قالىمەن.

بالىلار يىغىدىن توختاپ، ئىشەنمىگەندەك ماڭا قاراشتى.

- ياشما؟ شىلە كەتمەملا ئاچا؟ - ئۇلارنىڭ ياشلىق كۆزلىرى گىرىمسەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يۇلتۇزدەك پارلايتتى. ئۇ كۆزلەردىن بالقىغان سەبىيلەرچە ئۈمىد، خۇشاللىق بىردىنلا يۈرىكىمنى ئېرىتىۋەتتى.

- شۇنداق. راست، مەن داداڭلار كەلگىچە سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن، - مەن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قىزچاقنى باغرىمغا تارتتىم. كىچىككىنە قىز ھېچ ئىككىلەنمەي ئۆزىنى باغرىمغا تىقتى. ئۇنىڭ پۇت - قولى سوغۇقتىن مۇزلاپ كەتكەنىدى. ئۇنى ئىسسىتىش ئۈچۈن تېخىمۇ مەھكەمرەك قۇچاقلىدىم. شۇ چاغدا ۋۇجۇدۇم، يۈرىكىم ئاللىقانداق بىر شېرىن سېزىم بىلەن لەرزىگە كەلدى. قىزچاق ئىسسىق باغرىمدا ھە دېمەيلا تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.

شۇنداق قىلىپ كىچىك ئوغۇل بىلەن ئىككىمىز ئۇلارنىڭ دادىسىنى خېلىغىچە كۈتتۇق. لېكىن ئۇلارنىڭ دادىسى كەلمىدى. بۇ پېتى ئولتۇرۇۋېرىشكە بولمايتتى. كىچىككىنە بالىلارلا ئەمەس، ئۆزۈممۇ كېچىنىڭ زەھەردەك چېقىۋاتقان ئاچچىق شىۋىرغىنىغا پەقەتلا چىدىيالمىدىم. ئاخىرى مەن ئۇلارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشقا ماقۇل قىلدىم. بىز ئەڭ ئاخىرقى بىر كىرا ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ماڭدۇق. ئۇلار سەمەندىكى بىر تار كوچىدا، كىچىككىنە بىر قورۇدا ئولتۇرىدىكەن. بىز ئۈچىمىز ئاچلىق ۋە سوغۇقتىن لاغىلداپ تىترىگىنىمىزچە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئاران كېلىۋالدۇق. ئۆي ئىچى قاراڭغۇ ۋە بىسەرەمجانىدى. ئوت يېقىلمىغاچقا، ئۆيدىن بوران ئۇچۇپ تۇراتتى. كاڭدا 65 - 70 ياشلارغا بېرىپ قالغان بىر موماي ئىنجىقلاپ يېتىپتۇ. بۇ ئايال ھېلىقى بالىلارنىڭ چوڭ ئانىسى ئىكەن، مېڭىسىگە قان چۈشۈپ بىر تەرىپى پالەچ بولۇپ ياتقىلى بىر يىلدىن ئېشىپتۇ. ئۇ مەزلۇم بالىلارنى كۆرۈپ يۇم - يۇم يىغلاپ كەتتى. مەن ئەسلىدە بالىلارنى ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىپلا كەتمەكچى ئىدىم. لېكىن ئۇ مومايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تېڭىرقاپ توختاپ قالدىم. قېرىسى قېرى ھەم كېسەلچان، كىچىكلىرى كىچىك بۇ بىچارىلەرگە كىملا بولمىسۇن بىر تىرىك جاننىڭ ياردىمى زۆرۈر ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇشۇ ھالدا نەچچە كۈندىن بۇيان قانداق ياشاپ كەلگىنىنى چۈشىنەلمىدىم. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىچىم سىرىلىپ كۆزۈمگە ياش كەلدى. بۇ ھالدا مەن قانداق كېتەلەيمەن؟ مەن كەتسەم ئۇلار قانداق قىلىدۇ؟ ۋە مەن نەگە كېتىمەن؟

مەن ئاخىرى بۈگۈن بولسىمۇ كەتمەسلىك

قارارىغا كەلدىم. ئەتە تاڭ ئاتقاندا بىر گەپ بولار. مەن ئۆي ئىچىگە سەپسالدىم. ئۆيگە ئوت يېقىلمىغىلى بىر نەچچە كۈن بولغانىكەن. مەينەتچىلىكنىڭ دەستىدىن پەگانى، كاڭدىكى زىلچا - پالاز، كىگىزنىڭ يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۆي ئىچىدىكى سېسىقچىلىقتىن بۇ كېسەل مومايىنىڭ تېگىنىڭ نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم. بۇ بالىلار نېمە يېگەندۇ؟ بۇ كېسەلچان مەزلۇمچۇ؟ قولۇم - قوشنىلارمۇ ئانچە - مۇنچە قاراپ تۇرغان ئوخشايدۇ، بولمىسا ئۇلار. . .

مەن كۆپ ئويلاپ تۇرمايلا چاپىنىمنى يېشىۋېتىپ، ئوتۇن - كۆمۈر راسلاپ مەشكە ئوت يېقىۋەتتىم. ئاندىن ئۆي ئىچىنى بىرەر قۇر تازىلىدىم ۋە مومايىنىڭ تېگىنى قۇرۇقدىدىم. ئاڭغىچە سوغۇق ۋە ئاچلىقتىن ھالىدىن كەتكەن بالىلار كاڭدا تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۇخلاپ قېلىشتى. ئۆيدە ئۇن، ياغ ۋە بەش — ئالتە تال قورۇلۇپ قالغان چامغۇر بار ئىكەن. مەن دەررۇ تاماققا تۇتۇش قىلدىم.

تاماقنى تەييار قىلىپ بالىلارنى ئويغاتقىنىمدا ئۆينىڭ ئىچى خېلىلا ئوبدان ئىسسىپ قالغانىدى. ھورى پۇرقىراپ تۇرغان سەھرا ئېشىنى بالىلارنىڭ ئالدىغا كەلتۈرگىنىمدە، خۇشلۇقتىن ئۇلارنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كېتىشتى. ئۇلار خۇددى بىر ئۇخلاپ قوپۇپلا يات بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك، قازانبېشىدا پاي - پېتەك بولۇپ يۈرگەن ماڭا، تازىلانغان، ئىسسىق، پاكىزە ئۆي ئىچىگە؛ مېنىڭ ئىشىمغا نېمەدەپ رەھمەت دېيىشنى بىلمەي يۈم - يۈم يىغلاپ ھەم كۈلۈپ ياتقان چوڭ ئانىسىغا قاراپ بىر دەم ھاڭۋېقىپ قېلىشتى.

بىز ئىشتىھا بىلەن غىزالاندۇق. غىزادىن كېيىن بالىلارغا ئورۇن سېلىپ بەردىم. ئىسسىق ئاش ۋە يىلىلىق ئائىلە مېھرى بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ چىرايىغا تېپىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ بۇدرۇقتىنە مەڭزىلىرى ئاناردەك قىزىرىپ بىردىنلا چىرايلىقلىشىپ كەتتى. ھېلىقى مومايغىمۇ جان كىرگەندەك بولۇپ قالدى. مەن قىزچاقنى قوينۇمغا سولىۋالدىم. ئوغۇل بىلەن قىز بىردىنلا ماڭا ئىچەكىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار پۈتۈن قايغۇلىرىنى ئۇنتۇشۇپ، ۋىلىق - ۋىلىق كۈلگىنىچە مېنى بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ بىر دەم كۆينىشىشتى ۋە بىر دەمدىن كېيىنلا بوينۇمغا گىرە سېلىشىپ، ماڭا مەھكەم چاپلاشقىنىچە ئاسلاندەك پۇشۇلدىشىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى. پەممىچە، ئۇلار خېلىدىن بۇيان بۇنچىلىك خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام، پاكىز ۋە ئىسسىق ھالدا ئۇخلىمىغانىدى. بۈگۈن مەن ئۇلارغا ئانا مېھرىنى، ئائىلە يىللىقلىقىنى يەتكۈزگەندىم. ئۆزۈمنىڭ بۇ خىيالىدىن ئۆزۈمنىڭ كۈلگىسى كەلدى ۋە خىيالىمدىن نېمىشقىدۇر ھوزۇرلىنىپ قالدىم. ھارغاندىم. ئاشۇ تاتلىق سېزىم ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ قانداق ئۇخلاپ قالغىنىمنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن. . .

## 8

تاڭغا يېقىن بىردىنلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. قوينۇمدىكى قىزچاقنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ ئوت - كاۋاپ بولۇپ كېتىپتۇ. دەرھال چىراغنى ياقتىم. قارىسام قىزچاقنىڭ يۈز - كۆزى ئۇتۇقۇپ، لەۋلىرى قورۇپ يېرىلىپ كېتىپتۇ. قىزىتمىسىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن پات - پات: «دادا. . . دادام كەلدى. . . ئاپا بىژنى تاشلىۋەتمە!» دەپ جۆيلۈيدۇ. مەن ئوغۇل بالىنىڭ پېشانىسىنى تۇتتۇم، ئۇ بالىمۇ قىزىتىۋېتىپتۇ. قارىغاندا، كۈندۈزى ئۇلارغا سوغۇق تەگكەنىدى. مومايمۇ ئويغاق ئىكەن. بالىلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مومايمۇ يىغلىغىلى تۇردى. مەن بالىلارنىڭ ئۈستىگە يوتقان - كۆرپىدىن بىر نەچچىنى ئۈستى - ئۈستىلەپ يېپىپ ئۇلارنى چۈمكەپ قويدۇم. مەن زۇكامداپ قالسام، رەھمەتلىك ئاپام شۇنداق قىلاتتى. مەن ئۆيلەرنى بىرەر قۇر تازىلىۋېتىپ، ئاندىن ماڭاي دەپ ئويلىدىم - دە، مەشكە ئوت يېقىپ بولۇپ، ئۆي - ئىچىنى، ھويلا - ئارامنى پاك - پاكىزە تازىلىۋەتتىم. مەشتە سۇ ئىسسىتىپ، بالىلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى، مومايىنىڭ كۆڭلەك ۋەتەگلىك لاتىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يۇيۇشقا باشلىدىم. چاي ۋاقتى بولغۇچە ھەممە ئىشنى قىلىپ تۈگەتتىم - دە، چاي دەملەپ بالىلارنى ناشتىلىققا ئويغاتتىم. قارىسام بالىلارنىڭ ئەھۋالى بەكلا ئېغىر ئىدى. بولۇپمۇ قىزچاقنىڭ ھالى پەس ئىدى. ئۇ قىز يېرىم بىھوش

ھالدا ئىڭراپ - جۆيلۈپ ياتاتتى. بىردىنلا ئالدىراپ قالدىم. مومايىنىڭ قولىدىن بولسا ھېچ ئىش كەلمەيتتى. پەقەت يۇم - يۇم يىغلاپ ياتاتتى.

مەن مومايدىن دوختۇرخانىنىڭ ئورنىنى سورىۋېلىپ خەق ئىشقا چۈشكەن ھامان دوختۇرخانىغا يۈگۈردۈم. تۈنۈگۈنكى 10 كوينى ھارۋىكەشكە كىراغا تۆلىۋەتكەنىدىم. مومايدا بارى-يوق توققۇز يېرىم كويلا پۇل بار ئىكەن، ئازراقلا دورا كەلدى. مەن دورىنى چاڭگاللاپ يەنە ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم. يېرىپلا بىر كورا شوۋا گۈرۈچ قايناتتىم. ئىككى بالىغا دورا ئىچكۈزدۈم. پەقەت ناماز - پېشىن بولغاندا قىزچاقنىڭ ئەھۋالى سەل ياخشى بولۇپ قالدى. كەچتە يەنە ئۇلارغا تاماق ئېتىپ بەردىم.

شۇنداق قىلىپ ئۇ كۈنىمۇ كېتەلمىدىم. خۇدايىم بۇ چارىسىزلارنى ماڭا، مەندەك بىر چارىسىزنى ئۇلارغا يولۇقتۇرغانىكەن. بۇ ئۈچرىشىشنىڭ ئاخىرى مېنىڭ تەقدىرىمنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتىشىنى زادىلا ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن.

تۆت كۈن بولغاندا قىزچاق ئورنىدىن تۇردى. تۆت كۈنگىچە قىلمىغىنىم قالمىدى. تېخى يۈزى ئېچىلمىغان قىز ئىدىم، تۆت كۈن ئىچىدە مەن گويا بىردىنلا ھەممىگە پىشقان، ھەممىگە يېتىشىدىغان بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالدىم بىر سەبىي ئىدىم، گويا بىردىنلا مېھرىبان، بالىجان ۋە كۆيۈمچان ئانىغا ئايلىنىپ قالدىم، ئاشۇ سەبىي قىز - ئوغۇل ئۈچۈن كۆيۈپ - پىشتىم. ئاشۇ چارىسىز ئائىلە ئۈچۈن قولۇمنى كوسەي، چېچىمنى سۈپۈرگە قىلدىم. ئۇنىڭ بەدىلىگە ئاشۇ كېسەلچان موماي ۋە ئىككى نارەسىدە ئىسسىق ئىچتى، پاكىز كىيىندى. ئۇلارنىڭ چېھرىدە بىر خۇشاللىق، بىر خاتىرجەملىك، بىر كۆڭۈل توقلۇقى پارلىدى. ئاشۇ كۆرۈمسىز كۆلبىنىڭ ھاۋاسى بىر ئائىلە ئىللىقلىقى ۋە بىر كۆڭۈللۈك ئائىلە شادلىقى بىلەن يېڭىلاندى.

قىزچاق ئورنىدىن تۇرغان كۈنى كېتەي دېدىم. بۇ ئۆيدە ئۇن، ياغ، تۇز، ئوتۇن - كۆمۈر بىراقلا تۈگىگەنىدى. بالىلارنىڭ دادىسى بولسا نېمىشقىدۇر كەلمەيۋاتاتتى. تالادا قارلىق بوران ھۇشقۇرتاتتى. قازناق ۋە قازان ئاراقشىپ قالغانىدى. ئۈچ جۈپ كۆز ماڭا پۈتۈن ئۈمىدلىرىنى بېغىشلاپ پىلدىرلاپ قارايتتى.

كېتەي دەپ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئورنۇمدىن قوپتۇم ۋە ئىشىككە قاراپ ماڭدىم. دېمىسىمۇ مەن ھامان كېتەتتىم. بۇ ئۆيدە بەربىر ئۇزاق تۇرالمايتتىم. لېكىن پۇتۇمنى بوسۇغىدىن ئالالمىدىم - ئىشىككە قاراپ مېڭىشىم بىلەن تەڭ ھەممىنى چۈشەنگەن ئاغرىقچان مومايىنىڭ چىرايىنى بىر تېگى يوق ئۈمىدسىزلىك قاپلىدى. ئىككى بالا بولسا، نېمە قىلارىنى بىلمەي ماڭا ئۈمچىيىشىپ تەلمۈرۈپ قاراپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئاشۇ سەبىي كۆزلىرىدە قاسساپتىن جان تىلەۋاتقان قوزىنىڭ بىچارىلىكى ئەلەڭگىيتتى. مەنمۇ بىر قىز بالا، يەنە كېلىپ كۆڭلۈم سۇنۇق، يۈرىكىم دەخمىز يېگەن، روھىم ئېزىلگەن بىر سەبىي قىزبالا، كۆڭلى ئۆزۈك بىر ناتىۋان يېتىمغۇ! مەن ئۇلارنىڭ ئاشۇ تەلمۈرۈشلىرىنى قانداقمۇ جاۋابسىز قالدۇرالاي-مەن؟ ئۇلارنىڭ ھەسرەتلىك، ئۈمىدسىز ۋە قايغۇلۇق كۆزلىرىنىڭ بىچارىلەرچە ئېلتىجاسىغا قانداقمۇ پىسەنت قىلماي تۇرالايمەن؟ بۇ بىچارىلەر مۇشۇ ھالدا مېنىڭسىز نېمە كۈنگە قالار دەپ ئويلىماي تۇرالايمەن؟ مەن بوسۇغىدىن ئارقامغا ياندىم. بۇنى كۆرۈپ مومايىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى، ئىككى سەبىي خۇشلۇقىدىن باغرىمغا ئۆزىنى ئېتىشتى. كۆزلىرىمدىن قۇيۇلغان ياش تامچىسى ئۇلارنىڭ پاكىز، بىغۇبار يۈزلىرىنى ھۆللىدى. مەن ئەڭ بولمىغاندا، بالىلارنىڭ دادىسى قايتىپ كەلگۈچە ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاي دەپ ئويلىدىم. خالتىنى قېقىشتۇرۇپ ئازراق سۆيۈق ئاش قىلدىم. بالىلار تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئويۇنغىلى چىقىپ كەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ مەن كەلگەندىن بۇيان بىرىنچى قېتىم تالاغا چىقىشى ئىدى. بىر كەمدە موماي مېنى ئاستاغىنە يېنىغا قىچقاردى ۋە يۇم - يۇم يىغلىغىنىچە ياستۇقىنىڭ تېگىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ ماڭا سۇندى. قارىسام، بۇ قەغەز شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ نۇرجان ئاتلىق بىرسىنى رەسمىي

قولغا ئالغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ئىكەن. يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى. مەن: «نېمە ئىش بۇ؟» دېگەندەك مومايغا ئەندىكىپ تىكىلدىم. چۈنكى مەن بالىلارنىڭ ۋە مومايىنىڭ ئاغزىدىن بالىلارنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمىنىڭ نۇرجان ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. بالىلارنىڭ دادىسى ئەسلىدە...

شۇنداق، ئەسلىدە بالىلارنىڭ دادىسى بۇنىڭدىن بىر يېرىم ئاي ئىلگىرىلا قولغا ئېلىنغانىكەن! مومايىنىڭ ئېيتىشىچە، نۇرجاننىڭ ئەسلىدە زەرگەرلىك ھۈنىرى بار ئىكەن، بالىلارنىڭ ئانىسى بىر ئوقەتچى بىلەن تېپىشىپ قېلىپ، سەككىز يىل تۇتقان ئۆيىنى ۋە ئاشۇ بالىلىرىنى تاشلاپ، ھېلىقى ئوقەتچى بىلەن تاغ ئارقىسىغا (ئۇ ئوقەتچى ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئۇنى تاشلىۋېتىپتۇ. كېيىن ئۇلار ئۇ خوتۇننى ئۈرۈمچىدە ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى يىغىپ سېتىپ يۈرىدۇ، دەپ ئاڭلاپتۇ) قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ھۈنەردىنمۇ رايى يېنىپ، پۇللىرىنى يىغىپ، دەسلەپىدە كىچىكرەك بىر مىنىبۇس ئېلىپ كىراكەشلىك قىلىپتۇ. كېيىنچە كونىراق بىر ئاپتوبۇس سېتىۋېلىپ، تاشقورغان بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقىدا قاتناپ خېلى بېيىپ قاپتۇ. ئۇ، شۇ كۈنلەردە ئۆيگە پات - پات بىر نەچچە پاكىستانلىقنى باشلاپ كېلىدىغان بولۇپ قالغانىكەن. ئۇلار ئەسلىدە ئەتكەسچىلەر بولۇپ، بۇ ئەتكەسچىلەر ئۇزاق ئۆتمەي ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن نۇرجانمۇ يولغا چىقىپ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. كېيىن قانۇن تەرەپ ۋە ئاھالىلەر كومىتېتى ئۆيگە مۇشۇ قەغەزنى ئەكىلىپ بېرىپتۇ ۋە ئۆيىنى بىرەر قۇرتىنىتىپتۇ. ئەسلىدە نۇرجانمۇ ئاشۇ پاكىستانلىق ئەتكەسچىلەرنىڭ ئەتكەس ماللىرىنى توشۇپ بېرىپ ئۇلاردىن نۇرغۇن شىرىنكانە ئالغانىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي سوتتىن نۇرجاننىڭ تۆت يىللىق كېسىلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاپتوبۇس ۋە پۇللىرىنىڭمۇ مۇسادىرە قىلىنغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش قىلىپتۇ. موماي بۇ ئىشلارنى بالىلاردىن يوشۇرغانىكەن. ھەر كۈنى كەچتە ئاپتوبۇس تۇرغۇسىدا دادىسىنى كۈتۈۋېلىشقا ئۆگىنىپ قالغان بالىلار دادىسى كەلمەي قويغاندىن كېيىن، دادىسىنى سوراپ مومايغا ئارام بەرمىگەچكە موماي: «دادائىلار كېچىدە كېلىپ، تاڭ بىلەن يولغا چىقىپ كەتتى» دەپ قويىدىغان بولۇپتۇ. بالىلار بۇنىڭغا ئىشىنىشىپ قاپتۇ. لېكىن ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇلارمۇ مېنىڭ توسۇشلىرىغا قارىماي يەنە ئاپتوبۇس تۇرغۇسىغا دادىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بارىدىغان بولۇۋاپتۇ. بالىلار تۇرغۇدا ماڭا يولۇققان كۈنى مومىسى: «دادائىلار ئۈچ كۈن ئىلگىرى كېچە كېلىپ كەتتى» دېگەنىكەن (شۇڭا ئۇلار ماڭا: «دادىمىز كەلمىگىلى ئۈچ كۈن بولدى» دېيىشكەنىكەن. مەن شۇ گەپكە ئىشىنىپ قاپتىمەن). ئارىلىقتا مەھەللە ئاھالە كومىتېتى بۇلارنىڭ ھالىدىن ئانچە - مۇنچە خەۋەر ئالغاچ تۇرۇپتۇ. قولۇم - قوشنىلارمۇ موماي ۋە بالىلارنى پات - پات يوقلاپ تۇرىدىكەن.

موماي ھەسرەت، يالغۇزلۇق، كېسەل ئازابىدىن ئۆلۈم بىلەن تىرىكلىكنىڭ ئارىلىقىدا جان تالىشىۋاتقان كۈنلەردە، مەن ئۇلارغا يولۇقۇپ قاپتىمەن. مەن ھېلىقى قەغەزنى كۆرۈپ بولۇپ، مومايغا قايتۇرۇپ بېرىپ ئۈجۈقۇپ ئولتۇرۇپ قالدىم. موماي قار - يامغۇردەك تۆكۈلۈپ يىغلاپ تۇرۇپ: «قىزىم، ئۆزلىرىنى ئاللا ئەۋەتتى، مېنىڭ نالەم ئاللاغا يېتىپتۇ. مېنىڭ تىلىكىم ئاللاغا يېتىپتۇ، يېتىملارنىڭ ئاھى ئاللاغا يېتىپتۇ. شۇڭا سىلىنى ئاللا بىزگە ئەۋەتىپتۇ. سىلە ئىنسان ئەمەس بىر پەرىشتە. ئاللاغا يۈزمىڭ شۈكرى. ئەمدى مەن خاتىرجەم بولدۇم. ئاشۇ بالىلارغا تارتىنىشىپ مۇشۇ كۈنگىچە ياشاپ كەلگەنىدىم. ئەمدى خاتىرجەم كۆزۈمنى يۇمىمەن، ئاشۇ گۆدەك، ئىككى نارەسىدە يېتىمنى سىلىگە تاپشۇردۇم...» دېدى ۋە خۇداغا رەھمەت - تەشەككۈر ئېيتىپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا دۇئا قىلدى. موماي راست ئېيتقانىكەن. ئۇ گويا مېنىلا كۈتۈپ ياتقانىكەن. مۇشۇ گەپ بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە موماي جان ئۈزدى. مەسچىت جامائىتى ئىگە بولۇپ، ئۇلاش - چولاش كۆمۈپ قويدۇق. ئەھلى - مەھەللە قولۇم - قوشنا ۋە

www.uyghurkitap.com

پۈتكۈل جامائەت ئىككى كىچىك نارەسىدىنى ماڭا تاپشۇردى ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. مەسچىت جامائىتى ۋە مەھەللە ئاھالە كومىتېتىمۇ: «خاتىرجەم بولۇڭلار، سىلەرنى تاشلىۋەتمەيمىز» دېيىشتى.

ئىلگىرى: «كېتىمەنغۇ» دەيتتىم. ئەمدى كېتەلمەيتتىم. ئىلگىرى سالتاڭ ئىدىم، ئەمدى يۆكلۈك بولدۇم. ئىلگىرى بىرلا ئۆز جېنىمنىڭ غېمىنى يەيتتىم، ئەمدى ئۈچ جاننىڭ غېمىنى يەيمەن.

ھاياتىمدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئۆزۈممۇ ھەيران بولماقتىمەن. ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئۇشتۇمتۇت ۋە تويۇقسىزلىقى مېنى تاڭ قالدۇرماقتا ئىدى.

ئاخىرى تەقدىرگە تەن بەردىم - ئاشۇ نارەسىدىلەرنى باغرىمغا تارتتىم. تەقدىرىمدە بىر سەۋەب بىلەن بىرەر كەسكىن ئۆزگىرىش بولغۇچە ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇش قارارىغا كەلدىم، مەن بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلەيدىغىنىمنى ئويلاپ يېتەلمەيتتىم. ئۇلارنىڭ ھاياتىمغا قانداق ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھازىرچە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەيتتىم. لېكىن مەن بىرلا نەرسىنى چۈشىنەتتىم ۋە شۇ نەرسە مېنى ئاشۇ قارارغا كېلىشكە چاقىرماقتىدى - ئۇلار تېخى ناھايىتى كىچىك ئىدى. ئۇلار باشپاناھسىز ئىدى. ئۇلار ئاجىز ئىدى. ئۇلار ياشىشى كېرەك ئىدى ۋە مەن ئۇلارغا ھاۋادەك زۆرۈر ئىدىم!

لېكىن. . . لېكىن. . . بىزگە - ئۈچ جانغا، بىر ئائىلىگە نۇرغۇن نەرسە كېرەكقۇ؟

مەندە ھېچ نەرسە - ھەتتا تېيىنىنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق ئىدى. ئىسسىق جاندىن ئۆزگە ھېچنېمە يوق ئىدى!

ئۆيدە ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ھەتتا چاشقانغا يەمچۈك بولغۇدەكمۇ نەرسە يوق ئىدى.

دەسلەپىدە مەھەللە ئاھالە كومىتېتى ئىككى بالىغا 10 كويدىن 20 كوي «قۇتقۇزۇش» پۇلى بەردى. مەسچىت بىر تاغار كۆمۈر بىلەن بىر - ئىككى باغلام ئوتۇن كىرگۈزۈپ بەردى. قولۇم - قوشنىلار ئاندا - ساندا ئاش كىرگۈزۈپ تۇردى. لېكىن بۇلار ھېچنېمىگە دال بولمىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن ئارتۇقنى بېرەلمەيتتى. چۈنكى ھەممىلا كىشى ئۆز جېنىنىڭ قايغۇسىدا ئىدى.

كۈتۈپ ئولتۇرۇپ باقتۇق، بولمىدى. بىرەر ئىش تاپارمەنمىكىن دەپ ئورۇنۇپ كۆردۈم، ئاقمىدى. لېكىن بالىلار يېيىشى، ئىسسىقراق ياشىشى كېرەك ئىدى. ئاخىرى بىرىپ قازان ئاسالمىدۇق، ئۆيدىن بوران ئۇچۇشقا باشلىدى. ئۆزۈممىغۇ مەيلى، لېكىن ئاشۇ گۆدەكلەرنىڭ ئاچلىقتىن چىرايلىرى تاتىرىپ، يۈز - كۆزلىرىدىن توپا ئۆرلەپ، سوغۇقتىن دىرىلدەپ تىترىگىنىچە بۇلۇڭغا تىقىلىپ ماڭا مۆلدۈرلەپ قاراپ ئولتۇرۇشلىرىغا چىدىماق تەس ئىدى. ئۇلارنىڭ قاراشلىرى يۈرىكىمنى ئېزەتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىغا، ئاشۇ تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراشتىن قورقاتتىم. كۆزۈمنى ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئەپقاچاتتىم. ئازاب ۋە قايغۇدىن، چارىسىزلىك ئىچىدىكى قىينىلىشتىن تاتارغان، بوزارغان يۈزۈمنى ئۇلاردىن يوشۇراتتىم.

بالىلارنى ئىسسىقراق ياتسۇن دەپ باغرىمغا بېسىپ يېتىپ تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي تېگى يوق خىياللارغا چۆمەتتىم، قىينىلاتتىم، ئۆرتىنەتتىم، پۇچۇلىناتتىم. ئاخىرى بىر كۈنى سەھەر تۇرۇپ كەتتىم. بالىلار ھېچنېمىنى سەزمەي شېرىن ئۇيقۇدا ياتاتتى. مەن بۇ بەختسىز سەبىيلەرنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدۇم - دە، كۆزلىرىمگە ياش ئالغىنىمچە ئىشىككە قاراپ ماڭدىم ۋە ئىشىكنى ياخشىلاپ يېپىپ قويۇپ، ئۇدۇل شەھەر تەرەپكە يول ئالدىم. مەن قېچىپ كېتىش قارارىغا كەلگەنىدىم! ماڭا ئەمدى بۇنىڭدىن ئۆزگە يول قالمىغانىدى. مەن ئاشۇ بىچارىلەرنىڭ مېنىڭ كۆزۈمچىلا ئاچلىقتىن يىقىلىپ قېلىشىغا ياكى بىر كېچىسى توڭلاپ ئۆلۈپ قېلىشىغا كۆزۈم يېتىپ قالغانىدى. مەن تىرىك ھالەتتە، بۇنداق ئەھۋالنىڭ روي بېرىشىگە چىدالمايتتىم. بۇنىڭدىن كۆرە مېنىڭ ئاۋۋال ئۆلگىنىم تۈزۈك ئىدى. لېكىن ماڭا ھازىرچە ئۆلۈم تېخى يېقىن كەلمەيۋاتاتتى.

ئەتراپ قاراڭغۇ. قىشنىڭ سوغۇق تېگىدە مۆدۈرۈپ - چوقۇرۇپ كېتىۋاتىمەن. يۈرىكىم بىر

ۋىجدانىي ئازابتىن ئېچىشىدۇ. پۈتۈم ئالدىغا چامدىسام ئارقىغا تارتىدۇ. كىمدۇر بىرى گويا مېنى كۆزگە كۆرۈنمەس ئارقان بىلەن ھېلىقى ئۆينىڭ تۈۋرۈكىگە باغلاپ قويغاندەك، ئۆزۈمنى سەللا قويۇۋەتسەم ھېلىقى ئارقان مېنى ئاشۇ ئۆيگە تارتىپ كېتىدىغاندەك بىلىنىدۇ. مەن ئۇ ئۆينى، ھېچ نەرسىدىن بىخەۋەر ھالدا شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان، بىردەمدىن كېيىن كۆزىنى ئېچىشى بىلەنلا تەلتۆكۈس يېتىملىكىنىڭ، ئاچلىق، سوغۇق، باشپاناھسىزلىقنىڭ شەپقەتسىز چاڭگىلىغا چۈشىدىغان چارىسىز يېتىم قىزلارنى ئويلىماسلىققا تىرىشىمەن. يۈرىكىمنى ئاغرىتىۋاتقان ئۇلار توغرىسىدىكى خىياللارنى كاللامدىن ھەيدەپ چىقىرىشقا ئۇرۇنىمەن.

بىر چاغدا ئېسىمنى تاپسام، ئۆزۈمنى ھېلىقى ئاپتوبۇس تۇرغۇسىدا كۆردۈم. بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىمكىن - تاڭ؟ مېنى بۇ يەرگە نېمە خىيال ئېلىپ كەلگەندۇ؟ كېيىن ئويلاپ باقسام، ماڭا ئوخشاش تۇرمۇشتىن قاچقان، ئازاب ۋە قايغۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش يولىدا جان تالىشىۋاتقان بەختسىزلەرنى ئۆز قوينىغا ئالىدىغان ماكان ئىككى ئىكەن: ئۇنىڭ بىرسى گۆر بولسا، يەنە بىرى مۇشۇ تۇرغۇ ئىكەن. گۆرگە تېخى بارمىغانلار ياكى گۆردىن قاچقانلار مانا مۇشۇ يەردە ئۆزلىرىگە ئاخىرقى ئۈمىد ۋە تەسەللىي تاپىدىكەن - بۇ يەردە ھەم كەتكىلى، ھەم قالغىلى بولىدىكەن.

گىرىمسەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە، سەپەرگە مېڭىش ئالدىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ئادەملەر خۇددى ئەرۋاھلار توپىدەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلار يۈك - تاقلىرىنى سۆرىشىپ ئاپتوبۇسلارنىڭ ئەتراپىدا ئۆرە - تۆپە بولۇپ يۈرۈشىدۇ. ئاپتوبۇسلار يولغا چىقىشقا تەق قىلىپ قويۇلغان. سەھەرنىڭ بىردەملىك بازىرىنى قولدىن بېرىپ قويغۇسى كەلمىگەن چار بازارچىلار، ئوغرى - يانچۇقچىلار، دىۋانە - تىلەمچىلەر ئۇ يەر - بۇ يەردە تىمىسقىلاپ يۈرۈشىدۇ.

مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بىر ئاپتوبۇسنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇقسام، ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان ئاپتوبۇس ئىكەن. مەن ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئولتۇرۇپ بولۇشقان ۋە ئەمدىرەك چىقىۋاتقان ئادەملەرگە ھەۋەس ئىچىدە تەلمۈرۈپ قارىدىم. ئۇلار ئىسسىق كىيىنگەن، قانغۇچە ئۇخلىغان، قورسىقى توق، يانچۇقى تۇم، نەگە بارىمەن دېسە، ھەتتا ئۈرۈمچىگە بارىمەن دېسىمۇ بارۋېرىدىغان ۋە بارالايدىغان ئادەملەر ئىدى. ئۇلار شۇ قەدەر ئەركىن، غەمسىز، خاتىرجەم ۋە خۇشال كۆرۈنەتتى. مېنىڭمۇ پۇلۇم بولغان بولسا، ئاشۇلارنىڭ قاتارىدا ئۈرۈمچىگە كەتسەم، جىمى دەردى - بالادىن، يېتىملىك، ئاچلىق، خورلۇق ھەمدە ھېلىقى باللار توغرىسىدىكى ۋىجدان ئازابىدىن بىراقلا قۇتۇلار ئىدىم - ھە!

شۇ خىياللار بىلەن راستتىنلا كۆڭلۈمدە بىر ئۈمىد تۇغۇلدى. بىرەر ياخشى نىيەتلىك ئادەم چىقىپ قالسا - ھە؟ مېنى ئۈرۈمچىگە ئالغاچ كەتسە، شوپۇرغا دەپ باقايمىكىن - يە؟! ئاپتوبۇسقا پۇلسىز سېلىۋالسا ئەجەب ئەمەس. دۇنيادىكى ھەممىلا ئادەم ھېلىقى ئاشخانا خوجايىنىدەك ئەمەستۇر - ھە؟!

قولاقچىسىنى قىيسايتىپ كىيگەن ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر بادالڭ قورساق ئادەم ئاپتوبۇس كابىنكىسىنىڭ يېنىدا سۇ چېلەكى بىلەن ھەپىلىشىپ تۇراتتى. پەمىمچە، ئۇ ئادەم مۇشۇ ئاپتوبۇسنىڭ شوپۇرى ئىدى. مەن ھېلىقى خىياللارنىڭ تۈرتكىسىدە بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا كەلدىم ۋە دەككە - دۈككىچىلىك ئىچىدە ئۇ ئادەمگە ئېغىز ئاچتىم:

- ئۇستام ... مېنى ئۈرۈمچىگە ئالغاچ كەتسىلىرى بوپتىكەن.

- پۇللىرى بارما؟ - ئۇ ئادەم قىلىۋاتقان ئىشىدىن بېشىنى كۆتۈرمەي خىرقىرىدى، - پۇللىرى بولسا، چىقىپ ئولتۇرۇۋەرسىلە، بېلەت ئالمىسىلىرىمۇ بولىدۇ. پۇلنى ماڭىلا بەرسىلە بېلەت ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

- پۇلۇم يوقتى، پۇلۇم بولسا بېلەت ئالار ئىدىم...

ئۇ ئادەم شارتتىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ، خۇددى مېنى «ھاپ» قىلىپ يەۋېتىدىغان ئەلپازدا ھۆركىرىدى:

- پۇللىرى يوق ئادەم بۇ يەرگە پوق بار دەپ كەلىەمدۇ؟ قاش - كىرپىكلىرىنى ئويناتقانغا ماشىنىغا سېلىۋالىدىغان چاغ ئۆتەپ كەتتى. ھازىر پۇل كېرەك، پۇل!

مەن چۆچۈپ ئارقامغا داجىدىم. ئۇ ئادەم يەنە نېمىلەرنىدۇر دەپ غوتۇلدىغىنىچە چىبلەككە ئېگىشىپ ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. مەن ئۈنچىقارماي ئارقامغا بۇرۇلدۇم.

«پۇل! ھەي پۇل! سەن شۇنچىلىك قىممەتلىك، شۇنچىلىك قۇدرەتلىكمۇ سەن؟! پۇللا بولسا ھەممە نەرسە بولامدۇ؟ جېمى مۇھتاجلىق پۈتەمدۇ؟» ناله، غەزەپ ۋە ئۆرتىنىش ئىچىدە ئويلىدىم.

شۇ مەھەل، كىمدۇر بىرىنىڭ توۋلىغىنى ئاڭلاندى:

- ھەي قىز، ھەي سائىل، مەيەگە كەلسىلە، ماڭا ئاتاپ بىر دۇئا قىلىپ قويسىلا.

مەن ئاپتوبۇسنىڭ يېنى بىلەن كېتىۋاتقانىدىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئېسىل پەلتوغا ئورىلىپ، باش - كۆزىنى قېلىن شال ياغلىق بىلەن ئورىۋالغان چىرايلىققىنە ياش چوكان ئاپتوبۇسنىڭ كۆزنىكىدىن ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. مەن باشقا بىرسىنى چاقىرىۋاتقان بولمىسۇن دەپ ئەتراپىمغا قارىدىم. مەندىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. دېمەك ئۇ ئايال مېنى چاقىرىۋېتىپتۇ. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم. يۈرىكىمنى بىر ئازابلىق ئىككىلىنىش قىستى. ئارقامغا يانسام ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان شەپقەتسىز موھتاجلىق، ئالدىمغا ماڭسام غۇرۇرۇمغا، يۈزۈمگە، نومۇسۇمغا ئايرىۋاشلانغان ھېلىقى قۇدرەتلىك پۇل مېنى كۈتەتتى.

شۇ تاپتا مېنىڭ تاللىۋېلىشىم ئۈچۈن پەقەت مۇشۇ بىرلا يول قالغانىدى. چۈنكى مېنى ئىككىنچى يول - نامراتلىق، موھتاجلىق مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنىدى.

- خۇدا سەپەرلىرىنى ئوڭۇشلۇق قىلسۇن، سىلىنى خېيىم - خەتەردىن ساقلاپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن ساق - سالامەت يۈز كۆرەشكىلى نېسىپ قىلسۇن ئىلاھىم.

- ئامىن! سەدىقە بالانى يەر، تۇۋبە گۇناھنى، - مانا ئەمدى مەن ئۆز ئىختىيارىلىقىم بىلەن «ئامىن» دېدىم! ئاۋازىم ئۇيات، ھەسرەت، قىينىلىش ئىچىدە تىترەپ، ئۈزۈلۈپ چىقتى. قاتتىق ئازاب، ئاچچىق ئۆرتىنىش، دەككە - دۈككە، تەشۋىشلىق، ئۇيات ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىققان ئاۋازىم ئىچىمدىكى قىممەتلىك ھەممىلا نەرسىنى، مەن قەدىرلەيدىغان، ئۇلۇغلايدىغان جىمى نەرسىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. گەرچە دەردمەن بولساممۇ، ھاجەتمەن بولساممۇ ۋۇجۇدۇمدىكى پەقەت ئۆزۈملا ھېس قىلالايدىغان ۋە ھېس قىلىپ كېلىۋاتقان بىر مۇكەممەللىك بارا - بارا يىمىرىلىپ، چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ، چۇۋۇلماقتىدى. مەن گويا ئادىمىلىك پەللىسىدىن تۇۋى يوق قاراڭغۇ، يىرگىنىشلىك ئۆپقانغا دومىلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتىم.

- ئامىن.

ئاشۇ ئازابلىق ھېس - تۇيغۇلار كۆزلىرىمدىن تاشقىن بولۇپ تۆكۈلمەكتىدى.

- ئامىن...

ۋۇجۇدۇمنى، يۈرىكىمنى بازغان بولۇپ يەنچىۋاتقان ئۇيات، خورلۇق ھېسسىدىن كالپۇكلىرىم، ياق، پۈتكۈل تېنىم ياپراقتەك تىترەيتتى.

- ئامىن...

- ئىسست ئايدەك چىرايىڭغا.

- ئامىن...

- بىر دەردى باردەك قىلىدۇ بۇ قىزنىڭ.

- ئامىن...

بېشىغا كۈن چۈشۈپتۇ - دە.

- ئامىن...

- ياپپاش ئىكەن، يەتتە ئەزايى ساپساق تۇرۇپ بۇ يولغا كىرگىچە بىر يەردە ئىش تېپىپ ئىشلىسىچۇ.

- ئامىن...

- بوينى يوغاندىن بىرەرسىنى تېپىپ تەگسىچۇ، ئىسست!

- ئامىن...

– «ھەر كىم ھەر نېمە دەيدۇ، دەرد كەلمىسە بىلمەيدۇ.» تۇغقانلار مۇشۇ قىزنىڭمۇ مۇشۇ يولغا كىرىشىگە بىر سەۋەب باردۇ، تايىنلىق.

ھەر بىر «ئامىن» بىر پىغان، ھەر بىر «ئامىن» بىر نالە، ھەر بىر «ئامىن» بىر ھەسرەت ئىدى. ئادەملەرنىڭ ھېلىقى سۆزلىرىگە، تالاشلىرىغا، باھالىرىغا، قىياسلىرىغا، ھاقارەتلىرىگە مەن ئاشۇ «ئامىن» بىلەن جاۋاب بېرەتتىم. ھەر بىر «ئامىن» دېسەم يۈرىكىم ئۆرۈلۈپ، ۋۇجۇدۇم ئوت - ئاتەش ئىچىدە پۇچۇلىناتتى، ھەر بىر «ئامىن» دېگىنىمدە ئاغزىمدىن بىر تۈتۈن چىقاتتى.

– ئامىن...

ئاپتوبۇسلار تامام قوزغىلىپ، تۇرغۇنىڭ ئىچى بىكار بولغاندىلا ئاندىن تۇرغۇ دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدىم. بۇ چاي ۋاقتى بولۇپ، ئادەملەر ئالدىراپ ئىشقا كېتىۋاتقان چاغ ئىدى.

پۇت - قولۇم ئىختىيارىمغا بويسۇنمايتتى. خۇددى باشقۇرۇشتىن قالغاندەك سۆرىلەتتى. يەلكەم مىڭ جىڭ يۈك ئارتىۋالغاندەك ئېغىر ئىدى. ئىچىم تاشلاندۇق خارابىدەك بوش ۋە قۇرۇق ئىدى. مەن تۇرغۇنىڭ يان تېمىنى بويلاپ بىر ئەسكىلىككە باردىم - دە، ئېتىكىمدىكى پۇللارغا بىر خىل ھارغىنلىق، خورلۇق، ئۆكۈنۈش، ئۇيات ۋە ھاجەتمەنلىك تۇيغۇسى ئىچىدە تىكىلىپ قاراپ قالدىم. مەن ھازىرغىچىلىك بۇنچىلىك پۇلنى ساناپ باقمىغانىدىم. بۇ پۇللار كىر، مەينەت، پۇرلانغان، مىجىلغان پۇللار ئىدى. بۇ پۇللارنىڭ ئىگىلىرىگە نىسبەتەن بۇ پۇللار ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ئىدى. لېكىن مەن ۋۇجۇدۇمدىكى ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنى ئاشۇ ئەرزىمەس ۋە مەينەت پۇللارغا تېگىشكەنىدىم. مەن شۇ تاپتا بۇ پۇللار ئۈچۈن خۇشال ئەمەس ئىدىم. ئەكسىچە ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك نەرسىنى ئىلاجىسىزلىقتىن، موھتاجلىقتىن ناھايىتىمۇ ئەرزان سېتىپ قويۇپ، كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز پۇشايمانغا قالغان ئادەمدەك بىر خىل ئېچىنىش تۇيغۇسىدا ئۆمچىيىپ ئولتۇراتتىم. مۇشۇ پۇل ھېسابىغا يوقاتقان نەرسىلىرىمنىڭ ئىچ ئاغرىقى چايان بولۇپ يۈرىكىمنى چاقماقتىدى.

لېكىن ماڭا ھايات كېرەك ئىدى. مۇشۇ پۇللارسىز مەن ياشاشقا ئامالسىز قالغانىدىم!!!

ئاخىرى ئورنۇمدىن تەسلىكتە تۇردۇم ۋە بېكەتنىڭ بېلەت ساتىدىغان تۆشۈكى تەرەپكە قاراپ سۆرۈلۈپ ماڭدىم. مۇشۇ پۇللارغا ئورۇمچىگە ماڭىدىغان ئاپتوبۇسنىڭ بېلىتىنى سېتىۋالىمەن، ئاندىن...

ئادەملەر بېلەت ساتىدىغان تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا قاپلىشىپ قاپتۇ. تاماكا ئىسىغا تولغان كىچىككىنە زالنى بېلەت ئېلىشقا ئۆچىرەت كۈتۈپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى قاپلىغانىدى. مەن بىر تۇتام پۇلنى مەھكەم چاڭگاللىغىنىمچە بېلەت ئالىدىغانلارنىڭ رېتىگە قىستىلىپ كىردىم.

شۇ ئەسنادا، ئۇشتۇمتۇت كىچىك بالىنىڭ چىرقىراق ئاۋازدا يىغلىغىنى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ يۈرىكىم ئاسقىپ، ئارقامغا ئۆرۈلدۈم - دە، ئەتراپقا ئالاڭلاپ كۆز يۈگۈرتتۈم. قارىسام تۆت - بەش ياشلاردىكى بىر قىزچاق ئاپىسىنى يوقىتىپ قويغىنى ئۈچۈن قورقۇپ كېتىپ چىرقىراپ يىغلاۋېتىپتۇ. بىر كەمدە بىر ئايال توپتىن ئېتىلىپ چىقتى - دە، ھېلىقى قىزنى باغرىغا باستى. قىزچاق شۇ ھامان ۋىلىقلاپ كۈلۈپ ئانىسىنىڭ قوينىغا تىقىلدى. يۈرىكىم بىردىنلا گۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. بەزگەك ئادەمدەك لاغىلداپ تىترەپ كەتتىم. يۈرىكىمدە ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان بىر ئەندىكىش، ھولۇقۇش، ئەندىشە، سېغىنىش تۇيغۇسى دولقۇنلاندى. مېڭەمدە بىر دەھشەتلىك سوراقنىڭ ساداسى ئەكسلىنەتتى.

ھېلىقى ئۆيدە ھېچنېمىنى تۇيماي تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئىككى نارەسىدىنىڭ مەسۇم چىرايلىرى كۆز ئالدىمدا ئەينەن سۈرەت بولۇپ ئەكسلىنىپ كەتتى. ئۇلار ئويغانغانمىدۇ؟ ئۇلار مېنىڭ يوقلۇقۇمنى بايقىغاندىن كېيىن نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئۇلارنى ئەمدى كىمنىڭ قولىغا تاشلاپ كېتىمەن؟؟!

مەن شۇ دەقىقىدىلا، ھەقىقىي سۈرەتتە ئۆزۈمنى تېپىۋالدىم. بىر ئادەم دۇنيادا نېمە

ئۇچۇن ياشايدۇ؟ پەقەت ئۆز قايغۇسى، ھەسرىتى، بەختى، ئىستىقبالى ئۈچۈنلىما؟ ئادەملەر ئالدىدا، جەمئىيەت ئالدىدا، مىللەت ئالدىدا ئۆز زىممىسىگە ھېچقانداق بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتنى ئالمىغان بىر باياشات ئادەمنىڭ سېمىز ۋە توق ھايۋاندىن قانداق پەرقى بار؟

مەن دەسلىپىدە ئۇ باللار بىلەن يولۇقۇپ قېلىشنى تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش دەپ چۈشەنگەن ۋە ئادەمچە ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسىدىلا ئۇلارغا ياردەم قولۇمنى سۇنغانىدىم. كېيىن بولسا، ئۇلارنى تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىغىنى ئۈچۈنلا ئۇلارغا باشپاناھ بولدۇم. لېكىن بۇ جەرياندا مەن بىر خىل مەجبۇرىيەتلىك، پاسسىپلىق تۇيغۇسىدا ئىدىم. ئۇلارنى گويا يەلكەمگە بىھۇدە ئارتىۋالغان بىر يۈك دەپ تونۇغانىدىم. شۇڭا، جان ھەلقۇمغا يەتكەندە ئۇلارنى تاشلاپ قېچىپ چىققانىدىم! لېكىن، ئەمدىلىكتە ئويلىسام، ئىش بۇنداق ئاددىي ئەمەس ئىكەن.

مەن ئاشۇ پاسسىپلىق ئىچىدە يەنىلا بىر ئانىنىڭ رولىنى ئالغانىدىم. مەن بۇ رولنى بىر خىل تاسادىپىيلىق ۋە ۋاقىتلىق دەپ قارىغانىدىم. لېكىن. . . مەن باللارنىڭ نەزىرىدە بىر كۆيۈمچان ئانا بولۇپلا قالماي، ئاشۇ بىچارە مەسۇملار مېنىڭ يۈرىكىمدە بىر ئانىنىڭ يۈرىكىدە بولۇشقا تېگىشلىك بىر ئۇلۇغ مۇھەببەتنى ئاللىقاچان بىخلاندۇرۇپ بولغانىكەن! مەن ئاللىقاچان بىر مېھرىبان، كۆيۈمچان، پىداكار ئانىغا ئايلىنىپ بولغانىكەنمەن! مەن شۇ مىنۇتتا شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، مەن ھېچنەگە كېتەلمەيتتىم. بىر مېھرىبان ئانا ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىنى تاشلاپ ھېچنەگە كېتەلمەيتتى!

شۇ خىياللار بىلەن يۈرىكىمدە ئاشۇ باللارغا نىسبەتەن بىر خىل ئانىلارچە خۇشاللىق ۋە مۇھەببەت شاۋقۇنلىسا، يۈز - كۆزلىرىم ئورۇنسىز قىلىقىم ئۈچۈن پەيدا بولغان پۇشايماندىن، نومۇس ۋە ئۇياتتىن لاۋۇلداپ كەتتى.

مەن ھېچ ئىككىلەنمەستىن تورمايلا بېلەت ساتىدىغان زالدىن يېنىپ چىقتىم - دە، رەستىگە قاراپ ماڭدىم. بۇ پۇللارغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالىمەن، مەن يېتىپ بارغۇچە باللار ئويغانمىغان بولسۇن ئىلاھىم! ئۇلار مېنى يوقىتىشقا ئۈلگۈرمىگەن بولۇشسۇن ئىلاھىم! ئۇلار مېنىڭ قېچىپ كەتكىنىمنى ئەبەدىي بىلمەي قالسۇن ئىلاھىم! . . .

مەن ئاشۇ خىياللار بىلەن چوڭ كوچىدا خۇددى ئېلىشىپ قالغاندەك يۈگرۈپ كېتىۋاتىمەن. «باللار ئىسسىق كىيىمگە، تەملىك ۋە ئىسسىق تاماققا ئىگە بولىدۇ، ئۆيىمىز ئىسسىيدىغان بولىدۇ! ئۇلار ئاچلىقتا سارغايمايدۇ، سوغۇقتا دۈگدەيمەيدۇ، «ئانا» دەپ زارلىمايدۇ. ئۇلار ئەمدى ھەممە نەرسىگە ئىگە بولىدۇ!» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلايمەن. يۈرىكىمنى بىر خىل ئانىلىق ئەندىكىشى، بىر خىل ئانىلىق مۇھەببىتى، بىر خىل قۇربان بېرىش ھېسسىياتىغا ئېرىشكەن خاتىرجەملىك، پەخىرلىنىش ۋە شادلىق تۇيغۇسى قىستاپ ئاغرىتىدۇ.

9

شۇ كۈندىن باشلاپ مەن دېۋانە بولۇپ قالدىم. مانا بىز ھازىر ناھايىتى ياخشى ياشاۋاتىمىز. بۇ يىل يازدا باللارنى مەكتەپكە بەردىم، ئوغۇل 1 - يىللىقتا، قىز تەييارلىق سىنىپتا ئوقۇيدۇ.

تاڭ بىلەن تەڭ قوپۇمەن - دە، بىر ۋاقىتلىق نامىزىمنى ئوقۇۋېلىپ ئاپتوبۇس تورغۇسىغا يۈگرەيمەن. بۇ چاغدا باللار تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان بولىدۇ. چاي ۋاقتى بىلەن ئەتىگەنلىك «تىجارەت»نى تۈگىتىپ ئۆيگە قايتىمەن. باللارنى كىيىندۈرۈپ، چېيىنى ئىچكۈزۈپ مەكتەپكە يولغا سالىمەن ۋە چۈشلۈك تاماققا تۇتۇش قىلىمەن. چۈشتىن كېيىن ئۇلارنى مەكتەپكە ماڭدۇرۇۋېتىپ، كەچلىك «تىجارەت»كە چاپىمەن. ئاخشىمى ھەممىمىز خۇشال - خۇرام ئولتۇرۇپ تاماق يەيمىز. ئاندىن باللار تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەيدۇ. مەن ئانچە - مۇنچە ياماقچىلىق قىلىمەن، باللارنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيىمەن. باللار تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولغاندا مەنمۇ بىكار بولىمەن - دە، ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرىمەن. ئاندىن مەن ئۇلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىمەن، ھېكايە، چۆچەك سۆزلەپ بېرىمەن،

گاھىدا دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىمەن، باللار ئۇسسۇل ئوينايدۇ. تېلېۋىزور دېگەن نەرسىنى ئالمىدىم. باللارنى ۋە مېنىمۇ بىكارچى قىلىۋېتىدىكەن، نەدىكى ئەمەس ئىشلارنى كۆرسىتىدىكەن، ھەر قانداق بولسىمۇ خۇدا بەندىسىنى ئىماندىن، ئىنساپتىن، پاكلىقتىن ئايرىمىسۇن! ئاشۇ باللارنى ئەدەبلىك، ئەقىللىق، مېھرىبان، ئاق بىلەن قارىنى، ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىيالايدىغان، ھەقىقىي ئۇيغۇر بالىسى بولۇپ ئۆسسۇن دەيمەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ پاك، بىغۇبار يۈرىكى زەررىچە بولسىمۇ بۇلغانماسلىقى كېرەك. تېلېۋىزورنى كۆرۈپ چۈشەنگۈدەك، ھېلىقى ناشايانچىلىقتىن نەپرەتلەنگۈدەك بولغاندا ئېلىپ بېرەرمەن. مەن ئاشۇ سەبىيلەرنىڭ دىلى دەخمىز يەپ قالمىسۇن دەپ ئۆزۈمنىڭ نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىمنىمۇ ئۇلاردىن يوشۇرىمەن. شەھەردە خىزمەت قىلىمەن دەپ قويىمەن. ئۇلارمېنى خىزمەتكە كەتتى دەپ چۈشىنىشىدۇ.

ھە، ئېيتماقچى، مەن موماينىڭ قىرقىنى بېرىپ بولغان كۈنى بېرىپ باللارنىڭ دادىسىنى يوقلاپ كەلدىم. نۇرجان 30 ياشلاردا بار، چېچەن، ساغلام يىگىت ئىكەن. ئۇ دەسلەپتە مېنىڭ يوقلاپ كەلگىنىمنى كۆرۈپ ھېچنېمىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ قالدى. كېيىن مەن بولغان ئىشلارنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردىم. ئۇ قاتتىق ئازابلاندى، قايغۇردى ۋە ئاخىرىدا ماڭا رەھمەت ئېيتىپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. مەن ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ قايتىپ كەلدىم. ئۇنىڭغا: «باللىرى سىلىنى بەك سېغىنىدى، ئوبدان ئۆزگىرىپ، ئىتتىكرەك يېنىپ چىقىپ، بالا - ۋاقىللىرىنى قوللىرىغا ئالىدىغان ئىشنى قىلسىلا، مەنمۇ ئازاد بولۇپ ئۆزۈمنىڭ يولىنى تېپىۋالاي!» دېدىم. كېيىنكى قېتىم چىققىنىمدا باللارنى ئالغاچ چىقتىم. خۇشلۇقىدىن باللارنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى. كېتىدىغان چاغدا دادىسىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىشىۋېلىپ قويۇپ بەرگىلى ئۇنىماي مېنى خېلى ئاۋارە قىلىشتى. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ باشلىقلىرى: «سىلە كېلىپ كەتكەندىن كېيىن نۇرجاننىڭ ئىپادىسى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ كەتتى. يېقىندا خىزمەت كۆرسەتتى، يۇقىرىغا ئۇنىڭ مۇددىتىنى بىر يىل قىسقارتىش توغرىسىدا يا بولمىسا جازا مۇددىتىنى تۈرمىنىڭ سىرتىدا ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلدۇق، تەستىقلىنىپ قالار، ئۇ چاغدا ئۇ قايتىپ كېتىدۇ» دېيىشتى. بۇنى ئاڭلاپ ئۈچام خېلى يېنىكلىشىپ قالدى. مانا بۈگۈنمۇ شۇ يەرگە كېتىۋاتىمەن.

ئانچە - مۇنچە پۇل يىغدىم، ئەمدى باشقىچىرەك پىلانىم بار. ھېلىقى سىلە تاماق يېگەن ئاشخانىنىڭ ئىجارە ۋاقتى توشقانىكەن، ئۆي ئىگىسى ئۇ دۇكاننى ماڭا بىكارلىتىپ بېرىدىغان بولدى. مەينەتچىلىكنىڭ دەستىدىن ئۇ دۇكان خېرىدارسىز قالغانىدى. خۇدايىم بۇيرۇسا، پات ئارىدا ئۇ دۇكاننى قولۇمغا ئېلىپ، راۋۇرۇس بىر ئاشخانا قىلىپ ئاچىمەن. ئەمدى ھېلىقى ھاقارەتلىك «كەسىپ»دىن قۇتۇلىمەن. ۋاقتى كەلسە، ھېلىقى ئۆزۈم ئىشلىگەن ئاشپۇزۇلنىمۇ قولۇمغا كىرگۈزىمەن، ئۇ ئاشپۇزۇلنىڭ ھېلىقى سۇيدۇكى بۇزۇق خوجايىنىنىمۇ مەدىكارچىلىقتا بىر ياللىۋالسام دەيمەن، ھېلىھەم بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ قانداق قىز ئىكەنلىكىمنى بىر تونۇتۇپ قويىمەن، ئاخىرى.

زەيتۇنە سۆزلەشتىن توختىدى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ پاكىز ۋە نۇرانە چېھرىدە ئۆزىگە نىسبەتەن بىر خىل ئىشەنچ ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى كۆردۈم. ئۇ سەلگىنە قېلىن كەلگەن لېكىن بەكمۇ چىرايلىق لەۋلىرىنى كۈچ بىلەن ھىمىرىپ ماڭا بىر خىل قەتئىي سوراق مەنىسىدە «لاپپىدە» قاراپ قويدى ۋە شۇ ھامانلا ئاپتوبۇس كۆزنىكىدىن ناھايىتى تېزلىكتە ئارقىمىزدا تاشلىنىپ قېلىۋاتقان تۇتاش ئېتىز ۋە باغ - ۋارانلار تەرەپكە قارىۋالدى.

مېنى تولىمۇ مۇرەككەپ بىر خىل سېزىم چۇلغىۋالغانىدى. زەيتۇنەنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ گويا بىر كىنو كۆرگەندەك بولدۇم. ئەپسۇسكى بۇ كىنو ئەمەس، ئەكسىچە بىر قورقۇنچلۇق رېئاللىق ئىدى! بۇ قىزنىڭ ئوبرازى شۇ تاپتا كۆڭلۈمدە بىر خىل ئەپسانىۋى تۈس

ئالماقتا. ئادەملەر توغرىسىدىكى ئادەتلەنگەن چۈشەنچەم ۋە كۆزىتىش ئۇسۇلۇم مۇشۇ مىنۇتتا ئۆزۈل - كېسىل بەربات بولماقتىدى.

بىز ئادەتتە، ياشاشقا چارىسىز قالغان بىر ياش يىگىتنىڭ ئاخىرىغا بېرىپ بىر ئەشەددىي ئوغرى بولۇپ كەتكەنلىكىنى قوبۇل قىلالايمىز ۋە يەنە دەل ئەشۇنداق ئەھۋالدا قالغان بىر قىزنىڭ خۇپىيانە ياكى ئاشكارە شەكىلدە ئىپپىتىنى سېتىش يولىغا كىرگەنلىكىنىمۇ ھېچ ئىككىلەنمەي قوبۇل قىلالايمىز - يىگىتنى يەتتە ئەزايى بېجىرىم بولسىمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى جەمئىيەت ۋە ئادەملەر ئۇنىڭغا ئەمگەك قىلىش، ئۆز تەرى ھېسابىغا ھالال ياشاش پۇرسىتىنى بەرمىگەن دەپ قارىساق، قىزنى بولسا، ھايات ئۇنى قوينىغا ئالمىغىنى ۋە ئاجىز بولغىنى ئۈچۈن ئۆزىدىكى بار نەرسىنى، ئاشۇ قىممەتلىك ۋە باھاسىز پاكلىقىنى ساتماسلىقتىن باشقا نېمە چارىسى بار؟ دەپ قارايمىز. لېكىن ئاشۇ يىگىت ياكى قىزنىڭ ئاچلىق ۋە چارىسىزلىق تۈپەيلى باشقىلارغا قوللىرىنى سۇنۇپ بىر پارچە نان تىلەۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈشنى خالىمايمىز، ئۇلاردىن سەسكىنىمىز، يىرگىنىمىز، نەپرەتلىنىمىز!

ئىش يۈزىدە ئوغرىلىق، ئىپپىتىنى سېتىش ۋە تىلەمچىلىك ئوخشاشلا توغرىدىن توغرا نومۇس، ئۇيات ۋە ئادىمىلىك غۇرۇرىغا تاقىشىدىغان قىلمىش. ئوغرىلىق ۋە ئىپپىتىنى سېتىش ئۆزىنىڭ ئۇيات ۋە نومۇسىنى ئاياغ - ئاستى قىلىش بىلەن بىللە يەنە باشقىلارنى قان يىغلىتىش، قاقشىتىش، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش، باشقىلارنى ئازدۇرۇش، كىشىلەرنى توغرا يولدىن چىقىرىش، كېسەل تارقىتىش، ئائىلىنى بۇزۇش، بىگۇناھ بالىلارنىڭ يېتىم قېلىشىغا سەۋەب بولۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىر خىل جىنايى ھەرىكەت!

ئەمدى تىلەمچىلىك مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئۇيات ۋە ئار - نومۇسىنى دەسمايە قىلىدىغان بىر خىل پەسكەشلەرچە قىلىق، لېكىن تىلەمچى باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلمايدۇ، باشقىلارنى قاقشاتمايدۇ، باشقىلارنى ئازدۇرمايدۇ، ئۇ ئىجتىمائىي ساغلاملىق ۋە ئائىلىلەرنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن ھېچقانداق خەۋپ سالمايدۇ - بېقىشسىز قالغان قېرى - چۆرىلەر، يېتىم يېسىرلار، جىسمانەن ئېيىپناقلار ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، مېڭىشقا يول تاپالمىغان بىر بىچارە قىزمۇ ھەم! ئادەتتىكى ئەھۋالدا پەقەت ياشاشقا چارىسىز قالغان كىشىلا مۇشۇ ھاقارەتلىك چىقىش يولىنى تاللىۋالىدۇ.

لېكىن بىز نېمە ئۈچۈن يەنىلا ئەشۇنداق ئويلايمىز؟ بىز بىر جىنايى چېركىنلىكنى قوبۇل قىلالايمىزۇ، ئەكسىچە بىر چارىسىزنىڭ ھايات ئۈچۈن جان تالىشىپ تىركىشىشىنى قوبۇل قىلالمايمىز؟!

زەيتۇنەدەك بىر گۈزەل، پاكىز، بىغۇبار قىزنىڭ بىر بوردا نان ئۈچۈن قاراڭغۇ سوقماقلاردا «مېھمان» ئۇۋلاپ يۈرگىنىنى كۆرسەك، «ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئىشىم!» دەپ ئويلاپ، بېشىمىزنى بۇراپ كۆرمىگەنگە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىمىزۇ، ئۇنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نېمىز يۈزىنى قېلىن قىلىپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقىنىنى كۆرسەك، ئۇنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىۋېلىپ مېڭىمىزنىڭ تۈرلۈك قىياسەن ئىللەتلىرىنى ئۇنىڭغا توقۇيمىز، ئۇنى مەسخىرە قىلىمىز، ئۇنى كەمسىتىمىز، ئۇنىڭدىن يىرگىنىمىز، ئۇنىڭغا لەنەتلەر ياغدۇرىمىز؟!

مەن زەيتۇنەنىڭ بىكەتتە تىلەمچىلىك قىلىۋاتقىنىنى كۆرگىنىمدە شۇنداق ئويلىغانىدىم - ئۇنىڭدىن سەسكەنگەن، يىرگەنگەنىدىم، ئۇنىڭ توغرىسىدا ئۇنى تۈنجى رەت كۆرگىنىمدە يۈرىكىمدىن ئۇرغۇپ چىققان ئاشۇ گۈزەل تەسىراتلار، ئىنژگۇ ھىسلار، قىممەتلىك ۋە قەدىردان سېزىملىرىم ئۈچۈن ئۆكۈنگەنىدىم. لېكىن ئەمدى بولسا. . .

- سىز بايا «بىر كۈنلۈك ۋەزىپە نورمام توشتى» دېدىڭىز، نورمىڭىزنى نېمىگە قاراپ ۋە قانچىلىك بەلگىلەيسىز؟! - مەن ۋۇجۇدۇمدا يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان پىكىرلەرنىڭ لەرزىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرماقچى بولغاندەك ئۇشتۇمتۇت ئېغىز ئاچتىم. ئۇدۇلىغا تېكىلگىنىچە مۆڭلۈق خىياللارغا

چۈمگەن زەيتۇنە ئادىتى بويىچە ماڭا سوراق مەنىسىدە «لاپپىدە» قاراپ قويدى ۋە گوت يېنىپ يالقۇنلاپ تۇرغان چىرايلىق كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ كۈلۈۋەتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ سوئالىدىن سەل خىجالەت بولۇپ قالدىم. لېكىن نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم ئازادە بولۇپ قالغانىدى. بۇ بەلكىم ھاياتىمدىن بېرى يۈرىكىمنى سىقىپ تۇرغان نازۇك ۋە كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان سوئالنىڭ جاۋاب تاپقانلىقى، ئۆزۈم ئېغىز ئېچىشقا قورقىدىغان تېمىنىڭ زەيتۇنە تەرىپىدىن مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا تاشلانغانلىقى تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، ياكى ئۇنىڭ ئەشۇ جانغا راھەت بېغىشلايدىغان شېرىن ۋە قۇۋناق كۈلكىسىنىڭ تەسىرىدىنمىكىن.

- مەن باي بولارمەنمىكىن دېگەن ئۈمىدتە تىلەمچىلىك قىلغىنىم يوق، بۇنداق يول بىلەن ئېرىشكەن بايلىق مەن ئۈچۈن توڭگۇز گۆشىدەك ھارام! مەن پەقەت ئۈچ جاننىڭ موھتاجلىقى بىلەن بۇ يولغا كىرىپ قالدىم، شۇڭا ئۈچىمىزنىڭ بىر كۈنلۈك ئەڭ زۆرۈر موھتاجلىقىمىز ھەل بولسىلا ماڭا شۇ كۇپايە! مەن ئاشۇ بىر كۈنلۈك خىراجەت ئۈچۈن تىلەيمەن، ئۇنىڭ نېرىسىغا تىيىننىڭ سۇنۇقىنىمۇ تەمە قىلمايمەن، مېنىڭ بىر كۈنلۈك «ۋەزىپە نورمام» ئاشۇ بىر كۈنلۈك خىراجىتىمىز، - دېدى زەيتۇنە. ئۇ يەنە ئۇدۇلىغا تىكىلگىنىچە جىم بولدى.

- ئۇنداقتا، سىز ئاشخانا ئاچماقچى بولغان پۇل...

قىز بوغچىسىنى قىمداپ قويۇپ ماڭا بۇرۇلدى:

- تىلەمچىلىك دېگەندە، خەق ئۆزى خالاپ بەرگەننى ئالىدىغان گەپ، تاپاي دېسىڭىز بىر كۈندە خېلى پۇل تاپقىلىمۇ بولىدىكەن، لېكىن مەن بۇ يولغا پۇل تاپاي دەپ كىرمىدىم. مۇبادا كاللامغا بۇنداق خىيال كىرىپ قالسا، ئۆزۈمدىن ئۆزۈم سەسكىنىپ كېتىمەن. ئۆزۈمگە: «توختاپ قال زەيتۇنە، بۇ ساڭا كەسىپ ئەمەس، ئارتۇقى ساڭا ھاقارەت!» دەپ ھەر دائىم ئەسكەرتىپ تۇرىمەن: ئۈچامدىكى بىر قۇر كىيىم - كېچەكنى، بالىلارنىڭ ئوستىبېشىنى، ئانچە - مۇنچە ئۆي بىساتىنى ئاشۇ بىر كۈنلۈك خىراجەتتىن تېجەپ - تۈشكەن پۇلغا قىلدىم، ئاشپۇزۇلغا تەييارلىغان پۇلمۇ ھەم شۇنداق جەملەنگەن! بىر كۈن دېگەن جىق يېسىمۇ ئۆتۈپ كېتىدىكەن، ئازراق يېسىمۇ ئۆتۈپ كېتىدىكەن.

زەيتۇنە مەندىن كۆزىنى ئېلىپ، لېۋىنى يېنىككىنە چىشلىگىنىچە ئۇدۇلىغا تىكىلدى.

شۇ كۈنلەردە، پۇل ئۈچۈن بانكا بۇلاۋاتقان، كېچىسى يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتقان، ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقان، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا پىچاق سېلىۋاتقان، ئالدامچىلىق، جەللىگورلۇق، كۆتۈرەمچىلىك قىلىۋاتقان ياش يىگىتلەر ئازمۇ؟! بىر چېكىم خىروئىن ئۈچۈن، بىر تال مودا كۆڭلەك ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نومۇسىنى، قىزلىقىنى قېرىنى قېرى، ياتنى يات دېمەي ئازغىنا پۇلغا سېتىۋاتقان قىزلارچۇ؟!

ئادەمنىڭ ئادىمىلىكى - ئۇنىڭ بىر خىل بۇرچىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىدا.

ئۆزىنى «بالام» دەپ تەپچىرەپ - سىرغىپ تۇرغان يۈرىكىنىڭ قىپقىزىل قېنى ھېسابىغا بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا - ئانىسى ئالدىدا، ئوغۇز سۈتى ئالدىدا، قوۋم - قېرىنداشلىرى ئالدىدا، ئەتراپىدىكى يىراق - يېقىن ئادەملەر ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا، ئۆز قوۋمىنىڭ بابا ئەجدادلىرى، ئۇرۇق-ئاياقلىرى ئالدىدا، كېلىدىغان كۈن ئالدىدا، بوغۇن - ئەۋلادلار ئالدىدا، ياشاۋاتقان ئاجىز ئۇرۇقلار ئالدىدا، مىللىتى ئالدىدا، ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر ۋە جەمئىيەت ئالدىدا ئۆز زىممىسىگە ھېچقانداق بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت ئالمىغان كىشىلەرنىڭ قولىدىنلا ئەنە شۇنداق گۇمراھلىق كېلىدۇ، بۇنداقلار گەرچە «ئادەم» دەپ ئاتالسىمۇ ئىش يۈزىدە ئۇلار ئادەم دېگەن ئاتاققا لايىق ئەمەس، پەقەت ئىككى ئاياغلىقلار خالاس! يەنە بىر ئۆمۈر ھەپىلىشىپ ناھايىتى نۇرغۇن پۇل تاپقان، لېكىن تاپقان پۇلىدىن مىللەتكە، ئەۋلادقا، ئاجىز - ئۇرۇققا سۇنۇق تىيىن مەنپەئەت بەرمەيدىغان ئاچكۆز پۇلدارلارچۇ؟!

ئەگەر ئەيىبلەشكە، سەسكىنىشكە، قارىلاشقا

توغرا كەلسە، ئەنە شۇنداقلار ئەيىبلىنىشى ۋە قارىلىنىشى كېرەك!

چۈنكى ئۇلار ئالدى بىلەن ئادەمگە، ھاياتقا بولغان مۇھەببەتتىن مەھرۇم ئادەملەر! ئۇلارنىڭ «مۇھەببىتى» پەقەت پۇلغا ۋە يەنە پۇلغىلا بېغىشلانغان.

زەيتۇنەنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى، ئۇ پۇل ئۈچۈن تىلەمچىلىك قىلمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇنىڭ زىممىسىدىكى، ھېلىقى بېقىشسىز قالغان بالىلار ئالدىدىكى ئىنسانىي بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئۇنى تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ! پۇلغا ئەمەس، ئەكسىچە ئاشۇ بالىلارغا، ئاشۇ چارىسىز سەبىيلەرگە بولغان ئادەمچە مۇھەببەت، ئانىلارچە سۆيگۈ ئۇنى تىلەمچىلىك قىلغۇزىدۇ!

ئاپتوبۇسنىڭ تورمۇز قىلىپ توختىغان چاغدىكى سىلكىنىشىدىن چۆچۈپ ئۆزۈمگە كەلدىم. پەيزاۋات ئاپتوبۇس تۇرغۇسىغا يېتىپ كەلگەنىكەنمىز. ئاپتوبۇستىكىلەر ئۇيقۇلىرىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، يېرىم گاراڭ ھالەتتە سومكا - خۇرجۇنلىرىنى جۆندىشىپ ئىشىككە تىقىلىشتى. بىزمۇ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، قېقىلىپ - سوقۇلۇپ ئاپتوبۇستىن چۈشتۇق.


- خوش، خۇدايىمغا ئامانەت، خۇدايىم بۇيرۇسا قەشقەردە كۆرۈشەرمىز.


زەيتۇنە بەرق ئۇرۇپ تۇرغان گۈلدەك بىر خۇش خۇي گۈزەللىكنى ئەتراپقا تارىتىپ مەن بىلەن خوشلاشتى - دە، قارا قىلچىنىغا بارىدىغان تراكتورغا چىقىپ يۈرۈپ كەتتى. مەن ۋۇجۇدۇمنى ئەسىر قىلغان بىر خىل مۇڭ ئارىلاشقان ھېرىسمەنلىك، ھۆرمەتلىك، سۆيۈنۈش ۋە يەنە ئاللىقانداق تۇيغۇلارغا چىرمالغان ھالەتتە، پۈتۈن جاھاننى بېشىغا كىيىپ «توت - توت»لاپ ۋە ئاسمان - پەلەك توپا توزىتىپ كېتىپ بارغان ئەسكى تراكتورنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم.

«ھېلىقى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا ئىكەنسەن، ئوت - ئاتەش لاۋۇلداپ تۇرغان دوزاختا بولساڭمۇ نەقەدەر بەختلىكسەن - ھە؟! چۈنكى. .. چۈنكى. . . سېنى شۇ تاپتا ئاشۇ زەيتۇنە يوقلاپ كېتىپ بارىدۇ - دە!» دەپ ئويلاپ قالدىم ئۇشتۇمتۇت. شۇ تاپتا، مېنىڭ ھېلىقى ئەمگەك مەيدانىدا ئۆزگەرتىلىۋاتقان قانداقتۇر نۇرجان ئاتلىق بىرسىگە غايىبانە ھەۋەسىم كېلىۋاتاتتى - نۇرجان - زەيتۇنە بېقىۋاتقان بالىلارنىڭ دادىسى ئىدى - بۇ خىيال بىلەن تەڭ ئىچىمدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان بىر خىل كۆيدۈرگۈ دولقۇن كۆكرىكىمنى قىسىشقا باشلىدى. «پەقەتلا ھەۋەسمۇ؟! ياكى ھەۋەسنىڭ تەكتىگە يەنە باشقىچىرەك بىر سېزىم يوشۇرۇنغانمۇ!؟ يەنە مەسىلەن، غايىبانە كۈندەشلىك دېگەندەك!» بۇ سوئالدىن يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى. مەن بۇ قورقۇنچلۇق لېكىن نېمىشقىدۇر يېقىملىق ۋە شېرىن خىيال قۇچىقىدىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك ئارقامغا ئۆرۈلدۈم - دە، پەيزاۋات بازىرى تەرەپكە مېڭىپ كەتتىم. لېكىن قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە بايىقى تراكتورنىڭ يېقىمسىز «توت - توت»لىرى ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇردى. ئويلىسام، ئۆزۈم باشقا تەرەپكە كېتىۋاتقىنىمنى بىلەن قۇلىقىم يەنىلا ئاشۇ تراكتورنىڭ ئاۋازىغا تىكىلگەنىكەن. تراكتورنىڭ ئاۋازى بىردىنلا بىر يېقىملىق گۈزەل كۈيگە ئايلىنىپ يۈرىكىمنى پەپىلەشكە باشلىدى.

مەن بىردىنلا ئېسىمگە كەلسەم، باياتىندىن بېرى توختىماي: «زەيتۇنە، زەيتۇنە» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلاۋېتىپتىمەن. بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ ساراڭلىقىدىن كۈلۈۋەتتىم. «نەدىكى بىر تىلەمچى قىزنى - ھە؟! لېكىن. . . لېكىن روھى ۋە ۋۇجۇدى پەرىشتىدەك پاكىز، ئارزۇ - ئارمانلىرى گۈزەل، بويى گۈلدەك زىبا، ئاي يۈزلۈك تىلەمچى قىز - زەيتۇنەنى! شۇنداق، مەن - مەن دېگەن يىگىتلەرنى ئۆز ئىشقىدا تىلەمچى قىلىۋېتەلەيدىغان تىلەمچى قىزنى؟!» مەن قەتئىي بىر قارارغا كەلگەندەك، مۇشتۇمۇمنى مەھكەم تۈگدۈم! لېكىن بۇ قەتئىي قارارىمنىڭ قانداق قارار ئىكەنلىكىنى ھازىرچە ئۆزۈمدىنمۇ يوشۇرۇشقا مەجبۇر مەن. چۈنكى زەيتۇنە ھازىرچە خەقنىڭ نەزىرىدە پەقەت بىر تىلەمچى! كىيىنچۇ؟! بۇنى پەقەت بىر خۇدا ۋە بىر ئۆزۈملا بىلىمەن.

1993 - يىل نويابىر، ئۈرۈمچى



(ھېكايە)

**زوردۇن سابىر**

يوغان بۇرۇن، كىچىك كۆز، ساقىلى قىرىلغان، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان بۇ ئادەم كۈندىن قېچىپ يەنە كۈنگە قاقلاندى، بۇ ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇنتۇغاقلىق كېسىلىنىڭ كاساپىتى. تۇغقانلىرىنىڭ، يېقىنلىرىنىڭ ھەتتا بالىلىرىنىڭ ئىسمىنىمۇ پات - پات ئۇنتۇپ قالىدىغان بۇ ئادەم تاللىۋالغان ئورنىنىڭ ماشىنا غەربكە ماڭغاندا كۈن چۈشۈۋالىدىغان يەر ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟

كۈن نۇرى ئۇنىڭ كۆزەينىكىگە نەشتەردەك سانجىلىپ، كۆزلىرىنى ياشاڭغىرىتىشقا، ئاجىزلاشقان ئەسەبىي نېرۋىلىرىنى تىنىمسىز غىدىقلاپ، ئازابلاشقا باشلىدى.

ـ دوزاخ! ـ دېدى ئۇ تەرىنى تۇرۇپ بىئارام بولۇپ، قۇياشنى تىللاپ ۋە: «بەلكى قۇياشنى تىللىغان بىرىنچى ئادەم مەندىمەن، بۇ مېنىڭ قەھرىمانلىقىممۇ ياكى رەزىللىكىممۇ؟» دېدى ئىچىدە غوتۇلداپ ۋە بۇ سۆزۈمنى بىرسى ئاڭلاپ قالدىمىكىن دەپ ئەتراپىغا تەشۋىش بىلەن قاراپ قويدى.

... قۇياشسىز گۈزەللىك بولمايدۇ؛ يېشىللىق، يورۇقلۇق، ھارارەت، پارقىراق تاغلار، چەكسىز داللار ۋە مۇشۇ چاغنىڭ ئۆزىدە

قوياشتىن چەكسىز ھوزۇر ـ ھالاۋەت كۆرۈۋاتقان سانسىز جانلىقلار ۋە جانسىزلار ئۇنىڭ بايىقى تىلىنى ئاڭلىسا چوقۇم ئۇنى «قەھرىمان» دېمەيدۇ، «رەزىل» دەيدۇ.

ـ بوپتۇ، مەن رەزىل! ـ دېدى ئۇ ئۇنلۇك سۆزلەپ، ـ رەزىللىك ئەيىبمۇ، ئارتۇقچىلىقمۇ؟

ـ كىمنى تىللاۋاتىسىز ئەپەندىم؟ ـ دېدى ئۇنىڭغا ياندىش ئولتۇرغان ۋە ئۆزىنى ئىنككى سائەتتىن بېرى تۆت قېتىم تونۇشتۇرغان تاقىر باش ئادەم غارالڭ ـ غۇرۇلڭ ئاۋازى بىلەن ئۇنىڭ ئوخسىلى قايىنتىپ، ـ ئۆيدىن رەنجىپ چىققان ئوخشايسىز ـ ھە؟ كەيپىڭىز ياخشىلىنىپ كېتىدۇ. كۈن ئولتۇرۇشقا يەنە 10 سائەت بار ئەمەسمۇ. قارالڭ، ئاۋۇ موللام توختىماي تەسۋى سېرىۋاتىدۇ، ئۇ ھېچ بولمىسا يەتمىشتە بار. تەسۋىسى ھەرەمنىڭ ئىكەن. بەلكى ئۇ قىلغان ساۋابلىق ئىشلىرىنى ساناۋاتقاندۇ ياكى قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى! ھەپچۇش!

«ئىلاھىم مۇشۇ چۈشكۈرۈك بىلەن زۇۋانىڭ تۇتۇلار!» دېدى بىزنىڭ «رەزىل» (ئۇز ئىقراسى). ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ.

ـ موللامغا 20 كويچەن بەرسەم ئورنىنى تېگىشىپ بېرەرمۇ؟

ـ نېمە دېدىڭىز ئەپەندىم، ـ دېدى ئۇ رەنجىش بىلەن ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، ـ 60 كويچەن خەجلەپ بۇ 16 كىشىلىك مىنىبۇسقا ئولتۇردۇق، ئەمدى يەنە 20 سوم خەجلەپ ئورۇن تېگىشىسىڭىز، ئويلاپ كۆرۈڭ. نېمىدىن بىزار بولغىنىڭىز، نېمىگە رەنجىگەنلىكىڭىزنى يا ئېيتمىسىڭىز، سىز بىلەن دوست بولماق تەس ئوخشايدۇ. بىلەمسىز، مەن سىزنى دەپ بۇ مىنىبۇسقا چۈشتۇم. سىز مېنى بىلمىگەن بىلەن مەن سىزنىڭ دوستىڭىز، غايىبانە دوست دەڭا. ھەر قېتىم دوستلىرىم يادىمغا كەلگەندە تىزىملىكنىڭ خېلىلا بېشىدا سىز بولىسىز.

ـ ئەستاغپۇرۇللا!

ـ ھە، مانا ئەمدى بىزار بولغىنىڭىزنى ئاشكارىلىدىڭىز. ئەپەندىم، بەلكى سىز مۇناسىۋەتشۇناسلىققا دائىر كىتابلارنى جىق ئوقۇغانسىز. ئەمما مەن سىزدىن رازى، بىز يەنە 22 سائەت بىللە ماڭىمىز تېخى.

«يەنە 10 سائەت كۈنگە قاقلىنىدىكەنمەن، 22 سائەت تېتىقسىز گەپ ئاڭلايدىكەنمەن، توۋا، قايسى شەيتان كۆزۈمنى تېڭىپ، قانداق ئېزىتقۇ ئەقلىمنى ئوغرىلاپ بۇنداق ماشىنىغا چىقىپ، مۇشۇنداق ئورۇندا ئولتۇرۇپ قالغاندىمەن.»

ئۇ ھەتتا ماشىنىنى توختىتىپ چۈشۈپ قېلىپ كېيىنگە قايتماقچى بولدى، لېكىن ماشىنىغا چىقىپ بولغاندا قايتىمەن دېسىمۇ قاملاشمايدۇ ـ دە.

ئۇ كۆز ياشلىرىنى ھېلىدىن ـ ھېلىغا سۈرتۈپ، كۆزىنى تىنىمسىز چېلىپ، يۈزىنى كۆيدۈرۈۋاتقان ئىيون قۇياشىنى تىللاپ، ھەمرىھىنىڭ ھايات خاتىرىلىرىدىن قىلىۋاتقان تېتىقسىز ھېكايىلىرىدىن بىزار بولغىنىچە غەربكە قاراپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

. . . قۇياش بولمىسىمۇ يەر يۈزىدە ھاياتلىق بولىۋېرەرمۇ؟ بولىدۇ. ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە قۇياشنىڭ ئورنىدا ئېلېكتىر نۇرىدىن پايدىلانغىلى بولىدىغۇ، مىسالى بالتىق بويلىرىدا، نورماندىيىدە قۇياش كەمدىنكەم چىراي كۆرسىتىدىكەن، ئەمما ئىنسانلار ئۇ يەردىن كۆپرەك رازى. . .

ـ لەنەت!

ـ كىمنى تىللاۋاتىسىز ئەپەندىم، مەشھۇر ئادەملەرنىڭ تىللاشلىرىنى ئاڭلاشمۇ نېسىپ بولدى. ئېيتىڭا كىمنى؟

ـ قۇياشنى!

ـ پاھ، پاھ، پاھ! ـ دېدى ئۇ تەرىنى تۇرۇپ «رەزىل»گە ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، ـ قۇياشقا لەنەت ئوقۇغان داڭلىق ئادەمنى كۆرۈشمۇ نېسىپ بولدى. قۇياش ھەقىقەتنىڭ، مېھىر ـ شەپقەتنىڭ، ئادالەتنىڭ سىمۋولى، ئەپەندىم!

ـ خۇدانىڭ سىمۋولى بولسىمۇ ئىگەكىم!

ـ پاھ، پاھ، بەدىنىنى ھەقىقەتتىن ئۈستۈن بىلىدىغان مەشھۇر شەخسنىمۇ بۈگۈن كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. رەنجىمەڭ، سىزگە بولغان ھۆرمىتىم ئازىيىپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ

ئەپەندىم. ياق، ئەمدى سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ئاتايدىغان بولدۇم، ئۇكام رەھمى!

— رەھمى مېنىڭ تەخەللۇسۇم!

— ئىسمىڭىز ئىبراھىم جالالىددىن ئەمەسمىدى راست. سىز مېنىڭ ئىسمىمنى بىلمىگەن بىلەن، مەن سىزنىڭكىنى بىلىمەن ئىبراھىم جالالىددىن. بىلىشنى خالىمىسىڭىزمۇ ئىسمىمنى دەپ قوياي: ئىسمىم چاۋار، يەنى ئەخلەت دېگەن سۆز، فامىلەم پاسار. ئىسمىم فامىلەم چاۋار پاسار - ئەخلەت - قوناق شېخى دېگەن بولىدۇ. ئىسمىم ئەرەبچە ئەمەس دەڭا، سىزنىڭ ئەرەبچە، ئىبراھىم جالالىددىن.

— تەخەللۇسۇم رەھمى، مېنى تەخەللۇسۇم بىلەن ئاتاڭ ئاكا!

رەھمى بىزار بولۇپ كۈلۈپ قويدى:

«جايىڭنى تاپماپسەن ئەخلەت، - دېدى ئۇ ئىچىدە، - بىراق سەن بولمىساڭ ھاياتنىڭ قىزىقى بولمايدۇ».

— مەن سىزنى ئازابتىن قۇتقۇزۇشقا تەييار، - دېدى چاۋار رەھمىنىڭ تەرلىگەن - قىزارغان يۈزىگە قاراپ قويۇپ، - ئورۇن ئالماشتۇرايلى، سىز تىللىغان قۇياش نۇرىدىن مەن ھوزۇرلىنىپ قۇياشنى مەدھىيىلىۋالاي.

— نېمە خىزمەت قىلىسىز ئاكا؟ - دەپ سورىدى رەھمى نۇر چاقمايدىغان ئورۇندا راھەتلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن رازى بولۇپ، - تونۇشۇپ قويايلى.

— مەن تەرجىمان، 40 يىللىق تەرجىمان، ئەمما ئەدەبىيات ھەۋەسكارى. 62 ياشلىق ھەۋەسكارمەن. پېنسىيىگە چىققىنىم، ئەمما ھېسسىيات بايلىقىم 18 ياشلىق قىزنىڭكىدەك! ھەۋەسنىڭ تۈرتكىسى بىلەن 100 پارچىدىن كۆپ شېئىر، تۆت داستان، 17 پارچە ھېكايە، تۆت پوۋېست، بىر رومان يازدىم. ئەمما ئېلان قىلىنغىنى بىر شېئىر، بىر ھېكايە!

— ھا - ھا - ھا... - رەھمى قاقاقلاپ كۈلۈۋىدى، چاۋار پاسارمۇ ئەگىشىپ كۈلدى. مانا شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ «دوستلۇقى» باشلاندى. چاۋار ئەسىرى ئاز ئېلان قىلىنغىنى بىلەن ئېپى بار ئادەم ئىكەن، بىردەمدىلا شوپۇرنى «قول بالىسى» قىلىۋالدى - دە، خالىغان يېرىدە توختىتىپ، خالىغان ئىشقا سالالايدىغان بولۇۋالدى.

— قېنى، شوپۇر بالام، ئاۋۇ تاۋۇزلارنىڭ تازا تەملىكىدىن بىرنى ئەكەلگىن. خوش، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشقا تۇزلانغان تۇخۇمدىن 10 دانە، 250 گراملىق «ئىلى داچۇ» دىن ئىككىنى ئالغاچ كەلگىن، مانا پۇل!

جۇڭغار دالىسىنىڭ بۈك - باراقسان بوستانلىقلىرى، تېخى ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن چۆللىرى ئەمدى بىزنىڭ «رەزىل» قەھرىمانىمىزغا زېرىكىشلىك تۇيۇلمايدىغان بولدى. ئۇ سۆھبەتدىشىنىڭ ئاخىرلاشمايدىغان «كەچمىش - كەچۈرمىشلەر ئىزاھاتى» دىنمۇ بىزار بولمايدىغان، ئەمدى ئورنىنى بىرسى 20 سوم ئۈستەك بەرسىمۇ تېگىشمەيدىغان بولدى. ئۇنىڭغا 16 كىشىلىك مىنىبۇس خۇددى دائىم دوستلىرى بىلەن جەم بولغاندا كاۋاپ - ھاراق، ئاخىرىدا نارىن كەلتۈرۈلىدىغان «دىلئارامى» رېستورانىدەك كۆڭۈللۈك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ئەمدى ماشىنىدىكى 16 ئادەمگە ئىجادكارنىڭ كۆزى بىلەن قاراشقا باشلىدى:

مۇللام توختىماي تەسۋى سىيرىماقتا، ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان، لەۋلىرى رىتىملىق ھەرىكەتتە. ئۇزۇن، يارىشىملىق چارلاشقان ساقىلى لەۋلىرى بىلەن تەڭ تىترىمەكتە. ئۇ بىرلىرىنى مەدھىيىلەۋاتامدۇ ياكى تىللاۋاتامدۇ؟ ئۇنىڭ يېنىدىكى بومبا ساقال، كۆك كۆز چەت ئەللىك دەپتىرىگە نېمىلەرنى يېزىۋاتىدىكىن، «نېفىتنىڭ ئۈستىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتىمىز دەپ يازغانمىدۇ ياكى كۆكەرگەن يېرىدىن قاقاس چۆللەر كۆپكەن، نېماندىلاق قەدىمى ئاستا دۆلەت بۇ؟» دەپ يېزىۋاتامدىغاندۇ... ئەنە سۆيدى، قىز قىزىرىپمۇ قويمىدى، كۆزلىرىنى يۇمدى، ئۇيغۇرلىرىمىزمۇ جىنسىي - روھىي ئەركىنلىكتە چوڭ قەدەم تاشلىماقتا... ئاۋۇ ئۇخلاۋاتقان سىپمىز ئاداش قانداق چۈش كۆرۈۋاتىدىكىن؟ مۇنۇ ھەممە چىشىغا ئالتۇن قاپلىغاننىڭ گېپى نېمانچە تولا: «غۇلجىدا ئىككى دۇكىنىم بار، ئايالىم بىلەن كىچىك ئوغلۇم ئاچىدۇ. چوڭ ئوغلۇم ئىككىمىز مال توشۇيمىز،

www.uyghurkitap.com

قانچىلىك دەمسىزا؟ ئەلۋەتتە بىزمۇ «تۇمەن» بىلەن ھەپىلىشىمىز - دە. «تىيىن» بىلەن ھېسابلىشىدىغان چاغلار كەلمەسكە كەتتى ئاداش. يۇك باسقان ماشىنىلىرىمىز ئۇرۇمچىدىن غۇلجىغا بارغۇچە «تۇمەن، تۇمەن، تۇمەن»، دەپ سايراپ ماڭىدىغان گەپ. »... پاھ، ئۇنىڭ گەپچىلىكىنى، ھەقىقىي «پوچى» دىن ئىكەن - دە! لېكىن ھازىر زامان مۇشۇلارنىڭ. ئۇنىڭ يوغان گەپ قىلىشقا ھەققى بار. بىر سودىگەرنىڭ ئورنى ماڭا ئوخشاش ئۇمىدىنى قەلەمگە بېغىشلىغان ھەر قانداق «كىچىك يازغۇچى» نىڭ ئورنىدىن يۇقىرى. ئەنە، ساقاللىق تەسۋىچى چېغىدا ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قايرىلىپ قاراۋاتامدۇ؟ پۇلغا خوجايىنلىق قىلغۇچىلار بالدۇر ئېچىلىدىغان سەھرا گۈلىدەك تاتىملىق بولىدۇ. لېكىن بىزدەك بارلىق شۆھرەت ۋە ئۇمىدىنى كەلگۈسىگە تاپشۇرغان «غايە ئەستانىلىرى» مۇ گۈلگە ئوخشايمىز. بىراق بىز گۈلنىڭ قەدىر - قىممىتى قالمىغان ياز پەسلىدە ئېچىلىدىغانلاردىن... بومبا ساقال چەت ئەللىك ئۆچكە ساقال تەسۋىچىگە بىر نېمىلەرنى دېدى، تەسۋىچى قاقاقلاپ كۈلدى، پاھ، ئۇنىڭ چىشلىرىمۇ ساپلا ئالتۇنكەنا! مەيلى، چىشى ئالماس بولسىمۇ مەيلى. ئۇ نېمىگە كۈلىدىكىن، چەت ئەللىك ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېدىكىن؟... ئاشۇ مۇز چىراي تەسۋىچى كۈلگەن بولغاندىكىن چەت ئەللىك چوقۇم ئۇنىڭغا قىزىق گەپ قىلدى - دە، بولمىسا تەسۋىچى كۆز يېشىنى سۈرتۈپ بولۇپ يەنە كۈلەتتىمۇ؟

— سىزچە ئۇ تەسۋىچىگە نېمە دېگەندۇ، قىممەتلىك ھەۋەسكار، ھۆرمەتلىك تەرجىمان، يولداش چاۋار پاسار؟

— يولداش دېمەڭ، ھازىر بۇ سۆز مودىدىن قېلىۋاتىدۇ. «ئەپەندىم» دەڭ، بۇ سۆز «يولداش» نىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدىغان ئوخشايدۇ، ئەپەندىم. ھە، ئاۋۇ چەت ئەللىك ئاۋۇ تەسۋىچىگە نېمە دېدىكىن، ئۇ نېمىگە كۈلدىكىن، بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ دېمەكچىمۇ سىز ئەپەندىم، ئۇنى بىلمەك نان يېمەكتىنمۇ ئاسان. مەنمۇ مانا مۇشۇنداق نەرسىلەرگە قىزىقىمەن. تۇرمۇشنىڭ قىزىقى مانا مۇشۇنداق باشقىلارنىڭ نازۇك سىرلىرىنى بىلىۋېلىشتا. مېنىڭ بىر دەپتىرىم بار، مەخسۇس مۇشۇنداق سىرلارنى خاتىرىلەشكە بېغىشلانغان. مەسىلەن، بىزنىڭ بىر باشقارما باشلىقى ئۆگەي قىزى بىلەن ئۆيدە يالغۇز قالدى. مەن بىزنىڭ بالكوندىن باشقارما باشلىقىنىڭ تېمىغا يامىشىپ ئۆتۈپ...

— پاھ، پاھ!...

— شۇنداق ئۆتۈپ بالكونىنىڭ دېرىزىسىدىن ئۆيگە كىرىپ يان ئۆيدىكى رەزىللىكنى كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، قولىقىم بىلەن ئاڭلاپ... ساق - سالامەت قايتىپ چىقتىم...

— سىزنىڭ قىلىقىڭىز ئۇلارنىڭكىدىنمۇ رەزىل...

— نېمە؟ بەلكى شۇنداقتۇ، لېكىن ئەپەندىم، باشقىلارنىڭ ئۆزىلا بىلىدىغان سىرلىرىنى بىلىۋېلىش تولىمۇ قىزىق، تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىش. ھېلىقى باشقارما باشلىقى ئۆگەي قىزىنى: «جېنىم، بەختىم...» دەپ ئەركىلەتكەندە قىز نېمىلەرنى دېدى دەڭا؟

— قويۇڭ، بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسىمۇ باشقىلارغا دېيىشىڭ ئۆزى رەزىللىك!

— بەلكى شۇنداقتۇ. لېكىن قايسىبىر ئادەمنىڭ جىسمى بىلەن روھى گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ ئارىلاشمىسى ئەمەسكەن ئەپەندىم، مەنمۇ، سىزمۇ، خېلى - خېلى كاتتىلارمۇ شۇنداق. ئۆزىلا بىلىدىغان، ئۆمۈر بويى يوشۇرىدىغان رەزىل ئىشلىرى ھەر قانداق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت. گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ نىسبىتىلا ئوخشىمايدۇ خالاس.

— بۇ سىزنىڭ ھاياتقا بولغان بىر تەرەپلىمە چۈشەنچىڭىز. بىلىپ قويۇڭ، ھاياتىدا بىرەر قېتىممۇ ۋىجدانسىزلىق قىلمىغان، ياكى پۈتۈن ھاياتىنى گۈزەللىك ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا بېغىشلىغان ئادەملەر ھەقىقەتەن مەۋجۇت. بۇنى نەزەرىيە بىلەنمۇ، پاكىت بىلەنمۇ ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ.

— نەزەرىيە ھېسسىيات ۋە سىياسەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، ئەپەندىم. پاكىت دېگىنىڭىز قوپال نەرسە، يەنى ئاشكارىلانغان ئىشلار. مېنىڭ دەۋاتقىنىم تىل بىلەن

ئىپادىلىگىلى، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان مەۋھۇم نەرسىلەر. بۇ مەۋھۇم نەرسىلەر توغرا ھۆكۈمگە ئاساس بولالايدىغان ئەقلىي قىياس، يەنى گۇمان ۋە پەرەزدىن پەيدا بولىدۇ.

— لېكىن سىزنىڭ ھېلىقى باشقارما باشلىقى توغرىسىدىكى خۇلاسىڭىز يەنىلا پەرەز ئەمەس، رەزىل قىلمىش، ئوغرىلىقچە كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرىش بىلەن پەيدا بولغان.

— سىز مېنى رەزىل دەپ ئۈچ قېتىم ھاقارەتلىدىڭىز، ئەمما ئۆزىڭىزنىمۇ ئۈچ قېتىم رەزىل دېدىڭىز، ئەمدى تەڭلەشتۇق. شۇنداق قىلىپ بىز نازۇك سىرلار توغرىسىدىكى مۇنازىرىگە قايتىمىزمۇ ياكى سىزگە، چەت ئەللىكنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلىش قىزىقارلىقمۇ؟

— بىر قېتىم قاتنىسىڭىز ئېقىم - چىقىمدىن باشقا نەپچىلىك پايدا ئالالايسىز لاۋبەن؟

كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان چىرايلىق يىگىت ئالتۇن چىشلىقتىن خۇشامەت كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ سورىدى. ئالتۇن چىشلىق چىشلىرىنى كۆز - كۆز قىلغۇاتقاندەك قاقاقلاپ يالغان كۈلۈپ جاۋاب بەردى:

— تۈمەن! ھا - ھا - ھا، تۈمەن - دە!

— ئايدا قانچە قاتنايسىز؟

— ئايدا ئۈچ قېتىم، بەزىدە تۆت قېتىم - دە!

— پاھ، پاھ، پاھ... ئايدا ئۈچ - تۆت تۈمەن تاپىسىزكەن - دە... ئەركەك، ئەركەك. كۆردۈڭمۇ رەنا، قانداق ئادەم بىلەن بىللە سەپەر قىلغۇاتىمىز - ھە، ئايدا تۆت تۈمەن!

— مانا، يېڭى بىر «رەزىل» پەيدا بولدى، - دەپ پىچىرلىدى چاۋار قورۇق باستان چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ رەھىمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، - چوقۇمكى ئاۋۇ چىرايلىق يىگىت سودىگەرگە ئاۋۇ چىرايلىق ئايالنى يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئايالغا بولغان مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى پۇلغا بولغان مۇھەببەت ئىگىلەپ بولدى. پۇلنىڭ قۇلى بولغان ئادەم ھەممىدىن رەزىل. ھەممىمىز بىردىن نەرسىنىڭ قۇلى، بىرلىرىمىز ھەۋەسنىڭ، بىرلىرىمىز مەنسەپ - ئاما، يەنە بىرلىرىمىز ئىشقۋازلىق، يەنە بىرلىرىمىز پۇل - پىچەكنىڭ! پۇلنىڭ قۇلى بولغان ھەممىدىن رەزىل، قانداق دېدىم ئەپەندىم؟

— ئاۋۇ چەت ئەللىك يەنە بىر نېمىلەرنى دەپ تەسۋىچىنى كۇلدۇرۇۋاتىدۇ!

— قىزىقى ئاۋۇ چىرايلىق يىگىت. قاراڭ، ئايالى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇردى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ رەناسىنىڭ بەدىنى ئىككى ئەرنى تەرلىتىدىغان بولدى...

— بۇ بىر نورمالنى ئىش، ئۇنىڭ ئايالىمۇ كۈننىڭ چېقىشىدىن بىزار، شۇڭا ئۇ ئورۇن ئالماشتۇرۇپ ئايالىنى خۇشاللىققا ئېرىشتۈردى.

— شۇنداق، ئۆزىنىمۇ، ئاۋۇ ئالتۇن چىشلىق سودىگەرنىمۇ ئېرىشتۈردى. بۇ بىر خاتىرىگە يازغۇدەك يېڭىلىق. بىلەمسىز، چىخوپنىڭ خاتىرىلىرى مۇشۇنداق دېتاللار بىلەن تولۇپ كەتكەنىكەن. سىز بەلكى سوفىيەنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرىنى ئوقۇغانسىز. ھە، شۇنداق، سېرىق ماۋزۇ، قوڭۇر تاشلىق كىتاب. مەن ئۇ كىتابنى قىزىقىپ ئوقۇدۇم. 1901 - يىلى11 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى خاتىرىسىگە: «بىز مۇشۇنداق تەنھا، ئۈن - تىنسىز ياشاۋاتىمىز...» دەپ يازىدۇ. ئاڭلاۋاتامسىز، دۇنيا ئېتىراپ قىلغان ئۇلۇغ يازغۇچىنىڭ ئايالىنىڭ نالىسى بۇ. مېنىڭ پاستېرناخ شېئىرىدىن قىلغان تەرجىمەمدىن مۇنداق بىر كۇپلېتنى ئوقۇپ بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ:

قارايمەن ئىشىككە تەنھا، پەرىشان،
تونۇغۇم كەلمەيدۇ ئۆيۈمنى زادى.
ئۇ كەتتى غەم - غۇسسە يادىكار ماڭا،
ھەم قالدى ھەر جايدا توپلەپىنىڭ ئىزى...

«دوختۇر ژىۋاگو» دىن ئېلىنغان مىسرالار دەڭا ئەپەندىم. مەن نېمىشقا ئۇلۇغلارنىڭ «تەنھالىقى» توغرىسىدا گەپ قىلىمەن، سەۋەب ئاددىي، سىزنى ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلىك رەھىمى! سىز ھاياتتىن خىيالنى ئەۋزەل كۆرىسىز. ھايات سىزگە زېرىكىشلىك، خىيال كۆڭۈللۈك. بۇ ھال ئەلۋەتتە داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكىدىكى ئورتاقلىق. ھاياتقا سوغۇق نەزەر بىلەن قاراش، خىيال دۇنياسىدىن شىپالىق روھىي دۇنيا ئىزدەش بەلكى بىر گۈزەل پەزىلەت بولسا كېرەك،

يازغۇچىلار، ئالىملار شۇنىڭ ئۈچۈن سادىدا خەلقلەرگە سىرلىق ۋە قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ. ماكسىم گوركىنىڭ ھاياتىدا ئىككىلا قېتىم قاقاقلاپ كۈلگىنى راستمۇ ئەپەندىم؟

- ئەنە تەسۋىچى يەنە قاقاقلاپ كۈلدى. پاھ، پاھ، چەت ئەللىك ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېدىكىن؟

- مەن سىزگە ھازىر بىلىپ كېلىپ دەپ بېرەي، چەت ئەللىك گەپ ئەگىتىپ يۈرمەيدۇ، ئۇدۇللا گەپ قىلىدۇ. قېنى مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭدىن سوراپ كۆرەي: ئەلۋ گودمونىڭ سە، ۋىدويۇكامپرام؟ كامپرام جۇمۇنى، ھە، ئۇ گېرمانىيىلىك ئىكەن. ۋۇت ئىزيۇنەيىم؟ ھە، ئۇنىڭ ئىسمى ئېرك ئىكەن. ۋۇت بىرىڭس يوخيە؟ ھە، ئۇ ئۇيغۇرشۇناس ئالىم ئىكەن. قالتىس ئادەملەر بىلەن سەپەرداش بوپتىمىز. ئاتاقلىق يازغۇچى رەھىمى، ئالىم ئېرك، مىليونىر ئۇكام، دىندار موللام، مەنمۇ بىر ئىلىم ئەھلى. ماشىنىدىكى 16 كىشىنىڭ 16 خىل ئالاھىدىلىكى بولسا كېرەك، ھا - ھا - ھا!

- ھا - ھا - ھا!

- ھى - ھى - ھى!

ماشىنا جۇڭغار دالاسىدا خۇددى بىر مۇزىكىغا ماس قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقاندەك رىتىملىق گۈركىرەپ ئۇچقاندەك كېتىپ بارىدۇ. چاۋار ئەپەندىمۇ گويا 16 ئادەمنىڭ ئەڭ «ئۇزۇك سىرلىرى»نى بىلىپ بولغاندەك خۇشال، بىرلا رەھىمى خىيال ۋە سوئال ئىچىدە.

كەچكى تاماق ئۈتەيدە يېيىلگەندىلا بۇ سەپەرداشلار ئىچىدە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردى.

- نېمانداق پاسكىنا يەر بۇ، ياق، ئاچ قالسامۇ بۇ يەرنىڭ تامىقىنى يېمەيمەن! - دەپ نازلاندى ھېلىقى ماشىنىدا ئاشكارا سۆيۈشكەنلەرنىڭ بىرسى يەنى گىرىم بىلەن چىرايلىق كۆرۈنگەن چوكان.

- ئالمۇتىدىنمۇ پاسكىنىمۇ؟ - دېدى بىزنىڭ پۇل بىلەن كېرىلىپ ھەممىگە يۇقىرىدىن قاراۋاتقان سودىگەر يىگىتىمىز ئالتۇن چىشلىرىنى يالت - يۇلت قىلىپ كۈلۈپ، - كولباسا، توڭگۇز گۆشى پاكىز - ھە؟

ئايالنىڭ ئېرى ئۇنىڭغا ئالايدى:

- بىز توڭگۇز گۆشى يېگىنىمىز يوق! سىز مۇنۇ پاسكىنىچىلىقنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىپسىز، يەر، ئاشپەزلەر، قاچىلار!...

- توڭگۇز گۆشى بىلەن كالا گۆشىنى بىر پىچاقتا توغرايدۇ، بىر دۆشىدە، بىر پالتىدا چانايدۇ. ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭ ئەجەب ئېلىشمايدىكەنا؟

- بۇ ئىش سىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ئاكا!

- ئاناڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟ نېمىشقا بىزنىڭ يېرىمىزنى تىللايسەن مۇناپىق!

- مانا، سەن تىللىدىڭ، مەن تىللىغان يوق!

- چوشقا گۆشى يەيسەن، يۇندا ئىچىسەن، توڭگۇزنىڭ قېنى بىلەن خوتۇنلىرىڭ لەۋلىرىنى بويايدۇ، تېخى بىزنى كۆزگە ئىلماي ھەدەپ سۆيۈشىسەنا؟

- سەن نېمە قىلماقچى ئاكا!

- ئاناڭنى... ھېجىقىز!...

ئالتۇن چىش يۇگۇرۇپ كەلدى. ئالمۇتىلىق بوكسيورچى ئوخشايدۇ، ئالتۇن چىش ئۆزىنى ئوڭشىغۇچە بىر مۇشت بىلەن ئۇنى ئوڭدا چۈشۈردى.

- پاھ، پاھ، تىلى گال، قولى چاققانكەنا!

چاۋار ئارىغا كىردى، شۇ ئارىلىقتا ھېلىقى چىرايلىق يىگىت ياندىن كېلىپ ئالمۇتىلىقنى بىرنى ئۇردى.

- بىرگە بىر! - دەپ ۋارقىرىدى چاۋار چىرايلىق يىگىتنى قۇچاقلىۋېلىپ، - باشقىلارغا كۈلكە بولمايلى، ھەممىمىز بىر مىللەت، ئۇرۇشتۇرمايلى، ھەي ساقاللىق موللام، ھەي چەت ئەللىك دوست، ھەي رەھىمى، بۇلارنى ئۇرۇشتۇرمايلى!...

ئۇرۇشقانلار ئاسانلا جىمىپ قېلىشتى.

ماشىنا ئەينىكىدە يالت - يۇلت قىلىپ تۇرىدىغان ئاخىرقى قۇياش نۇرىمۇ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. شىمالنىڭ يازلىرى ئۆزىنىڭ كەچكى سالقىن شامallىرى بىلەنمۇ مەشھۇر: بۇ سەلكىن شامال - ئارام ۋە ھېسسىيات بەرگۈچى شامال ھارغىن تەنلەرگە قۇۋۋەت ۋە ھوزۇر - ھالاۋەت ئاتا قىلدى.

- ئۇلار نېمىشقا مۇشتلاشتى، راستىنلا ئىككى دۆلەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇرۇشتى دەپ ئويلامسىزا؟ ياق، مەن زەڭ قويۇپ ئولتۇردۇم. ئالتۇن چىشلىق سودىگەر چىرايلىق ئايالغا كۆزىنى ئۈزمەستىن قاراپ ئولتۇردى. لېكىن بۇ ئالمۇتىلىق جۇۋان ئۇنىڭغا بىرەر قېتىم قاراپمۇ قويمىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئېرى بىلەن سۆيۈشتى. مانا مۇشۇ كۆزگە ئىلماسلىق ئالتۇن چىشلىقنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. ئۇباھانەتېپىپ. . .

ماشىنىدا قىقاس كۆتۈرۈلدى. ماشىنا يولدىن بىر ياۋايى ھايۋان ئۆتكەندى. چاۋار گېپىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپ:

- شۇنداق قىلىپ. . . - دېۋىدى، رەھىمى ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى:

- يەنە ئورۇن ئالماشتۇرساق قانداق، دېرىزە تۈۋى ياخشىدەك قىلىدۇ.

- قۇياشنى تىلىغان ئادەم شامالنى تىللىماسسىزمۇ؟ ھازىرلا سايرام بويىغا بارىمىز، سالقىن شامال سوغۇق شامالغا ئايلىنىدۇ. مەيلى، ماقۇل ئالماشتۇرايلى، ھەئەمدى بولدىمۇ، شۇنداق قىلىپ مۇشتلىشىش ھەرگىزمۇ ئىككى دۆلەتنىڭ غۇرۇرىنى ھىمايە قىلىش سەۋەبىدىن ئەمەس، نەپسانىيەتنىڭ زەربە يېيىشىدىن بولدى، دەپ ھۆكۈم قىلساق بولىدۇ.

- سىز ئۇلارنىڭ ئاشۇ نازۇك ئىشلىرىغا زەڭ قويۇپ ئولتۇردىڭىزمۇ؟ ھا - ھا - ھا، سىزنىڭ كەسىپ ئالاھىدىلىكىڭىز مېنى قىزىقتۇرۇۋاتىدۇ!

- سىز يازغۇچى بولغاندىكىن شۇنداق بولىدۇ - دە. ئادەملەرنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئاساسەن ئۇلارنىڭ ھەۋەس ئالاھىدىلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ، ئەپەندىم. مەسىلەن، مەن سىر بىلىشكە قىزىقىمەن، سىز جىم تۇرۇپ ئويلاشقا. تەسۋىچى ئۆز سىرىنى ئۆزى ئاشكارىلىدى. مەن سىزنىڭ تەلىپىڭىز بويىچە ئۇنىڭدىن بايا: قالتىس كۈلدىلىغۇ، چەت ئەللىك سىلىگە نېمە دېۋىدى، - دەپ سورىدىم. ئۇ: ئۇ ئوغرى سىرىمنى بىلىۋاپتۇ، سېھىرگەر ئوخشايدۇ، دەپ كۈلدى. «قايسى سىرلىرىنى» دەپ سورىسام، ئۇ: «سىزنىڭ ئاشنىڭىز بار؟» دېمەمدا، دەپ يەنە كۈلدى. مەن: «بارمىدى» دەپ سورىسام، ئۇ: «گۈلئايشەمچۇ!» دېدى. «قايسى گۈلئايشەم؟» دېسەم، تەسۋىچى قاقاقلاپ كۈلۈپ: «كىنوچى تۆدەكنىڭ خوتۇنى كۈنىگە ئۈچ قېتىم ماگىزىنىمغا كىرىدۇ. شۇڭا بەل ئاغرىقى بولۇپ قالدىم. بايانداي ئارشىڭغا شۇڭا ماڭغان گەپ» دېدى. قاراڭ ئەپەندىم، ئۇنىڭ قولىدا تەسۋى، دىلىدا خوتۇن. دېدىمغۇ، ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدىنلا گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك تېپىلىدۇ.

- سىزچە ئۇنىڭ تەسۋىسى بىلەن ئاشنىسىنىڭ قايسىسى گۈزەللىك، قايسىسى رەزىللىك؟

- ئەخلاق نۇقتىسىدىن تەسۋىسى گۈزەل، چىنلىق نۇقتىسىدىن ئاشنىسى گۈزەل!

- ھا - ھا - ھا، سىززە، - دېدى رەھىمى سەپەرداشىنىڭ گەپلىرىدىن رازى بولۇپ، - چىنلىق راستلا گۈزەل، ئۇ گەرچە بەزى رەزىللىك بولۇپ كۆرۈنسىمۇ. مانا قاراڭ، جۇڭغارىيە دالىسىنى تۈن پەردىسى قاپلىدى. كېچە گۈزەللىكى باشلاندى. نۇرغۇن نەرسىلەر قاراڭغۇلۇقتا ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلالايدۇ. قاراڭ، ئاۋۇ چىراغلارنىڭ گۈزەللىكىنى! كۈندۈزى سىز بۇ نۇرلاردىن ھوزۇرلىنالمايسىز. ئادەملەرنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرى قاراڭغۇدا چىنلىقىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ. بەزىدە يورۇقلۇق بېرەلمىگەن ھوزۇر - ھالاۋەتنى قاراڭغۇلۇق سىزگە بېرەلەيدۇ!

- پەلسەپە، پەلسەپە! - دېدى چاۋار پاسار ئۇنىڭ قاراشلىرىنى تەستىقلاپ، - مۇشۇ تۇرقىدا ماشىنىمىزدا نېمىلەر بولۇۋاتىدۇ؟ ھازىر كۆزنىڭ رولى قالمىدى. سەزگۈ ھەممىنى سېزەلەيدۇ، كۆرەلەيدۇ. بىرلىرى بەدىنىگە چاپلاشقان پۇللىرىنى تۇتۇپ بېقىۋاتىدۇ. ھازىر ئېغىدا يانچۇقى بار كىچىك ئىشتانلارمۇ بار ئىكەن. جىنسىي قۇۋۋەت بېرىدىغان تورسىكمۇ بار ئىكەن. يەنە بىرلىرى يېنىدىكى ئايال جىنىسلىقنىڭ بەدىنىدىن ھوزۇر ئېلىۋاتىدۇ، يەنە بىرلىرى قىچىشقان يەرلىرىنى قورۇنماي تاتىلاۋاتىدۇ، يەنە بىرلىرى ھەتتا. . . چەت ئەللىكلەر ھەر نېمە قىلالايدۇ - دە! قىسقىسى، چىنلىق بەزىدە

قاراڭغۇدا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەلەيدۇ، ئەپەندىم.

ـ سىز ھەر قانچە قىلغان بىلەنمۇ ئۇلارنىڭ سىرىنى بىلەلمەيسىز، ـ دەپ پىخىلداپ كۈلدى رەھىمى ھەمراھىنىڭ چىشىغا تەگمەك بولۇپ، ـ ھەرگىز بىلەلمەيسىز.

ـ قىياس ـ پەرەز مانا مۇشۇنداق يەرگە ئىشلىنىدۇ، ئەپەندىم. مەن ئادەملەرنىڭ چىرايىنى قۇياش نۇرىدا ئوبدان كۆرۈۋالىمەن ـ دە، ئۇلارنىڭ تۇندە نېمىلەرنى قىلىشىنى توغرا پەرەز قىلالايمەن. مەسىلەن، ئالتۇن چىشنىڭ قوللىرى مۇشۇ تۇرقىدا چوقۇم يېنىدىكى چوكاننىڭ كۆكسىدە. ئالمۇتىلىقلار گىرەلىشىپ ئۇخلىماقتا. تەسۋىچى سومكىسىدىن ناۋات ئېلىپ شۇمەۋاتىدۇ. چەت ئەللىك غەرەزسىز ئۇيقۇدا. سىز خىيال بىلەن، مەن بولسام قىياس ـ ھۆكۈم بىلەن ئاۋارە!

ـ قىياس ـ ھۆكۈملىرىڭىز سىزنى ھوزۇرلاندۇرامدۇ ياكى ئازابلامدۇ؟

ـ ھەر ئىككىسى بار. مەن 40 ـ 50 يىلنى مۇشۇ كەسىپ بىلەن ئۆتكۈزدۈم. بۇ كەسىپنى دەپ تۆت قېتىم نىكاھتىن ئاجراشتىم. مېنى چۈشىنىدىغان بىرمۇ ئايال تېپىلمىدى. ھەممىسىلا مېنى گۇمانخور، كۈنچى، پىتنىخور دېيىشتى. بىر قېتىم بۆلۈم باشلىقىنىڭ خاتىرىسىنى ئوغرىلاپ قويۇپ رەسۋا بولدۇم. يەنە بىر قېتىم دوستۇمنىڭ ئايالىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۇنىڭ سىرىنى بىلىۋالاي دەپ مېڭىپتىمەن. ئۇ بىر مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى. مەنمۇ چاندۇرماي كىرىپ ئۇنىڭ كىرىپ كەتكەن ياتىقىنى تاپتىم. ئايال ئۇ ياتاقتا بىر ئەر كىشى بىلەن ئەمدىلا پاراڭغا چۈشكەنىكەن. مەن دەرھال ئۆينىڭ نومۇرىنى يېزىپ مېڭىشىمغا ئۇستۇمگە ئاغىنەم كېلىپ قالدى ـ دە، مېنى مازاق قىلىپ:

ـ ئايالىمدىن بىر ئىش تاپاي دەمسىنا؟ بۇ دېگەن ئىنىم چۈشكەن ياتاق! ـ دېدى ئۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخىرقى ئاغىنەمدىنمۇ ئايرىلىپ قالدىم.

مېنىڭ باشقىلارنىڭ سىرىنى بىلىشكە قىزىقىشىم ماڭا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنى تېپىپ بەردى. نۇرغۇن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن چاغلىرىممۇ بولدى. لېكىن خۇشاللىقىمۇ ئاز بولمىدى. بىرسى بىلەن ھاراق ئىچىپ مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئىتالىك تومۇرىغا تېگىدىغان نازۇك بىر سىرىنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ قويساڭ، ئۇ ساڭا قانچىلىك يېلىنىدۇ، قانچىلىك چوقۇنىدۇ؟ بۇنى سىز ھېس قىلالمايسىز ئەپەندىم. يەنىچۇ تېخى، بەزىلەرنىڭ سىياسىي ھاياتىغا دائىر يوشۇرۇن سىرلارنى بىلىۋېلىشنىڭ راھىتىچۇ؟ بىرسى ئۆزىنى 56 ياش دېگىلى تۆت يىل بولدى. مەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنغا ئۇنىڭ تۇغۇلغان يىلىنى پاكىت بىلەن دەپ بېرىۋىدىم، ئۇ بىچارە 56 يېشىدىلا (ئەمەلىيەتتە 62 ياش) پېنسىيىگە چىقتى دەڭا. يەنىچۇ تېخى، پازىل ماركس ئايالىنى قىز ئالدىم دەپ باشقىلارنى ئىشەندۈرۈپ يۈرەتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئايالىنىڭ بۇرۇنقى ئېرىدىن بولغان قىزى پەيدا بولۇپ قېلىپ، بىچارە رەسۋالاشتى. بۇنىمۇ مەن قىلدىم دەڭا...

ـ باشقىلارغا ئازاب تېپىپ بېرىپ راھەتلىنەمسىز؟

ـ ھا ـ ھا ـ ھا... چىنلىق گۈزەللىك ئەمەسمۇ ئەپەندىم. گۈزەللىك نېمىشقا كۆڭۈلنى غەش قىلسۇن؟ سىر دېمەك چىنلىق دېمەك. ئېيتىڭا، سىز بىلەن بىز بىلمەيدىغان قانچىلىغان يالغان ئىشلار، قانچىلىغان نىقاب، پەداز، رەڭ ـ بوياقلار بار ـ ھە؟ ھازىر ئادەملەر ئاشۇ يالغان نەرسىلەردىنمۇ ھوزۇرلىنىدىغان بولدى. كېچە بىلەن كۈندۈز ئالمىشىپ تۇرغاندەك ئادەملەرنىڭ قەلبىدىمۇ گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك دائىم ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

تۈن ئۇلارنى تەبىئەت گۈزەللىكىدىن مەھرۇم قىلغاچقا، ئادەملەر بىر كۈنلۈك تەۋرىنىشنىڭ ھارغىنلىقى بىلەن ئۇيقۇغا كېتىشتى. ماشىنىدا بىرلا چاۋار ئەپەندى ئويغاق. ئۇ شوپۇرنىڭ يېنىغا بېرىۋالدى ـ دە، ئەمدى شوپۇرغا سۆزلەشكە باشلىدى:

ـ سەن بىر قاتنىساڭ مىڭ كويدەك پۇل تاپىدىكەنسەن، ئاۋۇ ئالتۇن چىش بولسا تۆت مىڭنى تاپىدىكەن. بىراق ئۇ 10 كۈندە شۇنچىلىك. بىر كۈندە 400نى تاپىدۇ دېگەن سۆز ـ دە. مېنىڭ يېنىمدىكى داڭلىق يازغۇچىنى بىلەمسەن، ئۇ

يازغۇچى، ئەسەرلىرى ياخشى. لېكىن ئۇنىڭ مېڭىسى قاتمال. سىنىڭ ماشىناڭغا ئوخشاش تۈز يولدىلا ماڭالايدۇ. مۇھىمى ئۇنىڭ ئايالىغا كۆڭلى يوق. ئەدىبلەر ھېسسىياتچان كېلىدۇ. ئۇ چوقۇم 30 ياشقا كىرمىگەن بىر قېرى قىز بىلەن تېپىشقۇلغان. مەن بىر كۈنى ئۇنىڭ بىر قىزنى قولتۇقلاپ ماڭغىنىنى كۆرگەن، ئۇلارنىڭ قوللىرى ئەرنىڭ پەلتوسىنىڭ يانچۇقىدا مۇرادىغا يېتىشكەن، مەيلى ئۇ بىر كىچىك ئىش. سەن قول چىرىغىڭنى بەرگىنە، مەن بىر نەرسە ئىزدەيتتىم.

رەھىمى ئويغانغاندا ئۇنىڭ يېنىدا ھەمراھى يوق، ماشىنا توختاپ قالغانىدى. ئۇ يەرگە چۈشتى. سۇ شارقىرايدۇ، قارىغايلار گۇركىرەيدۇ، ئاچچىق شامال جاندىن ئۆتىدۇ، تۈن قاراڭغۇسىدا يىراقلاردا ماشىنا چىراغلىرى پارقىرايدۇ. ئۇ تىترەپ تۇرۇپ سورىدى:

— بۇ قەيەر؟

— بۇ بىر سىرلىق دۇنيا، بىلەمسىز، ماشىنىنىڭ مېيى تۈگىگەن، شوپۇرمۇ ئۇخلىماقتا. ھازىر كېچە سائەت ئىككى. تاڭ يورۇغىچە مۇشۇ يەردە تۇرغۇدەكمىز. توپتوغرا ئۈچ سائەت.

بۇ چاۋار ئەپەندىنىڭ ئاۋازى.

— بۇ قەيەر زادى؟

— بۇ يەر كەڭسايىنىڭ بېرىسى، لوسىگۇڭنىڭ نېرىسى. كەڭساي ئېغىزىدىكى بىر گۈزەل دالا! قاراڭ، يۇلتۇزلار خۇشال، تاغ، دەل - دەرەخلەر شاد - خۇرام، يالغۇز بىزلا خاپا.

— سىز شېئىر ئوقۇۋاتامسىز نېمە؟

— مەن تەبىئەت بىلەن سۆزلىشىۋاتىمەن. ئازراق ئىچىۋالدىم. شۇڭا مەن ئۈچۈن ھەممە نەرسە گۈزەل.

— قول چىرىغى بىلەن قىلغان رازۋېتكىڭىز سىزنى خۇشال قىلغان ئوخشىمامدۇ؟

— ئەكسىچە، پاكىتلار قىياسلىرىمنى رەت قىلدى. چىرايلىق يىگىت ئايالىنى دېرىزە تەرەپكە ئېلىۋاپتۇ. ئالمۇتىلىق ئايالىغا تىزىنى ياستۇق قىلىپ بېرىپ ئۆزى شوپۇردەك ئولتۇرۇپ ئۇخلاپتۇ. تەسۇنچى ناۋات شورىماپتۇ، قاراڭغۇدىمۇ تەسۋى سىرىۋېتىپتۇ. بىزنىڭ ئالتۇن چىشلىق نوچىمىز ئەڭ ئارقىغا بېرىپ بەڭگى خوتۇننىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلىۋاپتۇ.

— پات - پات سىناق قىلىپ تۇرسىڭىز پاكىتنىڭ كۈچىگە قايىل بولاتتىڭىز.

— نېمە بوپتۇ بۇ شوپۇرغا؟ - ئالتۇن چىش ماشىنىدىن غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ چۈشتى، - قېنى ئۇ ھېجىقىز!

— ھاي، ھاي. . . - دېدى رەھىمى قاراڭغۇدا سودىگەرنىڭ يالت - يۇلت قىلغان ئالتۇن چىشلىرى ئارىسىدىن چىققان سەت گەپتىن نومۇس قىلىپ، - ئۇيات، ئۇيات!

— ئاكا ھوي، ئۇ ھەزىلەك ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن بۇرۇن غۇلجا شەھىرىگە يەتكۈزىمەن دېمىگەن بولسا، مەن يۈك بىلەن بىللە ماڭاتتىم. يۈك كەتتى، مەن قالدىم، ھۇ ئاناڭنى مىڭنى. . . ! بىر كۈن كېچىكىش ماڭا قانچىلىك زىيان كەلتۈرىدۇ، بىلەمسىز؟

— بىزمۇ ئەتىگەن سائەت ئالتىگىچە قورغاس ئېغىزىدا بولۇشىمىز كېرەك! - دېدى ئالمۇتىلىق يىگىت، - بىزنى ئۇ يەردە ماشىنا ساقلاۋاتىدۇ!

— نەدىن بولمىسۇن ماي تاپقۇزىمەن ئۇ ھەزىلەككە! - ئالتۇن چىش ۋارقىراپ كابىنكىدىن شوپۇرنى سۆرەپ چۈشتى. شوپۇر 24 ـ 25 ياشلاردىكى مۇلايىم، ھارماس يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ دۇدۇقلىدى:

— كۆپچىلىك، ئەپۇ قىلىڭلار، داۋاندا ماي كۆپ كەتتى. يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن چوقۇم ماڭىمىز. شەخسىي ماي ساتىدىغانلارمۇ بار. مەن ھازىرلا ئادەم بار يەرگە بېرىپ ماي ئەكىلىمەن!

— بول، چاققان ماي تاپ ھەزىلەك! - سودىگەر ئۇنى نوقۇشلىدى.

— ماشىنا توسايلى! - دېدى رەھىمى خالىسلىق قىلىپ ۋە يولدا توغرا تۇرۇۋېلىپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ماشىنا توسىدى. ماشىنىلار زادىلا توختىمىدى.

— بىزنى بۇلاڭچى دەپ توختىمايۋاتىدۇ! - دېدى چاۋار كۈلۈپ.

— مانا مۇشۇ شوپۇرنىڭ ئۆزى بۇلاڭچى! - دېدى ئالتۇن چىش شوپۇرنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ

سىلكىپ، - 60 كويچەندىن بىلەت ساتقان ھەزىلەك ئىمىشقا بىزنى ئۆز قەرەلىدە جايىمىزغا يەتكۈزمەيسەن؟

- چوقۇم بىر سىر بار! - دېدى چاۋار ئەپەندى ئۇنىڭغا دەرھال ماسلىشىپ، - بەلكى ئۇ مەقسەتلىك قوندۇرغان گەپ. مىسالى ياتاق پۇلى تېجەش ئۈچۈن. . .

- ھاي، ھاي، بۇ گەپلەر بولمىدى، - دېدى رەھىمى ۋە ئالتۇن چىشنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ، - قويۇۋېتىڭ ئۇكام، بۇ بىچارە قەيسەر يىگىت ئىكەن، ماشىنىدا رول تۇتۇپ ئولتۇرغىلى 17 - 18 سائەت بولدى، كۆز يۇمماستىن ئولتۇردى - دە! ئۇمۇ ئادەم، قويۇۋېتىڭ، تەخىر قىلىڭ دەيمەن!

- ئەپەندىم، سىز ئارىلاشماڭ، - دېدى چاۋار رەھىمىنى تارتىپ، - ئۇلار پۇل بىلەن ھەپىلىشىدىغانلار، بىر - بىرىنى چۈشىنىشىدۇ!

- شوپۇرنىڭ قەيسەرلىكى بىر پاكىت!

- قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، قەيسەرلىكىمۇ سۈنئىي، چۈنكى بۇ بىر ناپاك ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ھەرىكەت! ئەپەندىم، سىز ئارىلاشماڭ!

- كۆرۈنۈپ تۇرغان پاكىتنى ئىمىشقارەت قىلىسىز، چاۋار ئاكا؟ بۇ يەردە چىنلىق بىلەن سۈنئىيلىكنىڭ كۈچ ئېلىشىشى بار. رەزىللىككە زەربە بەرمىسەك بىز قانداق ئادەم بولالايمىز؟

- شوپۇرغا چېقىلماڭلار! - دېدى تەسۋىچىمۇ ئارىغا كىرىپ، - بىز ئۇخلىدۇق، ئۇ ئۇخلىمىدى.

- ئۇخلىغان بولسىڭىز ئۇنىڭ ئۇخلىمىغانلىقىنى نەدىن بىلىسىز؟ ئۇخلىمىغان مانا مەن. مەن بىلىمەنكى، ئۇ سايرام بويىدا ماشىنىسىنى توختىتىپ بىرسى بىلەن تاماكا چېكىپ خېلى سۆزلەشتى. چوقۇمكى ئۇ ماينى شۇنىڭغا ساتتى.

- سىز كۆردىڭىزمۇ ئەپەندىم؟

- ھەممىنى كۆرۈش شەرتمىدى، كۆرمەيمۇ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ - دە، ئۇ ماينى ساتتى! مايدىن بىر پايدا، ياتاق پۇلىدىن بىر پايدا!

ئۇنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا سودىگەر شوپۇرنىڭ كانىيىنى بوغۇپ ماشىنىغا ئۇستۇرۇشكە باشلىدى:

- راستمۇ ھەزىلەك، راستلى راست دېمەسەڭ، ئەمدى ئۆلۈپ كېتىسەن!

- بۇ بىر رەزىللىك! - دېدى رەھىمى ئالتۇن چىشنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ، - ۋىجدان بىلەن ئىش قىلىڭ يىگىت!

- ئارىلاشما ئاكا! - دەپ ئۇنى سىلكىدى ئالتۇن چىش شوپۇرغا يامىشىپ، - بوغۇپ جېنىنى ئالىمەن!

- بىگۇناھ ئادەمنى بوغساڭ سېنىمۇ خۇدايىم بوغىدۇ! - دېدى غەزەپ بىلەن تەسۋىچى ئالتۇن چىشنىڭ قوللىرىنى سىلكىپ، - رەھمەتنىڭ ئورنىغا زەربە بېرەمسىنا؟ ئىنساپ دېگەننى بىلمەمسەن - يا؟

- رەھمەت؟ پۇلۇمغا رەھمەت دەيمەن، مەن تارتىدىغان زىياننى سەن تۆلەمسەن - يا؟

- ھېسابلا، تولىسەم تۆلەي، ۋاي - ۋۇي ماۋۇنىڭ كۆرەڭلىكىنى، بىلىپ قوي، سەندەك 10نى سېتىۋالالايمىناۋا!

ئالتۇن چىشنىڭ قوللىرى بوشىدى. ئاۋازىمۇ پەسەيدى.

- ئىسمىلىرى نېمە ئاكا؟ - چىرايلىق يىگىت ئايالى بىلەن بىللە ئۇنىڭغا ئىنتىلدى، - تونۇشۇپ قويايلى، قانداق تىجارەت بىلەن سىلى؟

- تىجارەت دېگەن نېمە ئۇ، مەن ئىبادەت - ئىستىقامەت بىلەن!

- ئۇنداقتا، بۇنداق لاۋبەنلەرنى قانداق سېتىۋالالايسىز؟

- تۆت ئوغلۇم تۆت دۆلەتتە، - دېدى تەسۋىچى كۆرەڭلىك بىلەن ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، - تۆتىلىسى مىليونىر!

شۇ چاغدا بىرلا ئادەم چۈشكەن بىر تاكسى پەيدا بولدى. تەسۋىچى ئۇنى توسىدى:

- قورغاس ئېغىزىغا ئاپىرىپ قوي، قانچە ئالساڭ ئال!

- بىزنىمۇ ئالغاچ! - دېدى ئالمۇتىلىق دەرھال.

- مەيلى سېنىمۇ ئەكېتەي.

تەسۋىچى ھەممە ئادەم بىلەن بىرمۇ بىر ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ خوشلاشتى. ئالمۇتىلىق بولسا

باشقىلار بىلەن چالا - بۇلا كۆرۈشتى - دە، شوپۇرنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى. ئالتۇن چىشنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىك تۇردى - دە، كۆزىگە دۈشمەنلىك بىلەن قاراپ تۇرغان سودىگەرنى بىردىنلا قۇچاقلىدى ۋە يۈزىنى «دۈشمىنى» نىڭ يۈزىگە يېقىپ:

- ئامان بول، ئالمۇتىغا بېرىپ قالساڭ ئۆيۈمگە كەل، كولباسا بىلەن مېھمان قىلىمەن! - دېدى. يولۇچىلار پاراقلىدە كۈلۈشتى.

تاكسى يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن ئالتۇن چىش:

- بولىدىغان ھەزىلەككەن! - دەپ غودۇڭشىدى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

- چوقۇمكى تەسۋىچى چوڭ ئىنشپيون! - دېدى چاۋار ئەپەندى رەھىمىگە پىچىرلاپ.

- دۇرۇس ئادەم ئۇ! - دېدى رەھىمى خاپا بولۇپ، - پاكىت شۇنداق، ئۇنىڭ ھەركەتلىرىدە سۈنئىيلىك يوق.

- پاكىت؟ قىلىقلىرى، گەپلىرى سۈنئىي! - دېدى چاۋار ئەپەندى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، - ئۇنىڭ روھى رەزىللىك بىلەن بۇلغانغان. تەسۋى، پۇل، ئاشنا دېگەنلەر بىر - بىرىگە دۈشمەن نەرسىلەر. تەسۋى پاكلىقنى چۈشەندۈرىدۇ، پۇل ياۋۇزلۇقنى، ئاشنا بۇزۇقلۇقنى!

- تەسۋى ئېتىقاد، پۇل ھەركەت ياكى ئۇنىڭ مەھسۇلى. ئاشنا - چىنلىق - ئۇنىڭ روھىي تەشنالىقىغا بېرىلگەن جاۋاب. بۇلارنىڭ ئۈچىلىسى تۇرمۇش چىنلىقى. دۇرۇس ئادەممۇ بۇ چىنلىقنى قوبۇل قىلالايدۇ، رەزىل ئادەممۇ قوبۇل قىلالايدۇ؛ ياخشى بىلەن ياماننىڭ پەرقى نىيەتنىڭ قانداقلىقىدا.

ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسىنى ئالتۇن چىشلىق سودىگەر بۇزدى. ئۇ يىراقتىن چېلىكىنى پۇلاڭلىتىپ كېلىۋاتقان شوپۇرنى كۆرۈپ، ئوتقا چۈشكەن سولياۋدەك قورۇلدى - دە:

- ھەزىلەك! - دېدى سائىتىگە قاراپ قويۇپ، - تۇرغىلى ئىككى سائەت بولدى، ماڭا قانچىلىك زىيان، بىلەمسىلەر؟ سىلەر ۋاقىتتىن زىيان تارتىسىلەر، مەن دېگەن پۇلدىن، پۇلدىن. بىز ئۈچۈن بىر كۈن مىڭ سوم، بىر سائەت يۈز سوم پۇل!

- مانا بۇ چىنلىق! - دېدى پاسار ئەپەندى كۆزىدىن نېرىغا بېرىۋالغان رەھىمىنىڭ يېنىغا كېلىپ شىۋىرلاپ، - بىردە سەپرا، بىردە ساددا، بىردە مەست ئادەملەر راست گەپ قىلىدۇ، ئەپەندىم. ئالتۇن چىشنىڭ گەپلىرى نەق پاكىت!

رەھىمى ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇردى.

يەرگە غۇۋا يورۇق چۈشتى. قارا كۆرۈنگەن باغلار ئەمدى يېشىل رەڭگە كىردى. لېكىن تېخىچىلا مايدىن دېرەك يوق. كىشىلەردىكى جىددىيلىك، جەت ئەللىكنىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەملىك - تەبەسسۇم رەھىمىنىڭ كۆڭلىدە نۇرغۇن سوئاللارنى پەيدا قىلدى: شوپۇر راستىنلا پايدا ئېلىش ئۈچۈن يولۇچىلارنى ئازابلاۋاتامدۇ؟ رىئاللىققا ماسلىشىش، رىئاللىقنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىش ھېسسى قاچانمۇ بىزنىڭ مىللىي پىسخىكا ئادىتىمىزگە ئايلىنار كىن؟ تەبىئىي ئاپەتلەر ئالدىدا، ياكى ئىنسانىيەتنىڭ بېشىغا كېلىدىغان كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلار سادىر بولغاندا بىر دۆلەت، بىر مىللەت ئۈچۈن رىئاللىققا ماسلىشىش تۇيغۇسى ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياج بىلەن بىر ئورۇندا تۇرالايدۇ. ماسلىشالىغانلار ئۆيۈلتاشتەك ئۆيۈشالايدۇ. ماسلىشىش ئادىتى يوقلار ئۈركىگەن قويدەك پىتىراپ ھالاك بولىدۇ.

.. ئاۋۇ ماشىنىسىنى توختىتىپ ئۇخلاۋاتقان شوپۇر ئۆزىدىن باشقىلارنىمۇ ئويلايدىغان يىگىت بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس!

- ئۇكام! - دېدى رەھىمى مۇلايىم، سەمىمىي ئاۋاز بىلەن قارا ماشىنا كابىنكىسىدا ئۇخلاۋاتقان يىگىتكە، - بىزگە بىر ياخشىلىق قىلسىڭىزكەن.

- كۆرمىدىڭىزمۇ، مەن ئۇخلاۋاتىمەن.

- گېپىڭىزنى ئاڭلاۋاتىمەن. سىز ئويغاق، ئۇكام.

- نېمە دېمەكچى سىز؟

- بىزگە 10 كىلو، ھېچ بولمىسا تۆت - بەش كىلو ماي سېتىپ بەرسىڭىز، مەن بىر ھەسسە يۇقىرى باھادا پۇل تۆلىسەم.

- بىز بۇ يەردە سائەت ئىككىدىن تۆتكىچە

www.uyghurkitap.com

ئىككى سائەت تۇردۇق، بىزغۇ مەيلى، ئالدىراش ئىشى بارلار رەللى بولۇپ غەلۋە قىلىۋاتىدۇ، سەن ياردەم قىلمىساڭ چوڭ ماجرا چىقىدىغاندەك. ماقۇل دە، مەن چېلەك ئەكىلەي!

چاۋار ئەپەندى شوپۇرنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا چېلەككە ماڭدى. شوپۇر ئېرىنچەكلىك بىلەن ئەسنەپ رەھىمگە ئالىيىپ قاراپ قويدى.

- شوپۇرغا شوپۇر غەمخورلۇق قىلمىسا، بۇ جاھان چاتاق؛ - دېدى رەھىمى ئاددىي تىل بىلەن نىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، - بىز ئون نەچچە ئادەم سىزگە موھتاج، ئۇكام.

شوپۇر يەرگە چۈشتى، كېرىلىپ قويۇپ يەنە كابىنكىغا چىقتى. ئۇنىڭغا تەلمۈرگەن ئون نەچچە جۈپ ئۇيقۇسىرىغان، ھارغىن كۆزلەردە ئۈمىد ئۇچقۇنلىدى.

- ماي بېرىدىغان بولدى.

- مىڭ قەتلى شۈكرى.

- ماڭىمىز، ماڭىدىغان بولدۇق.

ئادەملەر قارا ماشىنىغا قاراپ مېڭىشتى. ئۇلار خۇشاللىق بىلەن ماشىنىغا يېقىنلاشقاندا «گۇر» قىلدى - دە، تۇيۇقسىزدىنلا قارا ماشىنا يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ شوپۇرى ئادەملەرگە مازاق قىلغاندەك ئاچچىق كۈلۈپ قاراپ قويۇپ ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ئادەملەر ھەيران بولۇشۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى.

- مانا چىنلىق، مانا ئىنساننىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى!

- ئەشۇ شوپۇرنىڭ! - دېدى رەھىمى چاۋارغا ئەلەم بىلەن كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويۇپ، - ئاشۇ شوپۇرغىلا خاس بولغان چىنلىق بۇ!

ۋاراڭ - چۇرۇڭ، تىللاش - ۋارقىراش، يىلىنىش، نەسىھەت - كېلىشتۈرۈش... ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قوراللىرى بىر مىنۇت ئىچىدىلا ئىشقا چۈشتى. ئادەملەر ئالتۇن چىشقا ئېسىلىشقان، ئالتۇن چىش شوپۇرنىڭ ياقىسىدىن چىڭ تۇتۇۋالغان، شوپۇرنىڭ بۇرنى قانىغان، كىيىملىرى يىرتىلغان. ئالتۇن چىش ۋارقىرىماقتا:

- ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، قويۇۋېتىش ھەزىلەكلەر!

ئون نەچچە ئادەم بىردىنلا ئىككىگە بۆلۈندى. بۇ بۆلەكنىڭ بىرسى، شوپۇرنى ئەيىبلىگۈچىلەر توپى، بۇلارنىڭ ئاتامانلىرى ئالتۇن چىش بىلەن چاۋار. يەنە بىرسى، شوپۇرغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلار توپى، بۇلارنىڭ ئاتا مىنى رەھىمى.

- بۇ شوپۇر ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ بىزنى بۇ يەردە تۈنەتتى!

- ئۇنىڭ مەقسىتى يامان!

- بۇ بىر بۇزۇق ئادەم!

بۇلار ئەيىبلىگۈچىلەرنىڭ ساداسى.

- ئۇ بىزدىنمۇ بەك جاپا تارتتى. بىخەستەلىك قىلدى، لېكىن ئۇ ياخشى يىگىت!

بۇ رەھىمنىڭ گېپى. ئەيىبلەش بىلەن ھىمايە قىلىش تىل، ھەرىكەت ۋە قەلبلەردىكى تىل ھەرىكەتكە ئايلانمىغان چۈشەنچىلەر بىلەن ئىپادىلەندى. بۇ ئىككى بۆلەككە ھەممىلا ئادەم قاتناشتى. پەقەت ئاشۇ چەت ئەللىكلا بىر چەتتە قاراپ كۈلۈپ تۇردى. ئۇنىڭ كۈلكىسى سەممىمىي، قىزغىن بىلىنمىسىمۇ، بۇ كۈلكىنى كۆرۈپ رەھىمى بىلەن چاۋار ئەپەندى ئىككى خىل چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشتى:

- نادانلىقىمىزدىن كۈلۈۋاتىدۇ، بىكۆيۈملۈكىمىزدىن ئەپسۇسلىنىۋاتىدۇ!

- ياق، يولداش رەھىمى، ئۇ بىزنى مازاق قىلىۋاتىدۇ. مازاق - ھاقارەت بىلەن تەڭ! مەن بۇ ئەجنەبىي ئەبلەخكە نارازىلىق بىلدۈرىمەن!

- ياق، مەن ئەكسىچە ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇ بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىزنى بىزدىن بۇرۇن كۆردى!

بۇ تالاش - تارتىشمۇ بايىقى ماجراغا ئارىلىشىپ كەتتى. ئادەملەر ئىككى تەرەپكە ئايرىلىشتى. بىرلىرى چەت ئەللىكنى ئەيىبلىگۈچىلەر، بۇلار كۆپ سانلىق. يەنە بىرلىرى ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقۇچىلار. بۇلار ئازراقلا.

- بىز بىر ئۆمۈر مانا مۇشۇنداق ياشايمىز! — دېدى رەھىمى ئۆزىگە سۆزلىگەندەك ئاستا پىچىرلاپ، - گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى ئارىلاشتۇرۇپ ھەممىسىنى بىر خالتىغا قاچىلايمىز. چىنلىق

بىلەن ساختىلىقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىنى ئەيىبىمىز دەپ قارىماي ئۇنى ھاسىلقىمىز، مىللىي پسىخىكا دەپ ئەتىۋارلايمىز!

قۇياش سالام بىلەن تەبىئەتنى ئويغاتتى. شەرقتە ئوت شارى پەيدا بولۇپ، ئۇپۇقتا نۇر دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇ نۇرلار ئوتتىن شەپقەت، ھەقىقەت ۋە چەكسىز مەردلىك مەنبەسى - ھايات ھامىيسىغا ئايلاندى - دە، بىز ياشاۋاتقان بۇ يېرىم شاردىكى ھەممىلا نەرسە ئۆز رەڭگىگە ئىگە بولدى. لېكىن بۇ قۇياش يەر شارىغا نۇر - ھارارەت ۋە مۇھەببەت سىماسىنى چېچىش بىلەن تەڭ كۆرۈنمەي ۋەھىمە ئۇرۇقىنىمۇ چاچتى.

— تېزراق ماڭساق بولاتتى! - دېدى رەھىمى كۆزەينىكىنى چېقىپ، كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇۋاتقان قۇياش نۇرىدىن نارازى بولۇپ.

— ماڭمىسۇن ئىلاھىم، - دېدى چاۋار ئەپەندى ھەمراھىنىڭ نالىسىدىن خۇش بولۇپ، - قۇياشنى تىللىغىنىڭىزنى يەنە بىر ئاڭلىۋالاي.

— ئاڭلىغان بىلەن ھېچنېمىنى چۈشەنمەيسىز ئاكا، - دېدى رەھىمى كۈلۈپ قويۇپ، - بىلىپ قويۇڭ: تىل - ئاھانەت ئىچىدىمۇ ساپ مۇھەببەت بولىدۇ. مىسالى ئانىلار بالىلىرىنى تىللىغىنىدەك. يەنە مەدھىيە - ھەشقاللا ساداسى ئىچىدىمۇ نەپرەت - ھاقارەت بولىدۇ. مىسالى لىن بياۋنىڭ شوئارلىرىدەك!

— ئەمما ئۇنتۇماڭ، قۇياش ھەقىقەت، مېھىر - شەپقەت ۋە مەردلىكنىڭ سىمۋولى.

— شۇنداق بولغاچقا، نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنىڭدىن قورقىدۇ. بۇ ئادەملەر مەڭگۈلۈك تۈننى تىلەيدۇ. نېمىشقا دەمسىز؟! سۇنئىيلىك قاراڭغۇ بۇلۇڭلاردىلا چىنلىقنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدۇ!

ماشىنا يۈرۈپ كەتتى. شوپۇر بىچارە كېيىملىرىدىكى قانلارنىمۇ سۈرتۈۋېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن. ئۇنىڭ تاتارغان، سولغۇن چىرايىنى ئەتىگەنلىك قۇياش ئۆز شەپقىتى بىلەن يورۇتماقتا. ئادەملەر ئۇنىڭ قۇياش نۇرىدىن ئەكسىنى تاپقان چىرايىنى ئۇدۇلىدىن كۆرگەن بولسا شۇنى بىلەتتى: ئۇ تېخى سەبىي بالا ئىكەن. ھايات ئۇنىڭغا ساختىلىقنى ئەمەس، جاپاكەشلىكنى ئاۋۋال ئۆگەتكەن ئوخشايدۇ: كۆز قۇيرۇقلىرىدا ئىنچىكە سىزىقلار پەيدا بوپتۇ.

— ياھ، قاچان يېتەرمىز ئەمدى، - دېدى رەھىمى بىر كېچىلىك ئۇيقۇسىزلىق، مۇشەققەت بىلەن گەۋدىلەنگەن قېرىلىق بەلگىلىرى - چوڭقۇر قورۇقلار، ئاقارغان ساقال، خۇنۇكلەشكەن كۆزلىرىنى ئۆز نۇرلىرى بىلەن ئاشكارىلاۋاتقان قۇياشتىن نارازى بولۇپ، كۆزەينىكىنى سۈرتۈپ، - نېمىشقا قۇياش مېنىلا چاقىدۇ، ياۋاش، راستچىل بولغىنىم ئۈچۈنمۇ؟ ياكى ئورۇن تاللاشقا ئەقىل ئىشلەتمىگىنىم ئۈچۈنمۇ؟

شۇنداق، قۇياش ئادىل، مېھىر - شەپقەتلىك ۋە مەرد، لېكىن ئۇمۇ بەزىدە ئۆزىنى سۆيگۈچىلەرنى جازالاپ قويىدۇ. خۇددى ھەقىقەت ئۆز مۇرىتلىرىنى جازالاپ قويغىنىدەك!

ماشىنا ئۇچقاندەك كېتىۋاتىدۇ، قۇياش ئۆرلەۋاتىدۇ. رەھىمى خاپا، لېكىن شېرىن خىيالغا ھەمراھ. ھەمرىھى ئۇنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويۇپ خورەك تارتماقتا. ئۇ چۈشىدە كىملەرگە قانداق سوئال بەلگىسى قويۇۋاتىدىكىن؟ قۇياش ئۇنى بىلمەيدۇ، بىلسىمۇ رەھىمىگە ئېيتىپ بەرمەيدۇ. لېكىن رەھىمى - يوغان بۇرۇن، كىچىك كۆز، قۇياشتىن قارايغان ئادەم ھېچكىم ئېيتىپ بەرمىسىمۇ شۇنى بىلىدۇ: بۇ دۇنيا قۇياشقا موھتاج، گەرچە ئۇ بەزىدە ۋەھىمىلىك بولسىمۇ. ۋەھىمە بولمىسا، شادلىقنىڭ مەززىسى بولمىغىنىدەك، كۈن چۈشمەس خىلۋەتلىك بولمىسا، قۇياش نۇرىنىڭ ھەم لەززىتى بولمايدۇ.

1993 - يىل 10 - نويابىر، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com




## ئاھاڭسىز ناخشا

### ياسىنجان سادىق
### تەكلىماكان

سەن كۆزيەتكۈسىز قۇم دېڭىزى، ئاشىق ۋۇجۇدىغا ئوخشاش ئوت دۇنياسى، تىلسىمات ئاچقۇچىنى تاۋلاۋاتقان پىچ، باغرىدىكى پەرزەنتلىرىنىڭ غېمى ۋە ئىستىقبالى ھەققىدە يالقۇنجاپ كۆيۈپ تۇرغان ئاتەشلىك يۈرەك.

### ئالتۇن قەسىدىسى

ئالتۇن - سەن قانچىلىغان قان - قېرىنداشلارنىڭ دوستلۇق، تىنچلىق بېغىغا ئۆڭگەن شۇمبۇيا.
ئالتۇن - سەن نەچچە ئون يىللىق ئاداۋەتنى قەلبىگە دەپنە قىلىپ ساقلاۋاتقان قىساسكار، رەقىبلەرنى بىر جۇۋىدا تەرلەتكەن سېھرىگەر.
ئالتۇن - سەن مىڭلىغان ئادالەتپەرۋەر، مەرد - باھادىرلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان قاتىل.
ئالتۇن - سەن جانان، سەن شەيتان.
ئالتۇن - سەن تارىختىن بۇيان ئاققان دەريا - دەريا قانلارنىڭ قېتىشمىسى.

### سۆيگۈ ئىلاھى بىلەن سۆھبەت

- سۆيگۈ قانداق شارائىتتا قۇدرەتلىك بولىدۇ؟
- بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ ئالدىغا سۆيۈلۈشنى تەلەپ قىلىپ بارغاندا.
- سۆيگۈ قانداق ۋاقىتتا گۈزەل بولىدۇ؟
- سۆيگۈ تەلىپى قوبۇل قىلىنغاندا، يەنى سۆيۈلگەندە.
- سۆيگۈ قانداق شارائىتتا ئەڭ قەدىرلىك بولىدۇ؟
- ھىجراندا.
- سۆيگۈ قانداق شارائىتتا سېھرىي كۈچىنى يوقىتىدۇ؟
- بۇنىڭ كۆپ خىل ئامىللىرى بار، يەنى ئۈچىنچى شەخس ئارىلاشقاندا، سۆيگۈنى باھاغا سۇندۇرغاندا، بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە: «سەنسىز ياشىيالمايمەن» دېگەندە، پىتنە - پاساتقا ئالدانغاندا.

## روھىمنىڭ ئاھاڭلىرى

### ئەنۋەر تاشتۆمۈر

ئادەمنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن بىزار بولۇشى ئۆزىنى ھەقىقى تۈردە ئىزدىشىنىڭ باشلىنىشى.

* * *

تۇرمۇشتىكى مەنىسىزلىك باشقىلارنى ئۆزۈڭگە ئوخشىتىپ قويۇشتىن باشلىنىدۇ. سەۋەبى، ئادەم پەرقلىق يارالغان، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن مەنىلىك!

* * *


سارالڭ ئۆزىنىڭ ھەقلىقلىقى ئۈچۈن سارالڭ. ئۇنىڭ سۆزلىرى رېئاللىقتا چەتكە قېقىلغان ھەقىقەت.

## شېھىت سۆيگۈ

### ئەنۋەر ئابلەت

ئاھ، دىلبەر!
سۆيگۈ
كۆزلىرىڭدە تۇرەلدى،
لەۋلىرىڭدە جان بەردى.





ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# قەدىمكى سىرك، سېھىرگەرلىك ماكانى - شىنجاڭ

سىرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتى - ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد بىلەن بىللە يىراق قەدىمكى تاش قوراللار دەۋرىدىلا مەيدانغا كەلگەن. ئۇ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى، يەنى ئىپتىدائىي دىننىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشى بىلەن بىرگەۋدىگە ئايلىنىشى، رېئاللىشىش ۋە كونكرېتلىشىشىدىن ئىبارەت. يىراق قەدىمكى زامانلاردىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە بىلىش قابىلىيىتى ئىنتايىن تۆۋەن باسقۇچتا تۇرغان شارائىتتا، ئۇلار بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىسىگە تايىنىپ تەبىئەت كۈچلىرىنى يېڭىپ

## تارىختىن سۆز

www.uyghurkitap.com

ھاياتىنى ساقلاپ قالماقچى بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قۇدرەتلىك تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل شەيئىي ۋە ھادىسىلەرنى، مەسىلەن، بوران - يامغۇر، چاقماق، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، تاغ، دېڭىز، دەريا، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، تۇغۇلۇش، ئۆلۈش . . . قاتارلىقلارنى چۈشىنەلمەي، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل تەبىئەتتىن تاشقىرى بولغان قۇدرەتلىك كۈچنىڭ كارامىتى، ئىنسان بۇنداق كۈچكە تاقابىل تۇرالمايدۇ، دەپ قارىغان. بىر خىل يوشۇرۇن، قورقۇنچلۇق روھىي ھالەت ئۇلارنى تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچنىڭ خەيرخاھلىقىغا ئېرىشىشكە قىستىغان. مانا بۇ خىل تەبىئەت كۈچلىرىنى ئىلاھ دەپ قاراش ۋە بەلگىلىك شەكلى ئارقىلىق ئۇنىڭدىن پاناھلىق تىلەش پائالىيەتلىرى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد بىلەن بىللە سېرىك ، سېھىرگەرلىك سەنئىتى (ئويۇنى) نىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان. نەتىجىدە تىلاۋەت قىلىش، ئەپسۇن ئوقۇش، پال ئېچىش، پەرھىز تۇتۇش، پىرىخۇنلۇق قىلىش، يوشۇرۇن كۈچ (يەنى جىن - شاياتۇنلار) نى قوغلاش قاتارلىق ھەر خىل پائالىيەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ سېرىك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىمۇ پەيدىنپەي شەكىللەنگەن.

سېرىك، سېھىرگەرلىك مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا خىلمۇ خىل قىزىقارلىق سېرىك، سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرى ئاساسەن كوللېكتىپ يوسۇندا ئېلىپ بېرىلغان ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كىشىلەرنىڭ پەيدىنپەي تەبىئەتنى تونۇش ۋە بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ سېرىك، سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرىنىڭ كوللېكتىپ خاراكتېرى بارغانسېرى ئاجىزلاشقان ھەمدە مەخسۇس كەسپىي سېرىك ، سېھىرگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ماھىر شەخسلەر، پىرىخۇنلار، پالچى - مۇنەججىملەر مەيدانغا كەلگەن. كىشىلەر «سېھىرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى بىلىدىغان سېھىرگەر» لەرنى تەبىئەتتىن تاشقىرى روھ (ئىلاھ) نىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەلچىسى دەپ تونۇغان ھەم ئۇلارغا ئىلتىجا قىلىشقان①، شۇنىڭ بىلەن سېرىك ، سېھىرگەرلىك ماھىرلىرى ئەينى زامان كىشىلىرىنىڭ نەزەرىدە «بىلەرمەن - ئالىم » ھېسابلىنىپ، ئالاھىدە ھۆرمەتلەنگەن.

بىراق، سېرىك، سېھىرگەرلىكنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپلىكلىكى، كىشىلەردىن ناھايىتى زېرەك، چاققان بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېرىك، سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئەنە شۇ ئىپتىدائىي دەۋر بىزدىن تولىمۇ يىراقتا قالغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە بىز پەقەت غار - ئۆڭكۈر تام سۈرەتلىرى، قىياتاش رەسىملىرى ۋە ئىپتىدائىي شەھەر، قەلئە خارابىلىرى بىلەن يىراق قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ ئەينى تارىخىي تەسۋىرى بولغان قەبرە يادىكارلىقلىرىدىن سېرىك، سېھىرگەرلىككە ئائىت تارىخىي مەنبە ئىزدەش بىلەنلا چەكلىنىمىز.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ھازىرغىچە شىنجاڭدىكى تەڭرىتاغ، ئالتاي تېغى، ئالتۇنتاغ، كوئېنلۇن تېغى ۋە بۇلارنىڭ تارماقلىرىدىكى 60 تىن كۆپ ئورۇندىن نەچچە ئون مىڭ پارچە قىياتاش رەسىملىرى تېپىلدى. بۇ قىياتاش رەسىملىرى دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە مەزمۇنىنىڭ مولluقى بىلەن مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى ئالىملارنى ھەيران قالدۇردى. مەسىلەن، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ئالتۇنتاغ رايونى مۆلچەر دەرياسى بويىدىن تېپىلغان قىياتاش رەسىملىرىنىڭ كۆلىمى 3000 ـ 4000 كۋادرات مېترغا، رەسىم سانى نەچچە مىڭ پارچىغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىپتىدائىي سېرىك، سېھىرگەرلىككە دائىر رەسىملەردىن ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك ھايۋان سىياقىدا ياسىنىۋالغان ئادەملەر، قانات - قۇيرۇقلۇق ئادەملەر، موللاق ئېتىشقا تەييارلىنىپ سەكرەۋاتقان ئادەملەر، پۇت - قولىنى كېرىپ ھەرىكەت قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئادەملەر ۋە بېشى ئادەم، تېنى ھايۋان سىياقىدىكى ئادەملەر ئوبرازى قاتارلىقلار بار. يەنە يېزىقنا ئوخشاش بەلگىلەر، تۆت چاسا، يۇمىلاق ۋە رومبا شەكىللىك سىزىقچىلار بىلەن ھەر قايسى رەسىم گۇرۇپپىلىرىغا بەش - ئالتىدىن قىلىپ ئويۇلغان ئالقان (بەش بارماقلىق قول

ئالغىنى) قاتارلىقلارمۇ ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدە ئالدىن مەلۇمات بېرىدىغان پالچىلىق سېھىرگەرلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئارخېئولوگلار مۇلچەر دەرياسى بويىدىكى بۇ قىياتاش رەسىملىرىنى بۇنىڭدىن 6000 ـ 8000 يىللار ئىلگىرىلا مەيدانغا كەلگەن② دەپ يازغان. ئەمەلىيەتتە قەدىمكى شىنجاڭ ئاھالىلىرىنىڭ ئىپتىدائىي سېھرى، سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن باشلانغان، چۈنكى بۇ پائالىيەتلەر پەيدا بولۇپ، خەلق ئىچىگە ئومۇملىشىپ، ئۆز دەۋرىدىكى سەنئەتكارلارنىڭ چېۋەر قوللىرى بىلەن ئوبرازلىشىپ، ئېگىز قىياتاشلاردىن ئورۇن ئېلىپ بولغۇچە يەنە قانچە مىڭ يىللارنىڭ ئۆتكەنلىكى بىزگە نامەلۇم.

«قورۇقتاغدىكى قىياتاش رەسىملىرى» دېگەن رەسىملىك ماقالىگە قارىغاندا، قورۇقتاغ قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدىمۇ رەسمىي سېھىر ئويناۋاتقان ئادەم رەسىملىرى بار ئىكەن③. مەسىلەن، شۇ ماقالىدىكى 13 ـ رەسىمدە: بىر ئادەم چېچىپ كېتىۋاتقان توگە ئۈستىدە تىك ئۆرە تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كەڭ كېرىپ، قانداقتۇر قىزىق بىر خىل سېھىر ئويۇنى ئويناۋاتقانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. 17 ـ رەسىم يەنى سېھىركىچىلەر رەسىمىدە: بەستلىك بىر ئادەم ئىككى پۇتىنى سەل كېرىپ، سول قولى بىلەن بىر ئادەمنىڭ بېشىنى يەرگە، ئىككى پۇتىنى ئاسمانغا قارىتىپ، بېشىدىن ئېگىز تىك كۆتۈرۈپ تۇرغان، ئۈستىدىكى ئادەم ئىككى قولى بىلەن پەستىكى ئادەمنىڭ بىر (سول) قولىنى چىڭ تۇتۇپ، باش ۋە بېلىنى تۈز قىلىپ، ئاسمانغا قارىتىلغان ئىككى پۇتىنى چىرايلىق ھەرىكەت شەكلىدە ئېگىپ تۇرغان، ئۆرە تۇرغان ئادەمنىڭ بېشىدا پۇتىنى ئاسمانغا، بېشىنى يەرگە قارىتىپ قىزىقارلىق سېھىر ئويناۋاتقان بۇ كۆرۈنۈش ـ بۈگۈنكى كۈندىكى مۇشۇ خىلدىكى سېھىر نومۇرى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش بولۇپ، بەدەن شەكلى، ھەرىكەت قىياپىتى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ھېچقانداق پەرق قىلمايدۇ. يەنە مۇشۇ رەسىم(17 ـ رەسىم ) نىڭ يېنىدىكى ئىككى كىشى ئوبرازى (16 ـ رەسىم ) مۇ سېھىر ئويۇنى كۆرۈنۈشى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدا ناھايىتى ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك، كالتە قۇيرۇقلۇق، غەلىتە سىياقتىكى بىر ئادەم ئوڭ قولى بىلەن ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئېگىز كۆتۈرۈپ، قۇيرۇقى ۋە سول قولىدا چىرايلىق ھەرىكەتلەرنى ئويناۋاتقان، قارشى تەرىپىدىكى ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق ئادەم ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان ئوڭ پۇتى، قۇيرۇقى ۋە سول قولىدا چىرايلىق ھەرىكەت ئويناۋاتقان ھالەت ناھايىتى ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن . قارىماققا ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق ئادەم كۆچەپ ھاۋاغا سەكرەپ، ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك ئادەمنىڭ بېشىدىن ئارتىلىپ، موللاق ئېتىپ چۈشۈش ھالىتىدە تۇرغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. بىر قاراشقىلا بۇلارنىڭمۇ قىزىق سېھىر ئويناۋاتقانلىقى ۋە جىددىي ھەرىكەت ئۈستىدىكى ھالىتىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

داڭلىق ئېتنوگرافلار ۋە فولكلورشۇناسلار قەدىمكى غار ـ ئۆڭكۈر سىزما رەسىملىرى ۋە قىياتاش رەسىملىرىدىكى غەلىتە ئادەم (مۈڭگۈزلۈك، قانات ـ قۇيرۇقلۇق، بېشى ئادەم تېنى ھايۋان ياكى ئۇچار قۇشلار سىياقىدىكى ئادەم) لەر ئوبرازى بىلەن ھايۋانات ئارىلاشقان ئوبرازلارنى دائىم سېھىر ، سېھىرگەرلىك چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا ئىزاھلايدۇ. يەنى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ بۇخىل رەسىملەرنى ئىجاد قىلىشى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ھەۋەسلىرى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ھايۋاناتلارنى سىزىشى دەل ئۇلارنىڭ ئوۋچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ بىر خىل ئۇسۇل ـ ۋاسىتىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئوۋچىلىق ئەمگىكىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى مەقسەت قىلغان ④. دېمەك، بۇ خىل قاراش بويىچە ئېيتقاندا، يۇقىرىقىدەك ئوبرازلار سېھىر، سېھىرگەرلىك سەنئىتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، ئىجتىمائىي ھاياتنى، ئەمەلىي تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان.

يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان نىلقا، قورغاس، موڭغۇلكۈرە، توققۇزتارا، تېكەس، چۆچەك، دۆربىلجىن، چاغانتوقاي، تولى، ئارشاڭ، قۇمۇل، توقسۇن، تۇرپان، پىچان، گۇما، چەرچەن، كورلا، مارالبېشى، چاقىلىق، خوتەن، كۇچا، ئاقسۇ كوناشەھەر ۋە ئاراتۇرۇك قاتارلىق 50 نەچچە ناھىيە ۋە

www.uyghurkitap.com

شەھەر ئەتراپىدىن تېپىلغان 60 تىن كۆپرەك قىياتاش رەسىملىرى نۇقتىلىرىدىن يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئىپتىدائىي سىرىك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىگە دائىر ئوبرازلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. ئەينى زاماننىڭ نەق ئەمەلىي تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ئەينەن تارىخىي تەسۋىرى ھەم ئوبرازلىق كارتىنىسى بولغان بۇنداق قىياتاش رەسىملىرىدىكى سىرىك، سېھىرگەرلىككە دائىر ئوبرازلار ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇۋچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىۋاتقان ناھايىتى يىراق قەدىمكى زاماندىلا سىرىك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىگە ماھىر بولغانلىقىنى نەق ماددىي ئىسپاتلار بىلەن تولۇق دەلىللەپ بېرەلەيدۇ، ئەلۋەتتە.

ئازادلىقتىن كېيىن بولۇپمۇ 70 ـ يىللاردىن كېيىن، شىنجاڭدىكى قەدىمكى شەھەر، قەلئە خارابىلىرى ۋە ئىپتىدائىي قەبرە، يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ بىر قىسمىلىرىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ـ تەكشۈرۈش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ جەرياندا تام ـ تورۇسلارغا، قەبرە ئىچىگە، قەغەزلەرگە، كاناپ ۋە رەختلەرگە سىزىلغان قەدىمكى سىرىك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىگە دائىر مەلۇماتلارمۇ تېپىلىش بىلەن بىرگە سىركچى قورچاق ـ ھەيكەللەرمۇ خېلى كۆپلەپ تېپىلدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، باشقۇرۇش ئورۇنلىرى (ياكى يەرلىك مۇزېيلىرى) دا ساقلىنىۋاتىدۇ. بىر قەدەر مۇھىم (ئەۋرىشكە بولالايدۇ) دەپ قارالغان نادىر نەمۇنىلەر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا يۆتكەپ كېلىنىپ داۋاملىق كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ. مانا شۇ جاي ـ جايلاردىن تېپىلغان، ھەر قايسى جايلاردا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى سىرىك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىگە دائىر ماددىي بۇيۇملارغا قارىغاندا، «سەنئەت ماكانى» شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى سىرىك، سېھىرگەرلىك سەنئىتى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن باشلاپلا ئىزچىل تۈردە تەرەققىي قىلىپ، راۋاجلىنىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلانغان سىرىك سەنئىتىنىڭ ئەڭ نادىر نەمۇنىلىرىنى يارىتالىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ 1962 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ستەين شىنجاڭدىكى دەندەن ئۆيلۈك، مولاڭ خارابىلىرىدىن تاپقان بىر نەچچە پارچە ئويما رەسىم ھەققىدىكى مەسىلىگە يېڭى باھا» دېگەن سۆرەتلىك ماقالىسىگە قارىغاندا، خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدىن ئازادلىقتىن ئىلگىرىلا سىرىك، سېھىرگەرلىككە دائىر قەدىمكى ياغاچ ئويما رەسىملەر تېپىلغان⑤. بۇنىڭدىكى 1 ـ ياغاچ ئويما (1 ـ رەسىم) نىڭ ئوتتۇرىدىكى رەسىمدە بېشى چاشقان، تېنى ئادەم سىياقىدىكى بىر غەلىتە ئوبراز كۆرسىتىلگەن. باش، قۇلاق، كۆز ۋە تۇمشۇقلىرى چاشقانغا ئوپمۇ ئوخشاش تەسۋىرلەنگەن بۇ ئوبرازنىڭ ئالدىدا پەي توپ پالىقىغا ئوخشاش نەرسىنى تۇتۇپ تۇرغان يالىڭاچ قىياپەتتىكى بىر ئادەم، كەينىدە يەنە بىر غەلىتە مەخلۇق ئوبرازى ناھايىتى نەپىس ئويۇلغان. بۇ ياغاچ ئويما رەسىمنى ئەنگلىيىلىك ستەين 1900 ـ يىلى 12 ـ ئايدا خوتەندىكى ئۆيلۈك خارابىسىدىن تېپىپ ئېلىپ كەتكەن.

1906 ـ، 1907 ـ يىللىرى ستەين يەنە چاقىلىقنىڭ شەرق شىمالىغا 50 چاقىرىم ئەتراپىدا كېلىدىغان جايدىن مولاڭ خارابىسىنى تاپقان ھەمدە بۇ جايدىن باشقا يادىكارلىقلار بىلەن بىللە يەتتە پارچە قىممەتلىك تام رەسىملىرىنىمۇ تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدىكى 1 ـ رەسىمدە: دۈمبىسىدە قانىتى بار ناھايىتى چىرايلىق بىر جۈپ قىزنىڭ ئوبرازى كۆرسىتىلگەن. 2ـ رەسىمدە: قوللىرىدا ھەر خىل مىللىي چالغۇلارنى تۇتۇپ قىزىق نەغمە قىلىۋاتقان ئون نەچچە كىشىلىك ئوركېستىرنىڭ ئوبرازى، بۇلارنىڭ ئالدىدا (ئېھتىمال سەھنە بولۇشى مۇمكىن) ئۇزۇن ۋە يوغان قانات ـ قۇيرۇقلۇق، بېشىغا نەقىشلىك تاج كىيىۋېلىشقان ئىككى كىشىنىڭ قوللىرىدا ئۇزۇن تانا (ياكى لېنتا) تۇتۇپ قىزىقارلىق ھەرىكەت (ياكى سىرىك) ئوريناۋاتقانلىقى ناھايىتى ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن . 3 ـ رەسىمدە: بېشىغا گۈل قادىۋېلىشقان، ئۇزۇن قانات ـ قۇيرۇقلۇق تۆت كىشىنىڭ قوللىرىدا يۇمىلاق ھالقا (چەمبىرەك) تۇتۇپ، يۇمىلاق شەكىلدە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى مېڭىپ، سەكرەشكە ياكى ئۇچۇشقا تەييارلىنىۋاتقان قىزىقارلىق ھەرىكەت ھالىتى تەسۋىرلەنگەن. 4 ـ رەسىمدە: بېشىغا گۈل قادالغان دوپپا كىيىۋالغان بەستىلىك، قانات ـ قۇيرۇقلۇق بىر ئادەمنىڭ قانىتى ۋە غولىچىنى كېرىپ ئۇچۇۋاتقانلىقى (ئۇچۇشنى دوراپ يۈگۈرۈۋاتقانلىقى)، ئۇنىڭ قانات ـ قۇيرۇقلىرى

كەڭ يېيىلىپ، خۇددى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان لاچىندەك يەلپۈنۈۋاتقانلىقى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن.

يۇقىرىدىكى رەسىملەر گەرچە نەچچە ئەسىرلەپ قارا يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ ياتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا سۈرەتلەنگەن ئوبرازلار ناھايىتى ياخشى ساقلىنىپ قالغان بولغاچقا، ئوبرازلارنىڭ مەزمۇنىنى خېلى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك فورمىلىرى، زىبۇ زىننەتلىرى، چىراي شەكلى، سەنئەت ئالاھىدىلىكى قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۇپ ئاھالىسى بولۇپ كەلگەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە، كونكرېت ئېيتقاندا، تارىم مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي مىراسخورى - ئۇيغۇرلارغا خاس ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. شۇنداقلا قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ سىرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپلا قالماي، بەلكى ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇللار بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ (قوشۇلۇپ)، يېڭى شەكىل ۋە يېڭى مەزمۇنلار بىلەن داۋاملىق تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قىياتاش رەسىملىرىگە ۋە يەر ئاستىدىن تېپىلغان، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى سىرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىگە دائىر ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلەرگە قارىغاندا، سىرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتى كۆپىنچە ھاللاردا مۇزىكا ۋە ناخشا - ئۇسسۇللار بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئوينالغان. بولۇپمۇ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، خىلمۇ خىل مۇرەككەپ ھەرىكەت شەكلىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە، سەكرەش، موللاق ئېتىشقا ئوخشاش تېخنىكىلىق ھەرىكەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، سىركچىلىك سەنئىتىنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپەيگەن. دەسلەپكى ئىپتىدائىي سىرك ھەرىكەتلىرى ناھايىتى ئاددىي، تۈرى ئاز بولغان بولسا، كېيىنچە ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كۈنسايىن مۇرەككەپلەشكەن. يەنى ئادەمنىڭ بېشىغا چىقىپ پۇتىنى ئاسمانغا، بېشىنى يەرگە قىلىپ تىك ئۆرە تۇرۇش، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ پىرقىراش، موللاق ئېتىش، ئۆرە تۇرغان ئادەمنىڭ بېشىدىن موللاق ئېتىپ ئۆتۈش، شاش ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش ۋە ئۇلارنى مىنىپ خەتەرلىك جايلاردىن سەكرەپ ئۆتۈش، ئوتتىن سەكرىتىش، ئېگىز خادىغا چىقىپ بېشىچە چۈشۈش، ھەر خىل ھايۋان سياقىدا ياسىنىپ قىزىقارلىق ھەرىكەت قىلىش، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، كۈچ كۆرسىتىش، ئارقان ئۈستىدە مېڭىش، قول سېھىرسى، قىلىچ، پىچاق يۇتۇش، ئاغزىدىن ئوت پۈركۈپ چىقىرىش، قوغۇن تېرىش، دەرەخ تىكىش، ئادەمنى ئىككى پارچە قىلىپ پارچىلاپ يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئات پارچىلاش، قول ئىشارىتى ۋە ئەپسۇن ئوقۇش بىلەن يوق نەرسىنى پەيدا قىلىش، بار نەرسىنى يوق قىلىۋېتىش . . . قاتارلىق مۇرەككەپ تېخنىكىلىق ماھارەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب، شىمالىدىكى ئىپتىدائىي قەبرە، يادىكارلىقلاردىن ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن ھەيكەل - قورچاقلار تېپىلدى. بۇلارنىڭ خېلى بىر قىسىملىرى قىياتاش رەسىملىرىدىكى ۋە رەخت، قەغەز، تام - تورۇسلارغا سىزىلغان قەدىمكى سىرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان مەزمۇنلاردا ياسالغان. دەۋرى جەھەتتىن 3000 ـ 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ ھەيكەل، قورچاقلار ئىنتايىن نازۇك ۋە نەپىسلىكى، بەدىئىي سەنئەت مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، شەكلىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، رەڭدارلىقى، ياساش - بېزەش تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئۆلچەملىك ۋە كۆركەملىكى قاتارلىق جەھەتلەردىن مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى ئالىملارنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى سىرك، سېھىرگەرلىك مەزمۇنىغا ئىگە ھەيكەل، قورچاقلارنىڭ بىر قىسىم نادىر ئۈلگىلىرى ئۆز ۋاقتىدىلا چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن، ئىنتايىن ئاز بىر قىسىملىرى ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كۆرگەزمە قىلىپ ساقلىنىۋاتىدۇ. بىر قىسىم ھەيكەل، قورچاقلار قارىماققا دىنىي مەزمۇندىكىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇ دىن بىلەن سەنئەت چەمبەرچەس باغلانغان زامانلارنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە سىرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ، ئەلۋەتتە. يەنە بەزىسى مەخسۇس سىرك ئويناۋاتقان ھەيكەل، قورچاقلار بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

ئاددىي كۆرۈنۈشلەر بىلەن چوڭقۇر مەزمۇنلارنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەن. بۇنداق شەكىلدىكى ھەيكەل، قورچاقلارنى ئۆز دەۋرىدىكى چېۋەر قوللۇق ماھىر ھەيكەلتاراشلىرىمىزنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە يۈكسەك كامالەتكە يەتكەن يۇقىرى تېخنىكىلىق ماھارىتىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

مەسىلەن، تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن سىرك، سېھىرگەرلىك ئويناۋاتقان «سىركچى قورچاقلار» دىن خېلى كۆپ تېپىلدى⑥. بۇلارنىڭ بىرى بېشىدا ئېگىز بىر خادىنى تىك تۇرغۇزۇپ، ئىككى غولىچىنى كەڭ كېرىپ (بىر قولى سۇنۇپ كەتكەن)، تىزلىنىپ ئولتۇرغان جايىدىن ئاستا ئۆرە تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان كۆرۈنۈشتە بولۇپ، بۇ سىركچى ماھىر سەھنە ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان شىرە ئۈستىدە ناھايىتى زېرەكلىك ۋە پەم بىلەن قىزىق سىرك ماھارىتى كۆرسىتىۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. يەنە ئىككى سىركچى قورچاقلارنىڭ بىرى ئۇزۇن سوزۇلغان ئىككى قولىدا يەرگە تايىنىپ، ئىككى پۇتىنى ئاسمانغا قارىتىپ تىك ئېگىز كۆتۈرۈپ موللاق ئېتىشقا باشلىغان، بۇنىڭ ئالدىدىكى يەنە بىر سىركچى قورچاق (ئىككى قولى سۇنۇپ كەتكەن) بىر پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كەينىدىكى مۈرە ئېگىزلىكىدىكى توساقتىن كەينىچە تىك موللاق ئېتىپ ئۆتۈشكە تەمشىلىۋاتقان جىددىي ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. يەنە بىر ساقال - بۇرۇتلۇق قېرى سىركچى قورچاق (بىر قولى مۈرىسىدىن سۇنۇپ كەتكەن) بىر پۇتىنىڭ ئۇچىدا يەرگە دەسسەپ، بىر پۇتى ۋە قولىنى تۈز، ئۇزۇن سوزۇپ، سول تەرەپكە قاراپ قويۇندەك تېز پىرقىراۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. بۇ سىركچى قورچاق كالتە يەڭلىك جىلىتكە، كالتە ئىشتان (كۇسار) كىيىپ، بەلباغ بىلەن بېلىنى مەھكەم باغلاپ، چەبدەس، چاققان ھەرىكەت قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشتە بولۇپ، ئاغزىنىڭ يېرىم ئېچىلغىنىغا قارىغاندا، غەزەپ بىلەن كۈچەپ ۋارقىراۋاتقان سىركچى ماھىرغا تەقلىد قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. شىرىقلىق ئىشتان ئۈستىگە تىزىغىچە ئۇزۇن پايپاق تارتىۋالغان، چېچىنى بۇدۇر قىلىۋالغان، تار ھەم ئۇزۇن يەڭلىك كۆڭلەك كىيىۋالغان زىلۋا، ئىنچىكە بەللىك ئايال ئوبرازىدىكى بىر سىركچى قورچاق بىر قولىنى يان تەرەپكە قارىتىپ ئۇزۇن سوزۇپ، بىر قولىنى بېلىگە قويۇپ، بىر پۇتىنى سەل كۆتۈرۈپ يېنىچە موللاق ئېتىشقا تەييارلىنىۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. قارىماققا بىر نەچچە قېتىم پىرقىراپ يېنىچە موللاق ئېتىپ بولۇپ، يەنە شۇ ماھارەتنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندەكلا قىياپەتتە كۆرۈنىدۇ. يەنە شىر ئويۇنى نومۇرىنى ئورۇنداۋاتقان ئىككى ماھىر سىركچى قورچاقمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتىدۇ. بۇنىڭدا كۆز، قۇلاق، ئېغىز، چىشلىرى ۋە يۈڭلىرى خۇددى راست شىردەكلا تېرىدىن ياسالغان نىقاب ئىچىگە ئىككى ماھىر كىرگەن. ئالدىدىكى ئادەم بېشىنى شىر (نىقاب) نىڭ بېشىغا تىقىپ، ئىككى قولىدا كەينىدىكى ئادەمنىڭ مۈرىسىنى تۇتقان؛ كەينىدىكى ئادەم شىر (نىقاب) نىڭ قۇيرۇقى تەرەپتە دۈمچىيىپ تۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن ئالدىدىكى ئادەمنىڭ ئىنچىكە بېلىدىن تۇتقان، نىقاب ئۇلارنىڭ تىزىغىچە كىيىلگەن بولۇپ، تىزىنىڭ ئاستىنقى تەرەپكە شىرنىڭ پۇتىغا ئوخشاش ئۇزۇن يۈڭلۈق پۇت (نىقاب) كىيىلگەن. بۇ شىر (نىقاب) بېشىنى تىك تۇتۇپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئالغا قاراپ مېڭىۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن، بۇنىڭغا بىر قاراش بىلەنلا ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي سەنئەت تېخنىكىسى سىڭدۈرۈلگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ شىر ئويۇنى ئوبرازى بۈگۈنكى كۈندىكى سىرك نومۇرلىرىدا ئوينىلىدىغان شۇ خىلدىكى كۆرۈنۈش بىلەن تامامەن ئوخشىشىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب، شىمالىدىكى قەدىمكى شەھەر، قەلئە خارابىلىرى ۋە ئىپتىدائىي قەبرە، يادىكارلىقلاردىنمۇ سىرك، سېھىرگەرلىككە ئالاقىدار ھەيكەل، قورچاقلار خېلى كۆپلەپ تېپىلدى. بۇلار قىياتاش رەسىملىرىدە ۋە رەخت، قەغەزلەرگە سىزىلغان قەدىمكى رەسىملەردە نامايەن بولغان مىللىي ئەنئەنىۋى سىرك سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىنغان ئاساستا تۈر، شەكىل، مەزمۇن جەھەتتىن خېلى راۋاجلانغان ھەم تەرەققىي قىلىپ مۇشۇ سەۋىيىگە يەتكەن.

يازما خاتىرىلەردىن سۆز ئاچساق، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرى شىنجاڭنىڭ ئىپتىدائىي سىرك، سېھىرگەرلىك ماكانى ئىكەنلىكىنى بىردەك قەيت قىلىشىدۇ. ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان

كىشىلەر شىنجاڭنى «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە شىنجاڭ يەنە سىرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭمۇ ماكانى ئىكەنلىكى روشەن تارىخىي پاكىت. خۇددى لوشياۋېن ئەپەندى: «قەدىمكى غەربىي يۇرت سىرك، سېھىرگەرلىكىنىڭ شەرققە سىلجىشى، جۇڭگو سىرك، سېھىرگەرلىكىنىڭ باشلىنىشى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. . . غەربىي يۇرت ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش رايونلار، قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتى ئەڭ تەرەققىي قىلغان ۋە ئاساسلىق دىنلار ئەڭ ئاۋۋال گۈللەنگەن رايون ھەم دۇنيا سىرك، سېھىرگەرلىكى ئەڭ بالدۇر پەيدا بولغان يەر، سىرك، سېھىرگەرلىك يۇرتى »⑦ دەپ كۆرسەتكىنىدەك، تارىم بوستانلىقى ئىنسانىيەت سىرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ ئانا بۆشۈكى بولۇپ كەلگەنلىكىنى جۇڭگو ـ چەت ئەل تارىخىي مەنبەلىرى داۋاملىق دەلىللەپ كەلدى. بەزى جۇڭگو ئالىملىرى قەدىمكى غەربىي يۇرتتا « 苦婆国 » دەيدىغان بىر قەدىمكى مەملىكەتنىڭ بولغانلىقى، بۇ مەملىكەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى غەرب تىلىدا magas، magi ۋە Magic دېگەن ناملاردا ئاتىلىدىغانلىقى، بۇ ناملارنىڭ خەنزۇچە مەنىسى « 巧幻术国 » (چېۋەر سېھىرگەرلەر مەملىكىتى) دېگەن بولىدىغانلىقى، بۇ مەملىكەت (« 巧幻术国 » 即 « 苦婆国 ») نىڭ تارىم بوستانلىقى ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ⑧.

## ئۇيغۇر سىرك ، سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىشى

ئۇيغۇر سىرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىشى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 138 ـ يىلى جاڭ چيەن غەربكە ئەلچىلىككە كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا تارقىلىشقا باشلىغان. «ئاستانىلىقتىن تېپىلغان كىتابلار» ( 汲家书 ) بىلەن «كېيىنكى خەننامە» ۋە «جۇئېكراملىرى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 21 ـ ئەسىرلەردە ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى بىلەن قوشۇلۇپ سىرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىمۇ تەسىر قىلىشقا باشلىغان. چۈنكى شىنجاڭ ئاھالىلىرى بىلەن گەنسۇ كارىدورى ۋە جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ مەدەنىي ئالاقىلىرى بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا باشلانغانىدى⑨. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالى ۋە ئوردۇس رايونىدا ياشىغان، ئورال ـ ئالتاي تىلىدا سۆزلىشىدىغان ۋە شۇ تىلدا ئۆز مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن خەلقلەر بىلەن خۇاشيا قەبىلىلىرىنىڭ ئىپتىدائىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنلىكى شۈبھىسىز⑩. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن شۇ چاغلاردا گەنسۇ رايونىدا ياشىغان توخرى، ئۇيسۇن قەبىلىلىرى جۈملىدىن خۇاڭخېنىڭ شىمالى ۋە ھازىرقى موڭغۇل يايلاقلىرىدىكى دى، دىڭلىڭ، ھون قەبىلە ئۇيۇشمىلىرىمۇ خېلى زىچ ئالاقىدە بولغان ھەمدە شىنجاڭنىڭ سىرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتى گەنسۇ كارىدورى ۋە جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى خەلقلەر ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقلىرىگە تارقىلىشقا باشلىغانلىقى روشەن تارىخىي پاكىت.

جۇڭگو تارىخشۇناسلىرى شىنجاڭنىڭ سىرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ شەرققە تارقىلىشى ھەققىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى يازما خاتىرىلەر مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى جۇمۇۋاڭ زامانىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. غەربىي خەن ( مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 ـ، مىلادى 23 ـ يىللار) دەۋرىدىن ئىلگىرىكى قومۇش خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ قايتا ئىشلەنگەن «مۇتيەنزى تەزكىرىسى » ( 穆天子传) دېگەن كىتابتا، مۇتيەنزىنىڭ غەربنى ساياھەت قىلغانلىقى ۋە باتىسقان ئانا بىلەن ئۇچراشقانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا غەربىي يۇرت سىرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتى مۇتيەنزىنى ئۆزىگە كۈچلۈك مەپتۇن قىلىۋالغانلىقى، «مۈڭگۈزلۈك، قانات ـ قۇيرۇقلۇق سىركچى، سېھىرگەرلەر سۇغا كىرىپ سۇ ئۈستىدە ئوت كۆيدۈرىدىغانلىقى، تاشلارنى زىخچا ئالتۇنغا ئايلاندۇرىدىغانلىقى، ئېگىز تاغلارنى بوستانلىققا ئايلاندۇرىدىغانلىقى، شەھەر، قەلئەلەرنى يۆتكىيەلەيدىغانلىقى، 30 گەز ئېگىزلىكتىكى خادا ئۈستىدە ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغانلىقى . . .» تىلغا ئېلىنغان. «لېيزى. جۇمۇۋاڭ» ( 列子 • 周穆王 ) دېگەن

كىتابىمۇ جۇمۇۋاڭنىڭ غەربىي يۇرتتا سېرك، سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرىنى كۆرگەنلىكى، سېركچىلەرنىڭ قورقۇنچلۇق ھەرىكەت شەكىللىرىدىن چۆچۈپ، بىئارام بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

«يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل، مۇزىكا ھەققىدە تەھسىل» دە: «سېرك ئويناش، سېھىرگەرلىك قىلىش ئادەتلىرى غەربىي يۇرتتىن كەلگەن» دېيىلسە، تاڭ دەۋرىدىكى يەن شىگۇ يازغان «خەننامە، جاڭ چيەن تەزكىرىسىگە ئىزاھ» تا: «غەربىي يۇرتتىن كەلگەن سېركچى، سېھىرگەرلەر ھەر خىل كارامەتلەرنى قىلالايدۇ. ئۇلار پىچاق يۇتۇش، ئاغزىدىن ئوت پۈركۈش، قوغۇن - تاۋۇز تېرىش، دەرەخ تىكىش، ئادەمنى پارچىلاپ يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئاتنى پارچىلاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش. . . ئويۇنلىرىغا بەك كامىل، بۇنداق يات، غەلىتە ئىشلار غەربىي يۇرتتىن تارقىلىپ كەلگەن » دەپ خاتىرىلەنگەن. يەنە شۇ «يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل» دېگەن كىتابتا: «سېرك، سېھىرگەرلىك، جادۇگەرلىك، يىرتقۇچ ھايۋان سىياقىدا ياسىنىپ قورقۇنچلۇق ماھارەتلەرنى كۆرسىتىش ۋە دراما، تىياتىر قاتارلىقلار غەربىي يۇرتتىن تارقىلىپ كىرگەن. ماھىر سېركچىلەرنىڭ بۇ ئويۇنلارنى جۇڭگوغا تارقىتىشى بىلەن بۇ خىل ئويۇنلار پەيدا بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە سېرك، سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرى دەۋرمۇ دەۋر داۋاملاشقان» دەپ يېزىلغان. «ۋېينامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، جىن سۇلالىسى خۇەيدى خانى دەۋرىدە (307 - 316 ) غەربىي يۇرتتىن بىر نەچچە تۈركۈم سېرك ماھىرلىرى جۇڭگوغا كەلگەن. ئۇلار ناخشا - ئۇسسۇل، تىياتىر، دراما، سېرك، سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرىغا بەك ماھىر بولۇپ، ئوردا ئەئىيانلىرىنى ۋە 300 چاقىرىم يىراقلاردىن كېلىشكەن نەچچە ئون مىڭ پۇقرانى ھەيران قالدۇرغان. ئۇلار ئىلگىرىكى بەزى كونا ئەنئەنىۋى سېرك ماھارەتلىرىنى سىققىپ چىقىرىپ، يېڭى شەكىل، يېڭى مەزمۇنلاردىكى سېرك، سېھىرگەرلىك ماھارەتلىرىنى كەڭ تارقاتقان ھەمدە «سېرك، سېھىرگەرلىك ئۆگىنىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ، غەربىي يۇرتلۇق سېرك پىرلىرىنىڭ ئىشىكىدىن كەتمەيدىغان» ۋە «بۇ سېرك ئىلمىگە مەستانە بولۇپ قالغان» لارنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم سېرك، سېھىرگەرلىك ماھىرلىرىنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ مىللىي سېرك سەنئىتى پەيدىنپەي شەكىللىنىپ يېڭى مەزمۇن، يېڭى شەكىللەر بىلەن راۋاجلىنىشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان.

جىن سۇلالىسىدا ئۆتكەن ۋاڭ جيا يازغان «تەرمىلەر» ( 拾遗记 ) دېگەن كىتابتا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 -، 6 - ئەسىرلەردە غەربىي يۇرتتىن شېن تۇڭ ( 神通 — پىر كامىل دېگەن مەنىدە) ۋەشەنشۇ ( 善书 ) دېگەن ئىككى سېرك، سېھىرگەرلىك ماھىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدا بۇ ئىككى پىر كامىل «چوڭ ئادەمگىمۇ، كىچىك باللارغىمۇ ئۆزگىرەلەيدۇ. ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ سىرتقا شولىسىنى چۈشۈرەلەيدۇ، قولتۇقىدىن ئالتۇن چەينەك چىقىرالايدۇ، قاچىدا ھاراق پەيدا قىلالايدۇ، 30 جاڭ ئېگىزلىكتىكى خادا ئۈستىگە چىقىپ ئۇسسۇل ئويناپ، يەرگە بېشىچە چۈشەلەيدۇ، ھاۋاغا سەكرەپ چىقىپ پىرقىراپ بىر نەچچە موللاق ئاتالايدۇ . . . » دېيىلگەن. زولاۋزى يازغان «تويىنزىم كالاملىرى» ( 道德经 ) دېگەن كىتابتا، يەن شياۋ خان زامانىدا غەربىي يۇرتتىن شىرو ( 尸罗 ) ئىسىملىك بىر سېرك، سېھىرگەرلىك ماھىرى شەرققە كەلگەن. ئۇ ئاغزىدىن سۇ پۈركۈپ بوران چىقىرالايتتى. ئەپسۇن ئوقۇپ ئالقىنىدىن بۇلۇت، تۇمان پەيدا قىلالايتتى، قۇلىقىدىن ئەجدىھا، يولۋاس چىقىرالايتتى. قوينىدىن، يېڭىدىن چاقماق، گۈلدۈرماما ئاۋازىنى چىقىرالايتتى. 20 گەز ئېگىزلىكتىكى ئارغامچا ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناپ ماڭالايتتى، موللاق ئاتالايتتى، ئېگىز خادىدىن بېشىچە يەرگە چۈشەلەيتتى، دەپ يېزىلغان.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دىپلوماتى جاڭ چيەننىڭ غەربكە قىلغان ئىككى قېتىملىق سەپىرى نەتىجىسىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقى غەربىي يۇرت ئەللىرىنى رەسمىي بىلىشكە باشلىدى. بۇ مۇناسىۋەت شىنجاڭ سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىشىدا خېلى مۇھىم رول ئوينىدى. ئەمما جاڭ چيەننىڭ غەربكە قىلغان ئەلچىلىكىدىن ئىلگىرى شىنجاڭدىن ۋە جۇڭگونىڭ شىمالىدىن ئوتتۇرا

تۈزلەڭلىككە كىرگەن سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ تەسىرى خېلى زور بولغاندى. ياڭ يىنلۇ يازغان «جۇڭگو مۇزىكا تارىخى» دېگەن كىتابقا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى جۇڭگودا «خۇ سېرك، سېھىرگەرلىكى» دەپ ئاتالغان سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ شىمالىي دى ( 北狄 ) سېركچىلىكى ۋە غەربىي يۇرت سېرك، سېھىرگەرلىكىدىن ئىبارەت ئىككى تارماققا بۆلۈنگەنلىكى، جاڭ چيەندىن ئىلگىرى شىمالىي دى سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىدە غەربىي يۇرت سېرك سەنئىتىنىڭ كۈچلۈك سالمىقى بولغانلىقى، بۇ ئىككى تارماقتا يەنىلا غەربىي يۇرت سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتى ئاساسلىق بولاق ۋە گەۋدە بولغانلىقى مەلۇم. خەن سۇلالىسىدىن كېيىن غەربىي يۇرت سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ شەرققە تارقىلىشى ۋە تۈركۈم - تۈركۈم سېركچىلەرنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كۆپلەپ بېرىشى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دە، پادىشاھ خەن ۋۇدى زامانىدا بۇخارا خانلىقى ئىككى نەپەر سېرك ماھىرىنى خەن ئوردىسىغا ئەۋەتكەنلىكى، ئۇلار ئوردىدا ماھارەت كۆرسىتىپ كىشىلەرنىڭ ناھايىتى قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكى ۋە قورقۇنچلۇق ھەرىكەت شەكىللىرى بىلەن ئوردا ئەمەلدارلىرىنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. «قانۇنلار قامۇسى. چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ توققۇزىنچىسى» دە: «پادىشاھ خەن ۋۇدى زامانىدا غەربىي يۇرتتىن ئون نەچچە سېركچى شەرققە كەلگەن. بۇلارنىڭ چىرايى، كىيىم - كېچىكى غەلىتە، ساقال - بۇرۇتلۇق بولۇپ، ساقىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆت چى بەش سۇڭ كېلىدۇ. بۇلار ئادەمنى پارچىلاپ يەنە دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ. ئاتنى نەچچە پارچە قىلىپ پارچىلاپ، بىرلا ئەپسۇن بىلەن دەل جايىغا كەلتۈرەلەيدۇ. 30 ـ 40 غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى خادا ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناپ، يەرگە موللاق ئېتىپ چۈشەلەيدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

«كېيىنكى خەننامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، خەن ئەندى يۈەنچۇنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 120 ـ يىلى) غەربىي يۇرتتىن زور بىر تۈركۈم سېرك، سېھىرگەرلىك ماھىرلىرى خەن ئوردىسىغا بارغان. ئۇلار ئاغزىدىن ئوت پۈركۈش، ئاتنىڭ بېشىنى كالىغا ئالماشتۇرۇش، ئارغامچىدا مېڭىش، ئادەم ۋە ھايۋانلارنى پارچىلاپ يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈش، موللاق ئېتىش، كۈچ كۆرسىتىش، خادىدىن بېشىچە چۈشۈش ھەرىكەتلىرىگە بەك ماھىر بولغان. يەنە سۇ ئۈستىدە ئوت يانغىنى پەيدا قىلىش، قوينىدىن ئالتۇن چەينەك چىقىرىش، ئېغىزى ۋە قۇلىقىدىن ھەر تۈرلۈك نەرسىلەرنى چىقىرىش قاتارلىق ئويۇنلارنى كۆرسىتىپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان. ھەتتا بىلىقنى سۇغا تاشلاپ سەككىز جاڭ ئۇزۇنلۇقتىكى ئەجدىھاغا ئايلاندۇرغان.

ۋاڭ جيا يازغان «تەرمىلەر» ( 拾遗记 ) دېگەن كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، جىن سۇلالىسى تەيكاڭ يىللىرى (مىلادى 280 ـ 289 ـ يىللار) دا غەربىي يۇرتتىن نەچچە ئون سېرك ماھىرى شەرققە كېلىپ ئاجايىپ ماھارەتلەرنى كۆرسەتكەن. ئۇلار بەش قوللۇق ناھايىتى يوغان بىر مەخلۇق - ھايۋاننى پەيدا قىلغان ھەمدە بۇ غايەت زور ھايۋاننىڭ بېشىنى جەنۇبىي دېڭىزغا، ئوڭ پۇتىنى شەرقىي تاغقا، سول قولىنى غەربىي كۆلگە ئۇچۇرتقان. «سۇ شېنجى» ( 搜神记 ) دېگەن كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، يۇڭجيا يىللىرى (307 ـ 312) دا غەربىي يۇرتتىن چاڭئەن رايونىغا بىر تۈركۈم سېركچىلەر بارغان. ئۇلار تىلنى كېسىش، ئوت پۈركۈش، ئادەم ۋە ئاتنى پارچىلاش، 30 غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى خادىغا چىقىپ ئۇسسۇل ئويناش، قوينىدىن ئويۇنچۇقلارنى چىقىرىش، قاچىدا هاراق چىقىرىش، قەغەز ۋە كىتابلارنى يەپ ئاغزىدىن ئوت چىقىرىش قاتارلىق ماھارەتلەرنى كۆرسەتكەن ھەم ئىناۋەتلىك بەگ، تۆرىلەرنىڭ ئىلتىماسى بىلەن شاگىرت قوبۇل قىلىپ، بۇكارامەتلىك ھۈنىرىنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن. يەنە شۇ كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، يۇڭجيانىڭ 4 ـ يىلى (مىلادى 310 ـ يىلى) كۇچالىق داڭلىق ئالىم، بىناكار ھەم سېرك ئۇستازى پورتۇدىن (348 ـ 232) غەربىي جىن سۇلالىسى پادىشاھى خۇەي دىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن لوياڭغا بارغان ھەمدە دىن تارقىتىش، شاگىرت قوبۇل قىلىپ، سېرك، سېھىرگەرلىك ئۆگىتىش بىلەن مەشھۇر سانالغان.

مىلادى 319 - يىلى شىلبىي غەربىي جىن سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ، كېيىنكى جاۋ ( [illegible] ) خانلىقىنى قۇرغاندا، دۆلەت ئۇستازى بولۇپ شىلبېينىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشىغا مەسلىھەتچى بولغان، خانلىق تەرىپىدىن «ئۇلۇغ راھىب» دەپ جاكارلانغان. پورتىدىنىنىڭ «ئەدەبلىك بولۇش، بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلتۈرمەسلىك، زوراۋانلىق قىلماسلىق، زىيانكەشلىك قىلماسلىق» نەسىھىتىگە كۆنگەن شىلبىي خەنزۇلارنىڭ راھىب بولۇشىغا رەسمىي رۇخسەت قىلغان (بۇ ئەلۋەتتە پورتىدىنىنىڭ تۆھپىسى ئىدى). پورتىدىن جاۋ خانلىقىدا جەمئىي 893 ئىبادەتخانا سالدۇرغان، بۇلارنىڭ بىناكارلىق، رەسساملىق ئىشلىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئىشلىگەن (چۈنكى يەرلىك كىشىلەر تېخى بۇددىزىم بىناكارلىقىنى ۋە بۇددىزىم رەسساملىقىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى). مۇشۇ ئىبادەتخانىلارغا باش مۇدەررىس ھەم سېرىك ئۇستازى بولۇپ 40 يىل ئىشلەپ، ئون نەچچە مىڭدىن ئارتۇق سېرىكچى، جانبازچى شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. 116 يىل ئۆمۈر سۈرگەن پورتىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقى ئۈچۈن ئىنتايىن ئۇلۇغ تارىخىي تۆھپىلىرىنى قوشقان. ئۇ سۇدىن گۈل ئۈندۈرۈش، ئادەمنى نەچچە پارچە قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئات پارچىلاش، قولتۇقىدىن ھەر خىل ئويۇنچۇقلارنى چىقىرىش، قۇرۇق قاچىدا هاراق پەيدا قىلىش، ئاغزىدىن ئوت پۈركۈش، قار - يامغۇر ياغدۇرۇش، چاقماق چېقىلدۇرۇش، موللاق ئېتىش، ئېگىز خادا ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناش، ئارغامچىدا مېڭىش قاتارلىق سېرىك ئويۇنلىرىغا ناھايىتى كامىل بولغان. ئۇنى ئۇستاز تۇتۇش ئۈچۈن ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ تەلمۈرۈپ تۇرىدىغانلار دائىم 100 دىن ئېشىپ كەتكەن.

«جىننامە» قاتارلىقلاردا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادى 247 - يىلى غەربىي يۇرتلۇق كاڭ سىڭخۇي باشچىلىقىدىكى نەچچە ئون سېرىك، سېھىرگەرلىك ماھىرى جەنيې (جياڭسۇ ئۆلكىسى چاڭنىڭ ناھىيىسى) غا بارغان. ئۇلار بار نەرسىنى يوق قىلىۋېتىش، يوق نەرسىنى پەيدا قىلىش، بۇلۇت پەيدا قىلىش، قار - يامغۇر ياغدۇرۇش، ئوت پۈركۈش، ئارغامچىدا مېڭىش، 30 غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى خادا ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناش، موللاق ئېتىپ بېشىچە چۆشۈش قاتارلىق سېرىك ئويۇنلىرىغا ماھىر بولغان. ئۇلار 33 يىل تۇرۇش جەريانىدا يەرلىك خەلقلەر ئىچىدىن نەچچە مىڭ شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇپ بەرگەن. جەنۇب، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە يەنى چىن جۇننىڭ 9 - يىلى (448 - يىلى) كۇچا خانلىقىدىن بىر تۈركۈم سېرىكچى ماھىرلار لوياڭغا بارغان. ئۇلار ئادەمنىڭ بويىنىدىن كېسىپ، مېڭىسىنى يېرىپ، نەچچە شىڭ ياكى نەچچە كۈرە قان ئېلىپ، ئۆزلىرى ياسىۋالغان ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى كېسىلگەن جايلارغا قويغان ھەم قاننى توختاتقان. بېشى كېسىلگۈچىنى بىر ئاي داۋالاپلا ھېچقانداق يېرىنى تاتۇق قىلماستىن ساقايتقان. كۇچالىقلار يەنە ئادەمنى ۋە ئاتنى ئۆلتۈرۈپ، پارچىلاپ دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئالقىنىدىن گۈل ئۈندۈرۈش، قويىنىدىن ھەر خىل ئويۇنچۇقلارنى چىقىرىش، ئارغامچىدا مېڭىش، موللاق ئېتىش، جانبازلىق، كۈچ كۆرسىتىش قاتارلىق قورقۇنچلۇق سېرىك ئويۇنلىرىغا ماھىر بولغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە بىر مۇنچە «خىسلەتلىك دوختۇر» لارمۇ بولۇپ، ھېچكىم ساقايتالمىغان كېسەللەرنى سەللىمازا قىلىپ ساقايتىۋەتكەن.

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرتلار» دا خاتىرىلىنىشىچە، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر ۋاقتىدا «غەربىي يۇرتلۇق خىسلەتلىك راھىب» دەپ نام ئالغان راتناماتى ئىسىملىك بىر سېرىكچى لوياڭدىكى يۇڭنىڭ ئىبادەتخانىسىغا كەلگەن. ئۇ ئىلمىي رىيازەت ( 算术 ) ئىلمىگە كامىل ئالىم بولۇپلا قالماي، بەلكى ماھىر سېرىكچى ئىدى. ئۇ ھاۋاغا سەكرەپ چىقىپ توختاش، يېتىش، پىرقىراپ موللاق ئېتىش، ئېگىز خادا ئۈستىدە مېڭىش، ئۇسسۇل ئويناش، بېشىچە يەرگە چۈشۈش، قويىنىدىن، قولىقىدىن، ئاغزىدىن ھەر خىل نەرسىلەرنى چىقىرىش، ئوت پۈركۈش، قەغەز يەپ ئوت چىقىرىش قاتارلىق قورقۇنچلۇق سېرىك ئويۇنلىرىغا بەك ماھىر بولغان ھەم خان، پادىشاھلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، 100 دىن كۆپ شاگىرت تەربىيىلىگەن.

تيەن جيەن يىللىرى (502 - 519) دا غەربىي يۇرتتىن داۋشەن ئىسىملىك بىر سېرىك ماھىرى

كېلىپ چاڭ شىشەن ( خۇبېي ئۆلكىسى نەنجاڭ ناھىيىسى تەۋەسى) دە ئولتۇراقلاشقان. ئۇ ئوت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كۆيمەسلىك، بۇت - ھەيكەللەرنىڭ پېشانىسىدىن بەش خىل رەڭدە نۇر چىقىرىش، ئوچاقتىكى ئوت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يوقاپ كېتىش، ئوت پۈركۈش، ئادەم ۋە ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئارغامچىدا مېڭىش، تاشتىن زىخچا ئالتۇن پەيدا قىلىش قاتارلىق قىزىقارلىق ئويۇنلارغا ماھىر بولغان ھەم شاگىرت قوبۇل قىلىپ قاتارغا قوشقان.

تاڭ سۇلالىسى جىنگۇەن 20 - يىلى (646 - يىلى) غەربىي يۇرتلۇق بەش سېرك ماھىرى چاڭئەن شەھىرىگە بارغان. بۇلار ئادەمنىڭ تىلىنى كېسىش، ئىچكى ئەزالىرىنى ئېلىش، بېشىنى كېسىپ تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش، پۇت - قولىنى كېسىش، ئارغامچىدا مېڭىش، ئۇسسۇل ئويناش، خادىغا چىقىپ بېشىچە چۈشۈش قاتارلىق قورقۇنچلۇق سېرك ئويۇنىغا ماھىر بولغان. تاڭ دەۋرىدە يەنە قەشقەرلىك سېرك ماھىرى پېي چىڭئېن بىلەن پېي دانىيائىلارمۇ مەشھۇر سانالغان. بۇلار سەكرەپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ بەش-ئالتە موللاق ئېتىش، يەنە بېشىچە يەرگە چۈشۈپ موللاق ئېتىش، خادىغا چىقىش، ئارغامچىدا مېڭىش قاتارلىق سېرك ئويۇنلىرىغا ناھايىتى ماھىر بولغان. پادىشاھ تاڭ گاۋزۇڭ ۋاقتىدا (650 - 683) يەنە كۇچا، قەشقەر قاتارلىق خانلىقلاردىن بىر نەچچە تۈركۈم سېركچى ماھىرلار چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ماھارەت كۆرسەتكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۇت - قوللىرىنى كېسىش، يۈرەك، ئۆپكە، جىگەرلىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىش، قورساقنى يېرىپ ئىچ باغرىنى يەرگە ئېلىش قاتارلىق ئادەمنى چۆچۈتىدىغان يۇقىرى ماھارەتلىك سېرك ئويۇنلىرىنى كۆرسەتكەن. بۇ ئويۇنلارنى پايتەخت جامائەتچىلىكى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالغان بولسىمۇ، بۇ ئويۇننى كۆرۈپ چۆچۈپ، قورقۇپ كەتكەن پادىشاھ ۋە بىر قىسىم ئوردا ئەمەلدارلىرى كېچىلىرى قورقۇپ ئۇخلىيالماس بولۇپ قالغان. شۇڭا تاڭ ئوردىسى دەرھال پەرمان چۈشۈرۈپ چېگرا دەرۋازىسىنى قاتتىق توسۇش، غەربىي يۇرتتىن كېلىدىغان ھەر قانداق سېركچى - سېھىرگەرلەرنى تاڭ سۇلالىسى چېگرىسى ئىچىگە قەتئىي كىرگۈزمەسلىك، ئادەمنى قورقۇتىدىغان، چۆچۈتىدىغان بۇنداق ئويۇنلارنى قاتتىق مەنئىي قىلىشنى بۇيرۇغان ⑪.

«تەيپىڭ ھېكايەتلىرى» ( 太平广记 ) قاتارلىقلاردا خاتىرىلىنىشىچە، لۇڭشۇنىڭ دەسلەپكى يىللىرى (661 - 663) غەربىي يۇرتلۇق سىنجا ئىسىملىك مەشھۇر سېرك ماھىرى بۈگۈنكى سىچۈەننىڭ چىجياڭ دېگەن يېرىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ھەم نەچچە يۈزشاگىرت قوبۇل قىلىپ سېرك ئۆگەتكەن. كېيىن جياڭسۇ، شەنشى قاتارلىق جايلارغا تەكلىپ قىلىنىپ، ماھارەت كۆرسەتكەن ھەم پۇقرالارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئىبادەتخانىدا مەخسۇس سېرك دەرسى ئۆتۈدىغان ئوقۇتۇش ئورنىنى تەسىس قىلغان. ئۇ ئۆزى بۇددا راھىبلىرىغا، ئەۋلىيالىرىغا، پۇسارلىرىغا ئۆزگىرەلەيدىغان خىلمۇ خىل ماھارەتنى بىلسىمۇ، ئەمما ئوقۇغۇچىلىرىغا چوققىسىغا مىخ قېقىپ ئىسرىق پۈرىقى چىقىرىش قاتارلىق ئادەتتىكى سېرك ماھارەتلىرىنىلا ئۆگەتكەن.

ۋۇزېتيەن تەختتە ئولتۇرغان ۋاقىتلاردا، خېنەن مەھكىمىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتەشپەرەسلىك (ئوتقا چوقۇنۇش) دىنى ئىبادەتخانىسى سېلىنغان ۋە ھەر يىلدا بىرنەچچە قېتىم پائالىيەت ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان. پائالىيەت كۈنلىرى خۇر (ئۇيغۇر) ئەھلىلىرى ئىچىدىكى سېرك ماھىرلىرى مەخسۇس پائالىيەت كۆرسەتكەن. ئۇلار خەنجەر - پىچاقنى قورسىقىدىن تىقىپ دۈمبىسىدىن چىقىرىش، ئىچكى ئەزالىرىنى چىقىرىپ تاماشىبىنلارغا كۆرسىتىش، ئوت يانغىنى پەيدا قىلىش، قەغەز يەپ ئاغزىدىن ئوت چىقىرىش، ئارغامچىدا ئۇسسۇل ئويناپ مېڭىش، خادىغا چىقىپ بېشىچە چۈشۈش، دەرەخ تىكىش، ئادەم ۋە ئات پارچىلاش قاتارلىق قورقۇنۇچلۇق ماھارەتلەرنى كۆرسىتىپ كىشىلەرنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغان. لياڭجۇدىكى ئاتەشپەرەسلىك دىنى موللىلىرىمۇ يۇقىرىقىدەك سېرك ماھارەتلىرىگە ناھايىتى كامىل بولغان. بۇلار يەنە پېشانىسىدىن ئۇزۇن تۆمۈر مىخنى قېقىپ، كەينىدىن تۆشۈك ئېچىپ تاماشىبىنلارنى چۆرگىلەپ ئۇسسۇل ئويناپ بولغاندىن كېيىن مىخنى سۇغۇرۇۋەتكەن ھەم ھېچقانداق تاتۇق بولمايلا شۇ ھامان ئەسلىگە كەلگەن.

«تەيپىڭ ھېكايەتلىرى» دېگەن كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، ۋۇزېتيەن ۋە شۇەن زوڭ خان زامانلىرىدا غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر خۇي يەن باشلىق بىر نەچچە سېرك ماھىرلىرى چاڭئەنگە بارغان. بۇلارنىڭ قورقۇنچلۇق، يۇقىرى سەۋىيىلىك سېرك ماھارىتى ۋۇزېتيەن باشلىق تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىكىلەرنى قايىل قىلغان. ۋۇزېتيەن بۇلارنى ۋە ئىلگىرى چاڭئەن، لوياڭغا كەلگەن غەربىي يۇرتلۇق سېرك ماھىرلىرىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ ئوردىدا ئەمەلدارلىققا قويغان. ئون نەچچە يىل ئىچىدە غەربىي يۇرتلۇق سېرك ماھىرلىرىدىن نەچچە يۈز كىشى مەنسەپكە نائىل بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇشقان. بەزىسى يامۇل بېگى، يەنە بەزىسى 5 ـ ، 6 ـ دەرىجىلىك مەنسەپلەرگە ئولتۇرغان. بەزى ئىچى تار ئەمەلدارلار بۇ «يات، ناپاك، ئادەم ئالدايدىغان سېھىرگەر» لەرنى مەنسەپكە قويغانغا نارازى بولۇپ ھەسەت قىلىشقان بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ساندىكى ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن بۇ سېرك، سېھىرگەرلىك ماھىرلىرى ئېخىمۇ ئابروي تېپىپ ھۆرمەتلەنگەن. دەي زوڭ پادشاھ زامانىدا (763 ـ 779) بۈگۈنكى سىچۈەنگە بارغان غەربىي يۇرتلۇق سېرك ئۇستازى ناندا ئېخىمۇ شۆھرەت تاپقان. ئۇ ئادەمنى پارچىلاپ تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قويندىن ھەر خىل ئويۇنچۇقلارنى چىقىرىش، بارنەرسىنى يوق، يوق نەرسىنى بار قىلىش، قەغەز يەپ ئاغزىدىن ئوت چىقىرىش، خادىغا چىقىپ ئۇسسۇل ئويناش، موللاق ئېتىش، سەكرەش، جانبازلىق، كۈچ كۆرسىتىش قاتارلىق سېرك ئويۇنلىرىغا بەك ماھىر بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. يەرلىك كىشىلەرنىڭ تەلىپى بىلەن ئىبادەتخانىغا مۇدەررىس بولغان ھەم تالىپلىرىغا سېرك ـ سېھىرگەرلىك ئىلمىدىن دەرس بەرگەن، نەچچە مىڭ شاگىرت تەربىيىلىگەن.

# ئۇيغۇر سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە تارىخىي ئەھمىيىتى

ئومۇمەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ تاكى مىلادى 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، شىنجاڭدىن نەچچە مىڭ سېرك، سېھىرگەرلىك ماھىرى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ماھارەت كۆرسىتىپ قىزغىن قارشى ئېلىنغان ھەم كۆپلەپ شاگىرت قوبۇل قىلىپ، يەرلىك خەلقلەر ئۈچۈن زۇرتۇركۇمدىكى ماھىر سەنئەتكارلارنى تەربىيىلەپ بەرگەن. بولۇپمۇ جەنۇب، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن باشلاپ كۇچا، تۇرپان، قەشقەر ۋە خوتەن قاتارلىق خانلىقلاردىن تۈركۈم ـ تۈركۈم سېركچى، سېھىرگەر ماھىرلار لوياڭ، چاڭئەن قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلەرگە بېرىپ شىنجاڭ سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىنى كەڭ تارقاتقان. بۇ ھال ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سېرك سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. خۇددى سەنئەت تارىخچىلىرى: «سېرك ئويۇنى غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماي، بەلكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىدا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغىمۇ تۈرتكە بولغان» ⑫ دەپ يېزىشقاندەك، مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىچە شىنجاڭنىڭ سېرك ـ سېھىرگەرلىك سەنئىتى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ جاي ـ جايلىرىغا ئۈزۈلمەي تارقىلىپ كىرىپ تۇرغان.

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتى ئۆزىگە خاس بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچى ۋە ئۇسلۇبى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قورقۇنچلۇق، قىزىقارلىق ھەرىكەت شەكىللىرى، شىنجاڭ سېركچىلىرىنىڭ بۇ ئويۇنلاردا كۆرسەتكەن جەسۇرلۇقى، رومانتىك ھېسسىياتى، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش

ئىرادىسى، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچى، كامالەتكە يەتكەن يۇقىرى سەۋىيىسى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ھەرتەبىقە خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن. بولۇپمۇ خان - پادىشاھلار، ۋەزىر - تۆرىلەر ۋە باشقا يۇقىرى تەبىقە ھۆكۈمران سىنىپلار غەربىي يۇرتتىن بارغان سېرىكچى سەنئەتكارلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، تۈرلۈك زىياپەت، بەزمىلەردە ئۇلارنىڭ قىزىقارلىق ماھارىتىدىن لەززەتلەنگەن. «خەننامە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى خانى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 140 - 97 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) زامانىدا خەن سۇلالىسى ئوردىسىدا غەربىي يۇرت سېرىكچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن تۇنجى سېرك ئۆمىكى قۇرۇلغان. بۇلار خان - پادىشاھلار ھەم ئوردا ئەمەلدارلىرىغا ماھارەت كۆرسىتىش، بەزمىخانىلاردا ماھارەت كۆرسىتىش، زىياپەت ۋە ئايەم كۈنلىرىدە ماھارەت كۆرسىتىش بىلەن مەشغۇل بولغان. شۇ چاغدا پادىشاھ خەن ۋۇدى ئۆز پادىشاھلىقىنىڭ بايلىقى ۋە كۈچلۈكلۈكىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن، يۈەن فېڭنىڭ 3 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 108 - يىلى) باھاردا ياقا يۇرتلاردىن نەچچە يۈز مېھمان تەكلىپ قىلىپ، ھەر خىل تائام، ھاراق - شاراب بىلەن كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزگەن ھەمدە كاتتا بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ غەربىي يۇرت سېرك ئۆمىكىنىڭ ئويۇنى بىلەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالغان، غەربىي يۇرت سېرىكى ئۇلار ئۈچۈن تۇنجى يېڭىلىق بولۇپ، ناھايىتى قىزغىن ئالقىشلانغان. ھەتتا ئەينى ۋاقىتتا، غەربىي يۇرت سېرىكىنى كۆرگىلى 300 چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايلاردىن نەچچە مىڭ ئادەم كەلگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ھەر يىلى 1 - ئايدا بىر قېتىم مۇشۇنداق كەڭ كۆلەملىك، داغدۇغىلىق غەربىي يۇرت سېرك بايرىمى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر (420 - 581) ۋەسۇي سۇلالىسى (581 -618) ئوردىلىرى بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ يىلدا بىر ياكى بىرنەچچە قېتىم مەخسۇس غەربىي يۇرت سېرك بايراملىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرغاندى. بۇ ھال شىنجاڭنىڭ سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بولغان تەسىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنىدى. شۇڭا، بۇ خىل مەدەنىيەت - سەنئەت مۇناسىۋىتى داۋاملىق سالماق ئورۇندا بولۇپ كەلدى. شىنجاڭ سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆپلەپ تارقىلىش ۋە كۈچلۈك تەسىر قىلىش جەريانى - ئەينى زاماندا ئۆزئارا تەسىر قىلىش ۋە ئۆز ئارا ئۆگىنىش - ئۆگىتىش تارىخىي جەريانى ئىدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ بۇددىزم مەدەنىيەت - سەنئىتى، تەرجىمىشۇناسلىقى، تىبابەتچىلىكى ۋە سودا - سېتىقچىلىقى بىلەن قوشۇلۇپ ئالاھىدە ئۇسلۇب ھەم گۈللەنگەن مەدەنىي ئاۋاتلىق مەنزىرىسىنى پەيدا قىلغانىدى.

ھەر مىللەت مەدەنىيەت - سەنئەت جەۋھىرىنىڭ توپلىنىشى ۋە قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ئەينى زاماندا غايەت زور سودا ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇڭا تەرەققىيات تەقەززاسى پايتەختنى قايتا كېڭەيتىپ قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ۋە بۇ ئىشمۇ ئېلىپ بېرىلدى. چاڭئەن شەھىرى پايتەخت سېپىلى، ئوردا سېپىلى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى خانلىق ھەرەم سېپىلىدىن ئىبارەت ئۈچ قەۋەت سېپىل بىلەن قورشالدى. سودا - سېتىق ئورۇنلىرى، تۇرالغۇ جايلار ھەم مەخسۇس سېرك مەيدانلىرى قايتا كېڭەيتىپ ياسالدى. شەھەر سېپىلى ئىچىدىكى كەڭ يەرلەر كاتەكچە شەكلىدە كوۋارتىر (مەھەللە) لەشتۈرۈلدى. شۇ چاغلاردا چاڭئەن شەھىرىدىكى ساۋچۈي ئۆستىڭىنىڭ جەنۇبىي، يۇڭئەن ئۆستىڭىنىڭ غەربىدىكى غەربىي بازار، چاڭئەننىڭ لۇڭتۇ ئۆستىڭى ئەتراپىدىكى شەرقىي بازار قاتارلىق ئاۋات كوچىلاردا نەچچە ئون ئۇيغۇر مەھەللىلىرى شەكىللەندى ⑬. شۇ چاغلاردا يالغۇز چاڭئەندىلا دائىمىي تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ سانى 2 - 3 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. چاڭئەننىڭ شۇ چاغدىكى سۇڭرىن مەھەللىسى، چاڭلۇ مەھەللىسى، بوجىن مەھەللىسى، چاڭشۇ مەھەللىسى ۋە پۇنىڭ مەھەللىسى قاتارلىق ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان مەھەللە - كوچىلىرى ناھايىتى ئاۋات بولۇپ، بۇ جايلاردا ئۇيغۇر پاسونىدىكى ھەشەمەتلىك سارايلار، پولۇ قاتارلىق ھەر خىل ئۇيغۇرچە تائاملارنى ساتىدىغان ئاشپۇزۇللار، شورپا دۇكانلىرى، لوپنۇر ھارىقى، كۇچا ھارىقى، تۇرپان ھارىقى ۋە مەيزاپ (ئۈزۈم ھارىقى) ساتىدىغان مەيخانىلار، مال سارايلىرى، دۇكانلار ۋە دەڭلەر بولغان. بۇ مەھەللە - كوچىلاردا ئۇيغۇرناخشا -

ئۇسسۇللىرى، تىياتىرلىرى ۋە سىركلىرى قويۇلۇپ تۇرغان.

ئەينى زاماندىكى چاڭئەندىكى مۇشۇنداق كېچە ـ كۈندۈز قايناق تاماشا بىلەن جانلىنىپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر مەيخانىلىرى ھەققىدە لى بەي؛ ۋاڭ جى، جاڭ خۇ قاتارلىق تاڭ شائىرلىرى نۇرغۇن گۈزەل مىسرالارنى تىزغاندى. مەسىلەن، لى بەي «سۇلۇڭ سەنگە كېتىۋاتقان فېي تۇنەننى ئۇزىتىش» ناملىق شېئىرىدا:

«ئۇزىتىپ چىققاندا مەن بولماق ئۈچۈن سىزدىن جۇدا،
چىن چىمەن دەرۋازىسىغا ھەم كېلىپ قالدۇق مانا.
ئۇيغۇر قىزى قول ئوينىتىپ مەي ئىچكىلى تەكلىپ قىلۇر،
جىلۋە ئەيلەر مەي ـ شاراب قولىدىكى زەر جامىدا.» دەپ يازسا،

«ئاق قاشقا تۇلپارى» دېگەن شېئىرىدا:

«ئۈستىدە كۈمۈش ئېگەر ئاق قاشقا تۇلپار ئوينىتىپ،
لاي كېچىپ ياكى يېشىل كىمخاب زېمىننى بويلىتىپ.
بەرگ قېقىلغاندا زېمىنگە سوس يېغىن شامال ئارا،
ئۇيغۇر قىزى مەيخانىسىغا كىردىم ئۇدۇل قامچام تۇتۇپ»

دەپ يازغان. بەي جۈيى چاڭئەندىكى ئۇيغۇرمەيخانىلىرىدا ئاڭلىغان ئۇيغۇر بەرباب (پىپا) نەغمىلىرى ھەققىدىكى تەسىراتىنى ئىپادىلەپ:

«يۈزىنى قىيپاش تۇتۇپ گەر كۆكسىگە بەرباب قويۇپ،
چالسا مىڭلاپ ئۇن ـ سادا شۇنداق راۋان بوپ ياڭرىغاي.
بەرباب قولاقىنى بۇراپ چەككەندە تارغا ئىككى رەت،
ھېسسىياتى بىر ئالۇر دىلنى تېخى كۈي باشلىماي.»

دەپ يازسا، نەغمە ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ تەسىرلەنگەنلىكىدىن ئۆزىنى باسالماي كەيپ بولۇپ قالغان ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازغان:

«بىر چېلىپ، بىرناخشا ئېيتسا ئۈچ قېتىم ھەيھات دېدىم،
شۇنچە تەمكىن خالىي ـ راھەت نەغمىنى ئاڭلاپ تامام،
دىل ئېرىپ ئاققان چېغىدا قارىسام كەيپىم يېنىپ،
ئىختىيارسىز زوق بىلەن ئالماقتىكەن قەلبىم ئارام.»

. . . . . . . . . . . . . . . . . .

كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان ئۇيغۇرچە ناخشا ـ مۇزىكىلار كېچە ـ كۈندۈز ياڭراپ تۇرىدىغان، ھەر خىل ئويۇن ـ تاماشا ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرى قايناپ تۇرىدىغان ئاجايىپ ئاۋات ئۇيغۇر مەيخانىلىرىغا مەپتۇن بولۇپ قالغان تاڭ شائىرى خې چاۋ «مەيخانىدىكى ئۇيغۇر قىزىغا بېغىشلاپ» دېگەن شېئىرىدا ئۆزىنىڭ زوقى ـ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ مۇنداق يازغان:

«باش باھار مەيخانىسىدا ئولتۇرار ئۇيغۇر قىزى،
قولىدا پەيتارى چالغۇ تون ئارا جاڭ ـ جاڭ چېكىنىپ.
سوس قىراۋ بولسىمۇ ئاستى ـ ئۈستىدە بۇلغۇن جۇۋا،
قىپقىزىل شىرداق تۆپىگە ئاي تۇرار شولا چېچىپ.
قاشتېشى تاۋاقتا پىشقان يېڭى چورتان بېلىقى،
چوغدا زەر داڭقان ئىچىدە قوي گۆشى تۇرغان پىشىپ.
بۇندا مېھمانلار زېرىكمەس، تارقىماس ھەر چاغدىمۇ،
تۇرغىنىدا ياپيېشىل رومال كۈيىنى ئىشتىشىپ.»

تاڭ دەۋرىدە پايتەخت چاڭئەن، لوياڭلاردا ئوينالغان ئۇيغۇر سىرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتى پايتەخت جامائەتچىلىكىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپلا قالماي، بەلكى ھۆكۈمران سىنىپ - خان-پادىشاھلارنىڭمۇ ئالاھىدە ئېتىبارىغا ئېرىشكەنىدى. شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، سىرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. ئۇيغۇر سىركچى ماھىرلار چاڭئەن بىلەن لوياڭدىكى ئاۋات شەھەر كوچىلىرىدا، ئوردا - قەسىرلەردە، ئاشپۇزۇل - مەيخانىلاردا ماھارەت كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى ھەر قايسى ناھىيە، ئايماق ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يامۇل - سارايلىرىدىمۇ تەكلىپ بىلەن ماھارەت كۆرسىتىپ قىزغىن ئالقىشلانغان ھەمدە كەڭ يېزا - كەنتلەردىمۇ ماھارەت كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر سىرك سەنئىتىنى كەڭ تارقاتقان. تاڭ سۇلالىسى سەنئىتىگە دائىر تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ سىرك سەنئىتى بەزىدە مەخسۇس مەيدانلاردا، ئاممىۋى سورۇنلاردا ئوينالسا، يەنە بەزىدە ناخشا - ئۇسسۇل، تىياتىر، دراممىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئوينالغان. بولۇپمۇ ئۇيغۇر سىرك سەنئىتى تەرەققىي قىلغانچە مەخسۇس مەيدانلاردا، سورۇنلاردا، جۈملىدىن شۇ چاغدا بىر ئومۇم ئەھۋال بولۇپ قالغان ئائىلىدىكى كەچكى بەزمىلىك ئولتۇرۇشلاردا، ئايەم ۋە مەيخانىلاردا ئورۇنلىناتتى.

ئەينى ۋاقىتتىكى مەشھۇر مەدەنىيەت - سەنئەت مەركىزى چاڭئەن، لوياڭلاردا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ كۈنسايىن كۆپىيىشى، پايتەخت جامائەتچىلىكى ۋە خان - پادىشاھ، ۋەزىر - تۆرىلەرنىڭ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىشى، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ بۇ جايلاردىكى تەسىرىنىڭ كۈنسايىن زورىيىشى ۋە ئۇزۇن مۇددەت مودىغا ئايلىنىشى قاتارلىق رېئال ئامىللار، ئۇيغۇر سەنئىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەم مەخسۇس ئۆگىنىشنى تەبىئىي ھالدا تەلەپ قىلغانىدى. شۇڭا، كۆپ مىللەتلىك تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ ئىستىخىيلىك ئىجتىمائىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى ئويلاشتى. نەتىجىدە يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشىنى قارشى ئالىدىغان تەرەققىيپەرۋەر پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ (مىلادى 712 - 756 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) كەيۈەننىڭ 2 - يىلى (714 - يىلى) بەش ئورۇندا مەخسۇس سەنئەت ئوقۇتۇش يۇرتى (سەنئەت دارىلفۇنۇنى) تەسىس قىلدى. بۇ سەنئەت دارىلفۇنۇنىنىڭ بىرى ئوردا ھەرىمى ھوزۇرىدا، ئىككىسى چاڭئەندە، ئىككىسى لوياڭدا بولۇپ، نەمۇنىلىك رول ئوينىغان. بۇ سەنئەت دارىلفۇنۇنىنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرى ئاساسەن ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ، ئۇلار ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا، سىرك، دراما ۋە تىياتىرلاردىن مەخسۇس كەسىپلەر بويىچە دەرس بېرەتتى. بۇ ئۇيغۇر مۇئەللىملەر ئۇيغۇر سەنئىتىدىن دەرس بەرگەندىن باشقا ئوردا زىياپەتلىرىدە، مەخسۇس مەيدان، سەھنىلەردە ئويۇن قويۇش، خان - پادىشاھ ۋە ۋەزىر - تۆرىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش، ئوردىنىڭ سەنئەت بايراملىرىغا ۋە كۆرەكلىرىگە تەييارلىق كۆرۈش، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولاتتى. بۇ بەش ئورۇندىكى سەنئەت دارىلفۇنۇنلىرىدا يۈزلىگەن ھۆر قىزلار ۋە كېنىزەكلەر خىزمەت قىلاتتى. كېيىن بۇ سەنئەت دارىلفۇنۇنىنىڭ ئۈنۈملۈك رول ئوينىغانلىقىنى بىلگەن ھەر قايسى ئايماقلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرىمۇ خانلىق ئوردىنى دوراپ، ئۆز ئالدىغا يامۇللۇق سەنئەت ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىشقانىدى. بۇ جايدىكى سەنئەتكارلار كۆڭۈل ئېچىش، ماتېرىيال توپلاش ۋە شاگىرت تەربىيىلەش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان.

تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىرك سەنئىتىگە دائىر تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بۇ ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر سىركچىلىكىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تىك موللاق ئېتىش، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، ئارغامچىدا مېڭىش، خادىغا چىقىش، بىشچە چۆشۈش، جانبازلىق، پىچاق يۇتۇش، ئاغزىدىن ئوت پۈركۈش، قوغۇن تېرىش، دەرەخ تىكىش، ئادەم ۋە ھايۋانلارنى پارچىلاپ ئەسلىگە ئەكىلىش، قويىنىدىن ۋە يېڭىدىن ھەر خىل نەرسىلەرنى چىقىرىش، سۇ ئۈستىدە ئوت پەيدا قىلىش، بار نەرسىنى يوق، يوق نەرسىنى بار قىلىش ... قاتارلىق نەچچە ئون خىلدىن باشقا، شىر ئويۇنى، مايمۇن ئويۇنى قاتارلىق ھايۋانلار ئويۇنلىرى

قوشۇلغان ۋەشىر، مايمانلارنى ئادەمنى دورىتىش، ئۇسسۇلغا سېلىش قاتارلىق قىزىقارلىق ئويۇنلارمۇ تازا ئەۋجىگە چىققان. سېرىكچىلەر بەزىدە كۆندۈرۈلگەن راست مايمۇن، شىر قاتارلىقلارنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ ئۇلارنى ئادەمنى دورىتىش، سەكرىتىش، ئورۇندۇققا چىقىرىش، توپ ئۈستىگە چىقىرىش، ئوتتىن سەكرىتىش، چەمبەردىن ئۆتكۈزۈش، شوتىغا چىقىرىش، ھارۋىغا قوشۇش، نەرسە كۆتۈرتۈش قاتارلىق قىزىقارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلدۇرسا، يەنە بەزىدە ئۆزلىرى شىرنىقابىدا ياسىنىپ (يالغان شىر بولۇپ) شېرنى دوراپ تاماشىبىنلارنى ئىختىيارسىزلا ئۆزلىرىگە مەھلىيا قىلىۋالغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ باي خەزىنىسى بولغان سېرىك سەنئىتىنىڭ خىلمۇ خىل ھەرىكەت شەكىللىرى ۋە ئىپادىلەش ماھارىتى ھەققىدە ئەينى زاماندىكى تالاي شائىرلىرىمۇ كۆپ نەزمىلەر پۈتۈشكەنىدى. مەسىلەن، چاڭئەن شەھرىدە ئوينالغان ئۇيغۇر سېرىك سەنئىتىنى كۆرۈپ چوڭقۇر بەدىئىي زوق ئالغان شائىر يۈەن جېن قىزىقارلىق، كۈلكىلىك سېرىك ئويۇنىنىڭ ئومۇمىي تەسۋىرى مەنزىرىسىنى كۆرسىتىپ:

«قوشۇخان ئاچتى بۈگۈن ئېسىل زىياپەت داستىخان،
نازۇ - نېمەت، مەي - شاراب تۆگەل تەييار ئەيلابان.
ئالدىدا ئويناپ تۇرار بەس - بەستە سېرىكچى ئويۇن،
قىلىچۋازلار تاقلىشار پىرقىرىغان قارىسمان .
شىر ئوينايدۇ ئىغاڭلاپ قۇيرۇقىنى يالتىرىتىپ،
تاقلىما ئۇسسۇلچى ئوينار ئەۋرىشىم ھەريان.»

دەپ يازسا، بەي جۈيى «غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى» ناملىق شېئىرىدا چاڭئەندىكى ئۇيغۇر سېرىكچىلەر ئوينىغان شىر ئويۇنىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ:

«غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى، غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى،
ئوينايدۇ يالغان شىرنى ئۇيغۇرلار تارتىپ نىقاب.
ئالتۇن يالاتقان كۆزى، كۈمۈش قاپلاتقان چىشى،
ياغاچ بىلەن باش ياساپ، يىپ - يىپەك قۇيرۇق تاقاپ.
چۆلغىتىپ تۈكلۈك كىيىم، ئەگسە بىر جۈپ بەللىرىن،
تۆكۈلگەندەك تاغىل قۇم خۇددى ئۇن مىڭ يول قاپساپ.
مەللە ساقال، چوڭقۇر كۆز ئىككى ئۇيغۇر سەھنىگە
سەكرەپ كېلىپ سۆزلىدى تۇتۇپ قوللىرىدا داپ.»

بەي جۈيى يەنە ئۇيغۇر سېرىكچىلىرى ئوينىغان بۇنداق شىر ئويۇنلىرىنىڭ تەسىرلىك ئىكەنلىكىنى، بۇ ئويۇن بەزىدە تاماشىبىنلارنى قاقاھلىتىپ ئۈچەيـــــــــى ئۈززۈلگۈدەك كۈلدۈرسە، يەنە بەزىدە ياش تۆكتۈرەلەيدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ:

«كۈنپېتىشقا قاراشتى شىرلار قايرىپ بېشىنى،
نالە - نەرە قىلغاندا ھەممە تۆكتى يېشىنى.
....................»

ئۇيغۇر سېرىكچىلىرىنىڭ شىر ئويۇنى توغرىسىدا «يۈيياڭدىكى خاتىرىلەر» دېگەن كىتابنىڭ 14 - جىلدى بىلەن «مۇزىكا مۇئەسسەسەسىنىڭ خاتىرىلىرى» دە كۆرسىتىلىشىچە، شىر ئويۇنى كۇچا سەنئىتىگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇ تالڭ سۇلالىسىنىڭ بېشىدىلا كۇچادىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەنىكەن. «كونا تاڭنامە» دە كۆرسىتىلگەندەك، سېرىكچىلەرنىڭ شىر ئويۇنى كۇچانىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى ئىدى. كونا رىۋايەتلەردە سۆزلىنىشىچە، كۇچا خانى ئەجوھەر ( 阿主儿 ) كۇچانىڭ شىمالىدىكى ئاقتاغدا ئەجدىھا باردەپ ئاڭلاپ ئېلىشقىلى ئۇنىڭ ئالدىغا چىققانىمىش. ئەجدىھا شىرغا ئايلانغان ۋە كېيىن خانغا تەسلىم بولغان. بۇ بىر ئەپسانە بولسىمۇ، بىرتەرەپتىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئەجدىھا بىلەن كۆرەش قىلغانلىق

توفرىسىدىكى ئونلىغان ھېكايە، رىۋايەتلەرگە ئويغۇن كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن فېئودالىق خانلىق ھوقۇقىنىڭ سەلتەنىتى توغرىسىدىكى ئىلاھلاشتۇرۇلغان ئەپسانىگىمۇ ئويغۇن كېلىدۇ. شۇڭا، بۇ بىزنى ئۇيغۇر سېركىچىلىكىدىكى شىر ئويۇنى ھەم ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدىنىشكە سالماي قويمايدۇ.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئەينى زاماندا ئۇيغۇر سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تونۇشتۇرۇلۇشىنى قىزغىن مەدھىيىلىگۈچىلەر بىلەن بۇنىڭغا نارازىلىق قىلىپ، چەكلەشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارمۇ بولغانىدى. بۇ ھال مىللەتلەر مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ يۇتكول ئالمىشىش ۋە خەلقئارا ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانىدا ھەر قايسى ئەللەر ۋە ھەر قايسى دەۋرلەردە خالىي بولغىلى بولمايدىغان تەبىئىي ۋە نورمال ھادىسە ئىدى. مەسىلەن، كوچا خانى جايپان غەربىي خەن دەۋرىدە ئويسۇنلارغا ياتلىق قىلىنغان خەن مەلىكىسى جىيې يۇيىنىڭ قىزى دىشىنى خوتۇنلۇققا ئەمرىگە ئېلىپ چاڭئەندە كاتتا سەيلە - ساياھەتتە بولغان ھەم چاڭئەن زىيارىتىدىن قايتىپ كېلىپ كوچادا خەن مەدەنىيىتىنى تەشەببۇس قىلغاندا، كوچا ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدىمۇ ئوخشىمىغان پىكىرلەر چىققانىدى. تاڭ دەۋرىدە پادشاھ تاڭ گاۋزۇ (ئىسمى لى يەن، 566 - 635) ئۇيغۇر سېرك سەنئىتىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىشىغا نارازى بولغان ھەم ئۇنى بىر مەزگىل چەكلەشكە پەرمان چۈشۈرگەن بولسا، پادشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇنىڭ ئەكسىچە كەيۈەننىڭ 2 - يىلى (714 - يىلى) بەش ئورۇندا مەخسۇس ئۇيغۇر سەنئىتىنى ئوقۇتىدىغان سەنئەت دارىلفۇنۇنلىرىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇر (ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە سېرك) سەنئىتىنىڭ تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشى ھەم ئومۇملىشىشىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلغانىدى. ئومۇمەن تارىخىي خاتىرىلەر ۋە يۇقىرىقىدەك تاڭ نەزمىلىرى ئۈستىدىكى سېلىشتۇرما تەھلىل يەنىلا ئۇيغۇر سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىنغانلىقى ۋە كەڭ تارقالغانلىقىنىڭ ئاساسىي ئېقىم بولغانلىقىنى كۆپ تەرەپلىمە ئىسپاتلايدۇ، ئەلۋەتتە..

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىمكى، تاڭ دەۋرىدىلا ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ جۈملىدىن سېركچى، مۇزىكانت ۋە ئۇسسۇلچىلارنىڭ كىيىنىشى، زىبۇ زىننىتىمۇ مۇھىم بىر بەدىئىي ئامىل بولغانىدى. ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئىستېتىك تەركىبىي قىسمى بولغان بۇنداق كىيىنىش - ياسىنىش ۋە زىبۇ زىننەت ئىشلىتىش ئەينى زامان ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش ھەم بەدىئىي ئوبراز يارىتىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. شۇڭا، ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ كىيىنىشى ۋە زىبۇ زىننەتلىرى پايتەخت جامائەتچىلىكىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. شىمالىي سۇلالىلەردىن باشلاپ تاكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇر كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت فورمىسىغا كەڭ ھەۋەس قوزغالغانلىقى روشەن تارىخىي پاكىت.

«كونا تاڭنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»، «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» (1979 - يىل نەشرى)، «سۇينامە» 15 - جىلد «مۇزىكا تەزكىرىسى»، «ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىلىرى» قاتارلىقلاردىكى ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىغا ئالاقىدار مەزمۇنلاردىن قارىغاندا، شۇ زامانلاردىكى ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ ياسىنىش شەكىللىرى ۋە كىيىم - بېزەكلىرى مۇنداق بولغان:

چاچ تۈگۈنچەكلەش فورمىلىرى ھەر خىل بولۇپ، يوملاق تۈگۈنچەك، ئېگىز تۈرمە چاچ، ئارچا، قارىغاي شەكىللىك تۈرمە چاچ، يان ماڭلاي، چېكەماڭلاي، كىچەك (بۇدۇر) چاچ ۋە ئەشمە (سالغان) چاچ قاتارلىقلار بولغان. زىننەت بۇيۇملىرىدىن ئالتۇن ياكى نەقىشلىق قىسقۇ، بىستان تارغاق، گۈل قاداق، گۈللۈك تاج، نوھۇل تاج قاداش ئادەتكە ئايلانغان. ھەر خىل زىرە - سىرغىلار، چىڭگىلىك زىرە، ئۈزۈك - بىلەيزۈك، قوڭغۇراقلىق ئاسما تۇمار ۋە قوڭغۇراقلىق بىلەيزۈك، ئاسما مارجان، زۇننار قاتارلىق زىبۇ زىننەتلەر ئىشلىتىلگەن. ئەرلەر ساقال - بۇرۇت قويۇشقان.

كىيىم - كېچەكلەرمۇ ھەر خىل - ھەر ياڭزا ھەم كۆركەم بولغان. قالپاق ۋە چىمەن دوپپىلار

كىيىشكەن. پوتا بەلباغ ۋە نەقىش كەمەر تاقاشقان. قىزىل، قارا بۆلغارى ئۆتۈك، گۈللۈك باشماق، پايپاق كىيىشكەن. ھەر خىل شايى ياكى مىسقال داكا رومالار سېلىشقان. سازەندىلەر چېكىسىنى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەنئەنىسى بويىچە قارا تاۋار ياغلىق بىلەن تېڭىۋېلىشقان. نىمچا، كەمزۇل، جىلىتكە، چاپان، تون، پەشمەت، يەكتەك، ئالدى كۆكسى ۋە ياقا - پەشلىرى گۈل نەقىشلەنگەن ئەرلەر كۆڭلەكلىرى، ھەر خىل ئەتلەس ۋە يوللۇق چۇۋەر پۈرمە ئاياللار كۆڭلەكلىرى، ئەر - ئايال شىم - تامباللىرى، گۈل پۆشقاق ئىشتانلار كىيىشكەن. كۆڭلەك ياكى نىمچا ئۈستىگە نىم تانابلار (تور يوپۇقلار) تارتىشقان.

يۈزىگە ئەڭلىك، قاش - كىرپىكىگە سۈرمە سۈرۈش، پېشانىسىنى ھەللەش (بولۇپمۇ كۆچا، تۇرپان ئارتىسلىرىدا)، لەۋلىك (لاك) سۈرۈش، زىننەت زىنىقى ياساش، خال چېكىش، يۈزىگە گۈل چاپلاش قاتارلىقلار بولغان. جاڭ خۇنىڭ «سۇنغان تاللار» ناملىق شېئىرىدىكى «ياپىيېشىل قاشلىرىدىن چەكسىز باھار تۇغۇلغاي» دېگەن مىسراسىغا قارىغاندا، ئۇسما قويۇش ئادىتىمۇ بولغانلىقى ئېھتىمال[14].

بۈگۈنكى كۈندە بىز قىزىل، قۇمتۇرا ۋە بېزەكلىك قاتارلىق مىڭئۆي تام سۈرەتلىرىدىن يۇقىرىقىدەك ھەر خىل مىللىي كىيىم كىيگەن، كۆركەم زىبۇ زىننەت تاقىغان تىپىك ئوبرازلارنى، قوللىرىدا ھەر خىل چالغۇلار تۇتقان سازەندىلەر كوللېكتىپىنىڭ ئوبرازىنى ۋە ئىپتىدائىي سېركچىلەرنىڭ ھەرىكەت ئۈستىدىكى قىسمەن ھالەتلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بەزى قەدىمكى قەبرە، يادىكارلىقلاردىنمۇ ئۇيغۇر سېرك سەنئىتىنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن ساپال بۇيۇملار ۋە ھەيكەل، قورچاقلار تېپىلدى. مەسىلەن، يېقىنقى يىللاردا شۈيجۇ - جايگۇەن قۇۋۇقى رايونىدىن تېپىلغان سۈرەتلەردە ۋە ساپال قاچىلارغا نەقىشلەنگەن سۈرەتلەرگە ئۇيغۇر سېركىنىڭ قىسمەن كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن.

يەنە مەسىلەن، 1969 - يىلى 4 - ئايدا شەندۇڭ ئۆلكىسى ۋېيگشەن رايونىدىكى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە ئائىت قەدىمكى قەبرىدىن مۇزىكىلىق سېرك ئويناۋاتقان ساپال ھەيكەللەر تېپىلدى ھەمدە بۇنىڭ غەربىي يۇرت سېرك سەنئىتىگە تەۋەلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ھەيكەللەر جەمئىي 21 دانە بولۇپ، بۇلار سازەندىلەر، سېركچىلەر ۋە تاماشىبىنلاردىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە يەتتىسى ساز تەڭكەش قىلىۋاتقان ھەيكەل، يەتتىسى سېرك ئويناۋاتقان ھەيكەل، يەنە يەتتىسى ئەستايىدىل سېرك كۆرۈۋاتقان تاماشىبىن ھەيكەل بولۇپ، بۇلار (ھەيكەللەر) تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە ياسالغان بىر ساپال تاختاي ئۈستىگە مۇقىم ئورۇنتىلغان[15]. يەنى سېرك ئويناۋاتقان ھەيكەللەر تاختاينىڭ ئوتتۇرىسىغا، مۇزىكانت ھەيكەللەر بىر قاتار تىزىلىپ سېركچىلەرنىڭ كەينىگە، تاماشىبىن ھەيكەللەر سېركچىلەرنىڭ ئالدىغا ئىككى رەت قىلىپ مۇستەھكەم ئورۇنتىلغان. بۇلارغا بىر قاراش بىلەنلا زىياپەتلىك سېرك ئويۇنى قويۇۋاتقان مەيداننىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى دەرھال كىشىنىڭ ئېسىگە كېلىدۇ. بۇ بىر مەيدان سېرك ئويۇنىنىڭ كۆرۈنۈش شەكلى ۋە مەزمۇنىدىن قارىغاندا، تاماشىبىن سىياقىدىكى يەتتە ھەيكەل ئۆز دەۋرىدىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرگە تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ، ئالدىغا نازۇ - نېمەت ۋە شاراب قاچىلىرىنى قويۇپ سېرك ئويۇنىدىن ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرغان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. سېركچىلەرنىڭ كەينىدىكى سازەندە ھەيكەللەر قوللىرىدا ھەر خىل مىللىي چالغۇلارنى تۇتۇپ، سېرك ئويۇنىغا قىزىق تەڭكەش قىلىۋاتقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى بىر گۇرۇپپا سېركچىلەر ئوبرازى (ھەيكەللەر) بولۇپ، ئۇلار باشلىرىغا ئۇچلۇق دوپپا، ئۇچىسىغا بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان تار ھەم قىسقا ئىشتان - چاپان كىيىشىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەنئەنىسى بويىچە بەللىرىنى ئاق بەلباغدا مەھكەم باغلىۋېلىشقان. ئالدىدىكى ئىككى سېركچى ھەيكەل ئىككى قولىنى ئۇزۇن سوزۇپ يەرگە تايىنىپ، بەدەن ۋە پۇتلىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ تىك ئېگىز كۆتۈرۈپ قىزىق ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. بۇلارنىڭ كەينىدىكى (ئىككىنچى رەتتىكى) ئىككى سېركچى ھەيكەلنىڭ بىرى موللاق ئېتىۋاتقان، يەنە بىرى يەڭگىل گىمناستىكا ماھارىتى كۆرسىتىۋاتقان

ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. يەنە ئىككى سېرىكچى ھەيكەل خۇددى يىلاندەك يۆگىلىپ كەينىچە ئېگىلىپ، بېشىنى چاتىرىسىدىن چىقىرىپ، دۈمبە، مۈرە ئارقىلىق ئېگىلىپ مەيدىسىگىچە كەلگەن ئىككى پۇتىنى ئىككى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. بۇ خىل كۆرۈنۈش بۈگۈنكى كۈندىكى سېرىكچىلەر ئىچىدىمۇ ئورۇنداش ئەڭ قىيىن بولغان ھەرىكەت شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى ماھارەت ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر سېرىكچى ھەيكەل بىر قولىدا يەرنى تايىنىپ، بىر پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ موللاق ئېتىشقا ھازىرلىنىۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي ئىسپات بىزگە مىلادىدىن خېلى ئىلگىرىلا شىنجاڭ سېرىك سەنئىتىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، قىيىنلىق دەرىجىسى خېلى يۇقىرى ھەرىكەت شەكىللىرىنىڭ شۇچاغلاردىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر ۋە سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقلىرى ئۇيغۇر سەنئىتىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭ كۆپلەپ تارقىلىشىنى قارشى ئېلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەكى، زىبۇ زىننىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىق مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكىمۇ ئالاھىدە قىزىققانلىقى خېلى روشەن تارىخىي پاكىت. بۇ ھال تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇشى بىلەنلا راسا ئەۋجىگە چىققانىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە سېرىك سەنئىتىگە جۇملىدىن كىيىم فورمىلىرى، زىبۇ زىننىتى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە باشقا ئىلغار - مەدەنىي تۇرمۇشىغا بولغان قىزىقىش تەيزۇڭ، گاۋزۇڭ پادىشاھلاردىن تارتىپ تاكى ۋاڭ - گوڭلارغىچە، ئومۇمىي ئاھالە ئىچىدە بىر ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئادەتكە ئايلانغانىدى. بۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقلىرىنىڭ ئۇيغۇرلاردىن ئۆگىنىش، مەدەنىيەت - سەنئىتىگە قىزىقىش - دوراش، ئۇيغۇرچە ياسىنىش، بېزىنىش ئەھۋاللىرىغا ئائىت تارىخىي خاتىرىلەردىن باشقا، تاڭ شائىرلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋاللارنى تەسۋىرلەپ يېزىشقان گۈزەل مىسرالىرىمۇ ئىسپات بولالايدۇ.

بۇ ھەقتە شائىر يۈەن جېن «فاچۇي» دېگەن شېئىرىدا:

«بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز - ئايالالار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلارسىمان.
سۇمۇرغ ئاتەشنىڭ ساداسى مۇڭ بىلەن تولسا ئەگەر،
نەۋباھار بۇلبۇل كۈيى ياڭرايتتى بىر سالقىن ھامان.
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇ زىننەت، تىل ئۆگىنىش،
بولدى بەس - بەسلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان.»

دەپ يازسا، ئايال شائىر خۇارۇي (بەرگى خېنىم) «قەسىر نەزمىسى» ناملىق شېئىرىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە ئوتتەك قىزغىن زوق - ھەۋەس قىلىۋاتقان تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى كىشىلىرىنىڭ 12 - ئايدىكى چىللە ئايىمىغا مودا قوغلىشىپ، بەس - بەس بىلەن ئۇيغۇرچە ياسىنىپ چىققان چاغدىكى ئەھۋالىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«شاھىمىز چىققاندا چىللە نەزرە - ئايەم قىلغىلى،
بىللە چىقماقچى خېنىملار بەلگىلەندى ئەۋۋىلى.
مىنگىنى ئۇيغۇر ئېتى، ئۇيغۇر لىباسى كىيگىنى،
جىلۋە قىلدى بۇ لىباستا تال چىۋىقتەك بەللىرى.»

ئومۇمەن قەدىمدىن مەدەنىيەتلىك، سەنئەتخۇمار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا، دراما ۋە سېرىك سەنئىتى جۇملىدىن كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت ۋە باشقا ئىلغار ئۆرپ - ئادەتلىرى ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ ھەم كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە بېيىتىپلا قالماي، بەلكى يىپەك يولى ئارقىلىق ياپونىيە،

www.uyghurkitap.com

ھىندونوزىيە، ۋېيتنام، چاۋشيەن قاتارلىق قوشنا مەملىكەت ۋە رايونلارغىمۇ خېلى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

# ئۇيغۇر سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ ياپونىيىگە تارقىلىشى

ئۇيغۇرلارنىڭ سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتى مىلادى 5 -، 6 - ئەسىرلەردىن تارتىپ ياپونىيىگە تەسىر كۆرسىتىشكە ۋە پەيدىنپەي تارقىلىشقا باشلىغان. تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ياپونىيىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئۆز ئارا بېرىش - كېلىش ئىشلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىمۇ كۆپلەپ تارقالغان. بۇ جەھەتتە تاڭ سۇلالىسى ئاكتىپ رول ئوينىغانىدى.

يى تىڭشياۋ يازغان «بۈيۈك ياپونىيە تارىخى» ( 大日本史 ) ، «ياپونىيە تارىخىنىڭ داۋامى» ، ۋاڭ بۇ يازغان «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» ، «كونا تاڭنامە» ، «سۈينامە» ۋە دۇەن ئەنجې يازغان «مۇزىكا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى» بىلەن «يۈيياڭدا يېزىلغان خاتىرىلەر» قاتارلىقلاردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادى 75 - يىلى تۇنجى قېتىم ياپونىيە ئەلچىسى جۇڭگوغا كەلگەن ۋە خەن سۇلالىسى پادىشاھى گۇاڭ ۋۇدى ياپونىيە پادىشاھىغا بىر ئالتۇن تامغا ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ياپونىيە بىلەن جۇڭگونىڭ باردى - كەلدى ئالاقىسى كۈنسايىن قويۇقلاشقان. تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە ھۆكۈمەت ئەلچىسىدىن باشقا، شەخسلەرنىڭ باردى - كەلدىسىمۇ بەك كۆپەيگەن. پەقەت مىلادى 630 - يىلدىن 894 - يىلغىچە بولغان 264 يىل ئىچىدىلا ياپونىيە 25 قېتىم، جۇڭگو ئون نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن. بولۇپمۇ تاڭ دەۋرى (618 - 907) دە ياپونىيە خەلقى بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئالاقىسى ئىنتايىن قويۇقلاشقان ھەم ياپونىيە جۇڭگو مەدەنىيىتىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مودىسىغا ئايلانغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى (ئاساسەن ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا، سېرك، دراما، كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت ۋە مەدەنىي تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىقلار) ياپونىيىگە كۆپلەپ، ئۈزۈلمەي تارقىلىپ كىرىپ تۇرغان. مىلادى 8 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ياپونىيىدىمۇ مودا بولۇشىغا ۋە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىشىگە ئەگىشىپ، ياپونىيە ھۆكۈمىتىمۇ تاڭ ئوردىسىنى دوراپ مەخسۇس سەنئەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئورگان ( 雅乐 ) نى تەسىس قىلغان. شۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى، ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرى بىلەن بىللە خېلى كۆپ سېرك نومۇرلىرىمۇ يۇقىرىدىكى ئورگانغا توپلانغان. مىلادى 734 - يىلى ياپونىيىدىن جۇڭگوغا بۇددىزىم تەلىماتلىرى ۋە ئۇيغۇر سەنئىتىنى ئۆگىنىشكە كەلگەن جىبىي جېنبېي ( 吉备真备 ) چاڭئەندە بىر نەچچە ئۇيغۇر بۇددىزىم ئۇستازلىرىنى ۋە سەنئەتكارلىرىنى ئۇستاز تۇتقان. كېيىن مەملىكىتىگە قايتىدىغاندا بەرباب، راباب، يالغۇزەك، غۇڭقا، بالىمان، داپ، دۇمباق قاتارلىق ئۇيغۇر چالغۇلىرىنى ۋە ئۇسسۇل، مۇزىكا، سېرك قاتارلىق ئۇيغۇر سەنئىتىگە دائىر سۈرەتلىك يازما ماتېرىياللارنى ئېلىپ قايتقان، ياپونىيە سەنئەت تارىخچىسى ئەنبيەن چېڭشيۇڭ ئېلان قىلغان خەنزۇچە ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۇيغۇر سەنئەتكارلارنىمۇ تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەتكەنلىكى مەلۇم. مىلادى 834 - يىلى ياپونىيە سەنئەتكارى تېڭيۈەن جېنمىي ( 藤原真敏 ) چاڭئەنگە كېلىپ كۇچا بەربابىنى چېلىشنى ئۆگەنگەن ۋە بىر قىسىم ئۇيغۇر چالغۇلىرى بىلەن سېرك سەنئىتىگە دائىر يازما ماتېرىياللارنى ئېلىپ قايتقان. ياپونىيىگە بارغاندىن كېيىن كۇچا بەربابىنىڭ ماھىرى ھەم سەنئەت مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى بولغان. ياپونىيىنىڭ پىڭئەن دەۋرى (مىلادى 9 - ئەسىرلەر) دە ياپونىيە جۇڭگودىن قوبۇل قىلغان ئۇيغۇر سەنئىتى نەمۇنىلىرى ئاساسىدا ئۇنى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مۇستەقىل سەنئەت مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ياپونىيىنىڭ نەيلاڭ دەۋرىنىڭ ئالتۇن مەزگىللىرىدە يەنى تيەن

خۇاڭنىڭ5 - يىلى (مىلادى 701 - يىلى) ياپونىيە ھۆكۈمىتى سەنئەت مەھكىمىسىگە بىراقلا 100 دىن كۆپ شتات بېرىپ، چاڭئەندىن قوبۇل قىلىنغان ئۇيغۇر سەنئىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغان ⑯. گەنبيەن چېڭشيۇڭ يازغان «قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇزىكىسى» (1993 - يىل نەشرى) دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، ھازىر ياپونىيە جىڭسائىيۈەن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان 18 خىل چالغۇ ئەسۋابىنىڭ 16 خىلى جۇڭگو (11 خىلى ئۇيغۇرلار) نىڭ، 39 خىل مەشھۇر نەغمە` (نوتا) نىڭ 15ى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، تاڭ دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا، سېرك ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولغانلىقى، ھەتتا ياپونىيە سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ، يېتەكچى ئورۇندا تۇرغانلىقى ئۆز ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

تۆۋەندە ياپونىيىگە تارقىلىپ بارغان ئۇيغۇر سېرك سەنئىتىنىڭ بىر نەچچە خىل تۈرلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

## 1. شىر ئويۇنى

ئۇيغۇر سېركچىلىكىدىكى شىر ئويۇنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ھالقىپ، ياپونىيىگە تارقالغاندا ياپون خەلقى ئارىسىدا « 太平乐 » («ئاسايىش نەغمىسى» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان. بۇ ئويۇننى ئوينىغۇچىلار ئېگىزلىكى بىر جاڭدىن ئاشىدىغان شىر سىياقىدىكى نىقاب ياساپ، ئۇنى ئالىتاغىل رەڭدە شىرغا ئوخشىتىپ بوياپ، نىقاب ئىچىگە ئىككى ئادەم كىرگەن. ئاندىن ئۇيغۇرچە كىيىنگەن بىر ئادەم شىرنىڭ بوينىدىن ئارغامچا بىلەن باغلاپ، قولىدا تاياق تۇتۇپ شىرنى يېتىلەپ يۈرۈپ ئوتتىن سەكرىتىش، چەمبىرەكتىن ئۆتكۈزۈش، شوتىغا چىقىرىش، موللاق ئاتقۇزۇش، بىر - بىرىنى تالىتىش قاتارلىق قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئويناتقۇزغان. كېيىن بۇ شىر ئويۇنى « 越后狮子 » ۋە « 镜狮子 » دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنگەن. ئالدىنقىسى ئەرلەر ئورۇندايدىغان، كېيىنكىسى ئاياللار ئورۇندايدىغان شەكىلگە ئۆزگەرگەن. چاڭ رېڭشيانىڭ «تاڭ دەۋرىدە ياپونىيىگە تارقالغان مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللار» دېگەن ئەسىرىگە قارىغاندا، شىر ئويۇنى ياپونىيىدە پەيدا بولغاندىن كېيىن خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇيغۇرلاردەك يۇقىرى سەۋىيىدە ئوينىيالمىغان. لېكىن بايرام ۋە ئايەملەردە داۋاملىق ئوينىلىپ ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىنغان.

## 2. باتۇر ئويۇنى

بۇ ئويۇن ھەم دراما، ھەم سېرك شەكلىدىكى تەسىرلىك ئويۇن بولۇپ، بۇ ھەقتە «مۇزىكا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «باتۇر - بىر ئادەم، ئۇنىڭ دادىسىنى تاغدا يولۋاس يارىدار قىلىدۇ. ئوغلى باتۇر تاغقا چىقىپ دادىسىنىڭ جەسىتىنى تېپىپ كۆمۈپ قويغان ھالەت تەسۋىرلىنىدۇ» . ياپونىيىلىك بويۇنزى يازغان «نەيلاڭ باھارىدا ئوردا ئايىمىدىكى سىرلىق نەغمە ۋە ئۇسسۇللار» دېگەن ماقالىسىدە كۆرسىتىشىچە، بۇ ئويۇننى ئوينىغۇچى ئېگىز بۇرۇن، چوڭقۇر كۆز ئادەم سىياقىدىكى قىزىل رەڭلىك نىقابنى كىيىپ، يېنىغا قىلىچىنى ئېسىپ، چوڭ دۇمباق ۋە نەي مۇزىكىسىنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن تاغدا دادىسىنى ئىزدىگەن بولىدۇ. كېيىن يولۋاس نىقابىدىكى بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭ بىلەن باتۇرلارچە كەسكىن ئېلىشىدۇ ۋە ئۇنى يېڭىدۇ. بۇمۇ قورقۇنچلۇق بىر خىل سېرك ئويۇنى بولۇپ، يولۋاسنى يەڭگەن باتۇرنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن. تارىخىي

خاتىرىلەردە بۇ سىرك ئويۇنىنىڭ كوچادا پەيدا بولغانلىقى، كېيىن چاغلاردا قىزغىن ئالقىشلانغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

## 3. جام كۆمتۈرۈش نەغمىسى

«قانۇنلار قامۇسى» نىڭ 146 - جىلدىدا: «جىنگۇەنىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى فېي شىنفۇ بۇ نەغمىنى ئىجاد قىلغان» دېيىلگەن. فېي شىنفۇ قەشقەرلىق مەشھۇر سەنئەت ئالىمى بولۇپ، ئۇ چاغلاردا ناھايىتى نۇرغۇن مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان. «ياپونىيە تەزكىرىسىنىڭ داۋامى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بۇ ئەسلى سىركچى چەۋەندازلارنىڭ ئات ئۈستىدىكى ماھارىتىگە تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكا نامى ئىكەن. پادىشاھ «تاڭ مىڭخۇاڭ ھەققىدە خاتىرىلەر» دە كۆرسىتىلىشىچە، ئات ئۈستىدە سىرك ئوينىغاندا بۇ مۇزىكا ئورۇنلىنىدىكەن. يەنى بىر نەچچە چەۋەنداز مەخسۇس تەييارلانغان مەيدانغا ئات چاپتۇرۇپ كىرىپ، ئاۋۋال مەيداننى بىر نەچچە ئايلىنىدىكەن، ئاندىن چېپىپ كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدە تىك ئۆرە تۇرۇش، ئۈسسۇل ئويناش، ئىگەرنىڭ ئىككى ئۇچىنى تۇتۇپ بېشىنى پەسكە، ئىككى پۇتىنى ئاسمانغا قارىتىپ تىك تۈز تۇرۇش، ئاتنىڭ قورسىقىغا يامىشىپ يوشۇرۇنۇش، ئاتتىن - ئاتقا سەكرەپ يۆتكىلىش، قىلىچۋازلىق قىلىش قاتارلىق سىرك ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىدىكەن. مۇشۇ ۋاقىتتا ھېلىقى جام كۆمتۈرۈش مۇزىكىسى ئورۇنلىنىدىكەن. «ياپونىيە تەزكىرىسىنىڭ داۋامى» بىلەن «شەرقىي ئاسىيا مۇزىكا تارىخى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىدىكى سىرك ئويۇنى بىلەن مۇزىكىسى تاڭ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياپونىيىگە تارقالغان. ياپونلار بۇ سىرك ئويۇننى ئوينىغاندا ئۇيغۇرچە كىيىنىپ سەھنىگە چىقىدىغانلىقى، بۇ ئويۇن سىرك نامىدا ئەمەس، مۇزىكا نامىدا ئاتىلىدىغانلىقى مەلۇم.

## 4. خادىغا چىقىش ئويۇنى

«تاڭ سۇلالىسىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 33 - جىلد، «قانۇنلار قامۇسى» 140 - جىلد ۋە «دۆلەت خاتىرىلىرى» 2 - جىلد قاتارلىقلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ خادىغا چىقىش سىرك ئويۇنى ھەققىدە خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرىكەت شەكلى مۇنداق بولغانىكەن: بىر ئادەم سەھنىگە چىقىپ، 30 غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى خادىنىڭ بىر ئۇچىنى ئالقىنىغا قويۇپ، يەنە بىر ئۇچىنى ئاسمانغا قارىتىپ تىك ئۆرە تۇتىدىكەن ۋە خادا ئۇچىنى بېشىغا، بۇرنىنىڭ ئۇچىغا، تۆۋەندىكى چىشىغا يۆتكەپ يۈرۈپ، خادىنى يىقىتماي ماھارەت كۆرسىتىدىكەن. ئاندىن بىر قىز موللاق ئېتىپ سەھنىگە چىقىپ ماھارەت كۆرسەتكەندىن كېيىن بىر موللاق بىلەنلا خادا ئويناۋاتقان ماھىرنىڭ مۈرىسىگە چىقىۋالىدىكەن. ئاندىن 30 غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى خادا ئۇچىغا يامىشىپ چىقىپ، بىر قولىدا خادا ئۇچىغا تايىنىپ، بېشىنى يەرگە، ئىككى پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ تەتۈرسىگە تىك ئۆرە تۇرىدىكەن. بۇ چاغدا خادا ئويناتقۇچى سەھنىنى ئايلىنىپ مېڭىپ يۈرۈپ، خادا ئۇچىنى بىردەم ئوڭ قول ئالقىنىغا، بىردەم سول قول ئالقىنىغا ۋە بېشىغا، بۇرنى ئۇچىغا، تۆۋەنكى چىشىغا يۆتكەپ يۈرۈپ ماھارەت كۆرسىتىدىكەن. بۇ جەرياندا خادا ئۇچىدىكى قىزمۇ بىر نەچچە خىل قورقۇنچلۇق ھەرىكەت شەكىللىرىنى قىلىپ، ئاخىرىدا بېشىنى يەرگە، پۇتىنى ئاسمانغا قارىتىپ تىك موللاق ئېتىپ يەرگە چۈشىدىكەن. «ياپونىيە دۆلەت تەزكىرىسى» نىڭ 36 - جىلدىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بۇ سىرك ئويۇنىمۇ تاڭ دەۋرىدە ياپونىيىگە تارقىلىپ بارغان. ئەمما،

بۇ ھەرىكەت شەكلىنى ئورۇنداش ناھايىتى قىيىن بولغاچقا، ئىسلاھ قىلىپ ئاددىيلاشتۇرۇپ ئۆزلەشتۈرگەن ھەمدە كۇچا دۇمباق نەغمىسىنىڭ تەڭكەش قىلىشىدا ئورۇنلىنىدىغان بولغان.

## 5. نىقابلىق ئويۇن

تاڭ دەۋرىدىكى سۈي لىڭچىن يازغان «ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىلىرى» قاتارلىقلاردا بۇ خىل سېرىك ئويۇنىنىڭ نامى « 陵王 » دەپ يېزىلغان بولسا، ياپونىيىلىك گاۋنەنشۇنسىلاڭ بىلەن فرانسىيىلىك لى ۋېيمىلار بۇددىزىم ئەسىرى « 法宝义林 » (دىنلار مەناسى) دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن، بۇنى «Ranrr» (مەنىسى «ئەجدىھا ئىلاھى») دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ئويۇننى ئوينىغۇچى ئەجدىھا سىياقىدا نىقاب كىيىپ، ياغاچتىن ياسالغان قورقۇنچلۇق ئەجدىھا بېشىنى تاقاپ، ئۇزۇن قويرۇقىنى سۆرەپ يۈرۈپ ماھارەت كۆرسىتىدىكەن. بۇ خىل سېرىك ئويۇنى بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا تاڭ دەۋرىدىلا ياپونىيىگە تارقالغان ھەم بىر زامان مودىغا ئايلانغان. ياپونىيىلىك تېيەنبىيەن شياڭشيۇڭنىڭ «شەرقىي ئاسىيا مۇزىكا تارىخى» ناملىق ئەسىرىگە قارىغاندا، بۇ خىل سېرىك ئويۇنى ئىككى ياكى تۆت ئەجدىھانىڭ ئېلىشىش جەريانىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىدىكەن. بۇ ئويۇن ئوينالغاندا ئۇيغۇرچە مۇزىكىلار ۋە تېكىستى ياپونچە تەرجىمە قىلىنغان ناخشىلار تەڭكەش قىلىنىدىكەن.

«بۈيۈك ياپونىيە تارىخى» 347 ـ، 348 ـ جىلد، «ياپونىيە تارىخىنىڭ داۋامى. مۇزىكا تەزكىرىسى» ، «سەنئەت بېغى تەزكىرىسى» قاتارلىقلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىدىكى سېرىك ئويۇنلىرىدىن باشقا، موللاق ئېتىش، جانبازلىق قاتارلىق سېرىك ئويۇنلىرى ۋە ئوت پۈركۈش، دەرەخ تىكىش، ئادەم ۋە ئات پارچىلاش، قويىنىدىن ئويۇنچۇق چىقىرىش، ئارغامچىدا مېڭىش قاتارلىق سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرىمۇ خېلى كەڭ تارقالغان ھەم ياپون خەلقىگە ئۆزلەشكەنىكەن. قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ سېرىك سەنئىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ھالقىپ ياپونىيىگە تارقالغان ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ھازىر ياپونىيىدە ساقلىنىۋاتقان چالغۇ ئەسۋابلىرى، مۇزىكا نوتىلىرى، ئۇسسۇل شەكىللىرى ھەم سېرىك ھەرىكەت شەكىللىرى، ئۇيغۇرچە كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ زىننەت نەمۇنىلىرى قاتارلىقلار يۇقىرىدىكى بايانلىرىمىزنى تەستىقلايدۇ، ئەلۋەتتە. ھەتتا يۇقىرىقىدەك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بەزى تەسىرلىرى تېخى يېقىنقى بىر نەچچە ئەسىر ئىلگىرىمۇ ياپونىيە خەلقى ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

## ئۇيغۇر سېرىك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ چاۋشيەن، بېرما قاتارلىق ئەللەرگە تارقىلىشى

ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە سېرىك، سېھىرگەرلىك سەنئىتى مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن باشلاپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان ھەم تاڭ دەۋرىدىن باشلاپ مۇستەھكەم ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ پەيدىنپەي ئومۇملاشقان. بۇ سەنئەت نەمۇنىلىرى ئەنە شۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تەرەققىياتى ئاساسىدا، بىر نەچچە ئۆلكىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ چاۋ شيەننىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولغان كورىيانلارغىمۇ تارقالغان. بۇنىڭدا جۇڭگو بىلەن چاۋشيەن ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالماشتۇرۇش ئالاقىسى ۋە ئىككى ئەل خەلقلىرىنىڭ دوستانە باردى ـ كەلدى مۇناسىۋىتى ۋاستىلىك رول ئوينىغان. نەتىجىدە ئۇيغۇر چالغۇلىرى بىلەن سەنئىتى چاۋشيەنگىمۇ تارقىلىپ، كورىيانلار مىللىي سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

«سۈينامە» 15 ـ جىلد «مۇزىكا تەزكىرىسى» دە كورىيە مۇزىكىسىدا 14 خىل چالغۇ ئەسۋابىنىڭ

بارلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە غۇڭقا، تىك غۇڭقا، بەرباب، بەشتار، نەي، ئۆرە بالىمان، شاپتۇل قوۋزىقى بالىمان، دۇمباق قاتارلىق توققۇز خىل چالغۇنىڭ خۇ (ئۇيغۇر) چالغۇسى ئىكەنلىكى، ئوركېستىرلار تۈزۈلۈشى ۋە كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ زىننەتلەردە كۇچا (كۇسەن) ئۇسلۇبىنى ئاساس قىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

چاۋشيەنىنىڭ «ئۈچ دۆلەتنىڭ تارىخىي خاتىرىسى» دە چاۋشيەنلىك شائىر سۈي چىيۈەن يازغان بەش پارچە شېئىر ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ شېئىردا مەخسۇس ئۇيغۇر سېرىكچىلىكى تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭدىكى «جىنگۈەن» ( 金万 ) دېگەن شېئىردا خادىغا چىقىش، ئارغامچىدا مېڭىش، هايۋان ئويىنىتىش، ئوت پۈركۈش، يىلان قوچاقلاش، هايۋان سىياقىدا نىقابلىنىش قاتارلىق سېرىك ئويۇنلىرىنىڭ مەزمۇنى تەسۋىرلەنگەن. «داميەن» ( 大面 ) دېگەن شېئىردا ياغاچتا ياسالغان نىقابلارنى كىيىپ، هايۋان سىياقىدا ياسىنىپ، ئالتۇندىن بېزەك تاقاپ سېرىك ئويناش ۋە يىپەك يىپلاردىن چاچ ياساپ، ئالۋاستى سۈرىتىنى سىزىپ، تېرە قولاقچا كىيىپ سېرىك ئويناش ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن. هازىر ياپونىيىدە ساقلىنىۋاتقان گاۋداۋچيەنچۈن ( 高岛千春 ) مۇزىكىلىق ئۇسسۇل سۈرىتىدىكى «باتۇ ـ داميەن» ( 拨头 ـ 大面 ) سۈرىتىگە قارىغاندا، بۇ ئويۇننى ئوينىغۇچى ئورا كۆز، قاڭشارلىق «خۇ» (ئۇيغۇر) بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايى ۋە كىيىنىش ـ بېزىنىش سىياقى دەل تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلغان. تاڭ دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ياپونىيىدە كەڭ تارقىلىپ مودىغا ئايلانغان «داميەن» سېرىك ئويۇنىنىڭ چاۋشيەنگە تارقىلىشى ۋە تەسىر كۆرسىتىشى تەبىئىي ئىدى. «سۇەننى» ( 狻猊 ) دېگەن شېئىردا رىۋايەتلەردىكى بىر ۋەھشىي يىرتقۇچ هايۋاننى تەمسىل قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر سېرىكچىلىكىدىكى شىر ئويۇننى تەسۋىرلىگەن. چاۋشيەن شېئىرىدىكى سېرىك ئويۇنى تەسۋىرى بىلەن بەي جۈينىڭ «غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى» دېگەن شېئىرىدىكى تەسۋىرلەر ئاساسەن بىردەك ـ ئوخشاش بولۇپ، شىر سىياقىدا نىقاب تاقاپ، ياغاچتىن ياسالغان شىر بېشىنى كىيىپ، تاقلاپ، سەكرەپ تاماشىبىنلارنى قورقۇتىدىغان ياكى كۈلدۈرىدىغان قىزىقارلىق هەرىكەت شەكىللىرى بايان قىلىنغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ياپونىيە، كورىيىلەرگە تارقالغان «كۈئىنلۇندىكى سەككىز ئەۋلىيا»، «نىلۇپەر گۈلى پەشتىقىدىكى ئۇسسۇل» قاتارلىقلارمۇ « 佰戏 » ياكى « 散乐 » دەپ ئاتىلىدىغان سېرىك ئويۇنى بولۇپ هېسابلانغان. چىڭجەن يازغان «سەنئەت ئۆگىنىش قائىدىلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 3 ـ، 4 ـ جىلدلىرىدا: بۇ ئويۇننىئىككى قىز ئويناپ چىقىدۇ، ئۇلار شايى ياكى ئەتلەس كۆڭلەكلەرنى، زىننەتلەنگەن ۋە قوڭغۇراقلار ئېسىلغان دوپپىنى كىيىپ، نىلۇپەر گۈلى ئارىسىدىن چىقىدۇ، قوللىرىدا قىزىل، سېرىق چاڭگۈي گۈللىرىنى تۇتۇشۇپ، ئۇسسۇل هەرىكىتى بىلەن قىزىقارلىق ئويۇن كۆرسىتىدۇ، دەپ يېزىلغان. ئويۇن مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ ئىشقى ـ مۇھەببەت تەسۋىرلىنىدىغان سېرىك ئويۇنلىرىنىڭ بىر خىلى بولسا كېرەك. بۇ ئويۇنلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ياپونىيە، چاۋشيەن ۋە بېرمىلاردىمۇ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا مۇشۇ شەكىلدە ئوينالغان.

تارىخىي خاتىرىلەردە بىردەك قەيت قىلىنىشىچە، چاۋ شيەنىنىڭ قەدىمكى ئوردا سەنئىتى «تاڭ سەنئىتى» ۋە «يۇرت سەنئىتى» دېگەن چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلۈنگەن. بۇنىڭ «تاڭ سەنئىتى» دېيىلگىنى تاڭ سۇلالىسى ئارقىلىق چاۋشيەنگە تارقىلىپ بارغان ئۇيغۇر سەنئىتىنى كۆرسەتكەن؛ «يۇرت سەنئىتى» دېيىلگىنى چاۋشيەن دۆلىتىنىڭ ئۆز سەنئىتىنى كۆرسەتكەن ⑰. مىلادى 9 ـ ئەسىردە چاۋشيەن هۆكۈمىتى بۇددا ئىلمى ۋە ئۇيغۇر سەنئىتىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن جىن لوزاۋ ( 真罗㣳 ) باشچىلىقىدىكى چاۋشيەنلىكلەر جۇڭگوغا كەلگەن. ئۇلار لوياڭ ۋە چاڭئەنلەردە ئۇستاز بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۆگەنمەكچى بولغان كەسىپلىرىدىن رازى بولغۇدەك دەرىجىدە تەلىم ئالغان هەم بىلىم ئاشۇرغان. دۆلىتىگە قايتىپ بارغاندا شىنجاڭ (ئۇيغۇر) بۇددىزمى بىلەن سەنئىتىنى تېخىمۇ كەڭ تارقىتىپ، چاۋشيەن سەنئىتىدە يېپيېڭى بىر ئېقىم پەيدا قىلغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇيغۇر سېرىك سەنئىتى باشقا سەنئەت تۈرلىرى بىلەن بىللە چاۋشيەنگە ئېلىپ بېرىلىپ، زور تەرەققىيات

ئىستىقبالىغا ئېرىشكەن.

ئۇيغۇر سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتى باشقا سەنئەت تۈرلىرى بىلەن بىللە تاڭ سۇلالىسى ئارقىلىق ياپونىيە، چاۋشيەنلەرگە تارقىلىپلا قالماي، بەلكى بېرما خانلىقى (بۇخانلىق جۇڭگونىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىگە «骠国» «لى گو» دېگەن نام بىلەن پۈتۈلۈپ كەلگەن) غىمۇ خېلى كەڭ دائىرىدە تارقالغان ھەم كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. «يېڭى تاڭنامە. بېرما تەزكىرىسى» (« 新唐书 . 骠国传 ») دە: «بېرما خانلىقىدا 30 نەغمە، 196 سەنئەتكار بار. سەنئىتى تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن: 1 - كۇچا (كۇسەن) سەنئىتى قىسمى؛ 2 - چوڭ دۇمباق قىسمى؛ 3 - خۇ (ئۇيغۇر) سەنئىتى قىسمى؛ 4 - ھەربىي سەنئەت قىسمى. كۇچا سەنئىتى قىسمىدا يان دۇمبىقى، بەل دۇمبىقى، جىلۇ دېپى، قىسقا نەي، چوڭ - كىچىك بالىمان، جاللا، ئۇزۇن - قىسقا شياۋ، توغرا نەي، بەرباب، غوڭقا قاتارلىقلار بار» دېيىلگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان كۇچا (كۇسەن) قىسمى بىلەن خۇ (ئۇيغۇر) قىسمى ئىككىلىسى شىنجاڭنىڭ بولۇپ، بېرما خانلىقىنىڭ تۆت قىسىملىق سەنئىتىنىڭ ئىككى قىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئىتى ئىدى. يەنە كېلىپ بېرما سەنئىتىدە كۇچا سەنئىتى ئاساس ھەم يېتەكچى ئورۇندا تۇرغانىدى. سېرك سەنئىتىمۇ ئۇيغۇر سېركىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان بولۇپ، شىر ئويۇنى، نىقابلىق ئويۇنلار ۋە قىسمەن سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرى تارقالغان. مۇھىمى يۇقىرىدىكى ئۇيغۇر سەنئىتى ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەر ئارقىلىق بىۋاستە بېرمىغا تارقالغان ھەم بېرمىلىقلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا، ئىنتىلىشىگە ئېرىشكەن.

تاڭ سۇلالىسى جېنيۈەننىڭ 18 - يىلى 1 - ئايدا بېرما خانى يوڭ چياڭ (雍羌) نەۋرە ئىنىسى - شىلىيى شەھىرىنىڭ باش ھۆكۈمرانى شۈنەنتانى چېڭدۇغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. ئۇ قايتىدىغاندا كۇچا چالغۇلىرى، مۇزىكا نوتىلىرى، ئۇسسۇل شەكىللىرى، سېرك، سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرى، تاڭ سۇلالىسىدا مودا بولۇۋاتقان ئۇيغۇر كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت فورمىلىرى قاتارلىقلارنى ئېلىپ قايتقان. بۇلار بېرما خانلىقىغا كەڭ تارقىلىپ، بېرما خەلقىنىڭ زور قىزىقىش - ھەۋەسلىرىنى قوزغىغان.

قىسقىسى، ئۇيغۇر سېرك سەنئىتى شەرق ئەللىرى سەنئىتىدە يېتەكچى رول تۇتۇپ، مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن.

## شىنجاڭنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى سېرك سەنئىتى

پادىشاھ ئەي دىنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 907 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، تارىخىي ۋەزىيىتىنى ئاخىرلاشتۇردى. بەش دەۋر، 10 پادىشاھلىق زامانىسى (مىلادى 907 – 979 - يىللار) دا مەملىكەت بىر نەچچە ئۇششاق خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى ۋە جۇڭگو تۇپرىقىدىكى تىنچ مۇھىت بۇزۇلۇپ، ئىلگىرىكى سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇرۇش تۇمانلىرى ئىچىدە ۋەيران بولدى. سۇڭ سۇلالىسى (960 – 1279) ئالدىنقى سۇلالىلەرنىڭ سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە بىر قەدەر ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر سېرك سەنئىتى نەمۇنىلىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلدى ھەم شىنجاڭ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى خېلى جانلاندۇردى.

ئۇمۇمەن مىلادىدىن كۆپ ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن تارتىپ تاكى كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەرگىچە ئىچكى ئۆلكىلەر (جۈملىدىن ياپونىيە، چاۋشيەن، بېرما قاتارلىق شەرق ئەللىرى) گە تارقىلىپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتى ۋە ھەر خىل چالغۇلىرى شۇ جايلاردىكى خەنزۇ ئەمگەكچىلىرى ۋە سەنئەتكارلىرىنىڭ ئۆز مىللىي سەنئىتىگە ماسلاشتۇرۇپ ئىسلاھ قىلىشى ئارقىلىق، ئۆزىگە خاس تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. شۇ قاتاردا ئۇيغۇر سېرك سەنئىتى يەنە چاۋشيەن، ياپونىيە، بېرما قاتارلىق ئەللەرنىڭ سېرك سەنئىتىگە خېلى زور تۆھپە قوشتى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بولسا، ئۆز تەرەققىياتىنىڭ يەنە بىر خىل يولى بىلەن ھازىرقى مىللىي سېركچىلىككە قاراپ يۈزلەندى.

ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئەنئەنىۋى سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىدىن قىسمەن ئايرىلىپ قالدى. ھەتتا بەزى چاغلاردا خېلى قاتتىق توسالغۇلاردىن خالىي بولالمىدى. دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كۈچلەر سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىنى «دىنسىزلىك»، «شەيتاننىڭ قىلىقى»،

www.uyghurkitap.com

«ئاللاراۋا كۆرمەيدۇ» دېگەندەك بەدناملار بىلەن ئەيىبلەپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللىي سېرك سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

بىراق ئۇزۇن تارىخقا، شانلىق ئەنئەنىگە ئىگە سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتى ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشىشى، سېرك سەنئىتىنى ياقتۇرۇشى ئاساسىدا داۋاملىشىپ باردى. خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ ۋە تۇرپان، كۇچۇك قاتارلىق جايلاردا، خەلق ئارىسىدا داۋاملىق ئويىنىلىپ تۇردى. مۇشۇ ئاساستا خەلق ئىچىدىكى پىشقان سېركچىلەر، مەلۇم تەربىيە ۋە تەجرىبىگە، ماھارەت ۋە ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە سېركچى يىگىتلەر مەيدانغا كەلدى ۋە ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ مىللىي سېركنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويمىدى. بولۇپمۇ ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرى ئاجىزراق بولغان كۇچا، تۇرپان، قۇمۇل ۋە شىمالىي شىنجاڭ تەرەپلەردە سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى خېلى راۋان يولدا ماڭدى. دارغا چىقىش، ئارغامچىدا مېڭىش، موللاق ئېتىش، سارغايدى، خادىغا چىقىش، پىچاقچىلىق، جانبازلىق، شىر ئويۇنى، ئاغزىدىن ئوت پۈركۈش، قويندىن ئويۇنچۇق چىقىرىش، غايىبتىن نەرسە ـ كېرەك پەيدا قىلىش ۋە يوقىتىش، ئادەمنى پارچىلاپ تېز ئەسلىگە ئەكىلىش قاتارلــــــق سېرك، سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرى يۇرت ـ يۇرتلاردا داۋاملىق ئويىنىلىپ تۇردى.

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»دا، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا سەنئەت شەكىللىرى بىلەن بىــــللە سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتى تىلغا ئېلىنمىغان بولسا، سۇڭ سۇلالىسى (960 ـ 1279) ئەلچىسى ۋاڭ يەندى 982 ـ يىلى يازغان «ئىدىقۇتقا ئەلچىلىك خاتىرىسى» دە ئۇيغۇرلارنىڭ قىزىقارلىق سېرك، سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرىنى كۆرگەنلىكىنى، ئارسلانخاننىڭ بەشبالىقتا ئۇنىڭ (ۋاڭ يەندىنىڭ) شەرىپىگە مۇزىكىلىق قېيىق سەيلىسى ۋە تاللانغان دراما (تىياتىر)، سېرك ئويۇنلىرىنى قويدۇرۇپ بەرگەنلىكىنى يېزىپ قالدۇرغان. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»دا، ئۇيغۇرلارنىڭ سېركتە ماھىر خەلق ئىكەنلىكى، يۇرت ـ يۇرتلىرىدا سېرك، سېھىرگەرلىك ماھارىتى كۆرسىتىدىغان ماھىر سېركچىلەرنىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەن.

چىڭگىزخاننىڭ ئالەمنى زىلزىلىگە سالىدىغان ھەربىي يۈرۈشلىرى كۆپلىگەن شەھەرلەر ۋە مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىنى ۋەيران قىلدى. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ـ چاغاتاي، ئوگتاي، قۇبىلاي، ئېلخان قاتارلىقلار ئۆز ھۆكۈمرانلىقى يەتكەن كەڭ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن ۋەزىر، سەركەردە ۋە مەسلىھەتچىلەر ئىشلەتتى. بولۇپمۇ ئۇلار تۇرلۇك كەسىپ ئەھلىلىرى قاتارىدا نۇرغۇن سەنئەتكارلارنىمۇ ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆپلەپ يۆتكىدى. شۇ قاتاردا سېرك، سېھىرگەرلىك ماھىرلىرىدىن بولغان يۈزلەرچە سەنئەتكارلارمۇ بىللە ئېلىپ كېتىلدى. مەسىلەن، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 130 ـ جىلدىدا مەخسۇس تونۇشتۇرۇلغان كۆپ ئىقتىدارلىق ئالىم ۋە سېرك، سېھىرگەرلىكنى ياخشى بىلىدىغان ئارغۇن سالى، «خان سارىيىدىكى مۇزىكا نوتىلىرى» دېگەن كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان دراما ـ تۇرگ، سېرك ئۇستازى ئەلى ياۋچىن، تاۋزۇڭيى يازغان «تارىخنامىلەردىن مۇھىم بايانلار» دېگەن كىتابتا تىلغا ئېلىنغان ئايال سېرك ماھىرى جاۋلۇەن، «جەنۇبىي كەنتتە تېرىقچىلىق قىلغاندا پۈتۈلگەن خاتىرىلەر» دېگەن كىتابنىڭ 11 ـ جىلدىدا تونۇشتۇرۇلغان داڭلىق دراما تۇرگ ھەم سېرك، سېھىرگەرلىك ماھىرى ئەلى شېرىن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەڭ كاتتا شائىرى، سەنئەتكارى، دراماتۇرگى ۋە داڭدار سېرك ماھىرى غۇربىتى، «ئومۇمىي يۈەن تىياتىرلىرى»غا 17 پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن دراماتۇرگ ھەم سېرك، سېھىرگەرلىك ماھىرى ئالۇردىن، چېن يۈەن ئەپەندى «يۈەن دەۋرىدىكى غەربىــي يۇرتلۇقلارنىــــڭ خەنزۇلىشىشى ھەققىدە ئىنىقلىما» دېگەن ئەسىرىدە يۈكسەك باھا بەرگەن ئۇلۇغ سەنئەتكار ھەم سېرك ماھىرى (كۇچالىق) شىڭ شىمىن، نەچچە ئون ناخشا تېكىستى، بەش پارچە سېرك تىياتىرى سىنارىيىسى ۋە يۇرۇشلەشكەن دراما سىنارىيىلىرى بىلەن كاتتا شۆھرەت قازانغان دراما تۇرگ ۋە سېرك ئۇستازى دىڭ يىڧۇ قاتارلىق نەچچە ئونلىغان سېركچى ماھىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا جۇملىدىن پايتەختلەردە پائالىيەت قىلىپ، ئۇيغۇر سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىنى كۆپلەپ تارقىتىپ ھەم يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈپ يۈەن سۇلالىسى سېرك تىياتىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا كۆپ ھەسسىلەر قوشتى. چاغاتاي دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بولۇپمۇ خەلق ئارىسىدا سېرك ئويۇنى بىر خىل سەنئەت شەكلىدە داۋاملىشىپ تۇردى.

سەئىدىيە خانلىقى ۋاقتىدا ئۇيغۇر سەنئىتى قايتا جانلاندى. بۇ ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام قايتا رەتلىنىپ ھازىرقى چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىم

بىرلەشكەن ھالەتكە كەلدى. شۇ قاتاردا ئىلگىرىكى چالغۇ ئەسۋابلىرى قايتا ھاياتقا ئېرىشىش بىلەن بىللە سېرىك، سېھىرگەرلىك سەنئىتىمۇ مەلۇم تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بىر قىسىم سېرىك ئويۇنلىرى ئەسلىگە كەلدى ۋە ھەرىكەت شەكىللىرىنىڭ دائىرىسىمۇ كېڭەيدى. دار ئويۇنىنى ئاساس قىلغان ھالدا جانبازلىق، پىچاقچىلىق، خادىغا چىقىش، ئارغامچىدا مېڭىش، موللاق ئېتىش ۋە سەربازلىق قاتارلىق ئويۇنلار قايتا جانلاندى.

«چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» ( 清史稿 ) نىڭ 110 ـ جىلدىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سېرىكىگە ئائىت مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان: «سازەندىلىرى سەككىز كىشى بولۇپ، ئۇلار كىمخاب ۋە تاۋار ـ دۇردۇندىن تىكىلگەن ھەر خىل رەڭدىكى كىيىم ـ كېچەكلەرنى، ھەر خىل رەختلەردىن نەقىشلەپ تىكىلگەن ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى، يارىشىملىق ئۆتۈكلەرنى كىيىپ بېلىنى بەلباغدا باغلىۋالىدۇ. ئىككى كىشى ساماۋەر ئۇسسۇلى دەپ ئاتىلىدىغان سېرىك ئويۇنىنى ئوينايدۇ، ئىككىسى موللاق ئېتىش ئويۇنىنى ئوينايدۇ. تۆت كىشى پۇتىنى ئاسمانغا، بېشىنى يەرگە قىلىپ تىك تۇرۇپ ھەر خىل ماھارەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بەزىدە ئالتە ياكى سەككىز سېرىكچى ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت شەكىللىرى بىلەن تەڭلا ماھارەت كۆرسىتىدۇ.»

«غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرىلەر» دېگەن كىتابتا: «يەكەندە قىز ـ ئاياللار ناخشا ـ ئۇسسۇلغا بەك ماھىر، سېرىك ئوينىيالايدۇ، موللاق ئاتالايدۇ، ئارغامچا ۋە سىملاردا ماڭالايدۇ، كۆپ خىل سېرىك ئويۇنىنى كۆرگىلى بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. ۋاڭ زىڭ يازغان «مۇسۇلمان يۇرتلىرى ھەققىدە خاتىرىلەر» دېگەن كىتابتا: «ئۇيغۇر باللىرى 17 ياشقا كىرگەندىلا ئالدى ـ كەينىچە نەچچە ئون موللاق ئاتالايدۇ. يەردىن ئىككى ـ ئۈچ غۇلاچ ئېگىز سەكرەپ چىقىپ پىرقىراپ، ئىككى ـ ئۈچ موللاق ئېتىپ يەرگە دەسسەپ چۈشىدۇ، قولىدا يەرگە تايىنىپ پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ تىك تۇرۇپ، ئالدىن ئالدى ـ كەينىگە موللاق ئاتىدۇ، ئېگىز خادا ئۈستىگە تارتىلغان سىم ئۈستىدە بىمالال ماڭالايدۇ» دەپ يېزىلغان. شى لىن يازغان «شىنجاڭغا ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا: «يەكەنلىكلەرنىڭ ئادىتىدە ھاراق ـ شاراب ئىچىدىكەن، ئەر ـ ئاياللار ئارىلىشىپ ئولتۇرۇش قىلىدىكەن. ئادەملىرى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا بەك ماھىر ئىكەن. ئۇلار ھەر خىل سېرىك ئويۇنلىرىغا جۈملىدىن موللاق ئېتىش، دارغا چىقىش، سىمدا مېڭىش، جانبازلىق، پىچاقچىلىق ئويۇنلىرىغا بەك ماھىر ئىكەن» دەپ پۈتۈلگەن.

چىڭ سۇلالىسى (1644 ـ 1911) دىن بۇيانقى ئۇيغۇر سەنئىتىگە ئالاقىدار تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئەزەلدىن سەنئەتخۇمار، خۇش چاقچاق كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى ھەر خىل ئولتۇرۇش ۋە سورۇنلۇق مەشرەپلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆتكۈزۈلىدىغان سەيلىلەردە يەنى نورۇز سەيلىسى، چېلىش سەيلىسى، كەكلىك سەيلىسى، ئوغلاق سەيلىسى (ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى)، ئۆرۈك سەيلىسى، باغ سەيلىسى، يەرمەنكە، چىغرىق سەيلىسى ۋە قىزىلگۈل سەيلىسى قاتارلىق سورۇنلاردا سېرىك ئويۇنلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. بۇنداق سورۇنلاردا دار باغلاش، ئارغامچىدا مېڭىش، خادىغا چىقىش، موللاق ئېتىش، سەرۋازلىق (سېھىرگەرلىك)، پىچاقچىلىق، جانبازلىق، چېلىشىش قاتارلىق سېرىك، سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرىدىن باشقا چوماقتوپ (چاۋگەن توپ)، سارغايدى (چاق قاداش ۋە چاقپەلەك ئويۇنى)، گاگار، سوقما توپ، سىزىق توپ، لەپپەك ـ ئىلاڭگۈچ، ئوقيا ئېتىش، ئوردا كاتەك، ئوغلاق تارتىش، كۈچ كۆرسىتىش، كۈچ سىنىشىش قاتارلىق كۆپ خىل، قىزىقارلىق ئويۇنلارنىمۇ ئويناپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى تەمىن ئېتىپ كەلگەن. بولۇپمۇ نورۇز بايرىمى ئۇيغۇر سېرىك سەنئىتىگە كەڭ سەھنە ھازىرلىغانىدى. يۇقىرىقىدەك پائالىيەتلەر خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، بايىنغولىن، تۇرپان، قۇمۇل ۋە سانجى قاتارلىق رايونلارنىڭ ھەممە يېزىلىرىدا دېگۈدەكلا ئېلىپ بېرىلغان.

بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ھاياتىدا دارۋازلىق ئويۇنى بىر قەدەر كەڭ ئوينالغان بولۇپ، ئۇ مىلادىدىن خېلى ئىلگىرىلا بارلىققا كەلگەن. شۇڭا مىلادىدىن ئىلگىرىكى زامانلارغا ئائىت خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە بۇ ئويۇننىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىچكى ئۆلكىلەرگە خېلى ئىلگىرىلا تارقالغان بۇ ئويۇنىمىز خەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇلار تەرىپىدىن «走索»، «走软索» دەپ، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە «高絙» دەپ، سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدە «绳伎» دەپ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «踏索» دەپ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «高絙» دەپ خاتىرىلەنگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ ئويۇن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كەڭ ئوينىلىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر دارۋاز ـ سېرىكچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئەرەب ئەللىرى ۋە ياۋروپا ئەللىرىگە چىقىپ ماھارەت كۆرسىتىپمۇ خېلى قىزغىن ئالقىشلانغان. بۇ جەھەتتە ھاشىم دارۋازنى تىلغا ئېلىشلا كۇپايە قىلىدۇ.

ھاشىم دارۋاز (1868 ـ 1952) قاراقاش ناھىيىسىدە مەشھۇر سەنئەتكار ھەمدۇللا ئاخۇن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ھەمدە ئۆز زامانىسىدىكى سېرىكچى ـ دارۋازلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، جاپالىق مەشق قىلغان. 15

ياشقا كىرگۈچە دارۋازلىق، جانبازلىق، يەر يۈزى ماھارىتى، چەۋەندازلىق، ئات ئۈستى ماھارىتى، ھاۋا بوشلۇقى ماھارىتى، سېھىرگەرلىك ماھارەتلىرىنى پۇختا ئۆگىنىدۇ. 17 ياشقا كىرگەندە چاققانلىقى، چېۋەرلىكى ۋە ماھىرلىقى بىلەن خوتەنگە تونۇلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ مۇستەقىل گۇرۇپپا تەشكىللەپ پۈتۈن شىنجاڭنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ماھارەت كۆرسىتىدۇ. كېيىن ھاشىم دارۋاز سېرك گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ئۈچتۇرپان ئارقىلىق قاراقول، بېشكەكلەرگە بېرىپ ماھارەت كۆرسىتىدۇ. شۇ جەرياندا ئۇ، بۇخارا ئەمىرىنىڭ ئالاھىدە قوبۇل قىلىشىغا ۋە ئىنئامىغا مۇيەسسەر بولىدۇ.

ھاشىم دارۋاز يەنە ئافغانىستان بىلەن پاكىستاندا، كېيىن ھىندىستاندا ماھارەت كۆرسىتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ شۆھرىتى ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنى قاپلايدۇ. شۇڭا، ھاشىم دارۋاز بارغانسېرى ئېچكىرىلەپ تېھران، باغدات، قاھىرە، ئىستانبۇل ھەم بۇندىن باشقا كۆپلىگەن شەھەر، رايونلارغىچە بېرىپ ماھارەت كۆرسىتىدۇ. شۇ جەرياندا ئەرەب ئەللىرىنىڭ خەلىپىلىرى، ئۆلكە باشلىقلىرى، ۋالىيلىرى ۋە مۆتىۋەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشى، ئىنئاملىرىغا مۇيەسسەر بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ ئۇيغۇر سېرك سەنئىتىنى دۇنياغا تونۇتۇپ، مىللىتىمىز ئۈچۈن زور شان ـ شەرەپلەرنى كەلتۈرىدۇ.

ھاشىم دارۋاز ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە شاگىرتلىرى ئۇنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ماھارەت كۆرسىتىپ، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ھۆرمىتى ۋە دۆلەت ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئوغلى سىدىق ھاشىم (ھازىر 80 ياشلارغا بېرىپ قالدى) تەربىيىلىگەن سېرك ماھىرلىرى ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. سىدىق دارۋازنىڭ نەۋرىسى نىگارە بېيجىڭ سېرك ئۆمىكىنىڭ ماھىر سېركچىسى. دېمەك، بۇ بىر ئائىلە شىنجاڭنىڭ سېرك سەنئىتىگە زور ھەسسە قوشقان شەرەپلىك ئائىلىدۇر ⑱.

ئۇيغۇر سېرك، سېھىرگەرلىك سەنئىتى ھەققىدىكى دەسلەپكى تەتقىقاتىمىزنىڭ نەتىجىسى ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت. كەم تەرەپلىرىنى كەسپداشلارنىڭ تولۇقلىشى ۋە تۈزىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## ئىزاھلار:


① ئوسمان ئىسمائىل: «ئۇيغۇرلاردىكى سېھىرگەرلىك ئادەتلىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە، 1990 ـ يىل 3 ـ سان 56 ـ، 57 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

② «جاھاننامە» 2 ـ كىتاب 660 ـ بەتكە قاراڭ.

③ خۇباگجۇ: «قۇرۇقتاغدىكى قىيا تاش رەسىملىرى»، «يىپەك يولى بەدىئىي سەنئىتى»، خەنزۇچە، 156 ـ، 157 ـ، 158 ـ، 159 ـ بەتلەرگە ۋە شۇ بەتلەردىكى رەسىملەرگە قاراڭ. 1985 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى.

④ تاۋلىفەن: «فولكلور ھەققىدە بايان»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 253 ـ بەتكە قاراڭ.

⑤ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىللىقى» دېگەن خەنزۇچە توپلامنىڭ 614 ـ، 615 ـ، 618 ـ، 619 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. 1983 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى.

⑥ يۇقىرىدىكى توپلامنىڭ ئاخىرىسى (رەسىم قىسمى) دىكى 251 ـ، 252 ـ رەسىملەرگە قاراڭ.

⑦، ⑧، ⑪ «شىنجاڭ سەنئىتى» 1988 ـ يىل 5 ـ سان، خەنزۇچە، 61 ـ، 63 ـ بەتكە قاراڭ.

⑨ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «تارىخىمىزدىكى رۇخلار»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 1990 ـ يىل 3 ـ سانغا قاراڭ.

⑩ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «تارىخىمىزدىكى دىلار»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 1990 ـ يىل 4 ـ سانغا قاراڭ.

⑫ «غەربىي رايون سېركچىلىكى»، «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە، 1990 ـ يىل 9 ـ يانۋار 5 ـ بەتكە قاراڭ.

⑬ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چاڭئەندە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مەھەللىلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە، 1992 ـ يىل 12 ـ دېكابىر سانى 5 ـ بەتكە قاراڭ.

⑭ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» 83 ـ، 84 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑮ يۈجۇڭفاڭ: «جىنەندىن تېپىلغان مۇزىكا، ئۇسسۇل، سېركچى ھەيكەللەر ۋە خەن دەۋرىدىكى سېرك ئويۇنلىرى»، «تارىخىي بىلىملەر» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1988 ـ يىل 8 ـ سان 64 ـ، 65 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑯ يى تىڭشياۋ (ياپونىيە): «ياپونىيە مۇزىكا تارىخى»، لاڭ ياۋ تەرجىمىسى، خەلق مۇزىكا نەشرىياتى 1982 ـ يىل خەنزۇچە نەشرىگە قاراڭ.

⑰ جۇجىڭباۋ: «يىپەك يولى مۇزىكا مەدەنىيىتى» 1988 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 198 ـ بەت.

⑱ «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» ئۇيغۇرچە، 25 ـ سان، «مەشھۇر دارۋاز ھاشىم ھاجىم ھەققىدە» دېگەن ماقالىگە قاراڭ.

# ئۇنتۇلغان توتېم ۋە زامانىۋى كەمتۈكلۈك





**ئەسئەت سۇلايمان**

1

تارىخ غايەت زور مەنىۋى ئېتىقاد ۋە ئىشەنچلەرنىڭ سىرلىق قەسىرلىرىنى ئۆزىنىڭ توختاۋسىز قەدەملىرى بىلەن چەكسىز يىراقلاردا قالدۇردى. ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرى، ئىلاھلاشتۇرۇلغان كۆك بۆرىنىڭ زۇلمەت كېچىلەردە كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ ھۇۋلاشلىرى، شامان (قام) پىرلىرىنىڭ كۆكتەڭرى شەرپىگە ئەسەبىيلىك بىلەن قەسىدە ئوقۇپ، يامان روھلارنى يىراققا قوغلاشلىرى ... ئىنسانىيەت خاتىرىسىدىن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇنداق، كۈنسېرى يۇقىرى پەللىگە قاراپ ئۆرلەۋاتقان ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ رەڭگارەڭ بېزەكلىرى ۋە ئېلېكترلىق جۇلاسى بىلەن ساپ ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنى، مۇقەددەس ئۇدۇملارنى كۆمۈپ تاشلىدى. ئېلېكترون دەۋرىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ماددىي يالتىراقلىرى ئىنسان روھىيىتىنىڭ ساپ ۋە ساددا خاسىيەتلىرىنى ئۆتمۈشنىڭ قەبرىگاھىغا دەپنە قىلىۋەتتى.

دەرۋەقە، بىز تولىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويدۇق!

ئانىلار - بىزنىڭ ئانىلىرىمىز، كۆك بۆرىنىڭ

**توتېم تەتقىقاتى**

www.uyghurkitap.com

يۇمران تېرىسىگە ئورۇنۇپ ئەمەس، بەلكى زامانىۋى مېدىتسىنانىڭ ئالقىنىدا، خىمىيىۋى دورا ھىندى گۆپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان ئاق رەڭلىك كۆلبىلەردە بوشىنىدىغان بولدى. . .

بوۋاقلار - بىزنىڭ بوۋاقلىرىمىز، بۆرە ئۇشۇقىدىن پۈتۈلگەن ئالتۇنرەڭ تۇمارنى ئاسمايدىغان، مۇقەددەس قېيىن ياغىچىدىن ياسالغان بۆشۈكلەردە تەۋرەنمەيدىغان، مۇڭلۇق ئەللەي ناخشىلىرىنى ئاڭلىمايدىغان بولدى. بەلكى ماشىنىلاشقان دۇنيانىڭ سۈنئىي تالالىرىدا زاكىلىنىپ، يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان مۇھىتتا ماددىي ئېھتىيالارغا پۈتلىشىپ چوڭ بولىدىغان بولدى . . .

زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇرەسسەسىز پوزىتسىيىسى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنى كۆنسېرى ماددىي مەئىشەتنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ، روھىيىتىنى قۇرۇقداپ، ئېچىرقىغان ۋۇجۇدىنى چەكسىز ۋەھىمە ۋە كرىزىس ئىچىگە بىلەن سۇغۇردى. مىليونلىغان ماددىي بارلىقلارنى ئاپىرىدە قىلىپ، ئىنسان جىسمىنى تويۇندۇرغان مەدەنىيەت ئۆيلىمىغان يەردىن روھىيەتنى دىۋانە قىلىپ قويدى. ماددىي بارلىق بىلەن روھىي كەمبەغەللىك، ئەقلىي كامىللىق بىلەن ھېسسىي ئىنتىزارلىق، ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن مەنىۋى ئىشەنچ ئوتتۇرىسىدىكى كۆن ساناپ چوڭىيىۋاتقان ھاڭ زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان يوچۇقلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى.

شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئادەم بىلەن ماددىي دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى ياتلىشىش - ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئاجىزلىقى، تېخىمۇ توغرىسى، بۇ، مەدەنىيەتنىڭ ئازابى. مەدەنىيەت ئازابقا ھامىلدار بولغاندا، مۇقەررەر يوسۇندا ئۆزىگە نۇر بەخش ئەتكۈچى ئىنىكئانا ئىزدەيدۇ. چۈنكى مەدەنىيەت تاراملىغان ئاپئاق نۇر ئىچىدە يۇيۇنۇپ، ئۆزىدىكى كۆرۈنمەس جاراھەتلەرنى داۋالىشى كېرەك. نىھايەت، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئاتېئىزمنى قورغان قىلىپ، زېۋس ① ئوبرازىنى بەربات قىلىشقا ئۇرۇنۇشى؛ تارىخنى قالقان قىلىپ ئەيسانىڭ ② كرېست تاختىسىغا مىخلانغانلىقىنى ئىسپاتلىشى؛ ئىلىم - پەننى قورال قىلىپ «قۇرئان» نى ئېلېكترونلۇق مېڭىگە سىڭدۈرۈشى ③ توپ مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ماددىي بارلىقنىڭ كامالىتى ئارقىلىق ئەقىلگە تەسەللىي بېرىپ، روھنىڭ قانىتى، ئېتىقادنىڭ جۇلاسى بولغان ھېسسىياتنىڭ ئازابىنى ئىز - تىزسىز كۆمۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئەقىلگە سەجدە قىلىپ، ھېسسىياتقا چەك قويۇش، ئەمەلىي تەجرىبىگە تايىنىپ، ئېتىقاد ۋە ئىشەنچلەردىن گۇمانسىراش - ئەجەبا، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئارقىلىق ئۆزىنى بېزەش يولىدىكى مەجبۇرىي ئىنكارچىلىقى ئەمەسمۇ! ؟ . . . دەرھەقىقەت، بۇ تولىمۇ ئازابلىق قىسمەت. بۇنداق ئەسەبىي تەۋەككۈلچىلىك شەك - شۈبھىسىزكى، مەدەنىيەت تونىغا ئورالغان ئىنسان ۋۇجۇدىنى قۇرۇقداپ، كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ.

سەنئەت، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى قۇياشى بولۇشقا ھەقلىق. ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا مەدەنىيەتنىڭ سەجدىسىنى قوبۇل قىلدى. يەنە كېلىپ تاراملىغان ئاپئاق نۇر ئارقىلىق مەدەنىيەتنىڭ كۆزىگە شولا، ئازابىغا مەلھەم بەخش ئەتتى. سەنئەت ئۆزىنىڭ يۈكسەك پەللىسىدە تۇرۇپ، ئۆتمۈشنىڭ قەبرىگاھىغا دەپنە قىلىنىۋېتىلگەن مۇڭلۇق تارىخنىڭ سىرلىق كېپەنلىرىگە بەدىئىي رەڭ بەردى. ئۇ ئۆتمۈشكە ھېسسىي مەزمۇن قوشۇشقا داditلىق بىلەن جۈرئەت قىلىپ، قانچىلىغان بەدىئىي ئېھتىيالارنى مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلالىدىكى، مۇتلەق ئىنكارچىلىقنى ئۆزىگە ھەرگىز راۋا كۆرمىدى. چۈنكى سەنئەت مەدەنىيەتكە قارىغاندا، ھەر ھالدا سوغۇققان ۋە تەمكىنىدى. مەدەنىيەت ھەر قەدەمدە ئۆزىنىڭ مەنبەسىنى، يىلتىزىنى ئۇزۇل - كېسىل يېڭى ھاۋا بىلەن سۇغۇرۇشقا، قايتا - قايتا ئىسلاھ قىلىشقا كۆنۈكۈپ كەتتى. لېكىن سەنئەت ئۆزىنى داۋاملىق يېڭىلاپ، بېيىتىپ بېرىشقا ئۇرۇندى - يۇ، ئەمما ئۈرگۈپ چىققان يىلتىزىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى. ئەگەردە سەنئەت ئۆزىنىڭ ئەبەدىيلىك بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن ئۆتمۈشكە سادا، تارىختا ھەمراھ بولمىغان بولسا، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ ماكان ۋە زامانغا بولغان يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىپادە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان بولسا، ئىنسانىيەتكە ئۆز باللىق دەۋرىنىڭ سەبىي - ساپلىقىنى، ۋارۋارلىق دەۋرىنىڭ جاسارىتىنى، ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ شانۇ - شەۋكىتىنى ۋە مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ نازاكىتىنى بىلىش ئەبەدىي نېسىپ بولمىغان بولاتتى.

2

④ «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق.»

بىز مەڭگۈ تاش ۋە بالباللارغا پۈتۈلگەن ئىپتىدائىي سادادا ئېتىقادنىڭ ئىزنالىرىنى تولىمۇ كېچىكىپ كۆردۇق. سەنئەت ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچ - قۇدرىتى ئارقىلىق ئارتامىرا ⑤، قۇمتۇرا ۋە بېزەكلىك قاتارلىق ئۆڭكۈر ۋە مىڭ ئۆيلەردىكى ئالەمشۇمۇل بەدىئىي كۆرۈنۈشلەرنى ساقلاپ قالغىنىغا ئوخشاش، ئورخۇن دەريا بويىدىكى تاش ئابىدىلەرگە پۈتۈلگەن سادادا تەبىئەتچىلىك ئېتىقادىنىڭ ئىزنالىرىنىمۇ

بۈگۈنگىچە ساقلاپ قالالىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ كەينى - كەينىدىن بايقالغان قىياتاش رەسىملىرى، زامانىۋى مەدەنىيەتتىن تون كىيىپ روھىنى ئىزدەۋاتقان ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە مىسلىسىز زور تەسەللىي ئېلىپ كەلدى. كۈنسېرى دۇنياۋى ئاڭنى تەكشىلەۋاتقان ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى مەلۇم نۇقتىدا روھىي ئىرىلىشنى، ئەسلىنى ۋە يىلتىزىنى ئىزدەشنى يېڭى كۈنتەرتىپكە قويدى. قىياتاش ۋە ئۆڭكۈر پۈتۈكلىرىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئويما خاتىرىلىرى ئىنسانىيەتنىڭ يادىدا خىرە - شىرە قېپقالغان ئەسلىمىلەرگە جان كىرگۈزۈپ، ئۇنى كۆرۈنمەس يىپ بىلەن ئىپتىدائىي تەپەككۇر دەۋرىگە باغلىدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، تۇتېم - ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز يىلتىزىنى ئىزدەش يولىدىكى تۇنجى كەڭ كۆلەملىك تەسەۋۋۇرى ۋە ئېتىقادى. ئۇ بارلىق دىنلاردىن بۇرۇن پەيدا بولغان بىر خىل ئىپتىدائىي دىن. تۇتېمىزمدىن ئىبارەت بۇ تۇنجى ئېتىقادنى ئېتىراپ قىلماي تۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيىتىگە، سەنئىتىگە ۋە بالىلىق ئىشەنچ - ئېتىقادىغا جاۋاب ئىزدەش تولىمۇ ئارتۇقچە ئىش. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ يەر (تۇپراق) ئانا بىلەن كۆك (ئاسمان) ئاتىنىڭ ئۇپۇق سىزىقىدا سۆيۈشۈپ، ۋىسال شادلىقى ھاسىل قىلغان گۈزەل دەقىقىدە تۇغۇلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۈچۈنلا، يەر بىلەن ئاسمان ئوتتۇرىسىدىكى گۈزەل ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى يارىتالىغان ۋە يەر (تۇپراق) تىن تۆرىلىپ، كۆك (ئاسمان) دىن روھقا ئېرىشكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. خەيرىيەت، قايسى بىر دىندا يەرنىڭ مۇقەددەسلىكى بىلەن ئاسماننىڭ سىرلىقلىقى ھەققىدىكى تەلىماتلار يوق! ؟ . . . قايسى بىر مەدەنىيەت ۋە سەنئەتتە زۇمرەت ئاسمان بىلەن قوڭۇر يەرنىڭ سىماسى يوق؟ . . . شۇنداق، يەر ئۇلۇغ، ئاسمان سىرلىق. ئالەم بىنا بولغاندىن بۇيان، يەرنى سىلىنچا، ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ كەلگەن ئىنسانلار توپى ئىزچىل ھالدا شۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئىزدەپ كەلدى. ئەگەردە، يەر بىلەن ئاسمان، قۇرۇقلۇق بىلەن دېڭىز مەڭگۈلۈك سۆيۈشمەيدىغان بولسا، تەن بىلەن روھ ئۆز ئارا گىرەلىشىپ بىر گەۋدە بولمايدىغان بولسا، دۇنيانىڭ تىنىقى ئۈزۈلۈپ قالامدۇ؟ جىبران توغرا ئېيتقان: «زېمىن نەپەسلەنسە بىزمۇ ياشايمىز، زېمىن نەپەستىن توختىسا بىزمۇ ھالاك بولىمىز.» ⑥

تۇتېمدىن ئىبارەت بۇ تۇنجى ئېتىقادقا شەك - شۈبھىسىزكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەجداد ۋە يىلتىز چۈشەنچىلىرى بىلەن ساددا ئېستېتىك ئېڭى ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. ئۇلار تۇتېم ئوبيېكتىدا گەۋدىلەنگەن يۈكسەكلىك، سىرلىقلىق ۋە تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ ئارقىلىق ئۆزىدىكى ئادەم ماھىيەتلىك كۈچىنى نامايەن قىلغان. سىگموندفرېئود روھىي ئانالىز نۇقتىسىدا تۇرۇپ: «تۇتېم قارىشىدا گەۋدىلەنگەن تۇتېم ھايۋان دەل ئاتا ئورنىدىكى ئوبرازدىن ئىبارەت» ⑦ دەپ كۆرسىتىدۇ. ئاتاقلىق دىنشۇناس ماكىس مۇللېرمۇ: «ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر ئۇرۇق، ھەر بىر جەمەت قاچانلا بولمىسۇن چوقۇم ئۆز ئەجدادىغا ھاجىتى چۈشىدۇ» ⑧ دەيدۇ. دەرۋەقە، يىلتىز - مەنبە، ئۇ ئادەم ئۈچۈن مىسلىسىز زور تەسەللىي بولالايدۇ. شۇنداقلا ھەر ماكان، ھەر زامان ئىنسانغا غۇرۇر ۋە غەيرەت - شىجائەت بەخش ئېتەلەيدۇ. شۇڭا، ئەجدادتىن ئىبارەت بۇ يىلتىز بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەۋلادلارمۇ مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالايدۇ. تۇتېم ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆز يىلتىزىنى ئىزدەش يولىدىكى تۇنجى دادىل قەدىمى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇتېم ھايۋانغا بولغان ھېسسىياتى دەل كىچىك بالىلارنىڭ ئۆز ئاتىسىغا بولغان ھۆرمىتى ۋە «ھەيۋەتلىك قىياپىتى» دىن پەخىرلەنگەن چاغدىكى ھېسسىياتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بىر جۈپ ئاتا - ئانا بىر ئائىلە كىشىلىرىنى ئۆزىگە قانچىلىك دەرىجىدە باغلاپ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە قانچىلىك دەرىجىدە قېرىنداشلىق ئۇرۇقىنى تېرىيالىغان بولسا، تۇتېم ئوبيېكتى ھېسابلانغان ئىلاھىي كۈچمۇ شۇ مىللەت ۋە ئىجتىمائىي كوللېكتىپنى شۇنچىلىك دەرىجىدە بىر - بىرىگە ئېمىلداش قىلىپ تۇرىدۇ.

مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ ئاتىسى سارتىرى: «نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى بىرىنچى قېتىملىق بۆلۈنۈش دەل تۇتېم ئارقىلىق خاراكتېرلەنگەن ئۇرۇقلاردىن ئىبارەت. بۇ ئۇرۇق ئىچىدە بىز بىر ئانىدىن تۇغۇلغان قېرىنداشلارمىز. بۇ ئانا شۇنداق ئۇلۇغۋار ئايالكى، ئۇنىڭ ھامىلە ئۆستۈرەلەيدىغان بالىياتقۇسى، ئاق سۈت بېرەلەيدىغان قوش ئەمچىكى ۋە بالا ھاپاش قىلالايدىغان دۈمبىسى بار. بۇ ئۇلۇغۋار ئانا دەل تۇتېمدىن ئىباەت» ⑨ دەپ كۆرسىتىدۇ. تۆۋەنكى شەخستىن تارتىپ يۇقىرىسى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكىچە ھەممىسىدە مۇئەييەن ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد مەۋجۇت. بۇ خىل ئېتىقاد مەيلى قايسى خىل دىن شەكلىدە ئىپادىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، شەخس، ئائىلە، ئۇرۇق، قەبىلە، مىللەت، ئىرق ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەت توپىدا ئوخشاش. سەنئەت ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيىتىنى قانچىلىك دەرىجىدە ئورتاقلىققا ۋە دۇنياۋىلىققا يېتەكلەپ ماڭسا، يەنە شۇنچىلىك دەرىجىدە مىللىيلىققا ۋە خاسلىققا يۈزلەندۈرۈش مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان. زامانىۋى سەنئەتنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئەپسانىلەرنى تىرىلدۈرۈشى،

كۈنسېرى ياتلىشىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ خاتىرىسىگە ئۇنتۇلغان ئۇدۇملارنى سېلىپ، ئۇلاردا قايتىدىن غۇرۇر ۋە ئېتىقاد پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت. بىز بۇ نۇقتىدا ئايتماتوۋنىڭ ئازابىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. چۈنكى بىز ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يالتىراقلىرى ئىچىدە ئەس ـ خاتىرىمىزنى يوقىتىپ «ماڭقۇرتلۇق تراگېدىيىسى» نى قايتا تەكرارلاشنى ھەرگىز، ھەرگىزمۇ خالىمايمىز!

3

«بۆرىدىن ئىبارەت بۇ يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ بەر شارىدا قاچان پەيدا بولغانلىقى بىزگە نامەلۇم. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر قانداق بىر ھايۋان بۆرىگە ئوخشاش ئىككى خىل تارىخنى ـ ھەم تۈتېم قىلىنغان سەلتەنەتلىك تارىخنى، ھەم ۋەھشىي يىرتقۇچ ھېسابلانغان رىيازەتلىك تارىخنى بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغاندۇ . . . »

ھازىرقى زامان ئارخېئولوگىيىسىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن سەنئەتتىكى «قايتا تىرىلىش» ۋە «يىلتىزىنى ئىزدەش» قىزغىنلىقى بىزنى ئويلاپ باقمىغان نەتىجىلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. ئەگەردە سەنئەت ھازىرقى زامان كىشىلىرىنى روھىي جەھەتتىن قايتا ئويغاتمىغان بولسا، ئانا سۈتىمىز بىلەن كىرگەن ئېتىقادىمىز مەڭگۈ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولاتتى.

بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تېخىمۇ تارتىدىغىنى شۇكى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى بىر بۇتخانا خارابىسىنى قازغاندا، بىر ئانا بۆرىنى تۆت تۈرك ئوغۇل بالا ئېمىپ تۇرغان كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگەن بىر كەمەر تاپقان. 1957 ـ يىلى موڭغۇلىيە ئارخېئولوگلىرى ئورخۇن دەريا ۋادىسىدىن مىلادى 570 ـ يىلى تۈرك خاقانى مويۇنچۇر ئورناتقان مەڭگۈ تاشنى تاپقان. بۇ ئابىدىگە بىر كۆك بۆرىنى ئېمىپ تۇرغان بىر ئوغۇل بالىنىڭ سۈرىتى ئويۇلغان. ئۇندىن باشقا، ئالتاي ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن كەينى ـ كەينىدىن بايقىلىۋاتقان بۆرە ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قىياتاش رەسىملىرى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

دەرۋەقە، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارنىڭ پولاتتەك پاكىتلىرى بۆرە ئانا ئوبرازىنى يەنىمۇ ئېلگىرىلىگەن ھالدا يۈكسەكلىككە ئىگە قىلدى، شۇنداقلا بۆرە ئانا ھەققىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ سېھرىي كۈچىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. يىراق قەدىمكى زاماندا يۈز بەرگەن غايەت زور بىر قىتىملىق قوۋملار ئارا قىرغىنچىلىقتا بىردىنبىر ساق قالغان، پۇتى كېسىك ئوغۇل بالىنى دۈمبىسىگە يۈدۈپ ئىدىقۇت تېغىغا قېچىپ كەلگەن ۋە بۇ بالا بىلەن جۈپلىشىپ يېڭى ئەۋلادنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بۆرە ئانا ئەپسانىسى ⑪ بىزنى قانچىلىك ھاياجانغا سالسا، ھون تەڭرىقۇتىنىڭ گۈزەل قىزىنىڭ تەڭرى ئەۋەتكەن ئەركەك بۆرە بىلەن نىكاھلىنىشى ⑫ بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزنى مىسلىسىز سېھىرلىك تارىخقا باشلاپ كىرىدۇ . . .

مۇشۇ ئەسىرگىچە ئىپتىدائىي تۇرمۇش ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەن ئىندىئانلارنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرى ۋە ئەپسانە — رىۋايەتلىرى بىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. مورگاننىڭ مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، ئىندىئان قەبىلىلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە مەلۇم بىر ئۇرۇق چوقۇم بۆرە ئۇرۇقى دەپ ئاتىلىدىكەن ⑬. ئىپتىدائىي سەنئەت ھېسابلانغان تۈتېم تۈۋرۈكلىرىدە بۆرە سۈرەتلىرى خىلمۇ خىل شەكىلدە ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن. كالىفورنىيە دالىلىرىدا ياشايدىغان ئىندىئان قەبىلىلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بۆرە ئىلاھ ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ⑭ ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە سېھرىي تۈسى بىلەن بىزنى مەھلىيا قىلىدۇ. ئاسىيا قان تېپىغا مەنسۇپ ئىندىئانلار راستىنلا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى زاماندا پائالىيەت ئېلىپ بارغان شىمالىي ئاسىيا رايونىدىن بېرىنگې بوغۇزى ئارقىلىق ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچۈپ بارغانمۇ؟ ئىندىئانلار ئىپتىدائىي ئېتىقادىدىكى بۆرە تۈتېمى ۋە ئاغزاكى ئەدەبىياتىدىكى بۆرە ئەپسانىسى بىزدە ئىندىئانلارنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى يېڭى گۇماننى قوزغىدى.

ئاپىنىن يېرىم ئارىلىدا تۇغۇلۇپ، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ يېنىك شاۋقۇنلىرىغا قۇرداش بولۇپ ياشاۋاتقان ئىتالىيانلار، رىم مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بىر مىس ھەيكەلنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ: «بىر چىشى بۆرە ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ، ئۆتكۈر چىشلىرىنى چىقارغان ھالدا تۆت ئەتراپقا سەزگۈرلۈك بىلەن قارىماقتا. ئانا بۆرىنىڭ تېگىدە بىر جۈپ ئوغۇل بوۋاق تىزلانغان پېتى ئىشتىھا بىلەن ئانا بۆرىنىڭ ئەمچىكىنى ئەممەكتە . . . بۇ مىس ھەيكەل قېزىۋېلىنغىلى 400 يىلدىن ئاشقان بولۇپ، ئۇ بۈنىڭدىن 2800 يىل ئاۋۋالقى رىملىقلارنىڭ تۈتېم مەدەنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان يادىكارلىق ئىدى» ⑮. رىملىقلار نېمە ئۈچۈن بۇ مىس ھەيكەلنى شۇنچىلىك قەدىرلىشىدۇ؟ ئەسلىدە بۇ مىس ھەيكەلنىڭ ئۆتمۈشىگە تەسىرلىك بىر ئەپسانە يوشۇرۇنغان بولۇپ، قەدىمكى رىملىقلارنىڭ تەقدىرى بۆرە بىلەن چەمبەرچەس باغلانغانىكەن. . . يات قوۋملار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا، رىملىقلار پۈتۈنلەي قىرغىن قىلىنىپ، ئۇلاردىن پەقەت قوشكېزەك ئوغۇل بوۋاقلا قېپقالىدۇ. دېڭىز بويىدا ئوزۇق ئىزدەپ يۈرگەن

بىر ئانا بۆرە ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆز سۈتى بىلەن بېقىپ چوڭ قىلىدۇ ۋە رىملىقلارنىڭ نەسلىنى ساقلاپ قالىدۇ. تاكى بۈگۈنگە قەدەر رىملىقلار رىم شەھىرىنى «بۆرە شەھىرى» دەپ ئاتاپ، «بوۋاق ئېمىتىۋاتقان ئانا بۆرە» نى قەدىمكى رىم شەھىرىنىڭ شەھەر گېربى قىلىپ كەلمەكتە.

مەشھۇر سەنئەتكار دەنىنا: «ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلارنىڭ قەلبىگە ئۇرۇق بولۇپ تېرىلغان روھىي ماھىيەت ، ئەڭ ئاخىرقى ئەۋلادلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئېتىدۇ» [16] دەيدۇ. بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇتېم ئېتىقادى تامامەن يىمىرىلىپ، تولىمۇ ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن يىلتىزىمىزنى ئۇنتۇغانلىقىمىزنى، ئانا تەبىئەتتىن ياتلاشقانلىقىمىزنى، تەبىئىي ۋە ئىپتىدائىي ماھىيىتىمىزنىڭ سۇسلاشقانلىقىنى ھېس قىلدۇق. . . نىھايەت، رىملىقلاردىكى ئانا بۆرىگە بولغان مۇھەببەت بىلەن بىزدىكى مۇھەببەت ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك زور ئايرىلىق بولغىيدى! ؟ شۇنداق، بىزدە رىملىقلاردەك بۆرە بەلگىلىك شەھەر گېربى يوق، كوپېنھاگېن شەھىرىدىكىدەك دولقۇنلار يالاپ تۇرغان دېڭىز ساھىلىدا بىپايان دېڭىزغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان بېلىق تەنلىك ، ئادەم يۈزلۈك گۈزەل دېڭىز قىزىنىڭ ھەيكىلى تېخىمۇ يوق! . . . بىز ھەتتا تۇغۇلغىنىمىزدا ئانىمىز يۇمران بەدىنىمىزگە سىغىز توپا چېچىپ، مۇقەددەس بۆشۈككە سالغان چاغدا بوينىمىزغا ئېسىپ قويغان بۆرە ئوشۇقىدىن پۈتۈلگەن تەۋەررۈك تۇمارنى ئاچچىق بىلەن ئېلىپ تاشلىدۇقكى، ئۇنىڭ ئورنىغا پارقىراپ تۇرغان مارجان - مېدالىيونلارنى ۋە كېپىنەك شەكىللىك ياۋروپاچە بانتىكلارنى تاقىۋېلىشتۇق! ؟ . . .

تارىخنىڭ ئۇچقۇر قەدىمى گۈزەل ئەپسانىلەرنى غايىۋى چۈشكە ئايلاندۇرسا، ئىپتىدائىي ساپ ئېتىقادلارنى بىمەنە فانتازىيىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. بىز ئېلېكترون يالتىراقلىرىدىن تون كىيىپ، ۋۇجۇدىمىزنى مەدەنىيەت بىلەن بېزىگەندىن كېيىن، ئۆتمۈشنىڭ «ئېتىقادسىزلىق» لىرى ئۈستىدىن قاقاقلاپ كۈلدۇق. ئالەم كېمىسى ياساپ «ئىلاھلار ماكانى» بولغان ساماۋى ئەرشىنىڭ سىرلىق ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردۇق. خىمىيىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىستېمالى نەتىجىسىدە گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان قوڭۇر توپراق ھىدىنى ئۇنتۇدۇق . . . لېكىن بۇنىڭ بەدىلىگە نېمىگە ئېرىشتۇق؟ خۇددى تەبىئەت ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىمىز ئاخىرقى ھېسابتا بىزنى ئارتۇقى بىلەن جازالىغىنىغا ئوخشاش، ماددىي موھتاجلىقا قۇل بولۇپ، ئېتىقادىنى، ھېسسىياتىنى ۋە غۇرۇرىنى يوقاتقان زامانىۋى كۆرەڭلىكىمىزمۇ بىزنى مىسلىسىز ئۇلۇغۋار خىسلەتلەردىن مەھرۇم قىلدى. ئەجدادلىرىمىز كۆك بۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان شولىدىن غۇرۇر ۋە شىجائەت ئېلىپ، تەبىئەتتىن تاشقىرى بىرمەنىۋى كۈچكە بولغان ساپ ئېتىقادى نەتىجىسىدە، روھىي پارلاقلىققا ئېرىشكەن بولسا، بىز بۆرىنى كۆرمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭ سۈر ھەيۋىسىدىن ھوشىمىزنى يوقىتىپ، قارا تەرگە چۆمۈلدىغان بولۇپ قالدۇق! . . .

ئەجىبا، بۇ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئەپسۇسلىنارلىق ئاجىزلىقى ۋە يوچۇقى ئەمەسمۇ؟

## 4

ئىنسانىيەتنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرى كەلمەسكە كەتتى. ئۇلارنىڭ تەبىئەت قوينىدىن ئىجتىمائىيلاشقان مۇھىتقا يۈزلىنىشى، ئەقىل ئارقىلىق ھېسسىياتنى چەكلىشى شۇنداقلا تەجرىبە ئارقىلىق ئېتىقادنى ئىنكار قىلىشى، جاسارەتنى مىسلىسىز دەرىجىدە سۇسلاشتۇرۇۋەتتى. ھەر بىر قېتىملىق پەلسەپىۋى روھنىڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشى ئىنساندىكى تەبىئىي ھېسسىياتنى ۋە شېئىرىي تۇيغۇنى ئاجىزلاشتۇردى. شۇڭا ئىپتىدائىي ساپ ئېتىقاد - تۇتېمغا تېۋىنىشنىڭ بايقىلىشى، ئىنسانىيەتنىڭ روھىي كامالىتى ئۈچۈن ئازاب ئىچىدە يول ئىزدەۋاتقان شەخسلەرگە يېڭى يىپ ئۇچى تەقدىم قىلدى. «سېنسىمون، فۇررىي، ئوۋېن قاتارلىق خىيالىي سوتسىيالىزم تەرەپدارلىرىنىڭ ئىپتىدائىي كوممۇنا جەمئىيىتىنى ئۈرنەك قىلىپ، ياتلىشىۋاتقان ئىنسانىيەتكە تۇتېم شەكلىدە باغلانغان قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى قايتا شەكىللەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىشى؛ سارتىرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكنى نۇقتا قىلىپ، تۇتېم قاراشلىرىغا قايتا باھا بېرىشى؛ سىگموند فىرېيودنىڭ روھىي ئانالىز ۋە بالىلار پسىخولوگىيىسى ئارقىلىق ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى تۇتېم چۈشەنچىلىرىدىن ئىزدىشى» [17] تۇتېمىزىم توغرىسىدىكى بەس - مۇنازىرىلەرنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، يېڭىدىن - يېڭى چۈشەنچىلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى.

تۇتېم - ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى روھىنىڭ كامالىتى بىلەن ھاياتلىق قىممىتى ھەققىدىكى سادىدا تەپەككۇرىنىڭ سەمەرىسى. ئۇلار ئۈچۈن ھەر بىر تۇتېم گۇرۇھى بىر ئائىلىۋى جەمەت. شۇڭا، بىر تۇتېم ئوبيېكتىغا تېۋىنغان كىشىلەر بىر - بىرىگە مۇستەھكەم قېرىنداشلىق رىشتىسى بىلەن باغلانغان. بۇ خىل روھىي ماھىيەت قەدىمكى سوقراتتىن ھازىرقى سارتىرغىچە بولغان پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ پىلتىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تارىختىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن بارلىق دىنلارغىمۇ ئۈلگە تەقدىم قىلدى. مەيلى بۇددا، مەيلى خرىستىيان ياكى ئىسلام دىنى بولسۇن، قايسىبىرى ئۆزتەلىماتىدا

www.uyghurkitap.com

مۇرىتلىرىنىڭ ئۆز ئارا قېرىنداش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمىگەن؟ . . .

ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن كۆك تۇغنىڭ ئاق چېدىر ئۈستىدە لەرزان لەپىلدىشى (18)، كۆك نۇر ئىچىدە پەيدا بولغان كۆك تۈكلۈك ئەركەك بۆرىنىڭ ئوغۇزخانغا يول باشلاپ غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشى (19)، بۆرە يۈرىكىگە سېزىك بولغان ئېغىر ئاياغ ئانىنىڭ بۆرە تېرىسى ئۈستىدە تولغىقى تۇتۇپ قەھرىمان ماناسنى تۇغۇشى (20)، ئۈيسۈن خانىنىڭ كۆنبېيىسى ئادەمسىز چۆلدە چىشى بۆرىنى ئېمىپ چوڭ بولۇشى (21)، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بۆرە ئوشۇقىدىن تۇمار ئېسىلغان ياغاچ بۆشۈكلەردە تەۋرىنىپ بىزگە مۇقەددەس ئۇدۇم ۋە ساپ ئېتىقادلارنى قالدۇرغانلىقى ھەرگىزمۇ ئاساسى بولمىغان ئەپسانىۋى تارىخ ئەمەس، بەلكى ئەجداد ئارقىلىق ئەۋلادلارنى مەڭگۈ ئۈزۈلمەس مەنبەگە ئىگە قىلىش يولىدىكى دادىل ئىزدىنىش. ئەڭ دەسلەپكى توتېم ئوبيېكتىنىڭ ھايۋان بولۇشى ئەجدادلارنىڭ ئۆز قىممىتىگە بولغان گۇمانىي پوزىتسىيىسى ئەمەس. چۈنكى توتېم قىلىنغان ھايۋان تەگرى بىلەن ئەجدادنىڭ بىرلىكىنى نامايەن قىلىپ، ئادەم ماھىيەتلىك كۈچىنى گەۋدىلەندۈرەلىدى. توتېم ھايۋان بىلەن ئادەمنىڭ بىر گەۋدە قىلىنىپ تەسەۋۋۇر قىلىنىشى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئېڭىنى يەنىمۇ بىر دەرىجە سەكرىتىپ، توتېمنىڭ ئادەملىك خاراكتېرىنى كۈچەيتتى. خۇددى ۋورد. ۋولف قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «ھايۋانلارغا تېۋىنىشنى مەركەز قىلغان توتېم ئېتىقادى كېيىنچە ئادەمنى مەركەز قىلغان يېڭــى دىنلارغا ئورۇن بەردى. مىسىرلىقلارنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئېڭى مەلۇم دەرىجىدە يۈكسىلىپ، ئىلاھىي تۇسنى ھايۋانلار ئارقىلىق ئىپادە قىلىشتىن قانائەتلەنمەيدىغان، بەلكى ئادەم ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرىدىغان بولدى» (22). ھەر قايسى خەلقلەر ئەپسانىلىرىدە «ئادەم باشلىق ھايۋان» ياكى «ھايۋان باشلىق ئادەم تەنلىك» ئىلاھىي ئوبرازلارنىڭ يارىتىلىشى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ توتېم ئەقىدىسى ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى ئىزدەش ۋە ئىختىرا قىلىش يولىدىكى يېڭى ئىجادىيىتى ۋە ئىسلاھاتى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ توتېم قارىشىدىكى ئىستېتىك نەزىرى ئارقىلىق ئۆز ئەجدادى - ئاشۇ گۈزەللىك ۋە ئىلاھىي تۈس مۇجەسسەملەنگەن غايىۋى ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ سېھرىي سىماسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلغان. شۇڭا، مەلۇم نۇقتىدا توتېم ئادەم شەكلىدە ئىپادىلەنگەندىلا، ئاندىن ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ توتېملىق ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، قىممىتىگە نېمەت قوشالايدۇ.

5

«ئۇتمۇشى غۇۋا مىللەتنىڭ كەلگۈسىمۇ غۇۋا بولىدۇ» (23)..

دەرۋەقە، ۋامبېرىنىڭ بۇ سۆزىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكىمۇ تەتبىقلاشقا بولىدىغۇ؟ بىز ئۈچۈن ئەمدى بۆرە ئەپسانىسىنى قايتا توقۇش ھاجەتسىز. كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى يىرتىۋېتىپ، قىپيالىڭاچ ھالەتتە ئىپتىدائىي ئورمانلارغا قايتىشىمىزنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. چۈنكى بىز ئانىلارنىڭ بالىياتقۇسىدا تۆرىلىۋاتقان ھامىلە چېغىمىزدىلا ئۆزىمىزنى كۆرۈنمەس پەردە بىلەن نىقابلىۋالغان. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ تۇنجى قېتىم ئەنجۈر يوپۇرمىقى بىلەن ئۇياتلىق يېرىنى توسۇغان كۈنىدىن باشلاپ، بىزدە ئەخلاق، پەرھىز ۋە گۇناھ پەرەنجىلىرى پەيدا بولغان. ھالبۇكى، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئاشۇ پەرەنجىنى يىرتىپ تاشلاپ، بىزنىڭ ئەسلى تەبىئىتىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالالىشى مۇمكىنمۇ؟ ئادەم قېرىغاندا تەبىئىي ھالدا كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالىدۇ. لېكىن ھەقىقىي مەنىدىكى بالىلىققا قايتىش مۇمكىن ئەمەس. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا رۇسسو ۋە دېدىرولار تەشەببۇس قىلغان «تەبىئەتكە قايتىش»، «ئىپتىدائىي تۇرمۇشقا قايتىش» شوئارىمۇ شەك - شۈبھىسىزكى بىر مەيدان چۈش، خالاس.

ئەلۋەتتە، يىراقتىكى مەنزىرىلەرنىڭ مەھلىيالىق تۈسى قويۇق بولىدۇ. ئۇنتۇلغان نەرسىلەر ئەسكە چۈشكەندە روھىيەتتە زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ. سەنئەت ئۆزىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىپادە مەسئۇلىيىتى بىلەن ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ روھىي موھتاجلىقىغا بەدىئىي ئوزۇق، مەدەنىيەت كېسەلىگە شىپالىق دورا ئىزدىدى. سەنئەتنىڭ پارلىغان نۇر ئارقىلىق مەنىۋى دۇنيانى سۇغۇرۇشى، بەدىئىي رەڭ ئارقىلىق كىرىزىس ئېڭىنى تازىلىشى ھەرگىزمۇ زىيادە ئۇرۇنۇش ئەمەس، بەلكى ئېلېكتر ئىختىرالىرىنى پەرەنجە قىلىپ، يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان دەۋرنىڭ كۈچلۈك ئىلتىجاسى. بىزنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىق دەۋرىنى قايتا ئەسلىشىمىز ۋە زامانىۋى ئاڭنى ئەپسانىۋى تەپەككۇر دەۋرىگە باغلىشىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، ئۇ بىزگە يىراق ئۆتمۈشتىكى غايەت زور نۇر چەمبىرىكى ئىچىدە، ھۇۋلاپ تۇرغان كۆك بۆرە كۆزىدىكى ئوتكۇر شولىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنداق، بۇ شولا - روھىي تىرىلىش، يەنى ماددىي بارلىق چۈشەپ قويغان ئىنسان روھىنىڭ سەنئەت نۇرى ئارقىلىق ئويغىنىشى، سەگىشى شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرى تىرىلىشى ئىدى! . . .

تىرىلىش - سەنئەتنىڭ ئىنسانغا بەخش ئەتكەن غەرەزسىز ئېھسانى. ئۇ ئىنسانىيەتكە روھــىي

پارلاقلىقىنىڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، مەنىۋى سەكراتلىق ئىچىدىن چۈچۈپ ئويغىنىش پۇرسىتى بەردى. ماشىنا زاپچاسلىرىدەك مېخانىكىلاشقان ئىنسان خاتىرىسىگە ئىز - تىزسىز ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ساپ ئېتىقادلارنى، ساددا گۈزەللىك تۇيغۇسىنى ۋە مۇقەددەس ئۇدۇملارنى ئەسلەتتى. سەنئەت يەنە ئۆزىنىڭ يىللىق نۇرى ئارقىلىق ئانا تەبىئەتتىن ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان ئىنسانغا، ئېلېكتر جۇلالىرى پارلاپ تۇرغان زامانىۋى چۈمپەردە ئىچىدە، ھامان ئالدىدىن تۇغما يالىڭاچ ھالىتىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ۋۇجۇدىمىزنى يىللىتىۋاتقان سىرلىق سۈيۈقلۇقنىڭ پولات سىملاردىكى ئېلېكتر ئېقىمى ئەمەس، بەلكى كۆكۈچ تومۇرلاردىكى كۆۋەجەۋاتقان ئىسسىق قان ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى. سەنئەت يۈكسەكلىكىدىكى «ئەسلىگە قايتىش» ۋە «يىلتىز ئىزدەش» قىزغىنلىقى بىزگە ئىپتىدائىي ئورمانلاردىكى بۇرغا ساداسىنىڭ ناھايىتى غۇۋا ئەمما مەڭگۈلۈك سېھرىي كۈچكە ئىگە ئاۋازىنى قايتا ئاڭلاش ئىمكانىيىتىنى بەردى. شۇڭا، بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز، نوقۇل مەنىدىكى «قەدىمكىگە سېغىنىش» ئەمەس. شۇنىسى ئېنىقكى، بىز ئۆتمۈشكە قايتالمايمىز. بىراق ئۆتمۈشنى ۋە ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان روھىي جەۋھەرلىرىنىمۇ ئۇنتۇمايمىز. بىزنىڭ سەنئەت ئارقىلىق چەكسىز يىراقتا قېپقالغان ساددا ئېتىقادلارنى ئەسلەپ ئۆتۈشىمىز، ھەر دەقىقە ياتلىشىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان ئىنسان تەبىئىتىنى تازىلاش ۋە مەنىۋى ئازابىغا مەلھەم بېرىشتىن ئىبارەت.

ئۆتمۈش - بىر كۆلەڭگە، بۈگۈن - رېئاللىق، كەلگۈسى - بىر مەۋھەم تەسەۋۋۇر. بىز ئۆتمۈشنى دەسسەپ تۇرۇپ، بۈگۈننى قۇرغانلىقىمىزنى، بۈگۈننىڭ نەتىجىسىدە كەلگۈسىنى پەرەز قىلغانلىقىمىزنى ئەجەبا ئىنكار قىلالمىزمۇ؟ . . . بىر توپ دەرەخ ئۈچۈن ئۇنىڭ توپا ئاستىدىكى يىلتىزى قانچىلىك مۇھىم بولسا، بىز ئۈچۈن بىزنىڭ ئەسلىمىز، نەسلىمىز ۋە ئېتىقادىمىز كۆمۈلگەن يىراق ئۆتمۈشمۇ شۇنچىلىك مۇھىمدۇر. ئېنگلىس تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «پەخىرلەنگۈدەك ئەجدادى، ئۈمىد كۈتكۈدەك ئەۋلادى يوق خېچىر» بولۇپ قېلىش نەقەدەر بىچارىلىك - ھە! ئەگەردە بۆرە ئانا توغرىسىدىكى ئەپسانە ئىز - تىزسىز ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولسا، بىز ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش بولغان بولاتتى . . . خەيرىيەت، كۆك بۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان ئوتتەك شولىلار، زۇلمەت كېچىلەرنى قانچىلىك يورۇتسا، بىزنىڭ يىلتىزىمىز كۆمۈلگەن ئۆتمۈشنى ۋە ئۈمىدلىرىمىز يۈكلەنگەن كەلگۈسىنىمۇ شۇنچىلىك نۇرلاندۇرغۇسى.

## ئىزاھلار


① زېۋس - قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى خۇدالارنىڭ خۇداسى.

② ئەيسا - خرىستىيان دىنىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ مىلادىنىڭ 1 - يىلى يەھۇدىيلار تەرىپىدىن كرېستقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

③ «ئېلېكترونلۇق مېڭە ۋە ‹قۇرئان كەرىم›» - «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» 1993 - يىل 3 - سان 45 - بەت.

④ «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» جەنۇب تەرەپ 1 - قۇردا: «ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر يەر يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلغانمىش . . . » دېگەن جۈملىلەر ئۇچرايدۇ.

⑤ ئارتامىرا - ئىسپانىيىدىكى ئويما رەسىملەر سىزىلغان مەشھۇر قەدىمىي ئۆڭكۈر.

⑥ جىبران خەلىل جىبران (لىۋان) «ياش ۋە كۆلكە»، 209 - بەت، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى.

⑦ سىگموند فرېئود (ئاۋىستىرىيە) «تۇتېم ۋە پەرھىز»، 165 - بەت، جۇڭگو ئەل ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئىتى نەشرىياتى 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑧ ماكس مۇللېر (ئەنگلىيە) «دىنشۇناسلىققا مۇقەددىمە»، 32 - بەت، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1989 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑨ سارتىرى (فرانسىيە) «بۈگۈننىڭ ئۈمىدى» - «مەۋجۇدىيەتچىلىك - بىر خىل ئىنسانپەرۋەرلىك»، 70 - بەت، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى 1988 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑩ «گرولىېر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، نيۇ - يورك. (Grolier Academic Enslopedia) 1983 - يىل ئېنگلىزچە نەشرى 20 - توم 195 - بەت.

⑪ «جۇنامە» 50 - جىلد.

⑫ «ۋېينامە. ئېگىز ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى».

⑬ مورگان (ئامېرىكا) «قەدىمكى جەمئىيەت»، 1 - توم 173 - ، 175 - ، 176 - ، 178 - بەتلەرگە قاراڭ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑭ شېن چىشىن تۈزگەن: «تۇتېم مەدەنىيىتىگە ئائىت ھېكايىلەردىن 100 مىسال»، 46 - بەت. خۇنەن نەشرىياتى 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑮ يۇقىرىقى كىتاب، 43 - بەت.

⑯ جىياڭ يۈەنجې: «تۇتېم ئىستېتىكىسى ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىرى»، شۈلىن نەشرىياتى 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى 162 - بەتتىكى كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ.

⑰ يۇقىرىقى كىتاب 162 - ، 170 - ، 178 - بەتلەرگە قاراڭ.

⑱ «يېڭى تاڭنامە» 215 - جىلد؛ «جۇنامە» 50 - جىلد.

⑲ «ئوغۇزنامە»، 48 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑳ «قىرغىزلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانى - ‹ماناس›» (I) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى 25 - ، 26 - بەتلەر.

㉑ ۋاڭ مىڭجى: «ئويسۇن تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 3 - بەت.

㉒ خانس، جوۋېيرى قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپكى مەدەنىيىتىدە ‹مۇميا› - قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش» 103 - بەت. جېجياڭ خەلق نەشرىياتى 1988 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

㉓ گېرمان ۋامبېرى (گېرمانىيە) «بۇخارا ۋە ماۋەرەئۈننەھىر تارىخى» - «شەرق يۇلتۇزى» (ئۆزبېكچە) 1990 - يىل 3 - سان.

www.uyghurkitap.com






(دراما)

**تۇرسۇنجان لەتىپ**

دۇنيادىكى ئەڭ مېھرىبان ئىنسان، جاپاكەش ئاپامغا!

دۇنيادىكى ئاشۇ كۆيۈمسىز بالىلارنىڭ ئاپىلىرىغا بېغىشلايمەن.

گۆدەكلىك يىللىرىمىز ئۆتمۈشكە ئايلانغان، ئەقىل - ھوشىمىزنى تېپىپ ھالىڭىزغا يېتىشنى بىلگەن چاغلىرىمىزدا سىز يوق.

سىزنى بەكمۇ سېغىنىمەن. ئىشتا يىرىكلەشكەن قوللىرىڭىز، كۈمۈشتەك ئاقارغان چاچلىرىڭىز، قورۇقلار چۈشكەن مېھرىبان چىرايىڭىز، ھاياتقا، بالىلىرىڭىزغا تارتىشىپ ئۈمچەيگەن لەۋلىرىڭىز تېخى يادىمدا. ئاھ، جاپاكەش ئاپام!

- ئاپتور

## قاتناشقۇچىلار

ئانا

ھەيدەر - چوڭ ئوغۇل

## سەھنە ئەسەرلىرى

رۇستەم ـ ئوتتۇرانچى ئوغۇل
ئادىل ـ كەنجى ئوغۇل
خاسىيەت ـ چوڭ كېلىن
رازىيە ـ ئوتتۇرانچى كېلىن
ھەلىمە ـ كەنجى كېلىن
پەزىلەت ـ نەۋرە
پەرىدە ـ نەۋرە كېلىن
بوۋاي ـ ئانىنىڭ جۆرىسى
ئەكرەم ـ رۇستەملەرنىڭ دوستى
ئەخمەت ـ نەۋرە
ئەركىن ـ نەۋرە

## بىرىنچى كۆرۈنۈش

ئورنى: چوڭ ئوغۇل ھەيدەرنىڭ ئۆيى.

〔ئانا بۆشۈك تەۋرىتىپ ئولتۇرىدۇ. بوۋاقنىڭ گۇڭۇراپ كۇلۇشلىرى ئاڭلىنىدۇ. ئەللەي ناخشىسىنىڭ ئاخىرى ئېيتىلىپ توختايدۇ.〕

**ئانا:** (بۆشۈككە ئېڭىشىپ قاراپ) ئۇ ئۇخلاپ قالدى. ئۇخلا قوزام، ئۇخلا. قانغۇچە ئۇخلا. يېنىڭدا موماڭ بار. مەن ھەر نامىزىمدا ساڭا بەختى پېشانىسى ئوڭ بولسۇن، ئىنساپ - تەۋپىقلىق ئادەم بولسۇن دەپ دۇئا قىلىپ تۇرىمەن. ئۇ ئۇخلاپ يېتىپ بىر تاتلىق كۇلۇۋاتىدۇ. ھەقىچان ئۇنى چۈشىدە بۇۋى پاتىمە ئانىمىز ئەركىلىتىۋاتىدۇ. (ئورنىدىن تۇرۇپ) سېنى پەرىشتىلەر ساقلايدۇ، قوزام. ئۇخلاپ تۇرغىن. (ماڭىدۇ. نېرىدىن خاسىيەت كېلىدۇ. خاسىيەتكە ) قىزىم، بالا ئۇخلاپ قالدى. پېشىن ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. مەن نامىزىمنى ئوقۇۋالاي.

**خاسىيەت:** جاينامازغا بىر ئولتۇرسىلا ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان مىجەزلىرى بار سىلىنىڭ. مەن تاماق ئېتىۋاتىمەن.

**ئانا:** مەن ئاشۇ جايناماز ئۈستىدە دۇنيادىكى ھەممە ئىشنى ئۇنتۇپ خۇدانىڭ جامالىنى كۆرگەندەك بولىمەن. ئۇنىڭغا تىلەكلىرىمنى ئېيتىمەن. كۆپرەك باللىرىم ئۈچۈن.

**خاسىيەت:** (ئۆز - ئۆزىگە ) باللىرىم ئۈچۈن. . . (كىرىپ كېتىدۇ. بالا ئويغىنىپ گۇڭۇرايدۇ. كېيىن يىغلايدۇ. خاسىيەت چىقىپ بۆشۈكنى تەۋرىتىدۇ) ئۇخلىسىڭىز بولمامدۇ بىردەم. ئۇخلاڭ - ھە ، بىردەم ئۇخلاڭ . مەنچۇ، ئاۋۇ دادىڭىز بىلەن ئاپىڭىزغا تاماق ئېتىۋاتىمەن. چوڭ دادىڭىز سىزگە تاتلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بولامدۇ؟ ئۇخلا! (بالا يىغلايدۇ. خاسىيەت ئانىنى چاقىرىدۇ) ئاپا، نامازلىرى تۈگىمىدىمۇ؟ تۈگىگەن بولسا بۇ ياققا چىقسىلا. بالا يىغلاپ كەتتى.

**ئانا:** (چىقىدۇ) نېمە بولدى؟

**خاسىيەت:** ئاڭلىمايۋاتامىلا، بالا يىغلاپ كەتتىغۇ؟! قارا بۇنىڭ ئاچچىقىنىڭ يامانلىقىنى. قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ، بالام؟ (ئانىغا) بالىنىڭ سۈتىنى ئەپچىقىپ بەرسىلە، قورسىقى ئاچقان چېغى.

**ئانا:** ماقۇل (كىرىپ كېتىدۇ) .

**خاسىيەت:** مومىڭىز سۈتىڭىزنى ئەپچىقىپ بېرىدۇ. بولدى يىغلىماڭ، ئەنە، ئەنە، ئەپچىقتى. ۋاي خۇدايىمەي ئەجەب چىقمايدىغۇ. (توۋلاپ) ۋاي ئاپا!

**ئانا:** (تەمتىرەپ چىقىدۇ) تاپالمىدىم. نەگە قويدىڭىز؟

**خاسىيەت:** مەن ئۇنى يوتقان - كۆرپىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويمىدىم. ئوچاقنىڭ ئۈستىدە تۇرمامدۇ. (ئانا ئازغىنىپ باشقا تەرەپكە ماڭىدۇ) نەگە كېتىپ بارىلا؟ ئوچاقنىڭ ئۈستىدە دەۋاتىمەن. (تېرىكىپ ) ۋاي خۇدا يىمەي، بولدى ئۆزۈم ئېلىپ چىقاي.

〔خاسىيەت ئۆزى ئېلىپ چىقىدۇ.〕

**ئانا:** ئۇقماي قاپتىمەن قىزىم.

**خاسىيەت:** بۇياققا دېسەم، ئۇياققا كېتىپ بارىلىغۇ؟

**ئانا:** بالا يىغلىۋىدى، بېشىم تۆرەپلا قالدى. توۋا قىلدىم خۇدايىم. نامىزىمنىمۇ بۇزىۋەتتىم، خۇدا ئۆزۈڭ كەچۈرەرسەن.

**خاسىيەت:** خۇدايىممۇ كەچۈرەر، ئاپا. ئەتەي قىلمىغاندىكىن. مانا مەن تاماق ئېتىشىم كېرەك. سىلى بالىغا قارايدىلا. خاتىرجەم ناماز ئوقۇيالمىدىم دېسىلە بۇنى كىمدىن كۆرگۈلۈك؟!

**ئانا:** بۇنى مەن بىرسىدىن كۆرۈۋاتقىنىم يوق قىزىم. ئۇنچىلىك دەپ كەتمەڭ، يامان بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**خاسىيەت:** كىمگە، ماڭىمۇ؟ بوپتۇ ئەمىسە. تووۋا دېدىم، تووۋا. قارغىش ئېلىپ قالماي يەنە. بىراق ئاپا سىلىنىڭ باللىرى يالغۇز ھەيدەرلا ئەمەس. يەنە ئاۋۇ ئىككىسىمۇ تۇرۇپتۇ. شۇلار بولسىمۇ ئازراق ساۋابىنى ئالسا بولاتتى. ئۇلارمۇ قىزىقكەن. «ۋاي ئاپا، ھالىڭ نىچۇك؟» دېيىشكىمۇ يارىمايدىكەن.

**ئانا:** ئۇلارمۇ ئۆز ھەلەكچىلىكىدە دەڭا بالام.

**خاسىيەت:** ئۇلارنىڭمۇ ئىنساپى شۇنچىلىكلا دېسىلە ئاپا.

**ئانا:** ئۇنچىلىك دەپ كەتمەڭ، خاسىيەتخان. سىزنىڭمۇ ئالدىڭىزدا باللىرىڭىز بار.

**خاسىيەت:** خۇدا ئۇلارغا مېنى ھاجەتمەن قىلىپ قويماس.

**ئانا:** (ئۆز - ئۆزىگە) ئەي جېنىم خۇدايىم، بەندىلىرىڭنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەيسەن.

〔خاسىيەت بالىغا سۈت ئىچكۈزۈپ بولۇپ كىرىپ كېتىدۇ. ئانا بۆشۈك يېنىدا مۆڭلىنىپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ. ھەيدەر كىرىدۇ.〕

**ھەيدەر:** ئاپا (بۆشۈككە ئىشارەت قىلىپ) تاتلىق قوزىچىقىڭىز خاپا قىلمىغاندۇ؟

**ئانا:** ياقەي بالام. ئۇ بولمىسا مەن قانداق قىلار ئىدىمكىن - تاڭ؟

**ھەيدەر:** چارچىمىغان بولسىڭىزلا مەيلىغۇ (ئۆيگە كىرىپ ئۈستىدىكى كىيىمىنى سېلىۋېتىپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئانا چاي قۇيۇپ بېرىدۇ.)

**ئانا:** ئۇسسىغانسەن بالام، چاي ئىچ.

**ھەيدەر:** ئاۋارە بولمىسىڭىزبولاتتىغۇ ئاپا. مەن ئۆزۈم . . .

**ئانا:** ئاپاڭنىڭ قولىدىن ئىچىۋال، بالام.

**ھەيدەر:** بوپتۇ ئاپا، ئىچەي. (ئىچىدۇ) پاھ، پاھ، ئەجەبمۇ ئوبدان دەملىنىپتىغۇ بۇ چاي.

**ئانا:** كېلىن ئۆزى دەملىگەن چايغۇ بۇ.

**ھەيدەر:** بىراق سىزنىڭ قولىڭىزدىن ئىچتىم - دە.

**ئانا:** (خۇرسەن بولۇپ) قارا سېنى، ئەجەب تاتلىق گەپ قىلىسەن - دە، سەن.

**ھەيدەر:** ئەمدى سىز ئولتۇرۇڭ ئاپا، مەن سىزگە چاي قۇيۇپ بېرەي.

**ئانا:** مەن ئۇسسىمىدىم بالام.

**ھەيدەر:** يالغان ئېيتىۋاتىسىز ئاپا. گەنە لەۋلىرىڭىزنى گەز باغلاپ كېتىپتۇ. ھەر ۋە چىنە چاي ئىچىشكىمۇ ۋاقتىڭىز يەتمىگەن ئوخشايدۇ. نامىزىڭىزنى قازا قىلىپ قويمىغانسىز؟

**ئانا:** ياق. ساق ئوقۇۋالدىم بالام.

**ھەيدەر:** ھە، بوپتۇ. قېنى، چاي ئىچىڭ ئاپا (چاي تۇتىدۇ).

**ئانا:** (بىسمىللا دەپ چاي ئوتلايدۇ) رەھمەت بالام.

**ھەيدەر:** ھەر راست ئاپا، سىزگە ئازراق تاتلىق - تۈرۈم ئېلىپ كېلىۋىدىم، يەڭا. مېھماندارچىلىقتا بارغان يەردىن سىزگە قىستىنىپ ئاتايىن ئېلىۋالدىم.

**ئانا:** (ئېلىپ) رەھمەت بالام (يانچۇقىغا سالماقچى بولىدۇ).

**ھەيدەر:** توختاڭ ئاپا. يېمەي نېمىشقا يانچۇقىڭىزغا سالىسىز؟

**ئانا:** كېيىن يەيمىكىن دەيمەن.

**ھەيدەر:** ياق ئاپا، سىز بۇنى ئاشۇ نەۋرىڭىزگە بەرمەكچى. ئۇنداق قىلماڭ. ئۆزىڭىز يەڭ. قېنى ئاغزىڭىزغا سېلىڭا.

**ئانا:** (كۈلۈپ) ۋاي بالام، ئەجەبسەن - دە. مانا يېدىم (ئازراقىنى يەپ قالغىنىنى يانچۇقىغا سېلىۋالىدۇ ۋە ئەستە سۆز باشلايدۇ) بالام. . . ھەيدەرجان. . .

**ھەيدەر:** ھە، نېمە دەيسىز ئاپا، بىرەر گېپىڭىز بارمىدى؟

**ئانا:** ساڭا ئېيتىدىغان بىر گېپىم بار ئىدى. ئاچچىقىڭنى كەلتۈرۈپ قويارمەنمۇ دەپ قورقۇپمۇ تۇرىمەن.

**ھەيدەر:** ھەي، سىز مەندىن ئەمەس، مەن سىزدىن قورقۇشۇم كېرەك، ئاپا. قېنى گېپىڭىزنى قىلىڭ، قۇلىقىم سىزدە.

**ئانا:** مەن ئىنىلىرىڭنىڭكىگە بېرىپ كېلەيمىكىن دەيمەن.

**ھەيدەر:** بېرىپ كېلەي دەۋاتامسىز؟

**ئانا:** . . . شۇلارنىڭكىدە تۇرايمىكىن. . .

**ھەيدەر:** بۇ قانداق گەپ؟ يەنە بوغجىمىلىرى-

ڭىزنى قولتۇقىڭىزغا قىستىڭىز كېلىپ قاپتۇ - دە سىزنىڭ؟! كېلىن سىزنى ئۆيدىن قوغلاۋاتامدۇ - يە؟ ھەي خاسىيەت بۇ ياققا كەلچۇ، ئاپام كېتىمەن دەيدىغۇ؟ (خاسىيەت چىقىدۇ).

**ئانا:** ياق بالام، كېلىنىگە تىل تەگكۈزگۈچى بولما. ئۇ تېخى مېنىڭ ئىختىيارىمغا قويماي تۇرىدۇ. سەن ئۇنىڭغا گەپ قىل، ماڭا ئېسىلىۋالمىسۇن.

**خاسىيەت:** ئاپامنىڭ باشقا باللىرىنى كۆرگۈسى كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ. ھېچ ئۇنىماي تۇرىدۇ. ئەمدى ئۆزىڭىز گەپ قىلىڭ (ئاشخانىغا كىرىپ كېتىدۇ).

**ئانا:** بالام، ئۇلارنى كۆرگۈم كەلدى. ماڭا رۇخسەت قىل.

**ھەيدەر:** زادى بارمىسىڭىز بولمامدۇ؟

**ئانا:** بالام، يولۇمنى توسما.

**ھەيدەر:** ئاپا، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بەش بالام بار. ئۆينىڭ نورغۇن ئىشلىرى ماڭا قاراشلىق، سىز كەتسىڭىز، يە سىزنى ۋاقتىدا يوقلاپ بارالمىسام، ئۇ چاغدا مەن قارغىش قېپى بولۇپ قالمامدىمەن؟!

**ئانا:** بالام، سىلەرنىڭكىدە ئۇزاق تۇردۇم. ئوبدان قارىدىڭلار. سىلەردىن مەن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى.

**ھەيدەر:** ئاتا - ئانىسىنى رازى قىلمىغان بالا دوزىخى بولار ئىلاھىم.

**ئانا:** كېچە ئاتاڭ چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ. «ئادىل قېنى، نېمىشقا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمايسەن؟» دېگۈدەك. ياشىنىپ يېنىم يەر تارتىدىغان بولۇپ قالدىم. بەك ئۇزاق ياشاپتىمەن. ئەسلىدە ئاتاڭنىڭ كەينىدىنلا ئانچە كېچىكتۈرمەي خۇدا ئامانىتىنى ئالسا بولار ئىدى.

**ھەيدەر:** ئاپا، تۇرۇپلا ئەجەبلا بىر گەپلەرنى قىلىپ قالدىڭىزا؟! قويۇڭ، بۇنداق كۆڭۈلسىز گەپلەرنى قىلىپ كۆڭۈلنى يېرىم قىلماڭ.

**ئانا:** بالام، مەن بۈگۈن - ئەتىلىكىملا قالغان مەزلۇممەن. نېمىشقا ئاخىرەتلىكىمنى ئويلىماي؟!

**ھەيدەر:** ماقۇل، ئاپا. ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك، سىزنىڭ بۈگۈن - ئەتىلىكىڭىزلا قالغانمۇ بولسۇن، ئۇنداقتا بۈگۈن ئىككىمىز خوشلىشىۋالىدىكەنمىز - دە. ئەگەر ئارىلىقتا كۆرۈشەلمەي قالساق ئۇ ئالەمدە كۆرۈشىمىز، شۇنداقمۇ؟

**ئانا:** بالام نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسەن، قوي ئۇنداق چاقچىقىڭنى. داداڭدىنمۇ قورقمايتتىم. سەندىن قورقىمەن - دە. قارا سېنىڭ گەپلىرىڭنى.

**ھەيدەر:** ياق ئاپا، مەن راست گەپنى قىلىۋاتىمەن. كېتىمەن دەيسىز، مانا مۇشۇ كەڭتاشا ئۆيلەرنى تاشلاپ، شەھەرنىڭ ئاشۇ كاتەكتەك تار ئۆيلىرىگە بارىمەن دەيسىز. ھازىرغۇ بولار. ئۆزىڭىزمۇ دەۋاتىسىز، بۈگۈن - ئەتىلىكىم قالغان مەزلۇممەن دەپ. ئالىمادىس ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ؟!

**ئانا:** ئۇ دېگىنىڭغۇ راست.

**ھەيدەر:** مانا قاراڭ، تاغ باغرىدىكى ئاۋۇ زەرەتكاھلىقتا. بوسۇغىمىزدىلا. كۈندە ئون قېتىم چىقساق ئون قېتىم كۆرۈپ تۇرىمىز. ھەر كۆرگىنىمىزدە دۇئا قىلىپ سىزنى يادلاپ تۇرىمىزغۇ. ئاشۇ تار ئۆيلەردە تېخىمۇ بويۇن قىسىپ قالىسىز جېنىم ئاپا.

**ئانا:** ئۇ دېگىنىڭغۇ راست.

**ھەيدەر:** ھەببەللى. كەتمەڭ ئاپا. مەن باللاردىن بىرسىنى ئەۋەتىپ قالغان باللىرىڭىزنى ئالدىڭىزغا چاقىرتىپ كېلەي.

**ئانا:** توختا بالام، گېپىمنى ئاڭلا...

**ھەيدەر:** سىز تۆردە ئولتۇرىسىز، باللىرىڭىز، نەۋرىلىرىڭىز، ئەۋرىلىرىڭىز بىر باشتىن كېلىپ قولىڭىزنى سۆيۈپ ئۆتىدۇ. ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزۈم شۇنداق قىلىمەن. قوللىرىڭىزنى سۆيۈپ كۆزلىرىمگە سۈرتىمەن. مانا مۇنداق، جېنىم ئاپا (ئانىنىڭ قولىنى سۆيۈپ كۆزىگە سۈرتىدۇ).

**ئانا:** (ھەم كۈلۈپ، ھەم يىغلامسىراپ) ياق بالام، بولدى قوي، كىچىكلىرىڭغۇ مەيلى، چوڭلارنى ئۇنداق قىل، دېمە.

**ھەيدەر:** نېمىشقا؟

**ئانا:** مەن خىجىل بولۇپ قالىمەن.

**ھەيدەر:** ۋاي جېنىم ئاپا، سىز ئەجەبمۇ غېرىب كۆڭۈل - ھە. ئۇلار ھەر قانچە يوغان ئادەم

بولۇپ كەتسىمۇ يەنىلا سىز ئانا، ئۇلار بالىڭىز؟ شۇڭا سىز بارماي ئۇلار ئالدىڭىزغا كېلىشى كېرەك. توغرىمۇ ئاپا.

**ئانا:** گېپىڭىزمۇ ئورۇنلۇق، بالام.

**ھەيدەر:** ئەمىسە كەتمەيسىز - ھە؟

**ئانا:** بالام، مەن ئەمدى...

**ھەيدەر:** ماقۇل دەڭ ئاپا.

**ئانا:** بوپتۇ، بۈگۈنچە كەتمەي.

**ھەيدەر:** نېمە دەۋاتىسىز ئاپا. ئەمدى ھېچ يەرگە بارمايسىز.

**ئانا:** ئۇنداق دېمە بالام. روستەمنى كۆرگۈم كەلدى. ئادىل نېمە قىلىپ يۈرۈيدىكىن. كېچە چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ. شۇ بالىدىن تازا خاتىرجەم بولالماۋاتىمەن.

**ھەيدەر:** مەن دېدىمغۇ، ئۇلارنى ئالدىڭىزغا كەلتۈرىمەن، دەپ. يۈرۈڭ ئەمدى تاماق يەيمىز. كېلىنىڭىز سىزنىڭ پولۇ سېغىنىپ قالغانلىقىڭىزنى بىلىۋاپتىكەن. شۇڭا بايا ئاپامغا پولۇ ئېتىپ بېرەيمىكىن، دەۋاتاتتى. پولۇسىنى يەپ بىر ماختاپ قويۇڭ كېلىنىڭىزنى.

**ئانا:** شۇنداق بولمايچۇ بالام. قولىڭىز دەرد كۆرمىسۇن قىزىم، دەپ دۇئا قىلىمەن تېخى.

〔رازىيە كىرىدۇ.〕

**رازىيە:** ئەسسالام!

**ھەيدەر:** كېلىڭ رازىيە، كېلىڭ.

**ئانا:** رازىيەمۇسىز؟ ئوبدان تۇردىڭىزمۇ قىزىم؟

**رازىيە:** تىنچ - ئامانچىلىق. ئوبدان تۇرۇپلا، ئاپا.

**ئانا:** ئوبدان، ئوبدان... سىلەرنى كۆرگۈم كېلىپ... (كۆڭلى يېرىم بولىدۇ). روستەم قېنى؟

**رازىيە:** ئىشى چىقىپ قېلىپ كېلەلمىدى. شۇڭا مەن كەلدىم ئاپا.

**ئانا:** شۇنداقتۇ. بوپتۇ. ھەر نېمە بولسا سىز بولسىڭىزمۇ كەپسىز قىزىم. روستەم ئۆزى ياخشى كېتىپ بارىدىغاندۇ؟

**رازىيە:** ياخشى كېتىپ بارمامدىغان، ئاپا. شۇڭا مۇشۇ كۈنلەردە قورساق سېلىپ شۇنداق سەمىرىشكە باشلىدىكى، زادى...

**ئانا:** بوپتۇ سەمىرسۇن. مېنى دورىسۇن. يېگەن - ئىچكەندەك بولسۇن.

**رازىيە:** چېغىدىراق بولسا بولاتتىغۇ. ئەتە - ئۆگۈن تېخىمۇ سەت سەمىرىپ كەتسە كۆرۈڭ ئۈچلۈكۈمنى كەلتۈرۈپ. بولمىسا ھەربىكىتىمۇ شۇنداق جىق. خەق ئۇنى ئىش ۋاقتىدىمۇ ئىزدەۋاتقان، ئىشتىن چۈشكەندىمۇ ئىزدەۋاتقان. پەقەتلا ئارامچىلىق يوق. ۋاي چۈجاڭ، پالانى ئىشنى بىر ھەل قىلىپ بەرگەن بولسىلا، ۋاي چۈجاڭ، پوكۇنى ئىشىمنى قانداق بىر تەرەپ قىلدىلا دېيىشىپ. ۋاي - ۋۇي مۇشۇ كۈندە ئەمەل تۇتمىغانمۇ ياخشىكەن، دەپ قالدىم. بىر چاغلاردا بىزنىڭكىگە دارىپمۇ قويمايدىغان نەدىكى بىر ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن خەقلەر ئىشى بولمىسىمۇ يوقلاپ كەلدۇق دەپ كېلىشىۋاتقان. ئۆيىمىز بەئەينى بىر بازارغىلا ئايلىنىپ قالدىغۇ بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە.

〔ئادىل كىرىدۇ.〕

**ھەيدەر:** ئاپا، مانا ئادىلمۇ كەلدى.

**ئانا:** ئادىل؟!

**ئادىل:** ھە... مەن كەلدىم ئاپا.

**ئانا:** مەيەردە بىر ئاپام بارىدى، دەپ كەپمۇ قويمايسىنا... (كۆڭلى بۇزۇلىدۇ)

**ئادىل:** ئىشىم ئالدىراش.

**ئانا:** شۇنداقتۇ. جاپا تارتتىڭمۇ بالام؟ سەل ئورۇقلاپ قالدىڭمۇ نېمە، بالىلىرىڭ تىنچلىقتۇ؟

**ئادىل:** ھەممىسى تىنچلىق، ئاپا.

**ئانا:** ئۇلارنى كۆرگۈم كېلىپ... ئالغاچ كەلسەڭ بولماسمىدى.

**ئادىل:** بارغاندا كۆرسەڭ بولمىدىمۇ؟ مەن سېنى ئالغىنى كەلدىم.

**ئانا:** مېنى ئالغىلى كەلدىڭمۇ بالام؟

**ئادىل:** بالىغا قارايدىغان ئادەم يوق. ھەلىمەمۇ ئالدىراش. بەك قىينىلىپ كەتتۇق. سەن بېرىپ بالىغا قاراپ بەرمىسەڭ بولمىدى.

〔بۇ گەپلەرنىڭ ئۈستىگە پەزىلەت كىرىدۇ.〕

**رازىيە:** نېمە دەۋاتىسىز؟ سىزدىن بۇرۇنراق مەن كېلىپ تۇرۇپتىمەن بۇ يەردە. مەنمۇ ئاپامنى

ئەپكەتكىلى كەلدىم. ئاكىڭىز ئاپامنى ئېلىپ كەلگىن دەپ مېنى ئەۋەتكەن.

**ئادىل:** بالىلارنىڭ كىچىككى بولغىنىم گۇناھىمىكەن. (ئانىغا) چەۋرەڭنى باققان يەردە نەۋرەڭنى بېقىپ بەرمەمسەن. مېنىڭ بالام بالا ئەمەسمىكەن؟

**ھەيدەر:** ئادىل، نېمە دەۋاتىسەن؟

**ئادىل:** نېمە دەپتىمەن؟ بۇ مېنىڭمۇ ئاپام. (رازىيەگە) بىلىمەن، سىز ئاپامنى ئاپىرىپ ئۆيدە ياتقۇزۇپ قويۇپ باققىلى ئەكەتمەيسىز. ئۆز ۋاقتىدا ئوغلىڭىزنى ئاپام بېقىپ چوڭ قىلغان. ئەمدى ئۇنىڭ بالىسىنى باقتۇرماقچى، شۇنداققۇ؟

**رازىيە:** ئادىل، نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟

(پەزىلەت نېرىدىن كېلىپ ئانىنى قۇچاقلايدۇ.)

**ھەيدەر:** (ئازابلىنىپ) ئادىل، ھەي ئادىل، بىز ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا راۋۇرۇس ئولتۇرۇپ ئوبدانراق بىر سۆزلەشمىسەك بولمىغۇدەك.

**ئادىل:** ھەر كىم نەۋرىسىنى ئۆزى باقسۇن. بۈگۈن ئاپامنى ئېلىپ كېتىمەن.

**پەزىلەت:** ئادىل دادا؟!...

**ئادىل:** سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن. ئاپا (پەزىلەتنى كۆرسىتىپ) ئۇنى ئۈچ ئايلىق ۋاقتىدىن باشلاپ سەن باققان. قىزىم يوقكەن، قىزىمنىڭ ئورنىدا باقىمەن دەپ نەگەبارساڭ شۇ يەرگە ئاپىرىپ ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ بېقىپ چوڭ قىلدىڭ. (بۇشۇكتىكى بوۋاقنى كۆرسىتىپ) ئۇنىڭ ئاتىسىنىمۇ سەن باققانىدىڭ. ئەمدى بالىسىنىمۇ بېقىۋاتىسەن، گەپ قىلمىسا...

**رازىيە:** سىزنىڭمۇ بالىڭىزنى بېقىپ بەرگەنغۇ.

**ئادىل:** ئاران بىر بالامنى بېقىپ بەردى، شۇ.

**رازىيە:** ئاپام سىزنى ئاشۇ قېرى جېنىدا نەچچە ئۆيلىدى؟ بۇنى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالىسىز؟ ئاپىڭىزنىڭ ئاخىرقى يىغقان تۈگۈچى شۇنىڭ بىلەن تۈگىدىغۇ؟

**ھەيدەر:** (ۋارقىرايدۇ) رازىيە!

**ئانا:** تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن چاچلىرىم ئاقىرىپ، چىشلىرىم سارغايغان خوتۇنمەن. سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارنى قىلىش ماڭا ئېغىر كەلمەيدۇ. بىراق ... ئۇرۇشماڭلار بالىلىرىم. بولدى قىلىڭلار.

(قىسىلىش ئىچىدە قالغان ئانا بىر چەتكە ئۆتۈپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ چىرايىنى ھەسرەت قاپلايدۇ. پەزىلەت كېلىپ ئانىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بېشىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا قويىدۇ. بالا يىغلايدۇ. خاسىيەت كىرىپ رازىيە ۋە ئادىل بىلەن سالاملىشىپ بالىنىڭ يېنىغا ئۆتىدۇ.)

**خاسىيەت:** ھە، بولدى. يىغلىماڭ. قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ؟ مانا، مانا... ئۈزۈم يەمسىز؟ (بالىغا ئۈزۈم يېگۈزىدۇ)

(پەردە كىرىدۇ.)

**پەردە:** نېمە ئۇ يېگۈزىۋاتقانلىرى؟

**خاسىيەت:** ئۈزۈم. قارىڭ، شۇنداق ئوبدان يەۋاتىدۇ.

**پەردە:** نېمىشقا قالايمىقان نەرسىلەرنى يېگۈزىلا، مەن بالىغا قالايمىقان بىر نەرسە بەرمىسىلە دېگەنغۇ؟!

**خاسىيەت:** ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۆزىمۇ بىر ئوبدان يېگىلى تۇردى.

**پەردە:** چوپچوڭ ئادەممۇ ئۇنتۇلۇپ قالغان بارمۇ؟

**خاسىيەت:** چوڭ بولغاندا ئادەم ئۇنتۇغاق بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

**پەردە:** بالا دېگەنگە تاماقنى تەرتىپلىك بېرىپ ئۆگىتىش كېرەك.

**خاسىيەت:** بالا يىغلىسا، ئادەم چىدىمايدىكەن.

**پەردە:** كەلسە ـ كەلمەس نەرسىلەرنى يېگۈزۈپ بالا زەھەرلىنىپ قالسا، قانداق قىلىلا؟

**خاسىيەت:** توۋا دەڭلا قىزىم. ھازىرغىچە بالىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۈزۈمدىن زەھەرلىنىپ قالمىغان.

**پەردە:** ئۇ دېگەن قاچانقى زامان.

**خاسىيەت:** قىزىم، مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ ئۈزۈم يەنىلا ئۈزۈم. ئۆزى جەننەتتىن چىققان.

**پەردە:** ئۈزۈمنىڭلا راست دەيدىكەن بۇ

خەق. (بالا يىغلايدۇ) ئەنە ئۇنىڭ قورسىقى ئاغرىۋاتىدۇ.

**خاسىيەت:** ئۇنىڭ قورسىقى ئاچتى. شۇڭا يىغلايدۇ. (بىر شىڭگىل ئۈزۈمنى ئېلىپ پەردىگە سۇنۇپ) ئىشەنمىسىڭىز ماۋۇ ئۈزۈمدىن يېگۈزۈپ بېقىڭا. ئۇ ھازىرلا . . .

**پەردە:** (ئۈزۈمنى ئېلىپ تاشلىۋېتىدۇ) مەن سىلىگە بۇندىن كېيىن بالىغا قالايمىقان نەرسىلەرنى يېگۈزمىسىلە دەۋاتىمەن. (ھەممە ھەيران بولۇپ قاراپ قېلىشىدۇ. خاسىيەت تەمتىرەپ قالىدۇ.)

**خاسىيەت:** (يەردىكى ئۈزۈمنى تېرىپ ئالىدۇ) بۇ جەننەتتىن چىققان يېمىشقۇ . . . يامان بولىدۇ. . .

〔سەھنە قاراڭغۇلىشىپ چىراغ نۇرى ئانىغا مەركەزلىشىدۇ. مۈكچىيىپ قالغان ئانا قولتۇقىغا كىچىككىنە بىر تۈگۈنچەكنى قىستۇرۇپ ئاستا مېڭىپ ئۆتىدۇ. يەنە بىر چىراغ نۇرى سەھنىنىڭ بىر چېتىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرغان خاسىيەتنى يورۇتىدۇ.〕

**ئانا:** (سىرتتىن ئاۋاز) ئى خۇدا، ياشىنىپ قالدىم. ئەمدى مېنى خار قىلما! خار قىلما!! خار قىلما!!!

# ئىككىنچى كۆرۈنۈش

**ئورنى:** ئادىلنىڭ ئۆيى.

**ۋاقتى:** ئالدىنقى كۆرۈنۈشتىن بىر نەچچە ۋاقىت كېيىن.

〔ئانا كىچىك بالىنىڭ زاكىلىرى بىلەن كۆڭلەك - ئىشتانلىرىنى يۇيۇپ سىقىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋە بېلىنى تەستە رۇسلاپ، كىرنى ئاپىرىپ تانىغا يايىدۇ.〕

**ئانا:** ماڭا ئەمدى بۇ ئىشلار ئېغىر كېلىدىغان بوپقاپتۇ. ئوغۇل بالا دېگەنگىمۇ ئاز - تولا قازانبېشىنىڭ ئىشىنى، كىر - قات يۇيۇشنى ئۆگىتىپ قويۇدىغان ئىشكەن.

〔ئادىل ئازراق گۆش كۆتۈرۈپ كىرىدۇ.〕

**ئادىل:** ئاپا، ساڭا گۆش ئېلىپ كەلدىم.

**ئانا:** ئوبدان قىپسەن بالام. ئۇنداق بولسا ھازىر تاماققا قوياي.

**ئادىل:** بۇ گۆشنى سېنى يېسۇن دەپ ئېلىپ كەلدىم.

**ئانا:** مەن يېسەم قانچىلىك يەيتتىم. سىلەرگە تاماق ئېتىپ بېرەي، نېمە يەيسەن؟

**ئادىل:** سېنىڭ تامىقىڭنى ساقلىسام قورسىقىم دۈمبەمگە چاپلىشىپ قالار ھېلى؟! تاماقنى بەك ئاستا ئېتىدىكەنسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يا دورا - دەرمەك سېلىشنى ئۇنتۇپ قالىدىكەنسەن ياكى بولمىسا تۇز سېلىشنى. ئاكۇنكى ئەتكەن ئېشىڭ تېخى تۇزلۇق.

**ئانا:** (كۈلۈپ) ئۇ كۈنى تۇز سالغىنىمنى ئۇنتۇپ قېلىپ ئارقىسىدىن يەنە بىر قوشۇق تۇز سېلىۋېتىپتىمەن. ھەي . . . ي. ھېلىمۇ شۇنچىلىك تاماق ئېتەلىگىنىمگە خۇش بول، بالام. مەن دېگەن بۇ يىل 75 ياشقا كىردىم.

**ئادىل:** يەتمىش بەش ياش؟

**ئانا:** ھەئە.

**ئادىل:** بىزلەر شۇ ياشقا بارغۇچە نېمە بولۇپ كېتەرمىز. ھېلىمۇ ئوبدان تۇردۇڭ جۇمۇ، ئاپا. ھە راست، يەتمىش بەشكە كىرگەنلىكىڭنى بالدۇرراق دېگەن بولساڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى يىغىپ تۇغۇلغان كۈنۈڭنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەسمىدىم.

**ئانا:** سەن ئەمدى ماڭا ئاتىغان زىياپىتىڭنى كېيىن بىر يولىلا بېرەرسەن.

**ئادىل:** نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟ قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن.

**ئانا:** مېنى سەن مىڭ ياشقا كىرىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ بۈگۈن - ئەتىلىكمىلا قالغان مەزلۇممەن. خۇداغا شۈكرى، ھېلىمۇ ئۆرە مېڭىپ يۈرۈپتىمەن.

**ئادىل:** شۇنىڭدىن باشقا كېيىدىغان يوقمۇ سېنىڭ، ئاپا؟

**ئانا:** ئاۋۇ داستا بالاڭنىڭ كۆڭلىكى تۇرۇپتۇ. ئاپىرىپ يېيىپ قوي.

**ئادىل:** (بالىنىڭ كۆڭلىكىنى يېيىۋېتىپ) نېمە دېگەن كىچىك كۆڭلەك بۇ؟ خۇددى قورچاقنىڭ كۆڭلىكىدەك.

**ئانا:** بىر چاغلاردا سەنمۇ شۇنداق كۆڭلەك

كېيەتتىڭ. چوڭ بولۇپ بىر ئۆينىڭ ئىگىسى بولدۇڭ. مانا ئەمدى ئۇنداق كۆڭلەكنى بالاڭ كىيىۋاتىدۇ. ئۆزۈڭ يوغان بىر ئەر بولغان بىلەن بەزى ئىشلىرىڭ ئاشۇ بالاڭنىڭ قىلىقىدىنمۇ بەتتەر. بالا پېتى تۇرىۋەرگەن بولساڭمۇ بوپتىكەن. ھېچ بولمىغاندا كۆڭلىكىڭنى يۇيغىچە بولسىمۇ يوگۈنكىدەك ھېرىپ كەتمەيتتىم.

**ئادىل:** نېمە؟ سەن مېنىڭ كۆڭلەكلىرىمنىمۇ يۇدۇڭما؟ نېمىشقا يۇيۇسەن - ھە؟ ھەلىمە ئۆزى يۇماي نېمە ئىش قىلىدىكەن. ئۇ كېلىپ باقسۇنچۇ قېنى.

**ئانا:** نېمە دەۋاتىسەن؟ مەن ئۆزۈم يۇدۇم. ھەلىمە ماڭا يۇيۇپ قويسىلا دېمىگەن.

**ئادىل:** ئەگەر ئۇ كۆڭلەكلىرىمنى ۋاقتىدا يۇيۇۋەتكەن بولسا، سەن مېنىڭ كۆڭلەكلىرىمنى يۇيۇمەن دەپ جاپا تارتىپ ئولتۇرمايتتىڭ.

**ئانا:** يەكشەنبىدىن باشقا ۋاقىتتا نەدە ئۇنىڭ ۋاقتى بولسۇن؟

**ئادىل:** (سەل قايىل بولغاندەك بولۇپ) كىر ئالغۇدىن بىرنى ئېلىپ بەرسەم بولىدىغان ئوخشايدۇ.

**ئانا:** ھە، ماۋۇ گېپىڭ جايىدا. ئۆزى يۇيۇپ، ئۆزى قۇرۇتىدىغىنى بار دەيدىغۇ؟ بولسا شۇندىقىدىن ئېلىپ بەر.

**ئادىل:** قىممەت ئۇ. ياكى بىرەر يەردە يوشۇرۇپ قويغان ئالتۇنلىرىڭ بارمۇ يە؟

**ئانا:** ھەي . . . ي، بالام. نەدىكى گەپنى قىلىسەن. مۇشۇ كۈندىكى ئەقىل شۇ زامانلاردا بولسىچۇ. ئىككى سەر ئالتۇننى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشكە ئىئانە قىلدۇق. ئاتاڭنىڭ مەيدىسىگە گۈل تاقىدى. بىر سەر ئالتۇن بىلەن بىر زىرەمنى 1952 - يىلىدىكى ئۈچكە قارشى ھەرىكەتتە ئاتاڭ رەھمەتى ئەپچىقىپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇردى. كېيىن گۇڭسىخېيىڭ قىلىمىز دېگەن گەپ چىقتى. ئۈچ دانە ئالتۇن ئۈزۈك بىلەن بىر بىلەيزۈكۈمنى قالغان - قاتقان نەرسىلەرگە قوشۇپ گۇڭسىخېيىڭغا قوشتى. كېيىن يەنە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش قىلىمىز دەپ قورۇنىڭ بىر قىسمىنى ئالدى. ھەي

. . .

**ئادىل:** كونا خامانني سورۇۋەرمىگىنە. يوقلا دېسەڭ بولمىدىمۇ؟

**ئانا:** گەپتىن گەپ چىقىپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ قالدىم، بالام.

**ئادىل:** ئۆتكەن ئىشلارنىڭ قۇلاقتا خوش ياققۇدەك نېمىسى بار؟! (سىرتقا ماڭىدۇ)

**ئانا:** نەگە بارىسەن؟

**ئادىل:** ھېچنەگە.

**ئانا:** بىر دەم ئولتۇرغىنە.

**ئادىل:** ئىشىم بار. چىقىپ كىرەي.

**ئانا:** ساڭا دەيدىغان بىر گېپىم بارىدى.

**ئادىل:** ھە، دېگىنە.

**ئانا:** بۇنداق ئالدىراپ تۇرساڭ قانداق دەيمەن؟!

**ئادىل:** شۇنداق جىق گەپمىدى ئۇ. مەن قايتىپ كىرگەندىن كېيىن دېگىن ئەمىسە.

**ئانا:** جىق گەپمۇ ئەمەس. . . ئاخشىمى - ئەتىسى سوغۇق بولىدىغان بولۇپ قالدى. ئىسسىق - سوغۇقنىڭ ئارىلىقىدا كىيىدىغان چاپىنىمنىڭ تايىنى قالماپتۇ، پاختىسىنى يۇپقاراق قىلىپ، يەڭگىلگىنە بىر چاپان كىيەي دېۋىدىم. . .

**ئادىل:** مۇشۇنداق گەپلىرىڭنى ئاكاملارغا دېمەيدىغان ئوخشايسەن. ھازىر نەدىمۇ پاختا سېلىپ چاپان تىكىدىغان يەر بار؟ خىيالىڭغا كەلگەننى دەيدىكەنسەن.

**ئانا:** بوپتۇ بالام، خاپا بولما. ئۇنداق چاپاننى تىكىدىغان يەر بولمىسا بوپتۇ. بارغان يېرىڭدە بەك كەچ قالما جۇمۇ؟

**ئادىل:** ۋاي، بولدى قىلغىنە، ھەممە ئىشقا ئارىلىشىۋالىدىكەنسەن. (چىقىپ كېتىدۇ)

**ئانا:** (ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ) ئادەم قېرىغىنىدا ھېچقانداق گېپىنىڭ ئەتىۋارى بولمايدىكەن. ھەي . . . (كىيىملەرنىڭ قۇرۇغانلىرىنى يىغىپ ئالىدۇ ۋە مۆكۈلىنىپ بىر بۇرجەكتە ئولتۇرىدۇ)

〔پەزىلەت كىرىدۇ.〕

**پەزىلەت:** ئاپا!

**ئانا:** (دەررۇ ئاڭقىرالماي قالىدۇ) پەزىلەتمۇ

www.uyghurkitap.com

سىز؟! جېنىم قىزىم...

**پەزىلەت:** ھەئە، مەن پەزىلەت، ئاپا.

**ئانا:** كۆزلىرىمدىن ئۆچتىڭىزغۇ قىزىم. (باغرىغا باسىدۇ)

**پەزىلەت:** ئاپا، نېماناداق يالغۇز ئولتۇرۇپ كەتتىڭىز؟

**ئانا:** سىز كېلىپ قالىدىغاندەكلا، كۆڭلۈم تۇيۇپ ئولتۇراتتىم. مېنى ئەجەبمۇ خوش قىلىۋەتتىڭىزغۇ قىزىم. يولدا كەلگۈچە ھاردىڭىزمۇ؟ مېنى دەپ كېلىسىز - ھە؟ پۇتلىرىڭىز ئاغرىپ كەتكەندۇ؟ ئەكىلىڭ، تۇتۇپ قوياي. (خۇشاللىقىدىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي كېتىدۇ)

**پەزىلەت:** ۋاي، ياق ئاپا. ئادەمنى خىجىل قىلماڭا. ھارمىدىم. مەكتەپتىن قايتىپ ئۇدۇل ئاپتوبۇس بىلەنلا كەلدىم. ئەكىلىڭ، سىزنىڭ پۇتلىرىڭىزنى مەن تۇتۇپ قوياي. (ئانىنى ولتۇرغۇزۇپ پۇتىنى تۇتىدۇ) ئاپا سىزنى بەك كۆرگۈم كەلدى.

**ئانا:** جېنىم قىزىم، تاتلىق گەپلىرىڭىزدىن ئايلىناي قىزىم. ئۈچە تۇتقان بىر ئۆيۈم بولغان بولسا، ھەممە ۋاقىت ئالدىمدا تۇرغان بولسىڭىز بولماسمىدى. جېنىم خۇدايىم مۇشۇ تىلىكىمگە بولسىمۇ يەتكۈزگەن بولسا قانچىلىك خوش بولۇپ كېتەر ئىدىم. پۈتۈن ئۆمرۈم بويى قىز بالىغا تويماي ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. بولدى، تۇتماڭ، بولدى.

**پەزىلەت:** بىردەم ئولتۇرۇڭ ئاپا.

**ئانا:** بولدى قىزىم. قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ. مەن سىزگە چاي دەملەي. (يانچۇقىدىن ياغلىقتا تۈگۈپ قويغان تاتلىقلارنى ئېلىپ بېرىدۇ) سىزگە دەپ ساقلىغانىدىم.

**پەزىلەت:** (يانچۇقىدىن شاكىلات چىقىرىپ) مەن سىزگە شاكىلات ئېلىپ كەلدىم. ئاغزىڭىزغا سالسىڭىزلا ئېرىپ كېتىدۇ. (ئاغزىغا سېلىپ قويىدۇ) بولدى، چاي دەملىمەڭ. سەل تۇرۇپ ئىچەرمەن.

**ئانا:** ياداپ قاپسىزمۇ نېمە قىزىم. ئوقۇشىڭىز ئېغىر كېلىۋاتامدۇ يە؟

**پەزىلەت:** ياق ئاپا، يادىساقتا يوق ئۆچلۈكۈمنى كەلتۈرۈپ ئازراق سەمرىپ قالدىم تېخى.

**ئانا:** دەۋاتقان گېپىڭىزنى قاراڭە. ئادەم دېگەن سەمرىسە ياخشى ئەمەسمۇ؟

**پەزىلەت:** سىز بىلمەيسىز ئاپا. سېمىزلىكنىڭ پايدىسى يوق. (يۇيۇلغان كىيىملەرنى كۆرۈپ) ئاپا، بۇلارنى سىز يۇدىڭىزمۇ؟

**ئانا:** ھەئە. مەن يۇدۇم.

**پەزىلەت:** (ئانىنىڭ قوللىرىنى ئۆۋۈلاپ) قوللىرىڭىز ئاغرىپ كەتكەندۇ - ھە؟

**ئانا:** ئىشقا پىشىپ كەتكەن قوللار بۇ. ئۇنچىلىك ئىشقا ئاغرىيدۇ دەمسىز. پەقەت ماغدۇرسىزلىق قىيناۋاتىدۇ. ئازراقلا ئىش قىلسام ھېرىپ قالىدىغان بولۇپ قالدىم.

**پەزىلەت:** قوللىرىڭىز نېمانچە قاتتىق، ئاپا. بەك ئورۇق ئىكەن.

**ئانا:** سىزدەك چاغلىرىمدا بۇ قوللار سىزنىڭكىدەك يۇمشاق، بودرۇق ئىدى. ئەمدى ئۇتۇندەك قېتىپ كېتىپتۇ. توۋا، مۇشۇمۇ قولمۇ. (كۈلۈپ قويىدۇ)

**پەزىلەت:** سىز بەك جاپا تارتىۋاتىسىز ... ھەممىسىنىڭلا سىزنى ئىشقا سالغۇسى كېلىدىكەن.

**ئانا:** تاماقلارنى بۇرۇنقىدەك تەملىك ئېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. باشقا ئىشقا كۈچۈم يەتمىسە باللىرىنى بولسىمۇ بېقىپ بېرەي، دەيمەن. ھازىر مېنىڭ گېپىمنى زېرىكمەي تىڭشايدىغانلىرى ئاشۇ بۆشۈكتىكىلەر. مەن گەپ قىلىپ بېرىمەن، ئۇلار ۋىلىقلاپ كۈلۈپ بېرىدۇ. گۆگراپ كۆزلىرىچە بىر نېمىلەرنى دەيدۇ. بىراق سەل چوڭ بولۇشۇۋالسا ئۇلارغىمۇ گېپىم خوش ياقماي قالار تايىنلىق.

**پەزىلەت:** سىز مېنىمۇ گېپىمنى ئاڭلىمايدۇ دەمسىز؟

**ئانا:** ياق قىزىم، سىز مېنىڭ بىردىنبىر مۆڭدۈشۈم ... قىزى بار خەقلەرگە قاراپ مەستلىكىم كېلەتتى. سىز تۇغۇلغان چاغدا: «بۇ مېنىڭ، ھېچقايسىڭنىڭ چىشى پاتمايدۇ،

ئەپكېتىپ ئۆزۈم باقىمەن» دېدىم. ئۇ چاغدا ئۇتتۇقلۇق ئۆيۈم باردى. ئەكىلىپ باقتىم. كۆزۈمگە بىر نۇرلۇق ئوت بولۇپ كۆرۈنەتتىڭىز. كېچىلىرى چىراغنى يېقىپ قويۇپ بىر ھازاغىچە سىزگە تويماي قاراپ كېتەتتىم. غەمسىز پۇشۇلداپ ئۇخلاشلىرىڭىزنى كۆرۈپ جېنىم راھەتلىنىپ كېتەتتى ... ھەي ... ئوغۇللار: «قورۇ - جاينى سېتىۋېتەيلى، ھەممىمىز ھۆكۈمەتنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇۋاتساق، سېنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا كۆزىمىز قىيمايدىكەن. قايسىمىزنىڭكىدە تۇرۇشنى خالىساڭ شۇ يەردە تۇرغىن. يالغۇزلۇق تارتمايسەن» دېيىشتى... ئىسىت، ئەمدى مىڭ پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ.

**پەزىلەت:** مەن سىزنى ئېلىپ كېتىمەن ئاپا.

**ئانا:** قاراپ باقاي قىنزىم. بۇ يەردىمۇ ئۆزۈن تۇرالىشىم ناتايىن. ئادىل تاغىڭىز بىردەم ئولتۇرۇپ قالمىسا ... Actually

بولسا، بىردەم تەتۇر ...

〔ھەلىمە كىرىدۇ.〕

**ھەلىمە:** ئاپا، مەن قايتىپ كەلدىم. (پەزىلەتنى كۆرۈپ) ۋۇي، پەزىلەتقۇ بۇ. تىنچلىقمۇ. ئاپامنى يوقلاپ كەپسىز - دە.

**پەزىلەت:** ھەئە.

**ھەلىمە:** ئاكام، ئاچاملار تىنچلىقتۇ؟

**پەزىلەت:** تىنچلىق. سىزگە سالام ئېيتتى.

**ھەلىمە:** سالامەت بولسۇن.

**ئانا:** ھېرىپ كەتكەنسىز - ھە، قىزىم؟

**ھەلىمە:** ياق، ئانچە ئەمەس، بالا ئۇخلاپ قاپتۇ - ھە؟

**ئانا:** قورسىقىنى تويغۇزۇپ قويغانىدىم. بىر تاتلىق ئۇخلاۋاتىدۇ.

**ھەلىمە:** (يۇيۇلغان كىيىملەرنى كۆرۈپ) ئاپا! نېمىشقا كىر يۇدىلا؟ مەن سىلىگە دېگەنىغۇ، جاپا تارتمىسىلا، ئۆزۈم يۇيۇمەن دەپ؟!

**ئانا:** زېرىكىپ ئولتۇرغۇچە يۇيۇپ قويدۇم.

**ھەلىمە:** ئەمدى بۇندىن كېيىن سىلىنىڭ كىر يۇيۇشلىرىغا رۇخسەت يوق. ھازىر سىلىنىڭ كىر يۇيۇدىغان ۋاقىتلىرى ئەمەس. مەن ھازىر بالا باققۇچى ئىزدەۋاتىمەن. ئەمدى سىلىگە بالىمۇ باقتۇرمايمەن. بەش ۋاق نامازلىرىنى ئۆتەپ، تەسۋىلىرىنى سىيرىپ تۆردە ئولتۇرۇپ بەرسىلەلا بولىدى.

**ئانا:** (كىرلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ) بالا بىلەن ئويناشقىنىغۇ رۇخسەت قىلارسىز؟

**ھەلىمە:** ھە، ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە رۇخسەت (كۈلۈشىدۇ. ھەلىمە كىرىپ كېتىدۇ).

**پەزىلەت:** (ئانىغا كىرلارنى يىغىشىپ بېرىۋېتىپ) مۇشۇ ھەلىمە ھەدەم ئەجەب ياخشى - ھە، ئاپا؟

**ئانا:** ئۇنى بىر دېمەڭ قىزىم. كۆڭلى بەك ياخشى بۇ بىچارىنىڭ.

〔ئۇلار يۇيۇلغان كىرلارنى كۆتۈرۈشۈپ ئۆيگە كىرىپ كېتىشىدۇ. ھەلىمە پەرتۇقىنى تارتىپ چىقىدۇ. ئانىمۇ ئۆيدە باشلانغان سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇپ چىقىدۇ.〕

**ئانا:** ... ھازىر ئاكا - ئۇكىلىرىمنىڭ بىرسىمۇ قالمىدى. ھەممىسى تۈگەپ كەتتى. مەنلا قالدىم.

**ھەلىمە:** (تاماق ئېتىش تەييارلىقى بىلەن بولۇپ) ئۇنداقتا سىلى ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئارزۇلۇقى ئىكەنلا - دە؟

**ئانا:** شۇنداق، بىرلا قىز ئىدىم. ھەر قانچە ئارزۇلۇق بولساممۇ دەسلەپتە كېلىن بولىدىكەنسەن، ئۇنىڭدىن كېيىن قېيىن ئانا.

**ھەلىمە:** ئاپا، سىزنىڭ قېيىن ئانىڭىز قانداق ئىدى؟

**ئانا:** بەك قاتتىق قول ئايال ئىدى.

**پەزىلەت:** سىزمۇ قاتتىق قول بولسىڭىز بوپتىكەن.

**ئانا:** ھازىرقى كېلىنلەر بۇرۇنقى كېلىنلەرگە ئوخشىمايدۇ.

**ھەلىمە:** ئۇلارمۇ كېيىن ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەندە بىلىپ قېلىشىدۇ - دە.

**ئانا:** بىز كۆرگەن كۈنلەرنى ئۇلار كۆرمىسۇن. ئايال كىشى دېگەن ئاجىز نېمە.

〔ئادىل مەست كىرىدۇ.〕

**ئادىل:** ئاپا، مەن كېپىڭنى ئاڭلاپ ۋاقتىدا كىردىم.

www.uyghurkitap.com

**ئانا:** ئوبدان قىپسەن بالام.

**ئادىل:** ئو ھوي، پەزىلەت كەپتىغۇ؟

**پەزىلەت:** ياخشىمۇسىز ئادىل دادا.

**ئادىل:** بۇ پەزىلەت، ياخشى ئادەم بولىدۇ. مانا! ئۇ ئاپامنى يوقلاپ كەپتۇ ئەمەسمۇ؟ ئاپام ياشنىپ تۆت كۈنلۈكى قالدى. ئاپام بىزگە مېھمان. قانداق دېدىم؟ باشقىلارمۇ يوقلاپ تۇرسۇن.

**ئانا:** (ئاستا قىلىپ پەزىلەتكە) ئۇ يەنە ئېشەك سۈيدۈكى ئىچىپتۇ.

**ئادىل:** ئەتە يەكشەنبە، ھەممىڭلارنى باغچىغا ئاپىرىمەن. بىر كۈن قانغۇچە ئويناپ كېلەيلى. بولامدۇ ئاپا؟

**ئانا:** بولىدۇ بالام، بولىدۇ. ماڭمۇ ئۇزۇن يىللار بوپتۇ ئۇ يەرلەرگە بارمىغىلى. ئاتاڭ رەھمەتلىك پات ـ پاتلا ئاپىرىدىغان. ھەممىز باراتتۇق. بىر قېتىم سېنى يىتتۈرۈپ قويدۇم. ئەس ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ ئىزدەۋاتىمەن. بىر ياقتىن يىغلايمەن . . .

**ئادىل:** شۇ يۈتۈپ كەتكەنچە يىتىپلا كەتسەم بوپتىكەن. باشقىلارنى يىتتۈرۈپ قويماي مېنىلا يىتتۈرۈپ قويساڭ. . . ھەممە پېشكەللىك ماڭىلا كېلىدىكەندۇق. .

**ھەلىمە:** ئادىل!

**ئانا:** سەنمۇ كىچىكىڭدە بەك شوخ ئىدىڭ.

**ئادىل:** مەن شوخ ئىدىم. ئەسكى ئىدىم. يىغلاڭغۇ ئىدىم. بەك تولا يىغلايتتىم. شۇنداقمۇ ئاپا؟

**ھەلىمە:** ئادىل! !

**ئادىل:** نېمە بولدى؟ «ئادىل ! ئادىل! !» دەپقاپسەنغۇ؟ دېمىسەڭمۇ مېنىڭ ئېتىم ئادىل. مەن تۇغۇلغاندا ئاتام بىر موللىنى چاقىرتىپ ئاسماندىن چۈشكەن ئادىل بولسۇن دەپ ئىسمىمنى قويۇپتىكەن، نېمە دەيسەن؟

**ھەلىمە:** كىچىك بالىدەك گەپ قىلمىسىڭىزچۇ تولا.

**ئادىل:** مەن راست دەۋاتىمەن. . . كىچىكىمدە بالا كېيىنلىكى ئۈچۈن يىغلايدۇ دەيدىغان گەپ بار. ئاخىرى ياخشى ئوقۇيالمىدىمغۇ ئەنە. ياكى مەن دۆتمىدىم؟ ياق، مەن ئانچە دۆت ئەمەس ئىدىم. ھە دېسىلا مۇئەللىممۇ ماڭا ئۆچلۈك قىلىۋاتاندەك ئەدىكى بىر سوئاللارنى سوراپ بالىلارنىڭ ئالدىدا ئوسال قىلاتتى. دەماللىققا جاۋاب بېرەلمىسەم قولىقىمدىن سوزۇپ دوسكىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تۇرغۇزۇپ قوياتتى. . .

**ئانا:** (ئەسلىگەندەك قىلىپ پەزىلەتكە) ئۇ چاغدا رەھمەتلىك بوۋىڭىزغا ئۇنسۇر قالپىقىنى كىيدۈرۈپ، بىزنى يېزىغا چۈشۈرۈۋەتكەنتى.

**ئادىل:** رۇستەم ئاكام سىنىپىي دۈشمەندىن چەك ـ چېگرا ئايرىدىم دەۋېلىپ شەھەردە قالدى. ھەيدەر ئاكامنىڭ خىزمىتى مال دوختۇرلۇق پونكىتىدا بولغاچقا، ئۆز ئورنىدا تۇرۇۋەرگەن بولسىمۇ، بىراق كوممۇنانىڭ چارۋىسىغا زىيانكەشلىك قىلمىسۇن دەپ مال دوختۇرلۇقتىن قالدۇرۇپ، پونكىتنىڭ قورۇسىنى سۈپۈرۈشكە قويدى. ئاپام، ئاتام، مەن ئۈچىمىز يېزىغا كەتتۇق. يېزىدىكى مەكتەپتە مېنى گېزەندىنىڭ بالىسى دەپ بوزەك قىلىپ ئارىغا ئالمىدى. ئاخىرى ئوقۇشتىن قېلىپ ئىشلىدىم. مېنىڭ كېيىنلىكىم توغرىسىدا ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى.

**ھەلىمە:** ئادىل، كۆزىڭىزنى يۇمۇۋالماڭ. ئاپام سىزنىڭ دەردىڭىزنى خېلى تارتىپتىغۇ. ئۆزىڭىز دەيسىز، ئاپام مېنى ئۈچ قېتىم ئۆيلىگەن دەپ.

**ئادىل:** باشقىلارنىڭ دەردىنى تارتماپتىمۇ؟ رۇستەم ئاكامنى خىيانەتچى قىلىپ گەدىنىگە نەچچە مىڭ كوينى ئارتىپ قويغاندا قورۇنىڭ يېرىمى كەتتى. شۇ چاغدا ئاشۇ دۇكان سېتىلىپ كەتمىگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ئاشخانا ئاچسامۇ خېلى باي بولۇپ قالاتتىم.

**ئانا:** ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى تەگەپ نېمە قىلىسەن؟ ئۇ كۈنلەردە دەرت تارتقان ئادەملەر ئازمىدى؟ ! سېنى مەكتەپتە بوزەك ئەتتى. مەن ھاجەتخانىلاردىن گەندە چىقاردىم. ئاتاڭ رەھمىتىنى ياشنىپ قالغىنىغا قارىماي خاڭغا ھەيدەپ رىجىم ئاستىدا ئەمگەككە سالدى . ھەي، بولدى قىل، ئۇ كۈنلەرنى ئېسىمگە سالما.

**ھەلىمە:** تالادىن ساراڭ بولۇپ كىردىڭىزمۇ؟

ئاش ئېتىۋاتىمەن، ئەشسا كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ يەيلى، بولمىسا چىقىپ بىر ئايلىنىپ كىرىڭە.

**ئادىل:** سەن ماڭا ئەقىل ئۆگەتكۈدەك بولۇپ كەتتىڭما؟! ئاپاڭنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى ياخشىچاق قىلىپ كۆرسىتىۋاتامسەن؟! ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئۆيىنىڭ كىر ـ قاتلىرىنى ئۆزۈڭ يۇماي ئاپاڭغا يۇغۇزىسەن؟

**پەزىلەت:** ئادىل دادا، بولدى قىلىڭە.

**ئانا:** مەن ئۆزۈم يۇدۇم دېدىمغۇ. ئۇنىڭ ئىش ئورنى يىراق. يولغىلا بىر مۇنچە ۋاقىت كېتىدۇ...

**ئادىل:** بۇ ھورۇن كىر ـ قاتلارنى ۋاقتىدا يۇيۇۋەتسە ئاپامغىمۇ بۇ ئاۋارىچىلىق يوق. ئۈچ قېتىم ئۆيلىنىپتىمەن. تۇتۇنچى قېتىم ئۆيلەنسەم نېمە بوپتۇ، ساڭا ئوخشاش مىس ـ مىس خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتقۇچە.

**ئانا:** ئاغزىڭنى يۇم! ھەلىمەنى پالان ـ پۇستان دېگۈچى بولما. يەنە بىر قېتىم ئۆيلەشكە ئەمدى مېنىڭ قۇربىممۇ يەتمەيدۇ.

**ئادىل:** سەن مېنى ئۆيلىدىم دەپ پېشانەمگە قويۇۋاتامسەن؟ مېنى ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىش سېنىڭ گەدىنىڭدىكى قەرز ئۇ.

**ئانا:** ھەر قانچە بولسىمۇ تۆت قېتىم ئەمەستۇ؟!

**ئادىل:** مېنى ئۆزى ئۆيلىنەلمەيدۇ، دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ ياق، سەن كۆرۈپ تۇر، مەن ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىمەن.

**ئانا:** ئەمدى مېنىڭ كۆرۈپ تۇرغۇدەك جىق ۋاقتىم قالمىدى.

**ئادىل:** ياق، سەن كۆرۈپ تۇرىسەن. كۆرۈپ تۇرىسەن. (ھەلىمەگە) سەن ئۆيدىن چىق!

**ئانا:** توختا! بۇ ئۆيدىن چىقىدىغىنى مەن. پەزىلەت، بوغجامنى ئېلىپ چىقىڭ.

**ھەلىمە:** ياق ئاپا، سىلى توختاپ تۇرسىلا. بۇ ئۆيدىن چىقىدىغان سىلىمۇ ئەمەس، مەنمۇ ئەمەس، مۇشۇ ئۆزى. بۇ ئۆيدە ئىككىمىز قالىمىز.

**ئادىل:** مەن؟! بۇ ئۆيدىن مەن چىقامدىمەن، ھە؟... (ھەلىمەگە قاراپ ماڭىدۇ)

**پەزىلەت:** ئادىل دادا! نېمە قىلىۋاتىسىز؟

**ئادىل:** پەزىلەت، سەن ئارىلاشما. سەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بىرلا قىز. سەن چوڭ ئاكاڭنىڭ قىزى بولساڭمۇ، ھەممىمىزگە ئارزۇلۇق.

**پەزىلەت:** ئۇنداق بولسا شۇ بىر قېتىم مېنىڭ يۈز ـ خاتىرەمنى قىلىڭ. بىزنىڭ پەقەت ئاشۇ بىرلا ئاپىمىز بار. بۇنى چۈشىنىڭ. بولمىسا... مەن سىزگە ئۆچ بولۇپ كېتىمەن. (يىغلىۋېتىدۇ)

**ئادىل:** ماڭا؟! (تۇرۇپ كېتىپ) راست دەيسەن...

〔بالا قىرقىراپ يىغلايدۇ. ھەممە ئۆي تەرەپكە قارايدۇ.〕

**پەزىلەت:** ھەلىمە ھەدە، بالا يىغلاۋاتىدۇ.

**ئانا:** قىزىم، ئاراڭلاردىكى ئاشۇ نارەسىدىنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلىڭ. ئۇ سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، چاققان يېنىغا كىرىڭ.

〔ھەلىمە كىرىپ كېتىدۇ.〕

**ئادىل:** ئاراڭلاردا مەن ئەسكى. زادى مەن ئەسكى. ئەسكى دېگەن نامغا تۇشلۇق ئىش قىلىپ تۇرمىسام كۆڭلۈم تىنمايدىغۇ مېنىڭ. ئاپا، سەن مېنى كەچۈر.

**ئانا:** مەن سېنى تالاي قېتىم كەچۈرگەنمەن. مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي (ھەلىمەنى ئىشارەت قىلىپ) ئاشۇ ئاجىزەنى بوزەك ئەتسەڭ، سېنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن، ئۆلسەممۇ گۆرۈمدە ئۆرە ئولتۇرىمەن.

**ئادىل:** ئولتۇرساڭ ئولتۇرمامسەن. قولۇڭدىن نېمە كېلەتتى؟

**ئانا:** مەن سېنى قارغىۋېتىمەن، ئادىل. قارغىۋېتىمەن.

**ئادىل:** قارغىۋېتىمەن؟ مەن ئەزەلدىنلا پېشانىسى تەتۈر، قارغىش قېپى ئادەمغۇ.

**ئانا:** ئاھ، خۇدا! ھەر قانچە تارتقۇلۇقلار بولسا مەن بىلەنلا كەتسۇن. بۇ بالىنىڭ ئىنساپىنى، بەخت ـ تەلىيىنى بەرگەيسەن!

(پەردە چۈشىدۇ)

## ئۈچىنچى كۆرۈنۈش

www.uyghurkitap.com

**ۋاقتى:** ئالدىنقى كۆرۈنۈشتىن بىر قانچە ۋاقىت كېيىن.

**ئورنى:** رۇستەمنىڭ ئۆيى.

〔ئانا زالدىكى كىچىككىنە بىر شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىدۇ. رازىيە بىر يەشىكنى جايلاشتۇرۇش بىلەن بەنت بولىدۇ. رۇستەم بىلەن ئەخمەت بىر يەشىكنى كۆتۈرۈپ چىقىپ بىر چەتكە قويىدۇ. بالا يىغلايدۇ.〕

**رازىيە:** ئاپا، بالا يىغلاپ كەتتى.

**ئانا:** (ئۇنىڭغىچىمۇ تۇرۇپ بولىدۇ) ھە، مانا (بالىنىڭ يېنىغا كىرىپ كېتىدۇ).

**رۇستەم:** (ئەخمەتكە) ئايالىڭ قېنى؟ بىردەمدىلا يوقالدىغۇ؟

**ئەخمەت:** چېچىمنى ياستىمەن دەپ ساتىراشخانىغا كەتكەن.

**رۇستەم:** ھەر قانداق ئىشى بولسا تۈنۈگۈندىن تۈگەتسە بولماسمىدى.

**رازىيە:** (غۇدۇراپ) كېلىن دېگەن قاچان بىر جانغا ئەسقاتقان.

**رۇستەم:** ئەخمەت سەن ئەمدى ئەركىنىنى تېپىپ ناۋايدىن ناننى ئېلىپ كېلىڭلار.

**رازىيە:** ئەركىن بۈگۈن بىر ئاغىنەمنىڭ تويى بولىدۇ، دەۋاتاتتى. شۇ يەرگە كەتتىمىكىن.

**ئەخمەت:** تويى بولىدىغان نوچىنىڭ ئۆزى يوق. بىزگە قارىشىپ بەرسە بولمامدۇ.

**رۇستەم:** ھە بولدى، ئۆزۈڭ بېرىۋەر.

〔ئەخمەت چىقىپ كېتىدۇ. ئانا چىقىپ چاي بىلەن ناننى قولىغا ئالىدۇ.〕

**رازىيە:** ئاپا، كورىغا سۇ جىقلاپ قويسىلا.

**ئانا:** ماقۇل (چاي بىلەن ناننى قويۇپ ئاشخانىغا كىرىپ كېتىدۇ.)

**رازىيە:** سۇنى تېشىغا تۆكۈۋەتمىسىلە.

**ئانا:** نېمە دەيسىز؟ (كورىنىڭ تاراڭلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ)

**رازىيە:** ۋاي خۇدايىم، نېمىنى ئۆرۈۋەتتىلە؟

**ئانا:** كورىنىڭ ئاغزى چۈشۈپ كەتتى (ئاشخانا ئۆيدىن ئوڭايسىزلىنىپ چىقىدۇ ۋە بالىنىڭ يېنىغا كىرىپ كېتىدۇ).

**رازىيە:** نېمانداق بىر پالاكەت خوتۇندۇ بۇ؟ بىر نەرسىلەرنى ئۆرۈپلا يۈرگەن.

**رۇستەم:** يەنە نېمىلىرىڭنى ئۆرۈۋەتتى؟

**رازىيە:** كورىنى ئۆرىگەن يەردە يەنە باشقا نەرسىلەرنى ئۆرۈمەي قالامدۇ. ئۆيىنى شۇنداق مەينەت تۇتىدىكەن. بىر كۈندە بىر نەچچە ۋاق چاي ئىچكەن. يەپ بولالمىغان نەرسىلىرىنى نە ئۇدۇل كەلسە شۇ يەرگە تاشلاپ قويۇۋېرىدىكەن (كىرىپ كېتىدۇ).

〔ئانا بالىنىڭ زاكىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ〕

**رۇستەم:** ئاپا، يەپ بولالمىغان نەرسىلىرىڭنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلاپ قويمىغىن ئۇنداق.

**ئانا:** مەن ... مەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بالام.

**رۇستەم:** سەن يە بىر كىچىك بالا بولمىساڭ ئۇنتۇپ قالىدىغانغا! ئولتۇرۇپ بىر يولىلا قورسىقىڭنى تويغۇزۇۋالساڭ بولمامدۇ؟

**ئانا:** مېنىڭ چىشلىرىم سىلەرنىڭكىدەك بېجىرىم، ساق بولمىسا يە (زاكىلارنى يۇيۇش ئۈچۈن تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كېتىدۇ).

**رازىيە:** (ئانىنىڭ ئىچىپ بولالمىغان چېيىنى تۆكۈۋېتىدۇ. نېنىنى ئەخلەتكە تاشلايدۇ) ھېلى بىرسى كىرىپ قالسا سەت ئەمەسمۇ. ئۆي ئىچى قارىغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ. نېمە دېگەن مەينەتچىلىك.

**رۇستەم:** ئاستا گەپ قىل!

〔ئەكرەم كىرىدۇ.〕

**ئەكرەم:** باشقىلار تېخى يىغىلماپتۇغۇ؟

**رۇستەم:** (سائىتىگە قاراپ) ئەمدى كېلىدۇ ـ دە.

**رازىيە:** ئايالىڭىز قېنى؟

**ئەكرەم:** ھازىر كېلىدۇ.

**رازىيە:** كەلمىسىزە خېلى ئوبدان گەپلىرىم بار جۇمۇ مېنىڭ. ئەتە ـ ئۆگۈن سىلەرنىڭ بېشىڭلاردىمۇ بار بۇنداق ئىش. ئوغۇل ئۆيلەيسىلەر، قىز چىقىرىسىلەر. بۇ دېگەن ئۆتنە ئالەم.

**ئەكرەم:** دېگىنىڭىز توغرا. ئۇ چوقۇم كېلىدۇ. چوڭ چايغا قانچىلىك ئادەم بارماقچى؟

رۇستەم: ئەللىك ئادەم.

ئەكرەم: (كۈلۈپ) پاھ، قىز تەرەپ شۇنچە كۆپ ئادەمنى كۆرۈپ قېچىپ كەتمىسۇن يەنە، نېمانچە ھەشەم ئۇ؟

رۇستەم: ئەمدى قارا، تونۇش - بىلىشلەرمۇ جىق...

رازىيە: يېقىنلارنى ئېيتمىسىڭىز رەنجىۋاتقان. ھەتتا تويغىمۇ بارماي قويۇۋاتقان. ئەمدى ... ھەممە ئادەم قىلىۋاتقان قائىدە - يوسۇن دەڭا، ئەكرەم.

ئەكرەم: (كۈلۈپ) شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇيغۇر بولماقمۇ تەس بولۇپ كەتتى دەڭا. (ئانا يۇيۇلغان زاكىلارنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ئەكرەم ئانىنى كۆرىدۇ) ۋۇي، بۇ سارىخان ئاپامغۇ؟ مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟ مەن ھېلىقى...

ئانا: توختا! سەن ھېلىقى كاۋا سېلىپ ئەتكەن ئۇماچتىن بىر دۆرەمدىلا تۆت قاچا ئىچىۋېتىدىغان ئەكرەممۇ؟

رۇستەم: نەدىكى بىر گەپلەرنى قىلمىساڭچۇ ئاپا.

ئەكرەم: دەل شۇ. چاقما كاۋا سېلىپ ئەتكەن ئۇماچتىن تۆت قاچا ئىچىۋېتىپ يەنە قازانغا قاراپ سىزنى خىجىل قىلىپ قويغان ئەكرەم مەن شۇ.

ئانا: ۋاي تو ۋا، تونۇماي قالغىلى تاس قاپتىمەن.

ئەكرەم: بىر قېتىم سىز بىزگە ياڭيۇ، قىزىلچا پىشۇرۇپ بەردىڭىز. ياڭيۇغا تۇز سېپىپ يېسۇن دەپ تۇز ئەكىرىپ قويغانىدىڭىز، مۇنۇ رۇستەم ئالدىراشلىقتا قىزىلچىغا تۇز سەپكەنتى، كۈلۈپ ئۈچەيلىرىمىز ئۈزۈلۈپ كېتەي دېگەن. شۇ چاغدا سىز بىزگە «ھالۋىغا تۇز سالغان جوۋان» دېگەن ھېكايىنى ئېيتىپ بەرگەنىدىڭىز.

ئانا: شۇنداقتۇ. نېكەمكى ئىشلار ئۇ. ئۇنتۇپمۇ كېتىپتىمەن، ئەكرەم بالام.

ئەكرەم: ئۆزىڭىزمۇ ئوبدان تۇرۇپسىز سارىخان ئاپا.

ئانا: خۇداغا شۈكرى. ئوبدان كېتىپ بارىمەن.

ئەكرەم: مانا، ئوغلىڭىز رۇستەم كاتتا ئادەم بولۇپ كەتتى. بالىلىرىڭىزنىڭ دۆلىتىنى كۆرۈۋسىز ئەمدى.

ئانا: شۇنداق، بالىلىرىمنىڭ دۆلىتىنى كۆرۈۋاتىمەن. خۇدايىم ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلسۇن.

رۇستەم: ئاپامنىڭ ھازىرقى كۈنى ياخشى. ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىۋاتىمىز.

ئانا: بالىلارنىڭ ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكىلىمۇ 20 يىلدىن ئاشتى. بالىلارغۇ ياخشى قاراۋاتىدۇ. .. يېشىممۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئۆتكەن كۈنلەرنى ئويلىسام، ئۆزۈمنى 100 ياشتىنمۇ ئارتۇق ياشىغاندەك ئويلاپ قالىمەن. نېمە ئىشلارنى كۆرمىدۇق دەيسەن، ئەكرەم بالام.

ئەكرەم: شۇنداق، شۇنداق. سالامەتلىكىڭىز ئوبدان ئىكەن. سىز تېخى يەنە ئۇزاق ياشايسىز.

ئانا: ۋاي باق ئەكرەمجان. ئوبدان ياشىدىم. بەش ۋاق نامازنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، ھەر نامىزىمدا ئاللادىن بالىلىرىمنىڭ بەخت - تەلىيى، تىنچ - ئامانلىقىنى تىلەپ ئۆتۈۋاتىمەن. ئەتە - ئۆگۈن كۈچ - مادارىمدىن قېلىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالمىساملا بولاتتى، بالام. خۇدا قېرىلىقتىكى مەينەتچىلىكنى كۆرسەتمەيلا ئامانىتىنى ئالسا، ئارمانسىز كېتەتتىم.

رۇستەم: ئاپام قېرىغانسېرى يىغلاڭغۇ بولۇپ كەتتى. بولۇپمۇ كونا تونۇشلاردىن بىرەرسىنى كۆرسىلا يىغلاپ بېرىدۇ.

رازىيە: بولمىسا ياخشى بېقىۋاتىمىز.

ئەكرەم: كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ سارىخان ئاپا. سىز ئەڭ بەختلىك ئانا. دېدىمغۇ، رۇستەم ھازىر ئاددىي ئادەم ئەمەس دەپ. خىزمىتى جايىدا، ئۆزى ئەمەل تۇتقان. (رۇستەمگە) بالىلىرىڭنىڭ غېمىمۇ تۈگىدى. شۇنداققۇ؟

رۇستەم: بالىلارنىڭ ئۈچىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇۋالدىم. ئىككىسى ئوقۇۋاتىدۇ. شۇلارنى بىر ئوبدانراق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇۋالسام ئارمانسىز پېنسىيىگە چىقىپ كېتىمەن.

ئەكرەم: قالغان ئۆمرۈمنى توي ئويناپ، نەۋرىلەرنى بېقىپ ئۆتكۈزىمەن دېگىنە.

رازىيە: رۇستەم، ئەكرەمنى مېھمانخانىغا باشلىمىغىنىزچۇ. بۇ يەردە تۇرۇپ قالدىغۇ؟

ئەكرەم: ياق، بولدى. ماڭا قايسى خىزمەتنى بۇيرۇغانتىڭ. مەن ئىشىمغا ماڭاي.

رۇستەم: ئەمىسە سەن دەررۇ قىز تەرەپكە بارغىن. ئۇلارنىڭ قانداق ئىشلىرى بار، قارىشىپ بەر. بىزمۇ ھايال قىلماي يېتىپ بارىمىز.

ئەكرەم: بولىدۇ. (ئانىغا) ئۇنداق بولسا سارىخان ئاپا، بۈگۈنكى چايغا تازا ياسىنىپ بېرىڭ. تۆردە ئولتۇرۇپ بېرىسىز. ئاندىن مەن سىزنى ئۇسسۇلغا تارتىمەن. ئۇسسۇلنى باشلاپ بېرىسىز.

ئانا: قېنى، ۋاقتى كەلسۇن بالام. ۋاقتى كەلسۇن.

ئەكرەم: ياق، چايغا چوقۇم بارىسىز. سىز بىلەن بىر ئۇسسۇل ئوينىمايدىغان بولسام. پاھ، بۇ خۇشاللىقنى كۆرۈڭ. باشقىلار ھەيرانلاقالسۇن.

ئانا: ماقۇل بالام. سەن ھازىرچە بېرىپ تۇرغىن.

ئەكرەم: ئەمىسە مەن كەتتىم. (چىقىپ كېتىدۇ)

〔ئانا ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىدۇ.〕

رازىيە: بۇ ئەكرەم ئېلەشتۇرۇپلىشۋەتتىغۇ. ئاپام چوڭ چايغا بارسا بالىغا كىم قارايدۇ.

رۇستەم: بولسا بارسۇنمىكىن رازىيە.

رازىيە: ئويلىمايلا گەپ قىلىدىكەنسىز. ئۆيدە بىرەرسى قالمىسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇ يەردە كەلسە - كەلمەس سۆزلەپ يىغلىغىلى تۇرسا، ئۇ چاغدا...

رۇستەم: ئارتۇق گەپ قىلما، يىغلىمىغىن دەپ قويىمىز.

رازىيە: ئۇنداق گەپلىرىڭىزنى بىردەمدىلا ئۇنتۇپ قالىدۇ. (تېرىكىپ) مۇشۇ ئەكرەممۇ ئاغزىغا كەلگىنىنى بوغۇزىغا يۇتماي جۆيلۈۋېرىدىغان بىر نېمىكەن. قېرى خوتۇننى ئۇسسۇل ئوينىتىمەن دەيدۇ. قېرىغاندا نېمە سەتچىلىك بۇ، ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ.

رۇستەم: ئاغزىڭنى يىغە، گەپ قىلمىسا... (تېرىكىدۇ)

رازىيە: ئابروي تۆكۈلىدىغان ئىش بولمىسىدى دەيمەن. مەيلى، بارسا بارسۇن. ئۇنداق بولسا ئاپام ھازىرلا كىيىملىرىنى يۆتكىۋالسۇن. ھېلىلا مېھمانلار كېلىدۇ. كونا كىيىمدە ئولتۇرسا بىزگە سەت. بەزى ئادەملەر باشلىقنى ياخشى كۆرۈنىمىز دەپ ئۇنىڭ ئاپىسى، بالىسىغىمۇ تەڭ خۇشامەت قىلغىلى تۇرىدۇ.

رۇستەم: ھە راست. ھەي... بۇ، ئاپامنىڭ نېمە قىلغىنى، كىيىملىرىنى يۆتكىۋالماي. (ئانىنى چاقىرىپ) ئاپا، كىيىملىرىڭىزنى يۆتكىۋالساڭ بوپتىكەن.

ئانا: بالام... بولدىلا، مۇشۇ كۆڭلىكىممۇ بولۇۋېرىدۇ. تېخى تۈنۈگۈنلا يۆتكىگەن. نەۋرەمگە سۈت ئىچكۈزىمەن دەپ، مۇنۇ يېرىگە سۈت تۆكۈۋالدىم.

رۇستەم: ئاپا، بۇ كۆڭلىكىڭ كونا ئىكەن. مېھمانلىق كۆڭلىكىڭىزنى كىيىۋالغىن دەۋاتىمەن ساڭا.

رازىيە: سىلى بىر ئادەتتىكى بالا باققۇچى يات ئايال ئەمەس. بۇنداق كونا كىيىمدە ئولتۇرسىلا بىزگە سەت. چوڭ چايغا كېلىدىغان ئاياللار جىق.

رۇستەم: راست، ئاپا. ئۇنداق قىلماي كۆڭلىكىڭىزنى ئالماشتۇرۇۋال.

ئانا: يۆتكىگىنىم بىلەنمۇ يەنە ئوخشاش. مېنىڭ مېھمانلىق يېڭى كۆڭلىكىم يوق.

رۇستەم: نېمە دەۋاتىسەن ئاپا؟ نېمىشقا...

ئانا: قىسىلماڭلار بالىلىرىم. ئۆزۈڭلار بېرىۋېرىڭلار. (كىرىپ كېتىدۇ)

رازىيە: ئاپىڭىز زادى قانداق قىلماقچى؟

رۇستەم: ئاڭەي.

رازىيە: مېنىڭ ھېلىقى ئەتلەس كۆڭلىكىمنى كىيىۋالسۇنمىكىن؟!

رۇستەم: ئۇ كۆڭلىكىڭ قانداق بولار، رەڭگى سەل شوخراق، يېشىغا ماس كەلمەسمىكىن؟

رازىيە: باشقىلىرىنىڭ رەڭگى تېخىمۇ شوخ. (چېچىلىپ) بۇ ئەكرەم ئىززىتىنى بىلىپ جىم ئولتۇرسا بولاتتى.

رۇستەم: بولدى، چېچىلمىغىنە، بىر گەپ بولار.

(رازىيەنىڭ ئۆز ئاپىسى - تاجىخان كىرىدۇ.)

**تاجىخان:** ئەسسالام، بالىلىرىم.

**رۇستەم:** ۋوي كەلسىلە ئاپا. تىنچلىقمۇ؟

**تاجىخان:** تىنچلىق، بالىلىرىم.

**رازىيە:** نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ ئاپا تارتىپ مېڭىپ يۈرگىچە تۇرۇپ تۇرساڭ بولماسمىدى. ئالدىڭغا ماشىنا ئەۋەتمەكچى ئىدۇق.

**تاجىخان:** پۇت - قولۇمدا خېلى جېنىم بار، بالام. ئۆزۈم كېلىۋەردىم. ماشىناڭلارنى ساقلىسام كەچ بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. قانداق، تەييارلىقىڭلار پۈتتىمۇ؟

**رۇستەم / رازىيە:** پۈتتى، پۈتۈپ قالدى، ئاپا.

**رۇستەم:** مەن تالادىكى ئىشلارغا ھە - پە دېگىچە تۇراي. سىلەر پاراڭلىشىۋېرىڭلار. (رۇستەم چىقىپ كېتىدۇ)

**ئانا:** (چىقىدۇ) تىنچلىقمۇ قۇدام.

**تاجىخان:** ۋاي قۇدام، سىلىمۇ بۇ يەردىكەنلا. ئوبدان تۇردىلامۇ؟

**ئانا:** يېقىندىن بېرى مۇشۇ يەردىمەن، تاجىخان. خۇداغا شۈكرى، ئوبدان كېتىپ بارىمەن.

**تاجىخان:** ھە، ئوبدان بوپتۇ. قېرىغاندا باللارنىڭ دۆلىتىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلسۇن. ئاۋۇ كۈنى رازىيە: ئاپامنى ئەكىۋالدۇق. كەنجىسىنىڭ ئالدىدا قىسىلىپ قاپتىكەن دېگەنىدى. مەن: بوپتۇ. ئوبدان قىلىپسىلەر، ساۋابىنى ئالىسىلەر. بىچارىنىڭ ئۆزىنىڭ بىرەر تۇتۇقلۇق ئۆيى يوق. ئۇنىڭ - بۇنىڭ ئالدىدا يۈرۈپ بويىنى قىسىلىپ قالمىسۇن، ئوبدان قاراڭلار، دېگەنىدىم. ئادەم دېگەننىڭ ئۆز ئۆيى بولمىسىمۇ بولمايدۇ. خەقنىڭ قولىغا قاراپ قالغان ھەممىدىن يامان. شۇڭا، مەن ئاشۇ ئۆيىنى چىڭىلا تۇتۇپ ئولتۇردۇم. باللارغا: كۆزۈم يۇمۇلغاندا قانداق قىلىشساڭلار، شۇ چاغدا قىلىڭلار، دېدىم.

(ئانا گەپ قىلمايدۇ.)

**رازىيە:** ئاپا، كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرغىن. (مېھمانخانىغا باشلايدۇ)

**تاجىخان:** (مېڭىۋېتىپ) قېنى قۇدام ئۆزلىرى...

**ئانا:** كىرىپ تۇرسىلا. مەن ھازىر...

(تاجىخان كىرىپ كېتىدۇ.)

**رازىيە:** (ئانىغا) ئاپا، سۇ ئىسسىغان بولسا چىنىلەرنى يۇيۇۋەتسىلە.

**ئانا:** ھېلىغىچە قايناپمۇ قالغاندۇ (ئاشخانا ئۆيگە ماڭىدۇ).

**رازىيە:** قاينىغان بولسا چاي دەملەپ قويسىلا (كىرىپ كېتىدۇ).

(ئانا ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. ھەيدەر بىلەن خاسىيەت كىرىدۇ.)

**ھەيدەر:** (ئاشخانا تەرەپكە قاراپ) ئاپا!

**ئانا:** (قولىدا دەسمال. چىقىدۇ) ۋاي سىلەرمىدىڭلار بالىلىرىم؟ (خاسىيەتكە) تىنچلىقمۇ قىزىم. مەن سىلەرنىڭ كىرگىنىڭلارنى پەقەت ئۇقماپتىمەن.

**ھەيدەر:** بىزمۇ ھازىر كىردۇق ئاپا.

**ئانا:** ئۆي ئىچىڭلار تىنچلىقتۇ؟ پەرزەنتچۇ، ئوقۇشى ئوبدان كېتىپ بارامدۇ؟

**ھەيدەر:** پەرزەنتىڭىز سىزگە سالام ئېيتتى ئاپا. ئۆزى ئوبدان تۇردى.

**ئانا:** سالامەت بولسۇن، ھەر نېمە بولسا.

(مېھمانخانىدىن رازىيە، تاجىخانلار چىقىدۇ. ئۆز ئارا تىنچلىق سورىشىدۇ. بىر تەرەپتە ئانا ھەيدەر بىلەن سۆزلىشىدۇ.)

**ئانا:** بالام نېمانچە يوقاپ كېتىسەن؟ سىلەرنى كۆرگۈم كېلىپ... كېچە چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن...

**خاسىيەت:** (نېرىدىن گەپكە ئارىلىشىپ) ئوغۇللىرى چۈشلىرىگە كىرىپتۇ. مەنچۇ ئاپا؟

**ئانا:** (كۈلۈپ) ھەيدەر چۈشۈمگە كىرگەن يەردە ئەلۋەتتە سىزمۇ كىرىسىز - دە، قىزىم.

**تاجىخان:** (گەپكە ئارىلىشىپ) ھەقىچان كېلىنلىرى چۈشلىرىدە ئاپامنى ئەكىلىپ ئۆيىمىزدە بىر نەچچە ۋاق تۇرغۇزايلى دېگەندۇ، قۇدام؟

**ئانا:** راست دېدىلە قۇدام. كېلىنىم شۇنداق دېۋىدى. (ھەيدەرگە قاراپ) ئوغلۇم ئاپىمىزغا ئايرىم بىر ئۆي تۇتۇپ بېرەيلى، ئۆزىنىڭ ئامراق نەۋرىسى پەرزەنت بىلەن بىللە تۇرسۇن، قالغان

ئوغۇللار ئاپاللىرىنى ئېلىپ ھەپتىدە بىر قېتىم يوقلاپ تۇرسۇن، دېدى.

ھەيدەر: ئاپا، سىز پال ئېچىۋاتامسىز نېمە؟

ئانا: قانداق دەيسەن بالام؟

ھەيدەر: بۈگۈن چايدىن يېنىپ بىز بىلەن كېتىسىز. بىز سىزگە ئايرىم بىر ئۆي تۇتۇپ قويدۇق.

خاسىيەت: پەزىلەت: بۈگۈن ئاپامنى چوقۇم ئېلىپ كېلىسىلەر، دەپ ئۆيىنى قايتا سۈپۈرۈپ راسلاپ، يوللىرىغا قاراپ قالدى.

ئانا: راستمۇ؟ ماڭا راستتىن ئۆي تەييارلاپ قويدۇڭلار؟ پەزىلەت مېنى كېلىدۇ، دەپ يولۇمغا قاراپ قالدى؟ رەھمەت بالىلىرىم، رەھمەت. ئۆي بولمىسىمۇ شۇ گېپىڭلار ئۈچۈن مىڭ مۇراتەم رەھمەت. (سۈس ئۆكسۈپ يىغلىۋېتىدۇ)

ھەيدەر: يىغلىماڭ ئاپا. كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ.

خاسىيەت: ئاپا، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا.

تاجىخان: يىغلىمىسىلا قۇدام. مانا ئىنسابى بار ئوغۇللارنى تۇغۇپلا. كېلىنلەرمۇ ھەم شۇنداق. (رازىيەنى كۆرسىتىپ) مۇشۇ رازىيە مېنى يوقلاپ بېرىپ قالسا، ئالدى بىلەن قىلىدىغىنى سىلىنىڭ گەپلىرى. «ئاپامغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئاپام ياشىنىپ قالدى، ئاپام جاپا تارتىپ قالمىسىدى» دەيدۇ. ۋاي خۇدايىم، مۇنداقمۇ ئىچ كۆيەر كېلىنلەرگە ئۇچراپ كېتەلىسىمۇ؟ تەلەيلىرى باركەن. بۈگۈن دېگەن قانداق كۈن؟ مانا نەۋرىلىرىنىڭ چوڭ چېيىنى ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىمىز. مەرىكە ياخشى ئۆتسۇن، دۈشمەنلەرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، كۆزى يۇمۇلۇپ قالسۇن، دەپ دۇئا قىلسىلا - ھە.

〔سىرتتىن ماشىنىنىڭ سىگنالى ئاڭلىنىدۇ. رۇستەم كىرىدۇ.〕

رۇستەم: بولۇڭلار، نەرسە - كېرەكنى ئېلىپ چىقىپ ماشىنىغا بېسىڭلار. (ھەيدەر بىلەن خاسىيەتكە) ھە، سىلەرمۇ كەلدىڭلارمۇ؟

ھەيدەر: ئىشلىرىڭ جايىدىمۇ؟

رۇستەم: ھەممە ئىش پۈتتى. ئەمدى ماڭساقلا بولىدۇ. (سىرتتىن ئادىل بىلەن ئەخمەت كىرىدۇ) ئەخمەت، ئەركىنى كۆردۈڭمۇ؟

ئەخمەت: تويغا كېتىپتۇ.

رۇستەم: ئۆزىنىڭ تويى بولغان كۈنىمۇ باشقىلارنىڭ تويىغا كېتىپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ بۇ بالا. ئاپالىمۇ تېخىچە يوق (يەشكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىدۇ).

رازىيە: بۇ كېلىن چېچىنى دۇنيادا يوقلا بىر پاسوندا ياستىۋاتامدىكىن، شۇنداقمۇ يوقىغان بارمۇ... (تاجىخانغا) ئاپا، چىقىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ تۇر. (بىر يەشكىنى كۆتۈرۈپ ماڭغىلى تۇرغان ئەخمەتكە) ئەخمەت، ئاپامنى شوپۇرنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قوي. ئارقىدا ئولتۇرسا بېشى قايىدۇ.

〔بىر يەشكىنى ئەمدىلا كۆتۈرگەن ئادىل يەشكىنى يەرگە تاشلىۋېتىپ بۇرۇلۇپ قاراپ تۇرىدۇ.〕

ئەخمەت: (ئوقۇشماي ئانىغا) ئانا، بول، قاراپ تۇرسەنغۇ؟

ئانا: تاجىخان ئاناڭنى ئېلىپ چىقىپ ئولتۇرغۇزۇپ قوي.

تاجىخان: قۇدام ئۆزلىرى...

ئانا: ئىتتىك بولسىلا قۇدام.

ھەيدەر: ئاپا سىزمۇ... تۇرىسىزغۇ؟

ئانا: مەن... بارماي دېدىم.

رازىيە: ئاپام ئۆيگە قاراپ تۇراي دەپ ئۇنىمايۋاتىدۇ.

ئانا: مەن... ئۆيگە قاراپ تۇراي.

ھەيدەر: ياق. ئۆيگە باشقا بىرسى قارىسۇن. سىز بېرىڭ.

ئانا: ياق بالام...

ئادىل: ياق دېمىگىن. سەن بارمىغان مەرىكىدە بىزگە نېمە بار.

رازىيە: ئاپام بارمايمەن دېسە بىزگە نېمە ئامال؟!

ئادىل: نېمىشقا بارمايمەن دەيسەن؟

ئانا: نېمىشقا سوراۋېرىسەن بالام. بارمايمەن دېگەندىن كېيىن گەپ تۈگىمىدىمۇ؟!

ئادىل: ماشىنىغا پېتىشمايمەن دەپ ئويلاۋاتامسەن - يە؟ ئۇنداق ئويلىغان بولساڭ

هازىرلا چىقىپ ساڭا بىر ماشىنا ئېلىپ كېلىمەن. ئالدىدا ئولتۇرىسەن، ئالدىدا.

**ئانا:** ئادىل، ئاز گەپ قىلىپ نەرسە - كېرەكنى ماشىنىغا بېسىشىپ بەرگىن.

**ئادىل:** ياق، سەن مېنىڭ مىجەزىمنى بىلىسەنغۇ؟

**ھەيدەر:** ئادىل، بولدى، ئارتۇق گەپ قىلما، ئاپام بارىدۇ.

**ئانا:** ھەي...

**ئادىل:** ئاپام نېمە ئۈچۈن بارمايدىكەن - ھە، نېمىشقا؟

**رازىيە:** دېدىمغۇ، يەنە نېمىگەپ بولاتتى؟!

**ھەيدەر:** ئادىل!

**ئادىل:** سەنمۇ بىلىسەنغۇ ئاكا، مېنىڭ مىجەزىمنى.

**ھەيدەر:** شۇڭا بۇ يەردىن دەررۇ يوقال!

**ئادىل:** ماقۇل ئاكا. ھازىرلا بىر ماشىنا ئېلىپ كېلىمەن. مەخسۇس ئاپام ئۈچۈن. ئەگەر ئاپام بۈگۈن تويغا بارمىسا، مەن ھەزرىتى ئەلىنىڭ جېكىنى چىقىرىۋېتىمەن. (چىقىپ كېتىدۇ)

**ئانا:** ئادىل، توختا! گېپىمنى ئاڭلا...

**رازىيە:** ھەزرىتى ئەلىنىڭ جېكىنى كىمگە چىقىرىپ بېرىدىكەن - ھە؟ ئەنە ئۆزى تۇرۇپتۇ. بىز ئاپارمايمىز دېمىدۇق. ئۆزى بارمايمەن دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنداققۇ؟ نېمىشقا شۇنى دېمەيلا؟!

(ئانا تامغا يۆلەنگىنىچە ئۈن - تىنسىز قاراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ چىرايىدا ئازار يېگەنلىك، ئازابلىنىش روھىي ھالەتلىرى ئىپادىلىنىدۇ.)

**تاجىخان:** توۋا، «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئىشت» دېگەندەكلا بىر گەپلەر بولۇۋاتىدۇ بۇ يەردە. بوپتۇ، مەنمۇ بارماي. راستىلا دېگەندەك ھەزرىتى ئەلىنىڭ جېكى چىقىپ كەتمىسۇن يەنە.

**رازىيە:** دائىم مەنلا يامان بولۇپ قالىمەن، بۇلارنىڭ ئالدىدا. قانداق قىلىپ بەرسەم ياخشى بولىمەنكىن تاڭ، ھېچ بىلمىدىم. (تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالىدۇ)

**تاجىخان:** سىلى ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس. بۇنداق قىلىشۇرسىلە ،باللارنىڭ ئارىسىغىمۇ سوغۇقچىلىق سېلىپ قويىلا.

(رۇستەم كىرىدۇ.)

**رۇستەم:** (تاجىخانغا) تېخىچە بۇ يەردە تۇرۇپلاغۇ؟ چىقىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇۋالسىلا.

**تاجىخان:** بۇ يەردە نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى بىلمەيۋاتامسىز؟

**رۇستەم:** (رازىيەگە) نېمە بولدى؟

**رازىيە:** نېمە بولغىنىنى ئاپىڭىزدىن سوراڭ.

(رۇستەم تۇرۇپ قالىدۇ. ئادىل كىرىدۇ.)

**ئادىل:** ئاپا، ماشىنا ئېلىپ كەلدىم. يۈر.

**رازىيە:** بۇ خەقنىڭ ھەممىسىلا ئادەمنى يامان ئاتلىق قىلىشقا تۇرغان.

**ئادىل:** مېنىڭ باشقىلار بىلەن نېمە چاتىقىم. ئاپامنى چوڭ چايغا ئېلىپ بارىمەن، شۇ.

**رازىيە:** ئاپام ئۆزى بارمايمەن دېگەن، شۇنداققۇ رۇستەم؟

**رۇستەم:** ...

**ھەيدەر:** ئاپا! بۈگۈن نەۋرىڭىزنىڭ چوڭ چېيى. سىز بىزنى تۇغۇپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشتىڭىز. نەۋرە - چەۋرىلىك بولدىڭىز. ھەممىلا ئادەمگە نەۋرىسىنىڭ تويىنى كۆرۈش نېسىپ بولۇۋەرمەيدىغۇ. بۇنى نېمىشقا چۈشەنمەيسىز؟

**ئانا:** مەن بۇنى چۈشەنمەيۋېتىپتىمەنمۇ؟... نېمىشقا مېنى ئەيىبلەپ قالدىڭ؟... ياق بالام، مېنى ئەيىبلىمە! مېنى ئەيىبلىمە سەن!

**ھەيدەر:** ئادىل سىزنى دەپ ماشىنا ئېلىپ كەلدى. كېيىملىرىڭىزنى يۆتكەڭ، بولۇڭ.

**ئانا:** مېنى دەپ ماشىنا ئېلىپ كەلگەن بولساڭ، ساڭا رەھمەت بالام. ئەمىسە مەن ماڭاي.

**ھەيدەر:** مانا ئەمدى ياخشى بولدى.

**ئانا:** ياق، مېنى ئاشۇ ماشىنا بىلەن ئۆيۈڭگىلا ئاپىرىپ قويىسەن!

**ھەيدەر:** ئاپا؟...

**ئانا:** مەن ئۆتۈنەي، مېنى تەڭلىكتە قويماڭلار. (ئادىلغا) ئادىل بالام، مېنى ئاكاڭنىڭ ئۆيىگىلا ئاپىرىۋەت. سەندىن رازى بولۇپ كېتەي.

**ئادىل:** ماقۇل ئاپا، ماقۇل.

**ئانا:** (ھەيدەرگە) بولامدۇ بالام؟

**هەيدەر:** ماقۇل ئاپا، ماقۇل. سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسۇن.

**رۇستەم:** ئاپا، بۇ ئىشىڭ پەقەت ئەپلەشمىدى. سەن كەتمىگىن.

**رازىيە:** شۇنى دەيمەن. بۇ قانداق گەپ؟ ياكى بىز...

**ئانا:** (كەسكىن قىلىپ) ئۆز ئىختىيارىمغا قويۇڭلار! (ياتاق ئۆيگە كىرىپ كېتىپ هايال ئۆتمەي تۇگۇنچىكىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ) ئادىل!

**ئادىل:** كەتتۇقمۇ ئاپا؟

(ئانا گەپ قىلماي ماڭىدۇ. خاسىيەت، هەيدەر، ئادىل، رۇستەملەر ئارقىسىدىن بىللە چىقىپ كېتىدۇ. باشقىلار جىم تۇرۇپ قېلىشىدۇ. رازىيە بىردىن يىغا باشلايدۇ.)

**رازىيە:** قاراڭلار، ئۇنىڭ قاراپ تۇرۇپ مېنى يامان ئاتلىق قىلغىنىنى. بىز توي قىلمىز دەۋاتساق، نەدە يۈرۈپ ئاقارغان باش ئۇ.

**تاجىخان:** ئادەم قېرىغان چېغىدا ئاشۇنداق ئولۇك ـ تەتۈرنىڭ تايىنى يوق بولۇپ قالىدۇ. بالام، هېچقىسى يوق، يىشىڭنى ئېرت، ماڭايلى.

(ئەركىن كىرىدۇ.)

**ئەركىن:** چوڭ چايدا قويىدىغان نەرسىلەرنى ماڭا كۆرسەتمەيلا ئاپىرىۋېرەمسىلەر؟

**رازىيە:** نىمە دەۋاتىسەن؟.

**ئەركىن:** نىمە دەۋاتقىنىمنى ئاڭلىمايۋاتامسەن. قولىقىڭغا پاختا تىقىۋالدىڭمۇ؟ ئادىمەتچىلىكلەرنى كۆرىمەن دەۋاتىمەن.

**رازىيە:** كۆرىمەن؟ كۆرۈپ نىمە قىلىسەن؟

**ئەركىن:** يۈزۈمنى چۈشۈرىدىغان ئىش قىلساڭلار مەندىن ياخشىلىق كۆرمەيسىلەر. (رازىيەنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ بارىدۇ)

**تاجىخان:** هەي دەيۈز، بۇ كىم ـ هە؟

**ئەركىن:** ئاپام.

**تاجىخان:** ئاپاڭغىمۇ ئاشۇنداق گەپ قىلامسەن؟

**ئەركىن:** سېنىڭ نىمە كارىڭ!

**تاجىخان:** ۋاي خۇدايىمەي، نىمە دەيدۇ هوي، بۇ؟

**ئەركىن:** ئەگەر ئادىمەتچىلىكلەرنىڭ ئارىسىدا نىلون، دىلون دېگەن نەرسىلەر بولۇپ قالىدىغان بولسا، مەن بۇ تويىنى قىلمايمەن.

**رازىيە:** ئەركىن، ئاشۇ نىلون، دىلون دېگەن نەرسىلەرنىڭمۇ نەرقى پالان پۇل، بىلەمسەن بۇنى؟

**ئەركىن:** هە، بارىكەن ـ دە. شۇڭا ماڭا كۆرسەتمەپسىلەر. ياق، كۆرىمەن. بولمىسا بۈگۈن چوڭ چايىنى ئېلىپ بارمايسىلەر.

**رازىيە:** ئەستاغپۇرۇللا، هەي ئەركىن، تولا جېنىمغا تەگمە، هېلى بىكار...

**ئەركىن:** گەپ قىلمىسام رەڭلىك تېلېۋىزورنى تېخىچە ئالمىدىڭلار.

**رازىيە:** تېلېۋىزورنى چوڭ چېيىدىن كېيىن ئالىمىز دېيىشتۇققۇ.

**ئەركىن:** پۇلنى بەر، ئۆزۈم ئالىمەن.

**رازىيە:** ئاتاڭدىن ئال.

**ئەركىن:** ياق، هەممە پۇل سەندە. هازىر بەر. (بېرىپ بىر يەشىكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ)

**رازىيە:** ئەركىن، ئۇ يەشىكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرما. ئىچىدە چىنە ـ قاچىلار بار، چېقىلىپ كېتىدۇ.

**ئەركىن:** چېقىلسا چېقىلمامدۇ. كارىم نىمە.

**رازىيە:** ئەركىن، ئۇنداق قىلمىغىن.

**ئەركىن:** ئەمىسە پۇلنى بەر. سىلەر ئېلىپ بەرگەن كارىۋاتنىمۇ ئىشلەتمەيمەن. سېتىۋېتەمسە-لەر، نىمە قىلساڭلار قىلىڭلار. بىر يېرىم مىڭ كويلۇق بىر خىل كارىۋات بارىكەن، شۇنى ئالىمەن.

**تاجىخان:** ۋۇ ئىنساپسىز. سەن خىيالىڭدا دېگىنىمنى قىلىمەن دەپ ئويلاۋاتامسەن تېخى؟ مەن سېنى... مەن سېنى... خەپ (ياغلىقى بىلەن ئەركىننى ئۇرىدۇ).

**ئەركىن:** ئىشىڭنى قىلە (ياغلىقىنى تارتىۋېلىپ يەرگە چۆرۈۋېتىدۇ).

**تاجىخان** : هۇ، دەيۈز! هۇ، چوشقا! خەپ،
**رازىيە** توختاپتۇر.

(ئەخمەت كىرىدۇ.)

**ئەخمەت:** نىمە بولدى؟

**تاجىخان:** ئەخمەت، گەپ قىل بۇ ئۆكاڭغا. ئېلىبۋىزورنىڭ پۇلىنى ھازىرلا ئالىمەن دەپ ئاپىسىنى قىستاۋاتىدۇ.

**رازىيە:** ئادىمەتچىلىكلەرنى كۆرىمەن، ئەگەر ئارىسدا نىلون، دىلون دېگەن نەرسىلەر بولۇپ قالسا، تويىنى بۇزۇۋېتىمەن، بەيدۇ.

**تاجىخان:** قارا ئۇنىڭ ھالىنى - ھە، خۇددى بىر يەرنىڭ شاھزادىسىدەك. تويغا دەپ ئالغان كارىۋاتنى ياراتماي ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى كۆرۈپ قويغان بىر يېرىم مىڭلىك كويلۇق كارىۋاتنى ئالارمىش. پۇل بېرىڭلار، دەيدۇ.

**رازىيە:** بۇ دەيۇزنى ئاشۇ ئانىسى باققان. ئانىسىغا ئوخشاشلا كاج ئادەم بوپتۇ بۇ.

**ئەخمەت:** (ئاچچىقى بىلەن) قوپ ئەركىن، ئاستىڭدىكى يەشىكنى ئەپچىقىپ ماشىنىغا باس.

**ئەركىن:** باسمايمەن.

**ئەخمەت:** ئەركىن!

**ئەركىن:** ئىشىڭنى قىل!

**ئەخمەت:** نېمە؟! ئىشىڭنى قىل دەۋاتامسەن تېخى؟!

〔ئەخمەت ئەركىننى ئولتۇرغان يېرىدىلا بوغۇپ يەرگە باسىدۇ.〕

**رازىيە:** ۋايجان، بولدى، ئۇرۇشماڭلار. چىنە - قاچىلارنى چېقىۋېتىسىلەر. ئەخمەت، ئۇكاڭنى قويۇۋەت. بىر يېرىنى ئاغرىتىۋېتىسەن.

**تاجىخان:** ۋايەي، ۋاي تۇۋا، ۋاي قانداق قىلاي، ئۇرۇشۇپ كەتتى.

**رازىيە:** (سىرتقا قاراپ) رۇستەم، باللار ئۇرۇشۇپ كەتتى.

〔بىر قانچە ئەر - ئايال مېھمان خۇددى تاماشا كۆرۈشكە كەلگەندەكلا كىرىپ كېلىشىدۇ.〕

(پەردە چۈشىدۇ)

# تۆتىنچى كۆرۈنۈش

**ۋاقتى:** ئالدىنقى كۆرۈنۈشتىن بىر قانچە كۈن كېيىن.

**ئورنى:** ھەيدەرنىڭ ئۆيى.

〔ئانىنىڭ ھالىتىدىن ئۇنىڭ ماغدۇرسىزلانغانلىقى بىلىنىدۇ.〕

**ئانا:** (قىلماقچى بولغان ئىشىنى ئۇنتۇپ تۇرۇپ قېلىپ) مەن نېمە قىلماقچى ئىدىم؟... ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى (يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزمەك بولىدۇ، لېكىن ئۆتكۈزەلمەي قىينىلىدۇ).

〔خاسىيەت چىقىدۇ.〕

**خاسىيەت:** ئاپا، نېمە قىلىۋاتىلا؟

**ئانا:** پەرزەنتىنىڭ قورچىقىغا كۆڭلەك تىكىپ بېرەي دەۋاتىمەن.

**خاسىيەت:** نېمە جاپا. ھازىر ئۇنىڭ قورچاق ئوينايدىغان ۋاقتى بولمىسا؟!

**ئانا:** ياق خاسىيەتخان، ئۇ تېخى كىچىك. بۇ قورچاقنى مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈم تىكىپ بەرگەن. يىتىپ كەتمىسۇن دەپ مېنىڭ ساندۇقۇمغا سېلىپ قويۇپتۇ. بايا ئاخىرەتلىكلىرىمنى رەتلەپ قوياي دەپ قارىسام شۇنىڭ ئىچىدىن چىقتى. قورچىقىغا يەنە بىر كۆڭلەك تىكىپ بېرەي، ئاپام تىكىپ بەرگەن دەپ ساقلاپ قويار... (خىيال بىلەن) خۇدا ئۆمرىنى بەرسە، ئۇ ئۇزاق يىللار ياشايدۇ. ئۇھ، ئۇ قانچىلىك راھەت كۆرەر. قانچىلىك ئازاب چېكەر. ھەي، ئايال خەققۇ بەك جاپاكەش... (يىڭنىگە يىپنى ھەر قانداق قىلىپمۇ ئۆتكۈزەلمەيدۇ) ئاشۇ غۇۋا يېنىپ تۇرغان قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ بىر ئاخشامدىلا بىر دوپپىنى پۈتكۈزۈۋېتەتتىم... ھەي... مۇشۇ كۆزۈم...

**خاسىيەت:** ئەكەلسىلە، مەن ئۆتكۈزۈپ بېرەي (يىپ - يىڭنىنى ئېلىپ ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ ھەپىلىشىدۇ). ۋىيەي، ئەمدى مېنىڭ كۆزۈمگە نېمە بولدى؟

**ئانا:** «قېرىمايدىغان ئادەم يوق، يىقىلمايدىغان دەرەخ» دەپتىكەن كونىلار. كۈنلەر ئۆتۈپ تۇرىدىكەن، سۇلار ئېقىپ دېگەندەك. تۈنۈگۈنكى بوۋاق بۈگۈن چوڭ ئادەم بولۇپ بەزىسى تېخى جاھانغا سىغماي قالىدىكەن.

**خاسىيەت:** (يىپنى يىڭنىگە ئۆتكۈزۈپ) ئۇھ، ئاران ئۆتكۈزدۈم.

**ئانا:** سىز بۇ ئۆيگە كەلگىلىمۇ ئوتتۇز بەش يىلدىن ئاشتى. دەسلەپتە كېلىن بولغان بولسىڭىز، مانا ئەمدى قېيىن ئانا بولۇپ نەۋرىلىك بولۇپ قالدىڭىز.

www.uyghurkitap.com

**خاسىيەت:** ئەمدى چۈشەندىم. ئاپا، قېيىن ئانا بولماق بەك تەسكەن. تۆت ئوغۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۆيلەپ، پەرزەنتنى ياتلىق قىلىپ بولغۇچە ئۆزۈم نېمە بولۇپ كېتەرمەن. كېلىنلەرنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشمەكنىڭ تەسلىكىنى ئەمدى بىلدىم.

**ئانا:** يامان كۈنلەر ھارام بولسۇن، قىزىم.

**خاسىيەت:** ئوغۇل تۇغدۇم دەپ ئانچە خۇش بولۇپ كەتكۈلۈكمۇ ئەمەسكەن... يىغىنىڭغا يىپ ئۆتكۈزۈپ بەرسەممۇ ئولتۇرۇپلاغۇ. ئەكەلسىلە، مەن تىكىپ بېرەي (يىپ ـ يىڭنە ۋە پۇرۇچلارنى ئالىدۇ).

**ئانا:** ھەيدەر نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ پەرزەنتمۇ تېخىچە يوق؟!

**خاسىيەت:** ئۇلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى.

(ھەيدەر كىرىدۇ.)

**ھەيدەر:** ئاپا.

**ئانا:** ھەيدەرمۇ سەن بالام؟ بۈگۈن ئەجەب كېچىكتىڭا؟

**ھەيدەر:** ياق ئاپا، كېچىكمىدىم. باشقا كۈنلەردىكىگە ئوخشاش.

**ئانا:** شۇنداقمۇ؟ ماڭا بەك ئۇزاق بىلىنىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. يېنىمدا بىردەم ئولتۇرغىنە.

**ھەيدەر:** بولىدۇ ئاپا. ئىشتىن ھازىر كەلدىم. باشقا ئىشىم يوق. ئەمدى يېنىڭىزدا قانچىلىك دېسىڭىز شۇنچىلىك ئولتۇرىمەن.

**ئانا:** قېرىغان چېغىدا ئادەم گاراڭ بولۇپ قالىدىكەن. يالغۇز قالسىلا بۇرۇنقى ئىشلار ئادەمنىڭ ئېسىگە كېلىۋېلىپ بىئارام بولىدىكەن. خۇشاللىق ئوڭاي ئۇنتۇلۇپ كېتىپ، كىشىنىڭ ئېسىدە ئاشۇ خاپىلىق بىلەن ئۆتكەن ئىشلارلا يىغىلىپ قالىدىكەن. خاپىلىقنىڭ يارىسى ئېغىر بولامدۇ، ئىشقىلىپ بەزى ئىشلار ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىققۇسىز...

**ھەيدەر:** ئاپا، بىزمۇ سىزنى كۆپ خاپا قىلدۇق.

**ئانا:** ياق بالام، باللىرىمدىن خاپا ئەمەسمەن. بالىنىڭ خاپىلىقلىرى ئاتا ـ ئانىنىڭ ئېسىدە قالمايدۇ. پەقەت قېرىغان چېغىدا «ئاپا، ھالىڭ نىچۈك» دەپ ئىككى ئېغىز ئاتلىق گەپنى بىلەن ئازراق ۋاقتىنى ئايىماي ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويسا، بولدى شۇ كۇپايە. بالا ئاتا ـ ئانىنى سېغىنمىغان بىلەن، ئاتا ـ ئانا بالىنى بەك سېغىنىدۇ.

**ھەيدەر:** راست ئاپا. شۇنداق. توغرا دېدىڭىز. (خاسىيەتنىڭ قولىدىكىنى كۆرۈپ) نېمە ئۇ؟

**خاسىيەت:** قورچاققا كۆڭلەك تىكىۋاتىمىز.

**ھەيدەر:** قىزىق گەپقۇ بۇ. كىمنىڭ قورچىقى؟

**خاسىيەت:** پەرزەنتنىڭ.

**ھەيدەر:** ئۇ ئەمدى قورچاق ئوينىماس؟

**ئانا:** بۇ ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى قورچىقى. سەن ئۇنىڭ قورچاق ئوينايدىغان ـ ئوينىمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسەن، سەن ئۇنىڭغا بىرەر قېتىم قورچاق ئېپ بېرىپ باققانمۇ؟ تاقاشتى دەپ تاشلىۋېتىسلەر تېخى... ئۇنى ھەرگىز خاپا قىلماڭلار. بولمىسا مەن رازى بولمايمەن. (خاسىيەتنى كۆرسىتىپ) خاسىيەتخانىممۇ ھېچكىمگە خاپا قىلدۇرما. باللىرىڭ چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلدى. ئاشۇلارنى بېقىپ چوڭ قىلغۇچە ئۇمۇ جىق جاپالارنى تارتتى. ئۇنى ھۆرمەت قىل. قىزىڭنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلغىنىڭ ئاپاڭنى ھۆرمەت قىلغىنىڭ. ئايالىڭنى ھۆرمەت قىلغىنىڭ ئوخشاشلا ئاپاڭنى ھۆرمەت قىلغىنىڭ. بۇنى ھەممە ئوغۇللىرىڭغا ئېيت، چۈشەندۇر. ئايال كىشى جاپاكەش خەق. ھەر قانداق بىر ئەركەكنىڭ ئاپىسى بولىدۇ. ئۇ ئايال كىشى. ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىشى كېرەك.

**ھەيدەر:** چۈشەندىم. سۆزلىرىڭىز بىردىنبىر ھەقىقەت، ئاپا. دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن...

ئادەمنىڭ ئەقلى توشقان ۋاقتى، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقتى بولىدىكەن. ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلىدىغان ئىشلار نۇرغۇن بولىدىكەن.

**ئانا:** ئادەمنىڭ ھاياتىدا پۇشايمان قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بولىدۇ... بالام، ساڭا قىلىدىغان

بىر ئىلتىماسىم باردى. . .

**ھەيدەر:** دەڭ ئاپا، ئۇ نېمە ئىش؟

**ئانا:** ئاددىي رەختتىن بولسىمۇ بولىدۇ، ماڭا بىر يېڭى كۆڭلەك تىككۈزۈپ بەرگەن بولساڭ.

**ھەيدەر:** ماقۇل ئاپا، ماقۇل. ئاددىي رەختتىن دېگىنىڭىز نېمىسى. ئېسىلىدىن، كۆڭلىڭىز تارتقىنىدىن دەڭ.

**ئانا:** ئېسىلىنىڭمۇ كېرىكى يوق ئەمدى. ماڭا بىر يېڭى كۆڭلەك بولسىلا بولدى.

**ھەيدەر:** ئاپا، سىزنىڭ يېڭى كۆڭلىكىڭىز يوقمۇ ـ ھە، ھەي. . . نېمىشقا دېمەيسىز؟! نېمىشقا ھە، ئاپا؟!

**ئانا:** ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، يۇغۇچىغا قويغۇدەك بولسىلا بولىدۇ. «ئۆلۈك نەگە بارىدۇ؟ دېسە تىرىكنىڭ ئەيىبىنى ئاچقىلى» دەيدىغان گەپ بار. سىلەرمۇ كىچىك ئادەم ئەمەس. يۇغۇچىغا نېمە قويۇپتۇ؟ دېسە سىلەرگە سەت.

**ھەيدەر:** ئاپا، سىز ئۆزىڭىزنى ئويلىماي يەنىلا بىزنى ئويلاۋېتىپسىز.

**ئانا:** ئاياغ يۇغۇچىغا ئۆتۈكۈمنى ئاتاپ قويدۇم. ئۇنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاۋايلاپ كىيمىگەن. سەن ئۇنى موزدۇزغا ئاپىرىپ پاشنىسىنى ئۆڭشىتىپ مايلىتىپ قوي، يېپيېڭىلا بولىدۇ. سىلەرنى ئالدىراپ قالمىسۇن دەپ ئاق رەختلەرنىمۇ ئېلىپ قويغان. يۇغۇچىغا ئىشلىتىدىغان سوپۇن، يەنە ئاخىرەتلىكنى تەييارلاشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن، يىپ ـ يىڭنە، قايچا دېگەندەك نەرسىلەرنى تەييارلاپ قويدۇم. پەزىلەت بىلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ، تاپىلاپ قويدۇم.

**ھەيدەر:** بولدى ئاپا، بۇنداق گەپلەرنى دەۋەرمەڭ.

**خاسىيەت:** (كۆڭلى بۇزۇلۇپ) ساپساقلا تۇرۇپ بۇنداق دېسىلە ئاپا، ئادەم ئەجەب بىر خىل بولۇپ قالىدىكەن.

**ئانا:** نەچچە كۈندىن بېرى سىلەرگە دېمىگىنىم بىلەن، ئۆزۈم بىلىمەن، ئەھۋالىم ئانچە ياخشى ئەمەس.

**ھەيدەر:** دوختۇرغا ئېلىپ باراي.

**خاسىيەت:** شۇنداق قىلىڭ، ئاپامنى دوختۇرغا ئېلىپ بارايلى.

**ئانا:** ياق، ئاۋارە بولماڭلار، مەندە دوختۇرغا ئاپىرىپ داۋالاتقۇدەك باشقا كېسەل يوق. يەيدىغىنىمنى يەپ، ياشايدىغىنىمنى ياشاپ بولدۇم، بالام. ئەمدى زاۋال ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. . . شۇ كۈنلەردە ئاتاڭ چۈشۈمگە تولا كىرىدىغان بولۇپ قالدى. . .

〔ئانا يىراقلارغا قاراپ خىيال سۈرۈۋاتقاندەك بىر خىل ھالەتتە يېتىپ قالىدۇ. سەھنە قاراڭغۇلىشىپ يورۇيدۇ. بوۋاي ھېچقانداق ئىپادىسىز ھالدا كىرىپ كېلىدۇ.〕

**ئانا:** ئاتىسى، قاچاق كەلدىلە؟

**بوۋاي:** مەسچىتتە نەزىر بولغان. مەۋلۇتنىڭ نەرسىلىرى. يېگىن، كېسىلىڭگە شىپا بولۇپ قالار (مەۋلۇت مېۋىلىرىدىن ئانىغا بېرىپ، ئۆزى ھاسىغا تايانغىنىچە ئۇدۇل قاراپ ئولتۇرىدۇ).

**ئانا:** بۈگۈن ئۆزۈممۇ خېلى ياخشى تۇرىمەن.

**بوۋاي:** خۇدا شىپالىق بەرسە ياخشى بولۇپ قالىسەن.

**ئانا:** باياتىن يالغۇز يېتىپ جىقلا خىياللارنى قىلىپ كېتىپتىمەن.

**بوۋاي:** نېمىلەرنى ئويلاپسەن؟

**ئانا:** ئىككىمىز شۇنچە ئۇزۇن يىل ئۆي تۇتۇپتىمىز. . .

**بوۋاي:** ھە مۇنداق دېگىن. خىياللىرىڭ بەك ئۇزاققا كېتىپتۇغۇ سېنىڭ؟!

**ئانا:** سەل ساقىسىز بولۇپ قالساملا سىلىدىن ئەندىشە قىلىمەن. مېنىڭدىن كېيىن قالسا، نېمە كۈنلەرنى كۆرەر دەپ.

**بوۋاي:** كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ئاپىسى.

**ئانا:** نېمىلا قىلغان بىلەن بىرەر ۋاقلىق ئىسسىق تاماق ئېتىپ، قورساقلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا يارايمەن.

**بوۋاي:** كىم بىلىدۇ. قايسىمىز بۇرۇن كېتىپ، قايسىمىز كېيىن قالىمىز.

**ئانا:** مەن بۇرۇن كېتىپ قالسام، سىلى جاپادا قالىلا.

**بوۋاي:** سەن قالساڭ ئوغۇللار ساڭا بوي

بەرمەسمىكىن؟ (خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىپ) شۇ كۈنىگىمۇ شۈكرى.

ئانا: ئۆمرىمىز شۈكرى - قانائەت بىلەن ئۆتتى.

بوۋاي: ئۆزىمىزگە ئازراق بولسىمۇ ئاراملىق ئىزدىدۇق. يېمەي نېمىشقا ئۇنى نېرى قىلىپ قويىسەن؟

ئانا: بۇنى كېيىن سىلى يېسىلە.

بوۋاي: ھىم. . . مانا شۇنداق كۆڭلى يۇمشاقلىق قىلىپ، بالىلارنىمۇ يامان ئۆگىتىۋەتتىڭ. ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرىنىلا ئويلايدۇ.

ئانا: شۈكرى قىلىش كېرەك دېدىلەغۇ. شۈكرى قىلايلى. خۇدا بىر كۈنى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگىمۇ ئىنساپ بېرەر.

بوۋاي: بىز ئۇلارنى بېقىپ چوڭ قىلغۇچە نېمە كۈنلەرنى كۆرمىگەن؟! مانا سەن ئاغرىپ يېتىپسەن. نېمىشقا كېلىپ يوقلىمايدۇ؟! نېمىشقا پەرۋانە بولۇپ بېشىڭدا تۇرۇشمايدۇ. بىرسى بېشىڭنى تۇتسا، بىرسى پۇتۇڭنى ئۇۋۇلىسا، ئۇسسۇزلۇق ئىچۈرسە بولماسمىدى؟! ھەي، سىلەرمۇ قېرىيسىلەر، ئەنە شۇ چاغدا كۆرۈسىلەرغۇ.

ئانا: ئاتىسى، ئۇنداق دېمىسىلە. بالىلار قارغىش قېپى بولۇپ قالمىسۇن. بىز ئۇلارنىڭ ئىنساپىنى، بەختىنى تىلەيلى!

بوۋاي: قايسىبىر ئاتا - ئانا ئۆز بالىسىنىڭ بەختىنى تىلىمىگەن؟!

ئانا: ھەقىچان ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئالدىراشچىلىقى باردۇر. ئىككىمىز بىللە ئۇلارنى كۆرۈپ كېلەيلى.

بوۋاي: ئاشۇ ۋاپاسىزلارنىمۇ - ھە؟

ئانا: ئاتىسى!

بوۋاي: ھەر كىمنىڭ نىيەت ئىقبالى ئۆزىگە (سىرتقا قاراپ ماڭىدۇ).

ئانا: ئاتىسى، ياستۇق قويۇپ بېرەي، بىردەم يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋالسىلا.

بوۋاي: ھېلى مەجلىسكە دەپ چاقىرىپ كىرەر. دۇمبەمگە تاقايدىغان ئۇنسۇر دېگەن خېتى بار ئاق لاتىنى يۇيۇپ قويىدۇڭمۇ. ئالدىنقى قېتىم بۇنى نېمىشقا كىر قىلىۋەتتىڭ، دەپ بەرگە ئېگىشتۇرۇپ بىر مۇنچە ئاۋارە قىلدى.

ئانا: يۇيۇپ قويغان، يۇيۇپ قويغان. بىراق ئۇنىڭ خېتى ئۆچۈپ كېتىپتۇ. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ (ئىزدەيدۇ، تاپالمايدۇ. بوۋاي جىملا چىقىپ كېتىدۇ) ئاتىسى توختىسىلا، مېنى ساقلىسىلا، مەنمۇ چىقاي. . . ئۇ يەنە كەتتى. . . ئۇھ، بۇ يىللار ماڭا ئەجەب ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەجەب ئۇزۇن. ئادەم بالىسى بەك چىداشلىق نېمىكەن.

〔چىراغ يانىدۇ. ئانا ئۆزىگە كېلەلمەيدۇ.〕

ھەيدەر: ئاپا، بايا سىز بىر گەپلەرنى قىلغاندەك قىلدىڭىز، چۈش كۆرۈپسىزمۇ؟

ئانا: چۈش كۆرۈپتىمەن بالام.

ھەيدەر: سىز يەنە يىغلىدىڭىز.

ئانا: ئاتاڭ يەنە چۈشۈمگە كىرىپتۇ. ئۆزى خاپا. يەنە ھېلىقى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى ئۇنسۇر دېگەن ئاق لاتىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ.

ھەيدەر: ئاپا، ئۇ كۆڭۈلسىز كۈنلەرنى ئۇنتۇپ كېتىڭ. ئۆزىڭىزنى ئازابلاپ نېمە قىلىسىز؟

ئانا: بىلمەيمەن بالام، ئاتاڭ تولاراق شۇ كۈنلەر بىلەنلا چۈشۈمگە كىرىدۇ. ھەقىچان ناھەق-چىلىق بەك ئېغىر كەلگەن بولسا كېرەك. . . بەزى ئىشلارغا ھازىرغىچىلا ئەقلىم ھەيران. ئويلاپمۇ تېگىگە يېتەلمەيمەن. بىر قېتىم ئاتاڭنى كۈرەش قىلدى. جالال دەيدىغان بىرسى بولىدىغان، ئاتاڭ ئۇ كىشىگە ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغان. ئاشۇ جالال دېۋەيلەپ ئاتاڭنىڭ ئالدىغا كېلىۋالدى. سۆزلەۋاتىدۇ. ئۇخلىسىمۇ ئاتاڭنىڭ چۈشىگە كىرىپ باقمىغان ئىشلار. بىر چاغدا: مەسىلەڭنى تاپشۇرامسەن - يوق، ھەي ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر، دەپ ساقىلىدىن تۇتۇۋېلىپ، كۈچەپ تارتىپ، بىر تۇتام ساقىلىنى يۇلۇۋالدى. (ئانا ھەسرەتلىنىپ، ئۇنسىز ئۆكسۈپ كېتىدۇ) پەقەت ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭنىڭلا ئىچى ئاغرىمىسا، ئادەمنىڭ ئادەمگە ئىچى ئاغرىمايدىكەن. قانداق گۇناھىمىز بارلىقىنى ئۆزىمىزمۇ بىلەيمىز. بىراق دۈشمەن

ئىدۇق.

ھەيدەر: بولدى، قويۇڭ ئاپا. ئۇ چاغلارنى ئەسلىمەڭ. ھە، مۇنداق قىلايلى، مەن سىزنى دوختۇرغا ئېلىپ باراي. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالدىمىزدىكى يەكشەنبە ھەممە بالىلىرىڭىز ـ نەۋرە ـ ئەۋرىلىرىڭىزگىچە كەلسۇن. مەن ئۇلارغا خەۋەر قىلاي.

ئانا: (تۇرۇپ كېتىپ) مېنىڭ كېسىلىم يوق. ياق، دوختۇرغا بارمايمەن. بالىلارغا خەۋەر قىل، ئۇلار كەلسۇن. ھەممىسى، ھەممىسى كەلسۇن! ھەيدەرجان بالام، ئۇلار پاتراق كەلسۇن، ماقۇلمۇ؟

ھەيدەر: ماقۇل ئاپا.

(پەردە چۈشىدۇ.)

## بەشىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: ئالدىنقى كۆرۈنۈشكە ئۇلىنىپ كېلىدۇ.

ئورنى: ھەيدەرنىڭ ئۆيى.

〔ئانا خاموش ياتىدۇ. ھەيدەر بىلەن خاسىيەت ئۇنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ.〕

ھەيدەر: ئاپا، كۆزىڭىزنى ئېچىڭا، ئاپا.

ئانا: (ئۆزىگە كېلىپ) ھە، قايسىڭ سەن؟

ھەيدەر: ئاپا، بۇ مەن، ھەيدەر.

ئانا: ھە، ھەيدەرمۇ سەن؟...

خاسىيەت: ئاپا، مېنى تونۇدىلامۇ؟ مەن خاسىيەت.

ئانا: تونۇدۇم... قالغانلار قېنى؟

ھەيدەر: ئۇلارمۇ بار... ھازىر يېتىپ كېلىدۇ.

ئانا: پەزىلەت قېنى؟ ئۇ يېنىمغا كەلسۇن.

ھەيدەر: ھازىرلا كېلىدۇ. ئاز قالدى. (تىت ـ تىت بولۇپ) ئۇلار ئەمدى يېتىپ كەلسە بولاتتى.

ئانا: بىرەر قىزىمنىڭ يوقلۇقىغا تولا ئۆكۈنەتتىم. كېيىن خاسىيەت قىزىم سىز پەزىلەتكە كۆز يورۇدىڭىز. ئۇنى ھەممە بالىڭىزدىنمۇ ئەتىۋار بىلىپ قۇچىقىمغا ئالدىم. بۇشۇكىدە يېتىپ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ بەرسە، دۇنيادا مېنىڭدىن ئارتۇق بەختلىك ئانا بارمىدۇ دەيتتىم. ئۇ ماڭا ئەگىشىپ چوڭ بولدى. ئەمدى ئۇ سىزگە قالىدۇ. كۆڭۈل بۆلۈنۈپ كېتىدىغان ئىش بولمىسۇن. ئۇنى قەدىرلەڭ. ئۇ سىزنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى سىرداشىڭىز، كۆڭۈل ئارامىڭىز. ئۇنىڭدىن سىز ئۆزىڭىزگە تەسەللىي تاپالايسىز.

خاسىيەت: ماقۇل ئاپا، ماقۇل، چۈشەندىم.

ھەيدەر: خاتىرجەم بولۇڭ ئاپا. مەن ئۇنى ھېچكىمگە خار قىلدۇرمايمەن.

ئانا: سىز مېنىڭ ئالدىمغا كىچىك كەلگەن. مانا ئەمدى نەۋرە كۆردىڭىز. بىز ئاياللار بەك جاپاكەش خەق. ئۆزىڭىزنى ئاۋايلاڭ.

خاسىيەت: خىزمەتلىرىنى ياخشى قىلالمىدىم. ئالدىلىرىدىن توغرا ئۆتكەن يەرلىرىم كۆپ. بەزى ئىشلاردا ئاۋايلىماي كۆڭۈللىرىنى رەنجىتتىم...

ئانا: ياق، خاسىيەتخان قىزىم. ھېلىمۇ ئېغىرىمنى جىق كۆتۈرۈپ كەلدىڭىز. جىق جاپا سالدىم. مەن سىزدىن رازى. (ھەيدەرگە) ئوغلۇم، سەنمۇ مېنىڭدىن رازى بول. مەن سېنىڭدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى. مەن ھەممىڭلاردىن رازى. مېنى گۆرىدە خاتىرجەم ياتسۇن دېسەڭلار، ئادىلنى تاشلىۋەتمەڭلار.

ھەيدەر: ماقۇل ئاپا، مەن سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن.

ئانا: رۇستەم نېمىشقا شۇ چاققىچە يوق؟ نەۋرىلەر كەلسۇن، ئۇلارنى بىر كۆرەي.

ھەيدەر: ھەممىسىگە خەۋەر بەردۇق. كېلىشىۋاتىدۇ.

ئانا: ھە بوپتۇ. خەۋەر تاپقان بولسا كېلىپ قالار. مېنى ئىشىك تەرەپكە قارىتىپ ياتقۇزۇپ قويۇڭلار. بالىلارنىڭ يولىغا قاراپ ياتاي.

〔ھەيدەرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلايدۇ.〕

ئانا: ھەيدەرجان بالام؟

ھەيدەر: مانا مەن، ئاپا.

ئانا: سەن يىغلاۋاتامسەن؟

ھەيدەر: ياق، ئاپا. يىغلىمىدىم.

ئانا: مېنىڭ ئەمدى ۋاقىت ـ سائىتىم توشۇپ قالدى. ناۋادا ئاللا ئىگەم ئامانىتىنى ئېلىپ، مەن ئاراڭلاردىن كېتىپ قالسام، سىلەر يىغلىماڭلار، مەن سىلەردىن ئىككى دۇنيا رازى.

**ھەيدەر:** نېمىلەرنى دەۋاتىسىز ئاپا. سىز ساقىيىپ قالسىز. . .

**ئانا:** ھەي. . . سىلەر يىغلىماي تۇرالمايسىلەر. بوپتۇ، يىغلىغۇڭلار كەلسە، بالىغا مېھرى قانماي كەتكەن ئاپام، دەپ يىغلاپ قويۇڭلار. مەن سىلەردىن يەنە بىر مەرتىۋە رازى بولۇپ كېتەي.

**خاسىيەت:** (كۆڭلى بۇزۇلۇپ) ئاپىمىزنىڭ دەۋاتقان گېپىنى. شۇ ھالدا يېتىپ يەنە بالىغا قانماي كېتىۋاتىدۇ.

(ئاز سۈكۈتتىن كېيىن.)

**ئانا:** (سىرتتىن بېرىلگەن ئاۋاز) بۇ جاھاندا نۇرغۇن ئىشلار ئۆتىدىكەن. شۇ ئۇزاق زامانلار چۈشتەك غۇۋا ئېسىمگە كېلىدۇ. بىر چاغلاردا مەنمۇ بالا ئىدىم. جاپاكەش ئاپام يادىمغا يەتسىلا كۆڭلۇم بۇزۇلۇپ يىغلىغۇم كېلىدۇ. جېنىمغىنا ئاپا، قېنى سەن؟ ئاپا، يالغۇزلۇق تارتىپ كەتتىم. بەك يالغۇزلۇق تارتتىم. سېنى كۆرمىگىلى ئۇزاق بوپتۇ. بەك ئۇزاق. مېنى قۇچىقىڭغا ئال، ئاپا.

**ھەيدەر:** ئاپامنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتسا كېرەك. ئاغزى ئۈمچىيىپ كېتىۋاتىدۇ.

**خاسىيەت:** ئاپىسى يادىغا يەتكەن ئوخشايدۇ، قىچقىرىۋاتىدۇ.

**ھەيدەر:** ئاپا، كۆزىڭىزنى ئېچىڭا.

**ئانا:** (ئۆزىگە كېلىپ) ئادىلمۇ سەن؟

**ھەيدەر:** ياق. مەن ھەيدەر.

(ئانا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ جىم بولىدۇ.)

**ئانا:** (سىرتتىن بېرىلگەن ئاۋاز) سەن مېنى بۇنچىلىك ئۇزاق ساقلاتمىساڭ بولاتتى. ئەمدى جىق ۋاقتىم قالمىدى. نالە قىلىپ تاش - تۇپراقنى ئورنىدىن يۆتكىسەڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدىغان ئىش زادىلا ئورنىغا كەلمەيدۇ. . . بۈگۈن قانداق كۈن بولغىيدى؟ . . . ئۇنتۇپ كېتىۋاتىمەن.

(پەزىلەت كىرىدۇ.)

**پەزىلەت:** ئاپا! مەن كەلدىم. ئاپا؟! . . . نېمە بولدىڭىز، نېمىشقا ماڭا گەپ قىلمايسىز؟ (پەزىلەت ئانىنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتۈپ تەلمۈرىدۇ. لېكىن ئانا گەپ قىلمايدۇ) دادا، ئاپام ماڭا گەپ قىلمايدىغۇ؟

**ھەيدەر:** . . .

**پەزىلەت:** ئاپا، مېنىڭ سىزگە دەيدىغان جىق گەپلىرىم باريدى. . . ئاپا مەن سىزگە قارايمەن. ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىمەن. سىز نېمىشقا ماڭا گەپ قىلمايسىز؟ مەن سىزنى شۇنداق ياخشى كۆرىمەنغۇ ئاپا. (يىغلايدۇ)

**ئانا:** (سىرتتىن بېرىلگەن ئاۋاز) بۇ كىم بولغىيدى؟ ئۇ نېمىشقا يىغلايدىكىنە؟ . . . ئاھ، جېنىم قىزىم، بۇ سەن ئىكەنسەنغۇ؟ نېمىشقا يىغلايسەن، يىغلىمىغىن ئالتۇن قوزام. . . مېنىڭمۇ يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ. ساڭا ئەمدى ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن. . . ئى خۇدايا، پاكۇپەرۋەردىگارا، مەن سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، دوستۇڭ مۇھەممەد سەللاللاھۇ ۋەسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىدىن بولغان ئايال زاتى ئاجىز كېلىدۇ. ئۇلار مېھىر - مۇھەببەتكە موھتاج. ئۇلارنى خارلىقتىن يىراق قىلىپ ياخشى ئۈممەتلىرىڭنىڭ قاتارىدا ئۇلارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى قىلغايسەن. ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى بولسا ماڭا يۈكلىگىن.

(پەزىلەت ھەسرەتلىنىپ يىغلايدۇ.)

**پەزىلەت:** ماڭا ئامراقلىقىڭىزنى بىلدۈرۈپ كۈلۈپ بىر قاراپ قويغان بولسىڭىزچۇ، ئاپا. ئىككى ئېغىز گېپىڭىزنى ئاڭلىۋالغان بولسام. ئىككىمىز يالغۇز قالغانلىرىمىزدا ئەجەب گېپىمىز تۈگىمەيتتى، ئاپا. (يىغلاپ تۇرۇپ ئانىنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتىدۇ)

(ئادىل كىرىدۇ.)

**ئادىل:** ئاپا، مەن كەلدىم. مەن ئوغلۇڭ ئادىل، ئاپا!

**ئانا:** . . .

**ئادىل:** ئاپا، مەن ساڭا چاپان ئېلىپ كەلدىم. مانا، سەن ئارزۇ قىلغان ئىسسىق ھەم يۇمشاق چاپان. ئۇچاڭغا بىر ئارتىۋالساڭچۇ ئاپا. مەن خۇش بولۇپ قالاي. . .

**ئانا:** . . .

**ئادىل:** ئاپا، نېمە ئۈچۈن گەپ قىلمايسەن؟ (ھەيدەردىن) ئاكا! ئاپام ماڭا گەپ قىلمايدىغۇ.

**ھەيدەر:** . . .

**ئادىل:** ياق، مېنىڭ ئاپامغا دەيدىغان نۇرغۇن

گەپلىرىم بار. (ھەسرەتلىنىپ) ھەي... ي، ئەس - ھوشۇمنىڭ باردا يېتىپ كېلەلمەپتىمەن ئاپا! ماڭا قىلىدىغان گەپلىرىڭ بولغىيدى. مېنى بىر قېتىم بولسىمۇ بالام دەپ بىر چاقىرساڭچۇ؟ ئەجەب بەڭباشلىق قىپتىمەن. سەن مېنى تۇغقان چېغىڭدا ئوغلۇدىن پۈتۈن جاھان سۆيۈنۈپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغان بولغىدىڭمۇ؟ مەن ئالدىڭدا گۇناھكار. ئەمدى دۇنيانى ئالقىنىمغا ئېلىپ ئالدىڭغا قويساممۇ بىر قېتىم «بالام» دەپ قىچقىرىشىڭغا ئېرىشەلمەيمەنغۇ، ئاپا؟! مەن سېنى يېتىپ قالىدۇ دەپ ئويلىماپتىمەن. يېنىڭدا ئولتۇرۇپ بىردەم مۇڭدىشىۋالماپتىمەن. ئىسسىق چاپان كەيسەم دېسەڭ، پەسەنت قىلماپتىمەن. كېچىكتىم، بەك كېچىكتىم ئاپا.

**ئانا:** (سىرتتىن بېرىلگەن ئاۋاز) سېنى بىر پەردە كۆرگەندەك قىلىۋاتىمەن. ئاۋازىڭمۇ تونۇشتەك قىلىدۇ. نېمىشقا پەرياد چېكىسەن؟ سەن كىم؟

**ئادىل:** ئاپا! مەن ئوغلۇڭ ئادىل.

〔ئانا ئادىلغا تىكىلىپ قارايدۇ ۋە سول قول ئىشارىتى قىلىپ يېنىغا چاقىرغاندەك قىلىدۇ. چىراغ ئۆچۈپ يانىدۇ. ئانا بىلەن ئادىل سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىدە گويا بىر - بىرىنى كۆرۈپ، كۆرمەيۋاتقاندەك ھالەتتە تۇرۇشىدۇ.〕

**ئانا:** سەن بەك غەمكىن كۆرۈنىسەن. بىرسى كۆڭلۈڭنى ئاغرىتتىمۇ؟

**ئادىل:** ياق ئاپا. مەن ئەمدى كىچىك بالا بولمىسام.

**ئانا:** ئۆيۈڭ پاكىز بولسۇن، پاكىزە ئۆينى پەرىشتىلەر كۈندە يوقلاپ تۇرىدۇ. مەن كەتكىچە ئۆيۈڭنى سۈپۈرۈپ بەرسەم بولاتتى.

**ئادىل:** ئاپا، سەن نەگە كېتىسەن؟ سېنىڭ بىزدىن باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭ يوققۇ؟

**ئانا:** ئاتاڭ بار ئەمەسمۇ؟

**ئادىل:** ئاتاڭ؟... مەن ئاتامنى كۆرمىگىلى بەك ئۇزاق بوپ كەتتى. ئۇ بىزدىن بەك رەنجىگەن ئوخشايدۇ. مەن سېنىمۇ رەنجىتتىم. بەك ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزدۈم.

**ئانا:** مەن سېنى كەچۈردۈم بالام. ئۆزۈڭنى ئازابلىما.

**ئادىل:** مېنىڭ ھەممە ئازابلىرىم مانا مۇشۇ پەردە (يۈرىكىنى كۆرسىتىپ). سەن مېنى ئەپۇ قىلىپ گويا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك پاك بولغىنىم بىلەنمۇ، بۇ ئازاب مېنى تىنچ قويمايدۇ.

**ئانا:** بالام، مەن سەندىن رازىمغۇ. نېمىشقا ئۇنداق بولمىغۇر خىياللار بىلەن ئۆزۈڭنى ئازابلايسەن؟

**ئادىل:** سېنى خۇشال قىلغان چاغلىرىم مېنىڭ پەقەت ئاشۇ كىچىك ۋاقتىم ئىكەن. ساڭا ئەركىلەيتتىم، ئۆزۈم كۈلەتتىم، سېنىمۇ كۈلدۈرەتتىم. ئارقاڭدىن قالماي ئەگىشىپ يۈرۈپ سېنىڭدىن گەپ سورايتتىم. كېچىلىرى ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ چۆچەك ئېيتىپ بېرەتتىڭ. مەن قۇچىقىڭدا ئوتقا قاراپ ئولتۇرۇپ چۆچىكىڭنى تىڭشايتتىم. شېرىن خىياللارنى سۈرەتتىم. ئاشۇ چۆچەكلەر ھېلىمۇ ئېسىمدە.

**ئانا:** ئېسىڭدە بولغىنى ياخشى. ئەمدى ئۇ چۆچەكلەرنى سەن بالىلىرىڭغا ئېيتىپ بەرگىن. دۇنيادىكى ئىشلار شۇنداق تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ.

**ئادىل:** سەن كېتىمەن دەيسەن. مال - دۇنيانى تاپقىلى، تارتقان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولىدۇ. لېكىن ئاتا - ئانىنى قايتا تاپقىلى بولامدۇ؟ مەندەك بىر ۋاپاسىز ئوغۇلنى نېمىشقىمۇ تۇغقان بولغىيتتىڭ؟

**ئانا:** ئاتا - ئانىنىڭ كۆڭلى بىر ئەزىم دەريا، بالام. ئۆزۈڭنى تېتىك تۇت. بالام نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىغاندۇ؟ بىرەر كۆڭۈلسىزلىك ئۇنىڭ دىلىنى رەنجىتكەنمىدۇ، دەپ يەنە ئازابقا قالماي.

**ئادىل:** ئاھ، مېھرىبان ئاپام. سەن يەنىلا ئۆزۈڭنى ئۇنتۇپ، بىز پەرزەنتلىرىڭنىڭ ئوتىدا پۇچۇلىنىۋاتىسەن. ئاپا، قوللىرىڭغا سۆيەي، پۇتلىرىڭغا بېشىمنى قوياي. ئاشۇ بوۋاق چاغلىرىمدىكىدەك سېنى بىر ھىدلاپ ئالاي.

〔ئادىل تىزلىنىدۇ. سەھنە قايتا يورۇغاندا، ئادىل بېشىنى ئانىنىڭ تىزىغا قويۇپ ئولتۇرغان ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ.〕

ئادىل: ئاپام يىغلاۋاتىدۇ. بەزى ئىشلار ئۇنىڭ ئېسىگە كەلسە كېرەك.

ھەيدەر: ھاياتلىقتىكى ھەممە ئىش ئەمدى ئاپىمىزنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلدى. بولدى، ئەمدى ئاپىمىز خاتىرجەم ياتسۇن.

〔نەۋرىلەر، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى بىر ـ بىرلەپ كىرىپ ئانىنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇشىدۇ.〕

پەزىلەت: (ئاخىرقى بىر قوشۇق سۇنى ئانىنىڭ ئاغزىغا ئاپىرىپ) دادا، ئاپام سۇنى ئىچمىدى، ئاغزىدىن ئېقىپ كەتتى.

ھەيدەر: (ئانىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ) ازى بولۇڭ ئاپا.

〔دەل شۇ پەيتتە رۇستەم بىلەن رازىيە كىرىدۇ.〕

رۇستەم: ئاپام قانداقراق؟

ھەيدەر: خاتىرجەم يېتىڭ ئاپا. بالىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى كەلدى (قولى بىلەن ئانىنىڭ كۆزىنى سىلايدۇ).

رۇستەم: ياق، ئاپا! ... ئاپا، مەن كەلدىم. ماڭا رازىلىق بەر، ئاپا. ماڭا رازىلىق بەرگىن...

ھەيدەر: كىچىككىنە سەۋر قىلىڭلار. گېپىمدىن كېيىن ھەر كىم ئىچ باغرىدىكى ئازابنى قانداق يېنىكلەتكۈسى كەلسە، شۇنداق قىلسۇن... ئاپىمىز سېغىندى، قايغۇردى، خۇددى كىچىك بالىدەك ئۇمچىيىپ يىغلىدى، يۈزلىرى نۇرلىنىپ كۈلۈمسىرىدى. مەن بۇ يەردىكى سىرلارنى يېشىپ بېرەلمەيمەن. بۇنى پەقەت بىر ئاللا ئىگەم ئۆزى بىلىدۇ. لېكىن شۇنىسى ئېنىق، ئاپىمىز بىزگە جىق تارتىشتى. جېنىم ئاپام: «بالىلىرىم مەن ھەممىڭلاردىن رازى» دېدى. دۇنيادا ئانىدەك كۆكسى ـ قارنى كەڭ ئىنسان بارمۇ؟ بىراق بىز ئانىلىرىمىزنى زادى قانچىلىك رازى قىلالىدۇق؟ بۇنى ئۆزىمىز بىلىمىز. يۈرىكىمىز بىلىدۇ. بىز ئاپىمىزدىن: «گۆدەكلىك قىلىپ ئالدىڭىزدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن بىزنى كەچۈرۈڭ» دەپ ھەر قانچە كەچۈرۈم سورىساقمۇ، ئۇ ئەمدى بىزنىڭ ھېچقانداق نالە ـ پەريادىمىزنى ئاڭلىيالمايدۇ. پۇشايمان قىلساقمۇ كېچىكتۇق. ئاپىمىزنىڭ قەبرىسىگە ئېگىز مۇنار تىكلىسەكمۇ، پۈتكۈل ئەل ـ يۇرتنى چىللاپ كاتتا نەزىر ـ چىراغ ئۆتكەزسەكمۇ پۇشايماننىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايمىز... بىزگىمۇ ئاپىمىزنىڭ مۇبارەك نامىنى يادلاپ، ئۇنىڭ بىلەن پاتراق دىدارلاشقىمىز كېلىدىغان بىر كۈن كېلىدۇ. بىز نۇرغۇن ئىشلارنى ئەنە شۇ چاغدا چۈشىنىمىز.

〔ھەممە قايغۇلۇق ھالدا ئانىغا يېقىنلىشىدۇ. بۇ چاغدا بىردىن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ بوۋاقنىڭ قىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ھەممە بىردەك شۇ ياققا قارىشىدۇ. ئانىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئىشتىلىپ، ئۇلار يەنە بىر قېتىم لەرزىگە كېلىدۇ.〕

ئانا: (سىرتتىن بېرىلگەن ئاۋاز) ... بوپتۇ، يىغلىغۇڭلار كەلسە، بالىغا مېھرى قانماي كەتكەن ئاپام دەپ يىغلاپ قويۇڭلار. مەن سىلەردىن يەنە بىر مەرتىۋە رازى بولۇپ كېتەي.

(پەردە چۈشىدۇ)

1993 ـ يىل، ئۈرۈمچى ـ ئالمۇتا

مەزكۇر درامىنى سەھنىلەشتۈرمەكچى بولغان ئورۇن ئاپتورنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى كېرەك.
ـ ئاپتور




## ئىككى ناخشا

### مۇھەممەتئېلى زۇنۇن

### تەشنالىق

تۈنلەر ئۆتىدۇ بىدار،
ئىشقىڭدا سۆيۈملۈك يار.
دەيدۇ كۆپنى كۆرگەنلەر:
خەت دېگەن يېرىم دىدار.

خەت ئەمەسمۇ ئەي جانان،
يىراقنى يېقىن قىلغان.
چاڭقىغان يۈرەكلەردە
خۇشلۇقنى ئېقىن قىلغان.

كېچىلەر ئۇزۇن شۇنچە،
تەشنا قىلمىغىن مۇنچە.
ئېچىلسۇن كۈلۈپ ياشناپ
كۆڭلۈم بېغىدا غۇنچە.

### بەگباش قىز

ئۇنۇت نامەرد ئاداشىڭنى،
كۆيۈمسىز باغرى تاشىڭنى.
ئۆزۈڭدىن ئۆتتى، بەگباش قىز،
بىھۇدە تۆكمە ياشىڭنى.

چۈشۈشنى بىلمىدىڭ، ئۇچتۇڭ،
غېمىڭگە دەرد ـ ئەلەم قوشتۇڭ.
كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەچ،
پۇشايمان ئەگدى باشىڭنى.

بىھۇدە تۆكمە ياشىڭنى،
كۆتۈرگىن ئەمدى باشىڭنى.
چۈشۈشنى ئۇنتۇما ئۇچساڭ،
سەپەر قىلساڭ ياناشىڭنى.

## ئىككى ناخشا

### ئابدۇسالام توختى

### تاماشا قىل باھارىمنى

زامانەم مەڭگۇ يار قىلدى بەختكە ھۆر دىيارىمنى،
كۆڭۈلنى شاد ـ خۇرام ئەيلەپ، يوقاتتى ئاھۇ ـ زارىمنى.

بۇلۇتلار قوغلىنىپ پۈتكۈل، كۈلۈپ يۈز ئاچتى كۆك ئاسمان،
چېچىپ نۇرىنى ئالتۇن كۈن يورۇتتى لالىزارىمنى.

باراقسان باغۇ ـ بوستاندا ئېچىلدى رەڭمۇ رەڭ گۈللەر،
جاھان ئەھلى تاماشا قىل كېلىپ كۆركەم باھارىمنى.

چېۋەر سازەندە ساز چالسا، قونار دۇتارىغا بۇلبۇل،
جېنىڭغا جان قوشار ئاڭلا، ئەبەد ئۆلمەس مۇقامىمنى.

### ئاتا ـ ئانا قەدىردانىم

قانچە تۈنلەر ئۇيقۇسىز ئاتا ـ ئانام جان كۆيدۈرۈپ،
مىڭ جاپا بىرلە مېنى چوڭ قىلدى ساغلام ئۆستۈرۈپ.

بىلمىدىم، ئاتا ـ ئانادەك مېھرى گۈلخان بارمىدۇ؟
قىز ـ ئوغۇل پەرزەنتىگە شۇنداق كۆيۈمچان بارمىدۇ؟

ھۆرمىتى يۈكسەك ئۇلارنىڭ، قەدرى چەكسىز بىباھا،
بەختىيار مەن بىر ئۆمۈر قەرزىمنى گەر قىلسام ئادا.

شادلىقىم، بەختىم، يۆلەنچىم، كۈچ ـ مادارىمدۇر ئاتام،
مېھرىۋانىم، دىلئارامىم، غەمگۇزارىمدۇر ئانام.

## تالليۇالدىم ئۆزۈڭنى

### تۇرسۇن نىياز

گۈل قولۇڭدىن گۈل سوراپ،
كىردىم جانان بېغىڭغا.
كەلدىڭ كۈلۈپ خۇشچىراي،
نازلىق قاراپ قېشىمغا.

گۈل سوراشتىن ئۇيالدىم،
بىر كۆرۈپلا يۈزۈڭنى.
گۈل شېخىغا ئوخشاتتىم،
ئەۋرىشىمدەك بويۇڭنى.

ئۈزمە جانان گۈلۈڭنى،
ئاۋارە قىلىپ قولۇڭنى.
تالليۇالدىم باغ ئارا،
گۈل ئورنىدا ئۆزۈڭنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com




# سەنئەت تەرەققىياتىدا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

ئابلىجان ھېيت
(شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەلگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ باشقۇرۇش مېخانىزمىدىكى كونا تۈزۈلمىلەر تەدرىجىي ئۆزگەرتىلىپ، سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇرلاشتى ۋە بېيىدى، تېما دائىرىسى كېڭەيدى، تۈرى كۆپەيدى، تەربىيىۋى رولى كۈچەيدى. ئىچكى جەھەتتىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمىسى مۇۋاپىق تەڭشىلىپ، ئارتىسلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى مۇئەييەن دەرىجىدە قوزغىتىلىپ، بەلگىلىك ئۈنۈم ۋە تەجرىبىلەر ھاسىل قىلىندى. لېكىن يېقىندىن بۇيان، كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنى بىۋاستە باشقۇرغۇچى ئورۇنلار سەنئەت

ئۈمەكلەرنىڭ ھاياتىي كۈچكە تولغان باشقۇرۇش مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، كۈچلۈك ئىسلاھات روھى بىلەن كۆپ ئىزدەنگەن، نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قەدىمىگە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىغا دېگەندەك ماسلىشىپ كېتەلمىدى. بۇنىڭدا ھەل قىلىشقا، ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك مۇنداق بىر قانچە مەسىلە ساقلانماقتا:

**1. ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئورنى ۋە رولىغا بولغان ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسى.** پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتۇش فاڭجېنى ئىزچىل تەكىتلىنىپ كېلىنىۋاتقان بولسىمۇ، بەزى تارماقلاردا ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە يۈكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە، بولۇپمۇ سەنئەت ئۈمەكلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ خىزمەتلىرىگە دېگەندەك ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتىدۇ. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش ھازىرقى دەۋرنىڭ ئېھتىياجى. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بولغان ئاكتىپ تەسىرىنى كۈچەيتىشمۇ دەۋرنىڭ ئېھتىياجى.

تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ قارىشىچە، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ھەر قانداق جەمئىيەت مەدەنىيىتىگە ئوخشاش ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىرىكىشىدىن تەشكىل تاپىدۇ. شۇڭا، ھەر قانداق شارائىتتا ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ماددىي مەدەنىيەت مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ماددىي ئاساس ۋە ئۈنۈملۈك شارائىت يارىتىپ بەرسە، مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن روھىي ئوزۇق، مەنىۋى كۈچ بەخش ئېتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىدىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئادەم تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى. بىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئادەملەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىمىز. دېمەك، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پۈتكۈل مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە، كىشىلەردە توغرا غايە، ئېتىقاد، قىممەت قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلەشتە، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان ئىدىيىۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈش زۆرۈر.

**2. سەنئەتنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە قانداق يۈزلەندۈرۈش مەسىلىسى.** ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى ئالاھىدە رايونلار، دېڭىز بويىدىكى ئۆلكە، شەھەرلەر، ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا تۇرغان رايونلار بىلەن چېگرا رايونلارنىڭ سەنئەت تەرەققىياتى ئۆز يېرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئاساسەن پەرقلىق ھالەتتە تۇرماقتا. بەزى رايونلارنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرى شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ ئالاھىدە تەرەققىياتقا ئېرىشمەكتە. ھالبۇكى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى دېگەندەك تەرەققىي تاپمىغان چەت - ياقا رايونلارنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرى ھەتتا بۇرۇنقى ھالىتىنى ساقلاپ قالالماسلىقتەك ئاقىۋەتكە دۇچ كەلمەكتە.

ئىقتىسادى ئالاھىدە رايونلاردىكى مەلۇم بىر كەسپىي سەنئەت ئۆمىكىنى ھۆكۈمەت راسخوت ئاجراتمىغان ئەھۋال ئاستىدا شۇ جايدىكى كارخانا، شىركەتلەر ياردەم قىلىش يولى بىلەن بىمالال بېقىپ كېتەلەيدۇ. مەلۇم شىركەت ياكى كارخانا مەلۇم بىر خاتىرە كۈن ياكى ئالاھىدە پائالىيەت ئۈچۈن بىرەر سەنئەت ئۆمىكىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆمەكتىكى ھەر بىر ئارتىسقا ھەم ئۆمەككە خېلى كۆپ مىقداردا ھەق بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۆمەكلەر نوقۇل كارخانا ياكى شىركەتلەرگە تايانماي سودا خاراكتېرلىك ئويۇن قويۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان تەقدىردىمۇ، ئۆز چىقىمىنى كۆتۈرەلىگەنلىك سىرتىدا يەنە نۇرغۇن ساپ كىرىمگە ئىگە بولالايدۇ. چۈنكى ئۇلار بېلەت باھاسىنى خېلى يۇقىرى قىلسىمۇ بازار كۆتۈرىدۇ. خەلق شۇ پۇلنى چىقىم قىلالايدۇ. لېكىن بىزدىچۇ؟ گەرچە بىزدىمۇ شۇنداق چوڭ تىپتىكى كارخانا، شىركەتلەر بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە ئۇنداق قىلالايدىغانلار چىقمىدى. ئەگەر بىز ئەسلى - ۋەسلىمىز بىلەن بازارغا يۈزلىنىپ، سودا خاراكتېرلىك ئويۇن قويۇپ، بىر بېلەتنى 50 - 60 يۈەندىن ئەمەس، 10 يۈەندىن ساتساقمۇ تاماشىبىنلىرىمىز كۆتۈرەلمەيدۇ. شۇڭا بىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بويىچە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش

www.uyghurkitap.com

پرىنسىپى بويىچە مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىنى تېپىپ چىقىشىمىزغا، مەدەنىيەت - سەنئەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ، ئۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە ماس كېلىدىغان ئۇسۇل - تەدبىرلەر ئارقىلىق مۇكەممەل ھەرىكەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشىمىزغا، ئالدى بىلەن سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئۆزىنى بېقىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، ئاندىن ئۇنى بازار ئىگىلىكىگە تولۇق يۈزلەندۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

## 3. كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تەمىناتىنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسى.

مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشنى كۆزدە تۇتۇش بىلەن بىللە بەلگىلىك دەرىجىدە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشنى كۆزلەيدۇ. لېكىن ئاساسلىقى يەنىلا ئىجتىمائىي ئۈنۈم.

مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىدا كۆز ئالدىمىزدىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە قىزىقىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولىغا ۋە ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىگە ھەمدە ئۆزى بىلەن بىللە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدىغانلىقىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمىغاندا ھەر ئىككى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىز ئىقتىساد تەرەققىي قىلسا مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرى ئۆزلۈكىدىن تەرەققىي قىلىدۇ، دەپ قاراپ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمىسەك، بۇ خىل يۈزلىنىش تەبىئىي ھالدا مۇشۇ رايوننىڭ، شۇنداقلا مۇشۇ رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشى ھەتتا يوقىتىۋېتىشى مۇمكىن. ۋاقتى كەلگەندە ھەر قانچە كۆپ پۇل خەجلەپمۇ ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيمىز.

بىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن باشقا يەنە ئۇنى قوغداش، قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ھەمدە ۋارىسلىق قىلىش، تەشۋىق قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار. بۇ مەجبۇرىيەتنى بازارغا يۈزلىنىش بىلەنلا ئادا قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا بىر تۈركۈم تەتقىقاتچىلار، شەرت - شارائىت ۋە پائالىيەت راسخوتى لازىم بولىدۇ. بولمىسا ئۇزاق دەۋرلەر مابەينىدە خەلق تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن نۇرغۇن بىباھا مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى ھەمدە يۇقىرى سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرىمىزنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزەلمەيمىز.

شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى كلاسسىك سەنئىتىمىزنى بولۇپمۇ 12 مۇقامنى قېزىش، تەتقىق قىلىش، توپلاش، رەتلەش، سەھنىلەشتۈرۈش ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەمدە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئىز - باسارلارنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدىغان ئۆمەك. ئۇنىڭغا زور مىقداردا مەبلەغ ئاجرىتىلمىسا يۇقىرىقى مەقسەتكە يەتمەك تەس.

12 مۇقام سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۆزىنى بېغىشلىشى نەتىجىسىدە تۈرلۈك تارىخىي بوران - چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى بېيىتىپ، راۋاجلاندۇرۇپ، تولۇقلاپ كەلگۈسى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتى. بۇنىڭ ئۈچۈن گېزى كەلسە يېنىدىن يېتىشىۋاتقان پىداكارلارغا پۇل بېرىپ تۇرۇپ ئۆگەتسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئەمما نۆۋەتتىكى دىئىمىزغا چۈشۈش قىزغىنلىقى كلاسسىك سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتىپ شەخسىي تاپاۋەت كېچىكىگە باشلاپ كىرمەكتە. بۇنداق كەيپىياتنى تۈگەتمەي، سەنئەتكارلارنىڭ ئۆز كەسپىگە بولغان قىزغىنلىقىنى، ئۆز مىللىتىنىڭ سەنئىتىگە ئۆزىنى بېغىشلاش ئېڭىنى كۈچەيتمەي، بەزى زۆرۈر شارائىتلارنى ھازىرلاشقا تىرىشماي تۇرۇپ كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى كاپالەتكە ئىگە بولۇشى، ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت بۇنىڭ ئۈچۈن راسخوت ئاجرىتىشى كېرەك. سەنئەت ھەر قانداق زاماندا ۋە ماكاندا پەرۋىش قىلىشقا، تەربىيىلەشكە مۇھتاج. جەمئىيەت ئۆز سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىمەن، ۋايىغا يەتكۈزىمەن دەيدىكەن، تالانت ئىگىلىرىنى ئاسرىشى، ئەقىدىلىك ياش سەنئەتكارلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

سەنئەت، بولۇپمۇ كلاسسىك سەنئەت ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولسا ئاندىن قوغداش، يېتىشتۈرۈش، تەرەققىي قىلىش، ۋارىسلىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. مانا بۇ، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نىشانى، ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان چەت - ياقا، چېگرا رايونلارنىڭ ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مىللىي سەنئىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنىڭ مەزمۇنى. ئەنە شۇ سىياسەتنىڭ روھى بويىچە مەدەنىيەت - سەنئەتنى بىۋاسىتە باشقۇرغۇچى تارماقلار، سەنئەتكارلار، كارخانىچىلار ۋە پۈتكۈل خەلق مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، مىللىي

سەنئىتىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن بىرلىكتە باش قاتۇرۇشىمىز، تىرىشىشىمىز، جان كۆيەرلىك بىلەن ئىشلىشىمىز كېرەك. بۇ ھەممىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان شەرەپلىك مەجبۇرىيىتى.

# سەنئەتتىكى ۋارىسلىق قىلىش بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

**يۈسۈپ كېرىم**

(ش ئۇ ئار ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)

سەنئەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك — ئەنئەنىۋى سەنئەت مىراسلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن سەنئەت ئىجادىيىتىمىزدە دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى بىر - بىرىگە مەھكەم باغلاپ تۇرىدىغان ئۈزۈلمەس رىشتە. ئۇ ئاساسەن مۇزىكىلىق سېزىم ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇنداق مۇزىكىلىق سېزىم بىر مىللەتكە ئورتاق بولغان مۇزىكىلىق تەپەككۇر سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىر خىل ئورتاق تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە شۇ ئانا تىل ئاساسىدىكى مۇزىكىلىق سېزىم بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان ھەر قانداق بىر كىشى ھەر بىر مۇزىكىنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكىسى ياكى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلالايدۇ. مانا بۇ بىر مىللەتكە ئورتاق بولغان مۇزىكىلىق تەپەككۇر سىستېمىسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى. بىر مىللەتنىڭ مۇزىكىلىق تەپەككۇر سىستېمىسى شۇ مىللەت سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىر مىللەتنىڭ مۇزىكىلىق تەپەككۇر سىستېمىسى ئانا تىل ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولسىمۇ، تىل ئوقۇشمايدىغان مىللەتلەرمۇ مەلۇم دائىرىدە ئۆز ئارا مۇزىكا ئالماشتۇرالايدۇ ۋە چۈشىنەلەيدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئىنسانلارنىڭ تىلى ئوخشىمىغىنى بىلەن كۈلكىسى ئوخشايدۇ، يىغىسى ئوخشايدۇ، مۇزىكا ئەنە شۇنداق ئوخشاشلىقلارنىڭمۇ لىرىكىلىق ئىنكاسى، شۇنداقلا ئۇ سېزىم جەھەتتە ئانا تىلنى نىسبىي ھالدا ۋاستە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنسانلارنىڭ تىل ئارقىلىق ئىپادىلەشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان لىرىك ھېسسىياتلىرىنىڭمۇ ئىنكاسى. شۇڭا ئۇ شەكىللىنىش جەھەتتىكى قويۇق مىللىي تۈس، مىللىي پۇراق ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ مىللەتتىن ھالقىغان ئورتاق ھېسسىياتلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، سەنئەت مىراسلىرىمىزغا ھەم ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ھەم ئۇنى ئىجادىي يوسۇندا بېيىتىشىمىز لازىم. مۇبادا ۋارىسلىق قىلىشنىلا تەكىتلەپ، ئىجادىي يوسۇندا بېيىتىشقا ئەھمىيەت بەرمىسەك، دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالىمىز، ئەجدادلارنىڭ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالمايمىز. ئەكسىچە، ۋارىسلىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەندە، ئىجادىي يوسۇندا بېيىتىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. مىللىي ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇشتىن چەتنەپ، نوقۇل ھالدا دۇنياغا يۈزلىنىمىز دېسەك، «كەكلىكنى دورايمەن دەپ مېڭىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ» دېگەندەك ئاقىۋەتكە قالىمىز.

ئىلگىرى بىز سەنئەت مىراسلىرىمىز ئاساسىدا كۆپلىگەن ناخشا - مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان بولساقمۇ، ئۇلارنىڭ ئامما ئىچىگە تارقىلىپ ئومۇملاشقانلىرى كۆپ بولمىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، سولچىل ئىدىيەۋى لۇشيەن تۈپەيلى ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان مەدھىيە ناخشىلىرى كۆپ بولدى، كۆپ ساندىكى ناخشا - مۇزىكىلار بەدىئىي جەھەتتە مەلۇم قىممەتكە ئىگە بولغان بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ مۇزىكا سېزىمى بىلەن ماسلىشالمىدى. نەتىجىدە ئۇ خىل ناخشىلار خەلق ئاممىسى سەھنە، رادىئودىن ئاڭلايدىغان ئەمما ئۆزى ئېيتالمايدىغان سەھنە ناخشا - مۇزىكىلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. ئىككىنچىدىن، ئۆتكەنكى خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستا بولغاچقا، خەلق ئاممىسى ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئېڭىنىڭ ئاسارىتىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. شۇڭا، ئۇلار سەنئەت جەھەتتىكى يېڭىلىقنىمۇ ئاسان قوبۇل قىلالمىدى.

يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ سەنئەت پسىخىكىسىدا ياش پەرقى بويىچە بىر خىل پەلەمپەي شەكىللىك ھالەت شەكىللەندى. مۇنداق ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىدە ياشلارنىڭ سەنئەت جەھەتتە يېڭىلىققا ئىنتىلىش تەشنالىقى گەۋدىلەنگەن. مەسىلەن، مەن 1988 - يىلى باھار بايرىمى

ھارپىسىدا قەشقەر شەھەرلىك «كوئىنلۈن ياشلار سەنئەت ئۆمىكى» نىڭ ئورۇندىشىدىكى كونسېرت نومۇرلىرىنى كۆردۈم. نومۇرلارنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى خىلمۇ خىل بولۇپ، كۆلۈبنىڭ كەيپىياتى باشتىن ـ ئاخىر ناھايىتى قىزغىن بولدى. ئەنئەنىۋى ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇللار ئورۇندالغاندا 50 ياشتىن ھالقىغانلار ۋە ياشانغانلار قىزغىن چاۋاك چالدى. ئەنئەنىۋى ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇللار بىلەن زامانىۋى روھ بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىجاد قىلىنغان نومۇرلار ۋە ھازىرقى زامان ئۇسسۇللىرى، چەت ئەل ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ئورۇندالغاندا ياشلارنىڭ چاۋاكلىرى ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇردى، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئوتتۇرىدا قالغانلار ئىكەن، ئۇلار ئالدىنقى ۋە كېيىنكى خىلدىكى كونسېرت نومۇرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالقىشلىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ خىل ھالەت ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئومۇمىيلىققا ئىگە.

بىر مىللەتنىڭ سەنئەت تەرەققىياتىنى شۇ مىللەتنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىن ئايرىپ قاراش، سەنئەتنىڭ تۇرمۇشنى مەنبە قىلىش، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت تۈپ قانۇنىيىتىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بىر مىللەتنىڭ سەنئەت تەرەققىياتىنى تامامەن شۇ مىللەتنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت تەرەققىياتى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىغا باغلىق دەپ مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتەلمەيمىز بىراق پەن ـ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ مىللەتنىڭ سەنئەت تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلالمايمىز. ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن يېقىنلىققا، تەرەققىياتقا ئىنتىلىش كىشىلەر قەلبىنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالدى. نەتىجىدە چەت ئەللەرنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا قىزىقىش ھېسسىياتىنىڭ تۇرتكىسىدە ياشلار ئىچىدە چەتنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا، تولغىما ئۇسسۇللىرىغا قىزىقىش بىر مەھەل يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، بىراق سەنئەت تۇيغۇسى جەھەتتە بىر خىل ئاڭسىزلارچە بۇرۇلۇش پەيدا قىلغان بۇ خىل ھالەت ئۇزاق داۋاملىشالمىدى. «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ» دېگەندەك، ئۇلار يەنىلا مىللىي ناخشا ـ ئۇسسۇل گۈلزارىمىزغا قايتىپ كەلدى. چەتنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا، تولغىما ئۇسسۇللىرىغا بولغان قىزىقىش ئۇلارنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن مىللىي سەنئەت تۇيغۇسىنىڭ ئورنىنى باسالمىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا ھازىرقى ھالەتتىن قانائەتلەنمەسلىك تۇيغۇسى كۈچلۈك. ئۇلار مىللىي سەنئىتىمىز ئاساسىدىكى يېڭىچە سەنئەت شەكىللىرىنىڭ، ناخشا ـ مۇزىكىلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭى بىلەن ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ئۆتكۈر زىددىيەت مەۋجۇت. ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلارنى ئالساق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىزنىڭ رىتىمى ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېڭى، تۇرمۇش رىتىمى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار يېڭى، ئۆزگىچە نەرسىلەرنى ئاسان قوبۇل قىلالمايدۇ. نەتىجىدە رېئال تۇرمۇشىمىزدا دادىسى تېلېۋىزور قانىلىنى مىللىي ناخشا ـ مۇزىكىلارغا توغرىلىسا، بالىسى چەت ئەل ناخشا ـ مۇزىكىلىرىغا توغرىلايدىغان، ئاتا ـ بالا قانال تالىشىدىغان كومېدىيىلىك ۋەقەلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. بۇ ھالەت ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىنكى، ھازىرقى زامان مىللىي مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ ئېتىبارسىز قاراشقا بولمايدىغان مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. پەن ـ مەدەنىيەتتە بىر قەدەر ئارقىدا قالغان مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، باشقىلار بارلىققا كەلتۈرگەن گۈزەل مۆجىزىلەر توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى شۇ مىللەتنىڭ ئىستېتىك مۇزىكىلىق تۇيغۇسى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا ياشلارنىڭ ھېسسىيات جەھەتتە چەتنىڭ سەنئىتىگە قىزىقىپ كېتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، بەلكى بۇ خىل ھالەت مىللىي سەنئەت ئىجادىيىتىمىزگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. مەسىلەن، غالىپجان غوپۇر ئېلېكترونلۇق گىتار بىلەن ئورۇندىغان مۇقام مەرغۇللىرى ئورۇنداش سەنئىتى جەھەتتە، چەت ئەللىكنى مىللىي سەنئىتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇسسۇل سەنئىتى جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىجادىيەتچىمىز كۈرەش رەجەپ ئىجاد قىلغان بىر تۈركۈم ئۇسسۇللاردا كونىچە تەقلىدىي تەپەككۇر ئەندىزىسى بۇزۇپ تاشلاندى. ئىززەت ئىلياسنىڭ ئورۇنداش سەنئىتى جەھەتتىكى ماھارىتى ناخشا مەزمۇنى تەلەپ قىلغان ئوبرازنى يارىتىشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى. يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كۆلدۈرگە نومۇرلىرى كونا شەكىل ئارقىلىق يېڭى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتەك روشەن ئالاھىدىلىكى بىلەن سەنئەت بازىرىمىزنى لەرزىگە سالدى. ئەمما بۇ نەتىجىلەر سۇبھى ئاسمىنىدا ئاندا ـ ساندا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلاردەك تولىمۇ ئاز، خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە ياشلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىدىن خېلىلا يىراق. خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېڭى يېڭىلانغانسېرى، سەنئەت پسىخىكىسىغىمۇ يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ بارىدۇ، مەنىۋى جەھەتتە ئۆزلىرى ئىزدەۋاتقان نەرسىنى تاپالمايۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ، جۈملىدىن ياشلارنىڭ يېڭى دەۋردىكى سەنئەت پسىخىكىسىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ تاپالمايۋاتقان نەرسىسىنى تېپىپ بېرىش، ئۇلارغا «ئۇسسۇغاندا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىش» كەسپىي سەنئەت تارماقلىرى ۋە كەسپىي سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، شۇنداقلا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى.

# تاتار خەلق لەتىپىلىرى





## نېمىنى ياخشى كۆرىسەن؟

بىرەيلەن بوغالتىر دوستىدىن سوراپتۇ:

— سەن نېمىنى ياخشى كۆرىسەن؟

— مەنما؟ — دەپتۇ بوغالتىر، — مۇپەتتىشلەر كېلىپ ھېساب تەكشۈرگەندە، ھېساباتىمدىن قىڭغىر كېتىپ قالغان يەرلەرنى زىغىرلاپ ئولتۇرمايلا خۇلاسە دوكلاتىنى چىرايلىق يېزىپ، قول قويۇپ بولۇپ قايتىپ ماڭغاندا، ئۇلارنىڭ ئايىغىدىن چىققان تىۋىشىنى بەك ياخشى كۆرىمەن.

## قاچانراق ئۆلەرسىز؟

ئۆيلىنىش ئالدىدا تۇرغان بىر يىگىت بولغۇسى قېيىن ئاتىسىغا، سېلىنغان تويلۇقنى سەل ئازايتىشنى تەلەپ قىپتۇ. قىزنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا:

— بۇ تويلۇققۇ بىزنىڭ بىساتىمىزنىڭ ئالدىدا ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق. بىز ئۆلگەندىن كېيىن بارلىق مال - مۈلكىمىز قىزىمىزغا قالىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ قىزىمىزدىن باشقا مىراسخورىمىز يوق، —

چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

• بولغۇسى كۈيئوغۇل تولىمۇ نەپسانىيەتچى يىگىت ئىكەن. ئۇ:

- ئەمىسە قاچانراق ئۆلەرسىز؟ - دەپتۇ ئۆزىنى تۇتالماي.

## بېخىلنىڭ جاۋابى

بىر ئاچكۆز، بېخىل ئادەم مېھماندارچىلىققا بارغانىكەن، ساھىبخان ئۇنىڭدىن:

- چاينى قېنىق ئىچەمسىز، سۇسمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

- ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدە سۇسراق ئىچىپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن، خەقنىڭ ئۆيىدە قېنىقراق دەملەنگىنى ياخشى، - دەپتۇ بېخىل.

## پۇشايمان

بىرەيلەن لاتارىيە بېلىتىدىن ئىككىنى ئاپتۇ. بىرىنچى بېلەتكە موتسىكلىت چىقىپتۇ، ئەمما ئىككىنچى بېلەتكە ھېچ نەرسە چىقماپتۇ. ئۇ كىشى شۇ بېلەتكە قاراپ مەيۈسلىنىپ ئولتۇرسا، كىشىلەر ئۇنىڭغا:

- موتسىكلىتقا رازى بولمايۋاتامسەن نېمە؟- دەپتۇ.

- موتسىكلىتتىنىڭغۇ قالتىس رازى بولدۇم. ئىككىنچى بېلەتنى ئالغىنىمغا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، - دەپتۇ ئۇ ئۆكۈنۈپ.

## بوۋاينىڭ مېھمانلىرى

بىر بوۋاي مېھمان چاقىرىپتۇ، بىراق مېھمانلىرىنىڭ بەزىلىرى كېلەلمەپتۇ. كەلمىگەنلەرنى كۈتۈۋېرىپ ئاخىرى بوۋاي مېھمانلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىپتۇ - دە:

- چاقىرغاندا ۋاقتىدا كەلگەن مېھمانلارنى ئۆز تۇغقىنىمدەك كۆرىمەن، - دەپتۇ.

بۇ چاغدا مېھمانلاردىن بىرسى سوئال قويۇپ:

- چاقىرغاندا كېلەلمىگەنلەرنىچۇ، - دەپتۇ.

- چاقىرغان تۇرۇقلۇق كەلمەي قالسا، جېنىمدەك ئەزىز كۆرىمەن، - دەپتۇ بوۋاي.

## كۆڭۈلدىكى كىشى بولمىغانلىقتىن

بىر قىزنىڭ سۆيگەن يىگىتى قازان شەھىرىگە كەتكەنىكەن. كەچتە قىز كۆلۈۋقا بېرىپتۇ. شۇ كۈنى كۆلۈۋقا ئادەم تولىمۇ كۆپ يىغىلغانىكەن. قىز ئۆزىنىڭ يېنىدا يىگىتى بولمىغانلىقتىن شۇنچىۋالا كىشىلەر كۆزىگە كۆرۈنمەپتۇ. بىر دەم تۇرۇپ بېقىپ كۆڭۈلسىز بولۇپ ئۆيگە قايتىپتۇ. يولدا يولۇققان دوستلىرى ئۇنىڭدىن:

- نېمانداق بالدۇر قايتتىڭ؟ - دەپ سوراپتۇ. قىز ئۇلارغا:

- كۆلۈۋقا بىرمۇ ئادەم كەلمەپتۇ، ھەممىسى قازانغا كېتىپتۇ، - دەپتۇ مەيۈسلىنىپ.

## كۆڭلى نازۇك كىشى

كۆڭلى بەكمۇ نازۇك، سىپايە بىر كىشى تولىمۇ گۈزەل بىر ئايالنى كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئەمما ئۇنىڭغا ئاشىقلىقىنى ئېيتىشقا زادىلا جۈرئەت قىلالماپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ ئاخىرى ئۇ ساھىبجامال ئايالغا:

- ئاھ، سىزنىڭ ئېرىڭىز ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، مەن ئۇنىڭغا چىن دىلىمدىن قايغۇرىمەن. ئۇ رەھمەتلىك نېمەدېگەن بىتەلەي ئادەم، نېمانچە بالدۇر قازا قىلىپ كەتكەندۇ. مۇبادا ئېرىڭىز ھايات بولسا، مەن ئۇنىڭ بەختىگە ھەيرانمەن. دۇنيادا ئەجەبمۇ بەختلىك كىشىلەر بار - ھە؟ - دەپتۇ.

## ئاخىرقى ئەسكەرتىش

بىر يىگىت گۈزەل بىر قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. بىراق قىز بۇ يىگىتنىڭ تەلپىگە زادى ماقۇل بولماپتۇ. قىزنى پەقەتلا كۆندۈرەلمىگەن يىگىت ئاخىرىدا قىزغا مۇنداق خەت يېزىپتۇ:

«ماڭا زادى ئۇنىمىسىڭىز، ئاخىرقى سۆزۈمنى ئېيتىۋالاي: چۈشۈمگە كىرىپ قېلىشىڭىز ئېھتىمالغا يېقىن. ئەگەر چۈشۈمدە سىز بىلەن بىرەر ئىش ئۆتۈلۈپ قالسا، مەن ئۇنىڭغا جاۋابكار ئەمەس».

## ئاي يورۇقىدا

بىر يىگىت بىلەن بىر قىز ئايغا قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار تولىمۇ تارتىنچاق، كەمسۆز ئىكەن. بىردەم تۇرغاندىن كېيىن قىز يىگىتتىن سوراپتۇ:

- نېمىنى ئويلاۋاتىسەن؟

- سەن نېمىنى ئويلىساڭ مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتىمەن.

قىز يىگىتنى بىر نوقۇپ قويۇپ:

- ئۇياتسىز، شۇنىمۇ ئويلاپ تۇرامدىكەن، - دەپتۇ.

## قىزنىڭ كۆز قارىشى

بىر قىزنى ياتلىق قىلماقچى بوپتۇ. بىراق قىز زادىلا ئۇنىماپتۇ. يىغلاۋېرىپتۇ. ئانىسى قىزغا

www.uyghurkitap.com

نەسىھەت قىلىپ:

– قىز بالا دېگەن چوڭ بولغاندىن كېيىن تۇرمۇشقا چىقىدىغان گەپ. بۇ، خۇدانىڭ ئىرادىسى. مانا مېنىمۇ سەندەك ۋاقتىمدا ئەرگە بەرگەن، مەن ئۇ ۋاقىتتا ئاتا - ئانامنىڭ كېپىنى ئاڭلىغان، ئۇلارنىڭ كېپىنى زادىلا يەرمىغان، – دەپتۇ.

– سېنى ياتلىق قىلغان بىلەن يات ئادەمگە بەرمەپتىمىغۇ، دادامغا بېرىپتىمىغۇ، – دەپ قىز تېخىمۇ بەك يىغلاشقا باشلاپتۇ.

## گېپى بىر يەردىن چىقىش

خېلىدىن بېرى كۆرۈشمىگەن ئىككى ئاغىنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بىرسىنىڭ ئىسمى نۇرتازا، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى سەلىم ئىكەن.

– ھە، سەلىم قانداقراق ئەھۋالىڭ، ئوبدان تۇردۇڭمۇ. سېنى ئۆيلىنىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، راستمۇ؟

– راست دەيسەن دوستۇم نۇرتازا، ئۆيلەندىم.

– سەن بىر ۋاقىتلاردا ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەي بويتاق ئۆتۈپ كېتىمەن، دەيتتىڭغۇ.

– مەن زادىلا ئۆيلەنمەي دېگەن، قاراپ تۇرۇپلا ئىشلار باشقىچە بولۇپ كەتتى دېگىنە. بىر كۈنى كۆڭۈل ئېچىش ئولتۇرۇشىدا ساھىبجامال بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇمۇ ئۆمۈر بويى تۇرمۇشقا چىقماسلىققا ئەھدى قىلغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىمىزنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقىپ قىلىپ، توي قىلىپ قالدۇق، – دەپتۇ.

## يېشىل مارجان

يېڭىدىن توي بولغان بىر قىز ئانىسىغا:

– ئېرىم بىلەن مۇناسىۋىتىم بارغانسېرى يىرىكلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، گەپ تالىشىپ قالساق، تەڭ تۇرىمەن، ئۇ ۋارقىرىسا، مەنمۇ ۋارقىرايمەن، ماڭا قاراپ ئېتىلسا، مەنمۇ ئېتىلىمەن. بىزنىڭ ئۆيىمىز زادى ئۆي بولمايدىغان ئوخشايدۇ، قانداق قىلىمەن؟ – دەپتۇ زارلىنىپ يىغلاپ.

ئانىسى قىزىغا بىر يېشىل مارجان بېرىپ:

– ئەگەر ئېرىڭ ئاچچىقلاپ ۋارقىراشقا باشلىسا، دەررۇ مۇشۇ مارجاننى ئاغزىڭغا سېلىپ چىشلەپ تۇرۇۋال، ئېرىڭ ۋارقىراشتىن توختىمىغۇچە ئاغزىڭنى ئاچقۇچى بولما، مارجاننىڭ خاسىيىتىنى شۇ چاغدا بىلىسەن، – دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئېرى ۋارقىراشقا باشلىسىلا خوتۇنى دەررۇ ئاغزىغا ھېلىقى مارجاننى سېلىۋېلىپ، ئانىسىنىڭ دېگىنى بويىچە زۇۋان سۈرمەي تۇرۇۋالىدىكەن. خوتۇنى جىم تۇرۇۋالغاچقا، ئېرىمۇ ئازراق ۋارقىراپلا ئاچچىقى بېسىلىپ توختاپ قالىدىكەن، شۇنداق قىلىپ بارا - بارا بۇ ئائىلىدە ئۇرۇش - جېدەل يوقاپ، ئەر - خوتۇن ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتىدىغان بوپتۇ.

## يېڭى زامان كېلىنى

ئۆيدە سۆز قالمىغانلىقتىن، بوۋاي بىلەن موماي سۆز ئەكەلمەكچى بولۇپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپتۇ.

بوۋاي مومايىنىڭ قولىدىكى چېلەكنى تارتىپ تۇرۇپ:

– ئەكەل چېلەكنى، سۇغا مەن باراي، – دەپتۇ.

چېلەكنىڭ بىر چېتىنى تۇتۇۋالغان موماي:

– سەن دۆڭدىن چىققۇچە دېمىڭ كېسىلىپ قىينىلىپ قالىسەن، مەنلا باراي، – دەپتۇ.

ئۆيدە - ئەينەك ئالدىدا گىرىم قىلىۋاتقان كېلىن ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ:

– نېمانداق كىچىك بالىلاردەك تالىشىپ تۇرىسىزلەر، ئالدى بىلەن بىرسىڭىزلەر بېرىپ ئەكەلگەندىن كېيىن، ئىككىنچى يول يەنە بىرىڭىزلار بارسىڭىزلار بولمامدىمۇ؟ – دەپتۇ.

## چۆچۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم

ئېرى ئىش بىلەن ئىككى ئاي سىرتتا يۈرۈپ ئىشى تۈگىگەندىن كېيىن ئۆيىگە قايتقانىكەن، خوتۇنى ئېرىگە:

– مۇشۇ يېقىندىن بۇيان ئۆزۈمچىلا بىئارام بولىدىغان بولۇپ قالدىم، بۇ ئەھۋالنى ساڭا تەسۋىرلەپ بېرەلمەيۋاتىمەن، – دەپتۇ.

– ھە، جېنىم، مېنى بەكمۇ سېغىنىپسەن - دە؟ – دەپتۇ ئېرى.

– ياقەي. بىرەر نەرسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسامىلا سېنى كېلىپ قالدىمىكىن، دەپ قورقۇپ، سەسكىنىپ چۆچۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم، – دەپتۇ خوتۇنى.

---

روسچىدىن غارىفۇللا يىكنىيېف تەرجىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitab.com




## ھېكمەتلەر

▲ ئەگەر ھەقىقىي ئادەم بولاي دېسەڭ تۆت نەرسىدىن: كۆڭۈلنى ھەسەتتىن، تىلنى يالغان بىلەن غەيۋەتتىن، قىلغان ئىشىڭنى مىننەتتىن، نەپسىڭنى ھارامدىن پاك تۇت.

▲ ئۈمىد - ئويغاق كىشىنىڭ چۈشى.

▲ گۇمان - بەختلىك ئائىلىنىڭ قەبرىگاھى.

▲ ھاراملىق بار يەردە رەزىللىك، ئادالەتسىزلىك بار جايدا جەبرى - زۇلۇم، يالغانچىلىق بار يەردە تۆھمەت تەنتەنە قىلىدۇ.

▲ سەممىيلىك ھەقىقەتنىڭ جېنى ۋە ھالال ئادەمنىڭ پېشانىسىغا يېزىلغان بەلگىسىدۇر.

▲ پەقەت پەسكەش ئادەملا ئالدىڭدا ماختاپ، ئارقاڭدىن غەيۋەت قىلىدۇ.

▲ خۇشامەت قىلغان كىشى تۆھمەتمۇ قىلالايدۇ.

▲ سوقۇشۇش - ئاجىزلارنىڭ قورالى.

▲ سېخىيلىق - ياتنى قېرىنداش قىلار.

▲ پاراسەتسىز ئادەم ئەيىبىنى ئاقلاشقا ئامراق.

▲ غاپىل ئادەمنىڭ ھاياتى - ئۇيقۇ بىلەن خام خىيال.

▲ پىتنە - پاسات نەدە بولسا خارلىق شۇ يەردە.

▲ ياخشىلىققا يېتەي دېسەڭ نەپسىڭنى يىغ.

▲ ئادەتتىكى ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن سەۋرچانلىق بىلەن چىقالىغان كىشىلەرلا چوڭ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن ئاسانلا چىقالايدۇ.

▲ دۇنيادا ئىككىلا نەرسە ئۆلمەيدۇ. بىرى، ياخشى ئادەمنىڭ شۆھرىتى، يەنە بىرى، ئىلىم - پەننىڭ ھېكمىتى.

▲ كىشىلەرنىڭ شان - شەرىپى مال - دۇنيادىن ئەمەس، كامالەتكە يېتىشتىن كېلىدۇ. ئىلىم ۋە ھۈنەردە كامال تاپقان كىشى پۇلسىز بولسىمۇ، ھەمىشە ئەزىز بولىدۇ. بۇ خۇددى شىر زەنجىردە باغلاقلىق بولسىمۇ، ھەيۋىتى كېمىيىپ كەتمىگەندەك بىر ئىش. ھۈنەرسىز ئادەم گەرچە زەردار بولسىمۇ خار ۋە قەدىرسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇ خۇددى ئىت ھەر قانچە توق بولسىمۇ ۋە ئېسىل زىبۇ زىننەتلەر بىلەن جابدۇپ قويۇلسىمۇ يەنىلا خار ۋە بىئېتىبار بولغىنىدەك بىر ئىش.

▲ ئۇششاق ئىشلارغا ئارىلىشىش - كۆڭۈلسىزلىكنىڭ مەنبەسى.

▲ كىشىگە يېلىنما، ئۆزۈڭنى خار قىلىسەن؛ كىشىنى يېلىندۇرما، ئۇۋال قىلىسەن.

▲ يالغان سۆزلەش - دارغا ئېسىلىشنىڭ تۇنجى قەدىمى.

▲ خەلقنىڭ رايى - ھەقىقەتنىڭ ئۆزى.

▲ ئەخلاقسىز ئادەم - بۇ دۇنيانىڭ تىرىك مۇردىسى.

▲ ياماننىڭ ئىچىدىكى بىلىم - ناداننىڭ قولىدىكى قىلىچ.

▲ كىشىگە كۈلسەڭ، ئۆزۈڭگە يىغلايسەن.

▲ پەسكەش ماختانغىنى بىلەن بۈيۈك بولماس، ئۆچكە يۇگۇرگىنى بىلەن كېيىك بولماس.

▲ خورلۇقنىڭ باشلىنىشى تەمەدۇر.

▲ ئەللىكتىكى ئەل ئىگىسى، ئاتمىشتىكى ئەل ئاتىسى.

▲ ئەگەر دىلىم ئازار يېمىسۇن دېسەڭ نادانلار بىلەن جېدەللەشمە.

## دانالار خەزىنىسى

▲ ئەگەر بېخىلدىن بىر نەرسە سورىساڭ، ئۇنىڭ مەست - كەيپ ۋاقتىدا سورىغىن.

▲ كىشىنىڭ خاتالىقى باشقىلار ئۈچۈن ساۋاق.

▲ شارائىتقا باقمىغان - ئەخمەق ئادەم؛ شارائىتقا ماسلاشقان - قابىل ئادەم؛ شارائىتنى ئۆزگەرتكەن - ئۇلۇغ ئادەم.

## ماقال - تەمسىللەر

ئۆزىنى ئۆزى چۈشەنگەن - دانىشمەن.

- تۈركمەن

ئۇنتارسەن بىللە كۈلگەن كىشىڭنى، ئۇنتۇماسسەن تەڭ يىغلىغان كىشىڭنى.

- لىۋان

خۇشاللانغاندا ئازابنى ئۇنتۇپ قالمىغان كىشى ئەڭ ئاقىل كىشى.

- موڭغۇلىيە

ھالال كەسپتىن چارچاپ ئۇخلىغان ئادەم گۇناھلىرى كەچۈرۈلگەن ھالدا تۈنەيدۇ.

- ئەرەب ھېكمىتى

ئەركىنلىك دەرىخى زالىمنىڭ قېنى بىلەن سۇغۇرۇلار. بەخت يولى باتۇرنىڭ زۇلپىقارى بىلەن ئېچىلار.

- كۇبا

نەدە يىقىلساڭ، شۇ يەردە دەس تۇر.

- تانزانىيە

بىرسىنىڭ كىملىكىنى بىلگۈڭ كەلسە، ئۇنىڭ دوستلىرىغا قارا.

- تاتار

ئەتىگەن قوپقاننىڭ ئېتىكى ئالتۇنغا تولىدۇ.

- نېمىس

بىر مويسىپىتنىڭ قازا تېپىشى بىر كۇتۇپخانىنىڭ كۆيدۈرۈلگىنى بىلەن باراۋەر.

- ئەرەب

تۇنجى ئىسمىڭنى ئاتا - ئاناڭ قويىدۇ، يامان ئىسمىڭنى ئۆزۈڭ.

- موڭغۇلىيە

يەرلىك شىۋە - يۇرتنىڭ پاسپورتى.

- ياپونىيە

## ماقال - تەمسىللەر

▲ يالغان گۇۋاھچى قاتىلدىن يامان.

▲ كۆڭۈلنىڭ تۆۋرۈكى سەۋر - قانائەت.

▲ تامنىڭ يىقىلىشى زەيدىن، ئادەمنىڭ يىقىلىشى مەيدىن.

▲ يىغلىغاندىن ھال سورا، كۈلگەندىن پۇل (سورا)

▲ كۆڭلى بۇزۇق ھەمىشە باشقىلاردىن ئەيىب ئىزدەر.

▲ ھەسرەت سۆزدىن بىلىنەر، مۇھەببەت كۆزدىن.

▲ مۇللامىنىڭ دەسمايىسى جەننەت بىلەن دوزاخ.

▲ ئۇزارتقىڭ كەلسە ئۆمرۈڭنى، ئورمانغا چۆمكە ئۆيۈڭنى.

▲ ئاتا سۆزى پەرز، ئانا سۆزى قەرز.

▲ پۇل بار يەرنى ئەزرائىل ئايلىنار.

## ئەقلىيىلەر

چۈشكۈنلۈككە قاراپ ماڭغان ياش يىگىتنىڭ قىياپىتىدەك ئېچىنىشلىق نەرسە يوق.

- مارك تۋېن

كىشىلەر پەقەت «ھەر ئىشنىڭ نورمال بولغىنى ياخشى» دېگەن مىزانغا ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈنلا جىنايەتچىلەر بىلەن دانىشمەنلەرنى ئۆلتۈرىدۇ.

جىبران خەلىل جىبران

ئىمتىياز - قانۇننىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى.

- م. ئەبنېر - ئەشنىباخ

چىنلىقتىن مەھرۇم قالسىڭىز، گۈزەللىكتىنمۇ مەھرۇم قالىسىز.

بېلىنىسكىي

ئۆز يۇرتىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ئۆز ۋىجدانىدىن ھەم يۈز ئۆرۈگەنلەردۇر.

- پ. كورنېل

ئىلگىرى ئاياللار پۈركەنجە ئىچىدە، شېئىرىيەت بولسا ئوچۇق ئىدى، ئەمدى ئاياللار يۈزى ئوچۇق يۈرۈپتۇ، شېئىرىيەت بولسا پۈركەنجىگە كىرىدى.

- رەسۇل ھەمزەتوۋ

## ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

▲ ئىسراپچىلىق نەدە، پېشانىسى تەرلىمىگەن يەردە.

▲ چاينىمىغان غىزانىڭ لەززىتى يوق، چىللىمىغان مېھماننىڭ ئىززىتى (يوق).

▲ بىر خىل ئۆتكەن كىشى 100 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ.

▲ ئاتاڭنىڭ نەسىھىتىدە تاغ كۆكلەيدۇ، ئاناڭنىڭ نەسىھىتىدە باغ (كۆكلەيدۇ).

---

توپلىغۇچى: **ئىلىياس ھوشۇر**

www.uyghurkitap.com






قەدىردان قەييۇم

3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مىللىي ئاشخانىسىدا ئۆزگىچە بىر چاي زىياپىتى ئۆتكۈزۈلدى. ساھىبخان شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى، مېھمانلار بولسا دۆڭكۆۋرۈك، سەنشىخاڭزا ۋە نەنمېن ئەتراپلىرىدا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 40 قا يېقىن سودىگەر ئىدى.

سائەت تۆتلەر بىلەن سودىگەرلەر بىر - بىرلەپ زالغا كىرىپ تۆردىن ئورۇن ئېلىشتى. سىمسىز تېلېفون كۆتۈرۈۋالغان ياكى چاقىرغۇچ ئېسىۋالغان، بىر - بىرىدىن سالاپەتلىك بۇ سودىگەرلەرنىڭ بەزىلىرى بۇ قېتىمقى چاي زىياپىتىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش سەۋەبى توغرىلىق ئانچە - مۇنچە «ئۇچۇر» غا ئېرىشكەن بولسىمۇ، زور كۆپچىلىكى بۇ قېتىمقى چاي زىياپىتىنىڭ نېمە مەقسەتتە چاقىرىلغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ بۇ مەدەنىيەت - سەنئەت سورۇنىغا چاقىرىلغانلىقىدىن ھەم تېڭىرقاش، ھەم قىزىقىش ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. زال ئىشىكىگە يېقىن جۈپلەشتۈرۈپ قويۇلغان ئىككى جوزىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان

## سىگنال

مازەندىلەر بىر - ئىككى پەدە نەغمە قىلىشقاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئويېرا ئۆمىكىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن توختى مىكروفوننى قولىغا ئېلىپ بۇ قېتىمقى چاي زىياپىتىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش سەۋەبى ۋە مەقسىتى ئۈستىدە توختالدى.

- قېرىنداشلار، - دەپ سۆز باشلىدى ئۇ، - بۈگۈن كۆپچىلىكنى بۇ سورۇنغا يىغىشتىكى مەقسىتىمىز ئالدى بىلەن ھەر قايسىڭلار بىلەن دىدار مۇلاقەت بولۇش، ئەھۋاللىشىش. ھەممىمىزگە مەلۇم، خىروئىندىن ئىبارەت بۇ «ئاق ئالۋاستى» نۇرغۇن ياشلىرىمىزنى كاردىن چىقىرىۋەتتى، بۇ خەلققە، مىللەتكە نىسبەتەن بىر ئېغىر ئاپەت. بۇ ئاپەت بۈگۈنكى كۈندە خۇددى يىرگىنىشلىك «ۋابا» دەك جەمئىيەتتە، مەھەللىلەردە، ھەتتا مەكتەپ، ئائىلىلەردە ئېغىر، قورقۇنچلۇق ۋەھىمە پەيدا قىلماقتا؛ ئاتا - ئانىلارنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلىپ، ئۆرتەپ كۆيدۈرمەكتە؛ ئۇلارنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ، غەم - قايغۇسىنى ئاشۇرماقتا. «ئاق ئالۋاستى» نىڭ تۆمۈر تىرنىقى كىرگەن ئائىلىلەر بەختسىزلىك، قايغۇرۇش ئىچىدە ۋەيران بولماقتا. ۋەتىنىمىزنىڭ ئۈممىدى، مىللەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدىغان يىگىت - قىزلىرىمىز قاراپ تۇرۇپ «ئاق ئالۋاستى» نىڭ تورىغا كىرىپ قېلىپ نابۇت بولماقتا. بۇنىڭغا بىز سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايمىز. بىز خىروئىنغا قارشى جەڭ ئېلان قىلماقچى، بىزنىڭ قورالىمىز سەنئەت.

جەمئىيەتتە يامراپ كېتىۋاتقان خىروئىن چېكىش شامىلىنى توسۇش، خەلققە قانۇننى تەشۋىق قىلىش ۋە ئاممىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، بىز، زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى، تارتقان ئازابلىرى ۋە ئۇلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، خىروئىننىڭ زىيىنىنى ئاممىغا تونۇتۇش مەقسىتىدە، يازغۇچى زوردۇن سابىر يازغان «تۇمان» ناملىق تۆت پەردىلىك درامىنى ئىشلەپ چىقماقچى. بىزنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىمىز چەكلىك، شۇڭا سىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللىشىڭلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ درامىنى ياخشى ئويناپ چىقىش يۈزىسىدىن بۇ چاي زىياپىتىنى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز.

ئارقىدىنلا تەكلىپ بىلەن بۇ چاي زىياپىتىگە قاتناشقان پېشقەدەم يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر خىروئىن چېكىش شامىلىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا، بولۇپمۇ ئۈرۈمچىدە يامراش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

- ئۈرۈمچىدە ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بايقالغان خىروئىن چەككۈچىلەر 22 مىڭ 852 گە يەتتى، بۇ ئاز سان ئەمەس، ئەلۋەتتە. خىروئىن چېكىۋاتقانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر بولۇپ؛ 14 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان قىزلار 12 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. مىللەتنىڭ تەقدىرىگە تاقىلىۋاتقان بۇ مەسىلىگە بىز جىددىي قاراپ، بۇ درامىنى چوقۇم سەھنىلەشتۈرۈپ، جامائەت پىكرى توپلاش ئارقىلىق خىروئىنغا بېرىلىپ كەتكەن ياشلارنى تەربىيىلىشىمىز، «ئاق ئالۋاستى» غا قارشى «خەلق ئۇرۇشى» قوزغىشىمىز كېرەك. خىروئىننىڭ جەمئىيەتكە، مىللەتكە كەلتۈرۈۋاتقان زىيىنىنى توسۇش ھەممىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتى...

- مەن 5000 يۈەن ئىئانە قىلاي، - ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ سۆزى تېخى ئاخىرلاشمايلا، ئۇچىسىغا قارا كۆك سارجىدىن كاستۇم - بۇرۇلكا، بېشىغا چىمەن دوپپا كىيىۋالغان بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىدى، ئۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى.

رىياسەتچى يىگىت دەرھال مىكروفوندا بۇ كىشىنى تونۇشتۇردى:

- «شىنجاڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات شىركىتى» نىڭ باش دىرېكتورى مۇھەممەت سېيىتئاخۇن 5000 يۈەن ئىئانە قىلدى.

- مەن 6000 يۈەن ئىئانە قىلاي.

- مەن 5000 يۈەن...

- مەنمۇ 5000 يۈەن ...

- ...

سودىگەرلەر بەس - بەستە پۇل ئىئانە قىلىشنى باشلىۋەتتى، ھەش - پەش دېگۈچە نەق مەيداندىلا 60 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل يىغىلدى.

- مانا مەنمۇ 1000 يۈەن ئىئانە قىلاي، - ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ ياش ئارتىسى غەيرەت ئۆمەر يانچۇقىدىن 1000 يۈەن پۇلنى چىقاردى. سودىگەرلەرنىڭ ئالىيجاناب مەردلىكىدىن تەسىرلەنگەن ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرىمۇ «ئاق ئالۋاستى» نىڭ زەھرىنى تازىلاشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار ئىشنى مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپلا قالماي، ماددىي جەھەتتىنمۇ قوللاش ئىرادىسىنى ئىپادىلەۋاتاتتى.

ئىمىن تۇرسۇن قاتارلىق بىر قانچە ئەدىبمۇ ئارقا - ئارقىدىن سۆزگە چىقتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن خەلققە، مىللەتكە نىسبەتەن جاۋابكارلىق -

مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ بىر مەيدان «خەلق ئۇرۇشى» قوزغاپ، «ئاق ئالۋاستى» نىڭ زەھىرىنى تازىلاشقا قەتئىي بەل باغلىغان ئىرادىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

- مەن يەنە 5000 يۈەن ئىئانە قىلاي، - «شىنجاڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات شىركىتى» نىڭ باش دىرېكتورى مۇھەممەت سېيىتئاخۇننىڭ بۇ سۆزى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا زالدا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭراپ كەتتى.

- بارىكاللا، يارايسەن! - زالدىكى كىشىلەر تۇشمۇتۇشتىن ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتىشتى.

مەن پەيتىنى تۇتۇپ، دەرھال ئۇنى زىيارەت قىلدىم.

- مۇھەممەت سېيىت ئاكا، سىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلار ئىچىدە ئەڭ كۆپ پۇل ئىئانە قىلغان كىشى، سىز ئۆزىڭىزنىڭ هازىرقى ھېسسىياتىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

- كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئاڭلىسۇن، - كىمدۇر بىرى مىكروفوننى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

- مېنىڭمۇ ئالتە ئوغلۇم بار، - دېدى مۇھەممەت ئېيتئاخۇن سەل تولۇۋالغاندىن كېيىن، - مەن مۇشۇ ئازراق پۇلۇم بىلەن خىروئىن چېكىش شامىلىنى توسۇش، ئۇنىڭ زەھىرىنى تازىلاشقا بىر ئۈلۈش ھەسسە قوشالىسام، ئۆزۈمنى مىللەتنى زەئىپلىكتىن قۇتقۇزۇش يولىدا بۇرچۇمنى ئادا قىلىۋاتقان ھېسابلايمەن...

ئىئانە توپلاناقتا، ئەلۋەتتە، پۇل ئىئانە قىلىش دراما ئىشلەش ئۈچۈنلا ماددىي ياردەم بېرىش ئەمەس ئىدى. بۇ ئاشۇ كىشىلەرنىڭ كۆچلۈك ساداسى، «ئاق ئالۋاستى» غا قارشى «خەلق ئۇرۇشى» قوزغاش ئىرادىسىنىڭ نامايەندىسى ئىدى.

مەن بەس - بەس بىلەن «ئاق ئالۋاستى» غا قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ سۆز قىلىۋاتقان، مەردلىك بىلەن پۇل ئىئانە قىلىۋاتقان بۇ كىشىلەرنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، ئىختىيارسىز ئويلىنىپ قالدىم:

تارىختا مۇستەملىكىچىلەر، قىبرى جاھانگىرلار ئېلىمىز خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ، ئۇلارنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان لەقۋالارغا ئايلاندۇرۇۋېتىش مەقسىتىدە ئەپيۇندىن ئىبارەت زەھەرلىك چېكىملىكنى توشۇپ ئەكىلىپ، تۆكۈپ سېتىپ خەلقىمىزنى نابۇت قىلىۋاتقان چاغدا، ئېلىمىزنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە مەشھۇر سىياسەتچىلىرى، ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋە ئەر يۈرەك، مىللەت سۆيەر ئوغلانلار كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى قوزغاپ، بىر مەيدان ئەپيۇنغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق ئېلىمىز خەلقىنىڭ تەقدىرىنى قۇتقۇزۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ خەلق، مىللەت ئالدىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ھېلىمۇ خەلقىمىزنىڭ ئاغزىدا تەرىپلەنمەكتە، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى نۇر چاچماقتا.

بۇ ئىشلار ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى، ھازىر ئەھۋال پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. لېكىن «ئاق ئالۋاستى» كۆزگە كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن ياشلىرىمىزنىڭ گېلىدىن بوغماقتا. «پەرىزات» قىياپىتىگە كىرىۋالغان بۇ زەھەرلىك ئالۋاستى ئۆزىنىڭ «جەلپكارلىقى» بىلەن پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىز بولغان ئوغۇل، قىزلىرىمىزنى خاراب قىلىۋاتىدۇ. ياشلىرىمىزنى لەقۋا، رەزگى، ئۆلەرمەنلەرگە، كۆزى پارقىراپ تۇرغان «تىرىك مۇردا» غا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. بىز خىروئىننىڭ خەلقىمىزنى، مىللىتىمىزنى جىمجىتلا نابۇت قىلىشىغا قاراپ تۇرالايمىزمۇ؟

سۈكۈت قىلىش جىنايەت! بىز كۈچلۈك نەپرىتىمىز ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن بۇ «ئاق ئالۋاستى» نى ئۈزۈل - كېسىل گۆرىگە تىقىۋېتىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك.

## زوردۇن سابىرنىڭ «تۇمان» ناملىق پوۋېستىغا ① ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن دراما «تۇمان» تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى

ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «تۇمان» ناملىق پوۋېستى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن دراما «تۇمان» شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى تەرىپىدىن سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

① ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «تۇمان» ناملىق پوۋېستى ژۇرنىلىمىزنىڭ 1991 - يىل 5 - سانىنىڭ «ئەدەبىيات گۈلزارى» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىجابىي تەسىر قوزغىغانىدى.
- مۇھەررىردىن.

تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم بەككە تىجارەتچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن پائال قوللاپ مەدەت بېرىشى ئارقىلىق سەھنىلەشتۈرۈلگەن تۆت پەردىلىك بۇ درامىدا جەمئىيەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان خىروئىندىن ئىبارات «ئاق ئالۋاستى» نىڭ بىر قىسىم ياشلارنى زەھەرلەپ تۈيۈق يولغا ئىتتىرگەنلىكى، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئىزچىل باش قاتۇرۇپ كەلگەن ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭ تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغان ئاشۇ ياشلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا قىلغان كۈرەشلىرى تەسىرلىك ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن. بۇ دراما روشەن قاراتمىلىققا، يۇقىرى تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، تىلىنىڭ جانلىقلىقى، ئورۇنداش سەنئىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

5- ئاينىڭ 12 - كۈنى «خەلق » تىياتىرىدا خەلچەم ئىسلام، ئابدۇرېھىم ھامىد، يۈسۈپ مۇھەممىدى، خوجىخان ھاكىموۋ، ئامىنە قاپپار، غوپۇر ئابدۇللا، مىجىت ناسىر قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى بۇ درامىنى كۆردى.

جۈرئەت كامىل، قەدىردان قەييۇم
(«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى)

# «تۇمان » ھاسىلاتلىرى

## سىدىقھاجى روزى

يازغۇچى زوردۇن سابىر يازغان، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىدىكى ئاتاقلىق رېژىسسورلار سەھنىلەشتۈرگەن، ئۆزىنىڭ سەنئەت مۇھىتىدا ۋە مەدەنىيەت بۆشۈكىدە ھازىرقى زاماننىڭ تەلەپ - ئېھتىياجىغا يارىشا ئىستىبدات ۋە ئىقتىدار يېتىلدۈرگەن سەنئەتچىلىرىمىز رول ئالغان «تۇمان» تىياتىرى سەھنىگە چىقتى. شۇنداق، بۇ سەھنىگە كىم ۋە نېمە چىقمايدۇ؟ ۋە يەنە بۇ سەھنىدىن نېمە چۈشمەيدۇ؟ ياشاش زورىدىن گۇۋاھچىغا بارغان ياشلارنىڭ سودا - تىجارەت پائالىيىتىگە يەنە بۇ ياشلارنىڭ ئۈمىدىنى، ھاياتىنى نابۇت قىلىدىغان خىروئىنمۇ كىرىپ كەلگەن. خىروئىن سېتىپ، قاسىم خوجايىنىدەك پۇلغا ئېرىشكۈچىلەر ۋە ئىسلامخاندەك خىروئىنغا قارشى تۇرغۇچى پېرسوناژلار تىياتىرنىڭ پائالىيەت مەركىزىگە قويۇلغان.

سەھنىدە «تۇمان» ، خىروئىن ساتقۇچى، چەككۈچى ياشلار ئارىلىشىپ كەتكەن بىر مەنزىرە ھازىر بولىدۇ. «تۇمان » بۇ ياشلارنىڭ باش ئۈستىدە، ئاياغ ئاستىدا لەيلەپ يۈرمەكتە؛ «تۇمان» بۇ ياشلارنىڭ قەلبىدە، ئېڭىدا، ھېسسىياتىدا لەيلەپ يۈرمەكتە؛ «تۇمان» بۇ ياشلارنىڭ زېھىن كەتكەن قەلبىدىكى زېھنىنى يارىغا ئايلاندۇرۇپ، جاراھەتلەندۈرمەكتە؛ «تۇمان» بۇ ياشلارنىڭ كۆزلىرىنى خىرەلەشتۈرۈپ، رېئاللىقنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى كۆرۈشكە توسقۇنلۇق قىلماقتا؛ بۇ «تۇمان» ئاننى بالىدىن، بالىنى ئانىدىن ئايرىماقتا. ياشلار خۇددى دۈشە ئۈستىدىكى خام گۆشتەك، كىم قانداق توغرىسا مەيلى، كىم قانداق پۇچۇلىساۋە پىشۇرسىمۇ مەيلى بولماقتا. ئېيتىڭلارچۇ، خالايىق! ياشلار بۇنداق قىسمەتكە نېمە سەۋەبتىن دۇچار بولغان؟

بىز بۇ خىل ئەھۋالنى ئادەتتە «نادانلىق » قا يىغىنچاقلايمىز. ئۇنداقتا نادانلىقنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسى نېمە؟ بىز بۇنىڭغا جۇڭگودا توپتوغرا 2 مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن فېئودالىزم دەپ جاۋاب بېرىمىز. ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلار نوقۇل زوراۋانلىققىلا تايىنىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا مۇمكىن بولمىغاندا، زوراۋانلىققا قوشۇمچە ئالداش ۋە نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويغان؛ «پۇقرالارنى دائىم بىلمىسىز، ئارزۇسىز تۇتۇش» ، پۇقرالارنى ئەبەدىي بېكىنمە، نادان ھالەتتە قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. شۇنداق قىلىپ،

دەۋر 19 - ئەسىرگە قەدەم قويغاندا، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى زەھەرلىك چېكىملىكنى جۇڭگودا تۆكمە قىلغانىدى. بۇنىڭغا ماسلاشقان ئىچكى سەۋەب، نادانلىق، بىلىمسىزلىك ئىدى. شۇڭا ئەپيۇن ئىشلەپچىقارغان ھىندىستاندا، ئەپيۇن ساتقان ئەنگلىيىدە يامراپ كەتمىگەن ئەپيۇن، ساۋاتسىزلىق، قالاقلىق، قاششاقلىق ھۆكۈم سۈرگەن جۇڭگودا يامراپ كەتكەنىدى. خۇددى لۇشۈن ئەپەندى ئېيتقاندەك: «چەت ئەللىك مىلتىق دورىسى بىلەن ئوق ياساپ، دۈشمەندىن مۇداپىئەلەنسە»، جۇڭگولۇق «مىلتىق دورىسى بىلەن پوجاڭزا ياساپ، ئەرۋاھقا چوقۇنغان» ئىدى؛ «چەت ئەللىك ئەپيۇن بىلەن كېسەل داۋالىسا»، جۇڭگولۇق «ئەپيۇننى تاماق ئورنىدا ئىستېمال قىلغان» ئىدى. نادانلىق تۈپەيلى، دەۋرنىڭ كەينىدىن دەۋر، بايراق ئورنىغا بايراق ئالمىشىپ تۇرسىمۇ، جۇڭگودا جەمئىيەت ھۆالىنى ياخشىلايدىغان ئۆزگىرىش ئىشقا ئاشمىغانىدى. مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى مىللىي ئىنقىلابنىڭ يېتەكچىسى بولغان سۈن جۇڭشەننىڭ ئىنقىلابىمۇ ئەنە شۇنداق «قالاقلىق» ئىچىدە مەغلۇب بولغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن قاباھەتلىك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا، خۇددى تارىخىي جەريانلارغا ئوخشاش، ئاۋۋال چاچ كېسىش ئىنقىلابى (خۇددى شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدىكىدەك)، ئاندىن كىتاب كۆيدۈرۈش ئىنقىلابى (خۇددى چىن شىخۇاڭ دەۋرىدىكىدەك) بولۇپ ئۆتكەنىدى. بۇ، چىڭگىزخاننىڭ 12 - ئەسىردە دۇنيا مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلغىنىدەك بىر ئىش ئىدى. ئەنە شۇ چاغدا «كىتاب ئوقۇپ ئەمەلدار بولۇش» (مىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكىدەك)، «كىتاب ئوقۇشنىڭ پايدىسى يوق» (كاڭشى دەۋرىدىكىدەك) دېگەندەك شوئارلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئون يىل داۋاملاشقان بۇ ئىنقىلاب ئىككى ئەۋلاد كىشىلەرنى بىلىمسىز قالدۇردى. ئەگەر بۇنداق نادانلاشتۇرۇش بولمىغاندا ئىدى، ئادەم بالىسى نېمىنىڭ زىيانلىق، نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئەقەللىي بولسىمۇ بىلمەيتتىمۇ؟ بۇ بىلىمسىزلەر «ئا ب س» نى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، ئەجدادىنى ۋە ئۆزىنى تونۇمايدىغان تەلۋىلەرگە ئايلىنىپ، بۇنداق ئائىلىلەردە چوڭ بولغان ئۆسمۈرلەرمۇ زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ زىيىنىنى بىلمەيدىغان روھسىز، پىكىرسىز، كۆزى پىلدىرلاپ تۇرغان تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ، خىروئىننىڭ ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا تارقىلىشىغا سەۋەبچى بولدى. دېمەك، فېئودالىزمدىن قالغان نادانلىق تېخى تۈگەپ كەتمىدى.

مۇنداق ھال ۋە مۇنداق ئاقىۋەتنى كۆرەلىگەن خەلقىنىڭ يازغۇچىسى زوردۇن سابىر «تۇمان» پوۋېستىدىن ئۆزگەرتىلگەن «تۇمان» تىياتىرىدا ئەنە شۇنداق ئەخمەق ۋە مۇنداق سەۋەبتىن شەخسىي مەنپەئەتنىڭ زادى قانداق مەنپەئەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدىغان قاسىم خوجايىندەك شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى ياراتقاندىن باشقا، شەخسىي مەنپەئەتنى مىللەتنىڭ مەنپەئەتى، مەرىپىتى، مەدەنىيىتى، ئىستىقبالى ۋە رېئاللىقى بىلەن بىرلەشتۈرەلىگەن ئىسلامخاندەك، مۆمىن ئەپەندىدەك خەلقپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، ھايات - مامات ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىشنى تراگېدىيىلىك تۈسكە ئىگە قىلغان. غۇنچەم يازغۇچىمىز زۇنۇن قادىرىنىڭ قەلىمىدە فېئودال مۇستەبىتمىزمىنىڭ قۇربانى بولغان بولسا، بۇ غۇنچەمىنىڭ نەۋرىسى كىچىك غۇنچەم سىنگاپورلۇق، گۇاڭجۇلۇق، «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» لىك ئەپيۇنكەشلەرنىڭ مەقسىتىگە يانتاياق بولغان ۋە ئۇلارنىڭ قولىدا قانداق ئىشلەتسە شۇنداق ئىشلەيدىغان قورالغا ئايلانغان قاسىمدەكلەرنىڭ قولىدا ھالاك بولىدۇ.

ئاھ، بىچارە غۇنچەملەر! سىلەر ياشىغان دەۋر پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما سىلەرنى ھالاك قىلىدىغان ۋاسىتىلەر نېمىدېگەن ئوخشاش! سىلەر بۇنى ئويلاپ يېتەلمەيسىلەر، چۈنكى سىلەرنىڭ ئويلاش ئىقتىدارىڭلارنى، سەزگۈ ۋە تۇيغۇلىرىڭلارنى خىروئىن ئاللىقاچان تارتىپ كەتكەن، قاباھەتلىك يىللارنىڭ تەسىرى سىلەرنىڭ ئاتا - ئاناڭلارنىڭ ئېڭىدىن تېخى كۆچمىگەن، غاپىللىقنىڭ قارا چىرىغى ۋۇجۇدۇڭلاردىن ئۆچمىگەن ھەمدە نىيەت ۋە ئىقبالنىڭ نۇرلۇق قۇياشىغا ئورۇن بەرمىگەن. «تۇمان» ئىچىدە تېڭىرقاپ يۈرگەن ياشلار! خاتا يولدىن قايتىڭلار! بېشىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار! ئىسلاھات سىلەرگە بەختتىن دېرەك بەرمەكتە.

www.uyghurkitap.com




# بىزدىكى ھەشەمخورلۇق

نىزامىددىن ھۈسەيىن

ھەشەمخورلۇق - ھاكاۋۇرلۇق، سۆلەتۋازلىق، مەنمەنچىلىك، ھەسەتخورلۇق، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ھادىسىلىرىگە مەنبە ۋە نىشان ھېسابلىنىدۇ. ھەشەمخورلار ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ نەپرىتىدە، ئەمگەك ئەھلىنىڭ مەسخىرىسىدە بولىدۇ. ئەل - يۇرت، مەھەللە - كويلىرىدىن چەتنەيدۇ، غىدىيىپ قالىدۇ. تەنتەك كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقىنى ئويغىتىپ، تەييارتاپلار، مەنمەنچىلەر، ئاق نانچى خۇشامەتكويلار . . . چوقۇنىدىغان ئادەملەرگە ۋە ئۆز ئوي - خىياللىرىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ ياشايدۇ. ھەشەمخورلۇق ھەرگىزمۇ مىللىي ھاياتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەنبەسى، خىسلىتى ئەمەس، مىللىي ئەخلاقىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ تارىخىمىزدا ئۆتكەن دەۋرۇدەۋرانلار (ھاكىمىي كۈچلەر، باي خوجاملار، پۇلدارلار، قارنى ئېسىلگەن ھارامتاماق تىرىكتاپلار . . . ) نىڭ چىرىك مەنىۋىيىتى ۋە ئەخلاقى ھېسابلىنىدۇ.

ھەشەمەتچىلەر ئەڭ بۇرۇن ئۆز نام شۆھرىتىنى، ئاندىن ياراتقان تەڭرىنى ئەسلەيدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە ئەل - يۇرت يوق، دۇنيا ۋەسۋەسىسىلا بار. گاداي - نامرات قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇغان. ئەمگەك ئەھلىنى نەزەرىگە ئىلمايدۇ. ئەلگە بايلىقنى بايراق قىلىدۇ. پۇل - ۋەج ۋەسۋەسىسىنى جەمئىيەتكە يايىدۇ. پۇل، بايلىقنى ياشاشنىڭ مىزان - ئۆلچىمى قىلىدۇ. كىشىلەرنى قاتلام، تەبىقىلەرگە بۆلۈۋېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ھەشەمخورلار باش كۆتۈرگەن جەمئىيەت ـ ئادەم ئادەمگە يات (ئادەم ئادەمگە دۈشمەن) جەمئىيەتكە قاراپ يۈزلىنىدۇ.

# تويدۇرۇپ تۇرۇۋاتقان بەزىبىر تويلىرىمىز

ھەشەمخورلۇقنىڭ بىزدىكى تۇرلىرىدىن بىرى بەزىبىر توي ـ تۆكۈن ھەشەمخورلۇقىدۇر. مۇھەببەت بىلەن توينىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان زور ئەھمىيىتى ۋە مەقسىتى ھەرگىزمۇ بەتخەجلىك، ھەشەمخورلۇق ئەمەس، گۈزەل كەلگۈسىگە يۈزلىنىش. بىر پاتمان ئۆي جاھازلىرى، سوپەت، سۆلەت بۇيۇملىرى، قوش ـ قوش كىيىم ـ كېچەكلەر، ھەشەمەتلىك سېلىنچى، يېپىنچى، ھۆسن تۈزەش بۇيۇملىرى، ئۆي تۈزەشلەر، بەدەن بېزەكلىرى، كاتتا چىقىملىق داستىخانلار، ھەشەمەتلىك داغدۇغا، دەبدەبىلەر . . . تويلاشقۇچى يىگىت ـ قىزلارنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنىڭ ئۇلى ۋە ياخشى قىسمىتى بولۇشى ناتايىن. پۇل، مەئىشەتكىلا توغرىلانغان ھاياتنىڭ بۇزۇلمايدىغىنى، ۋەيران بولمايدىغىنى يوق. ھەشەمەتكە مەنبە بولغان پۇلنىڭ زەبۇنچىلىق، چىرىكلىك (ئاقىۋىتى تۈگىشىش) كە، نۇرغۇن سەتچىلىكلەرگە مەنبە بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. مىللىي مەنىۋىيەت ئۇقۇمىدىن ئالغاندىمۇ توي ـ تۆكۈندىكى ھەشەمخورلۇق (توي ـ تۆكۈننىڭ تەقدىرىنى پۇل ـ ۋەجگىلا باغلاپ ھەل قىلىش) ھەرگىزمۇ «مىللىي داغدۇغا»، «مىللىي شۆھرەت»، «مىللىي غۇرۇر»، «مىللىي مىراس» شەكلى بولالمايدۇ، ئەكسىچە، تارىختا ئەجدادلىرىمىزنىڭ قان ـ تەرىنى شوراپ جاھان تۈتۈپ ئۆتكەن ئىشرەتپەرەس تىرىكتاپ خان، خوجاملار، پۇلدار بايلار تەبىقىلىرىنىڭ بۇزۇقچىلىق تۇرمۇش شەكلىدۇر. ئۇنى مىللىي تۇرمۇشىمىزدىكى بىر خىل يۇقۇندى چۈشكۈنلۈك، خارابلىشىش ئىللىتى دېمەي مۇمكىن ئەمەس. لېكىن بۇ ئىللەت ھازىر جەمئىيەت خاراكتېرلىك ئاپەت شەكلىدە يامراپ كېتىۋاتىدۇ. تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر شۆھرەتپەرەس جاللات خان ئافاق خوجا ئۆز دەۋرىدە «. . . غۇرۇرى ھەشەمكارلىقى تۇتۇپ، روھىي ئالەمدە بۇنىڭدىنمۇ چوڭ توي سورۇنى تۈزۈلمىگەي دەپ شەرت قىلىپ 30 مىڭ قوي، 30 مىڭ كالا ئۆلتۈرۈپ، 30 مىڭ ئات سوۋغا قىلىپ «دۇنيانىڭ خوپلۇقى كەيمەك، يېمەك، چاچماق» دەپ لەۋزى شوئار قىلىپ 40 يەردە 100 كۈن توي قىلىپ مېھمان ئۈزىتىپ . . .» * ئۆزىنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى خەلقى ئالەمگە نامايان قىلىپ ئۆتكەن بولسا، ھازىرقى چاغلاردىمۇ «تونۇشۇش چېيى»، «ئۇچرىشىش چېيى»، «مەسلىھەت چېيى»، «كىچىك چاي»، «چوڭ چاي»، «يىگىت مەسلىھەت چېيى»، «قىز مەسلىھەت چېيى»، «ئاتا ـ ئانىلار مەسلىھەت چېيى»، «توي چېيى»، «چىللاق چېيى»، «ۋىچىركا»، «ھاردۇق چېيى»، «خوشلىشىش چېيى»، «رەھمەت چېيى» . . . «چاقىرىش» لارغا 10 ـ 20 لەپ كالا، قوي سويۇپ، 20 ـ 30 لاپ ماشىنا، پىكاپ ئىشلىتىپ، قىممەت باھالىق ھاراق، تاماكىلارنى يەشىك ـ يەشىكلەپ سېتىۋېلىپ دۆۋىلەپ، تاللانغان سەنئەتچىلەرنى، ئاپپاراتچىلارنى، ناغرا ـ سۇناپچىلارنى، ئوپېراتورلارنى . . . چاقىرىپ يىغىپ، ئۇستا ئاشپەز، مۇلازىملارنى كۆپەيتىپ، ھەشەمەتلىك چوڭ مەرىكە زاللىرىنى ئىشلىتىپ ـ قىسقىسى پۇلنى ساماندەك خەجلەپ، 1000، ھەتتاكى 2000 باغاقلىق مېھمان چاقىرىپ تۇرۇۋاتقانلار يوق ئەمەس. دېمەك ئۇلار «دۇنيانىڭ خوپلۇقى كەيمەك، ئىچمەك، چاچماق» نىڭ داۋامىنى داۋاملاشتۇرماقتا. پەرقى ـ بالدۇر ئۆتكىنى چوڭ «ئەۋلىيا» ھەشەمخور، ھازىر ئۆتۈۋاتقىنى بولسا ئەمدى پۇل تاپقان ياكى ئىمتىياز تاپقان «تاپاۋەتكە قادىر» ھەشەمخور، خالاس. پۇلدارلار پۇلدارلارغا، ئىمتىيازلىقلار ئىمتىيازلىقلارغا كۆز ـ كۆز قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان مۇنداق توي ـ تۆكۈننى قانداقمۇ «مىللىي شۆھرەت»، «مىللىي ئەنئەنە» نىڭ شەكلى دېگىلى بولسۇن؟ ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى «مىللىي ئەخلاق» دېگەندىن كۆرە ھەشەمخورلارنىڭ چۈشكۈنلۈكى دېمەي مۇمكىن ئەمەس.

ئۇلار يەنە بالاغەتكە يەتكەن قىز ۋە قىز جەمەتلىرىنى ياتلىق قىلىشنى ۋەج ـ ئوقەت، ئابروي ـ ئىمتىياز تېپىشنىڭ دەسمايىسىمۇ قىلىشۋالغان.

---

* ئابدۇقادىر داۋۇت: «ئافاق خوجا ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»، قەشقەر «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» 1984 ـ يىل 1 ـ سان.

بۆرۈن - بۆرۈندىن تارتىپ ئادەتتىكى جامائەتچىلىكىمىز ئەمەل قىلىپ كەلگەن توي - تۆكۈن مىزانىدا: «. . . پوشۇدە (تونجى) نىكاھتا قىزدىن ئۈچ ھامىيە (قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى، چوڭ ئاتا، چوڭ ئانىسى، بالاغەتلىك بىر تۇغقانلىرى)، يىگىتتىن بىر ھامىيە (يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى) تويدىن تۆھپە نەسىۋە قوبۇل قىلماق جايىز» * دېيىلگەن بولسا، ھەشەمخورلار بېرىدىغان قىزلىرى ئۈچۈن چوڭ ئاتا، چوڭ ئانا، ئاتا - ئانا، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىل، كۈيئوغۇل، كېلىن، نەۋرە، ھەتتا چەۋرىلەرگىچە (ھەتتاكى ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - ئانىلىرى، جەددى - جەمەتلىرى ئۈچۈنمۇ) قىممەتلىك توي نېسىۋىلىرى ئۇندۇرۇپ ئېلىشماقتا. «سۈت ھەققى»، «تۇز ھەققى»، «قىز ھەققى» دېگەندەك ھەقلەرنىڭ ئېغىرلىقىچۇ تېخى.

ئادەتتىكى جامائەتچىلىكىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى توي - تۆكۈن ئادىتىدە: قىزلارنىڭ تويلۇقى نورمال تىرىكچىلىكتىكى كىشىلەر ئۈچۈن «. . . ئۈچ كىيىم: 1. باشلىق (باشياغلىق، تويلۇق دوپپا، تۇماق)، 2. تويلۇق ئېغىزمان كىيىمى (چاپان، كۆڭلەك، تامبال)، 3. تويلۇق ئاياغ كىيىمى (پايپاق، بەتىنكە، ئۆتۈك)، تاLالىق ۋە ئۆي ئىچىلىك قوش تەل قىلىنمىقى، ئېرىغ مالدىن ئۈزۈك، زىرە، بىلەيزۈك ئېلىنمىقى زۆرۈر»* قىلىنغان بولسا، ھازىرقى ھەشەمخورلىرىمىز ئەرگە بېرىدىغان قىزلىرىنىڭ خېرىدارلىرىدىن جاھاندا بار جىمىكى قىممەتلىك رەخت - گەزمال تۈرلىرىدىن ھەر پەسىلگە نىشانلاپ جۈپ - جۈپتىن تاش كىيىم، جۈپ - جۈپتىن ئىچ كىيىم، جۈپ - جۈپتىن يۇڭ كىيىم، تاLالىق، ئۆي ئىچىلىك ھەر خىل كىيىم - كېچەك تۈرلىرىنى، پەسىللىك ئاياغ تۈرلىرىنى، گىرىم، پەرداز بۇيۇم، جابدۇقلىرىنى، جۈپ - جۈپ ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن زىرە، ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن بىلەيزۈك، ئالتۇن زەنجىر، ئالتۇن سائەت، قىممەتلىك مۇنچاق تۈرلىرىنى ۋە چەت ئەلنىڭ ئېسىل چامادانلىرىنى تەلەپ قىلىشماقتا.

مەن بۇلتۇر ئۈرۈمچىدە يېقىن بۇرادىرىم، مەشھۇر «شياڭگاڭچى» سودىگەر («بەتخەج ھاجىم» لەقىمى بار) X ھاجىمنىڭ قىزىنىڭ تويىغىلا قىزنىڭ كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەتتى ئۈچۈن يىگىت تەرەپتىن 39 مىڭ 700 يۈەنلىك چىقىم قوبۇل قىلىغانلىقىدىن ۋاقىپلاندىم. دېمەك، ھاجىم ئارزۇلۇق قىزلىرىدىن بىرىنى ھەقىقىي مېھرىبان كۈيئوغۇل بالىسىغا ئەمەس، بىر نەچچە ساندۇق لاتا - پىتىگە، بىر سىقىم زىننەت بۇيۇمىغا بېرىۋەتكەن. بۇ، قىزنى ئادەمگە ئەمەس، پۇلغا ساتقانلىق ئەمەسمۇ؟

قىز چىقارغان ھەشەمخورلارنىڭ قىزنىڭ ھۇجرىسىنى جابدۇتۇشتىكى ھەشەمخورلۇقىنى دېمەمدىغان تېخى: بىر يۈرۈش لۆم - لۆم ئورۇندۇق، ئالاھىدە بېزەلگەن قوش كىشىلىك لۆم - لۆم كارىۋات، قوش قەۋەتلىك مېھمان شىرەلىرى، قوش - قوش ئېسىل داستىخانلار، كىيىم ئىشكاپلىرى، تۇرمۇش ئىشكاپلىرى (پەداز ئىشكاپى، تىزىندىلار ئىشكاپى . . .)، قوش تۇڭلۇق گاز ئوچىقى، دەزمال، دوخوپكا، ھاۋا تەڭشىگۈچ، جۈپ - جۈپ تام گىلەملىرى، قۇچاق - قۇچاق يوتقان - كۆرپىلەر، تام - تورۇس زىننەتلىرى (تام سائىتى، تام سۈرەتلىرى، ھەر خىل سىزمىلار، ئاسقۇچلار)، توڭلاتقۇ، رەڭلىك تېلېۋىزور، سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇ، كىرئالغۇ، فوتو ئاپپارات، بىرىكمە ئاۋاز ساندۇقى . . . لار - خۇددى يېقىن بۇرادىرىمىز «بەتخەج ھاجىم» دېگەندەك: «30 مىڭ يۈەن خەجلەنگەن يېڭى ئۆي . . .» لەرھەشەمخورلارنىڭ توي ھەشەملىرىدىن بىر ھالقا بولۇپ تۇرۇپتۇ. بەزىلەرنىڭ: «بىزدە 100 مىڭ يۈەنلىك تويلار پەيدا بولۇۋاتىدۇ . . .» دېگەن سۆزلىرى ئاساسسىز ئەمەستەك قىلىدۇ.

ھەشەمخورلۇق قىلىقلىرى يامراپ كەتكەن جەمئىيەتتە ئالدى بىلەن كىشىلەردە پۇل ئۈچۈن قىزنىپ كېتىش (پۇل ئۈچۈنلا ياشاش، پۇل ئۈچۈن ھەممىنى قىلىش . . .) تەك يامان خاھىش (ئىللەت) باش كۆتۈرۈشى مۇقەررەر. ھەتتا ئۇنداق ئىللەت جەمئىيەتلىشىپ «خەلق ئەنئەنىسى» دېگەن نىقاب بىلەن يامراپ كېتىدۇ - دە، ئاقىۋەت جەمئىيەتتە ئاجايىپ سەتچىلىكلەرنى ھەتتا ئېچىنىشلىق يامان ئاقىۋەت، پاجىئەلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىپ تۇرىدۇ:

«1985 - يىلى كۈنەس ناھىيىسىدە 47 جۈپ ياش نىكاھ سودىسىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە نىكاھقا ئارىلىشىۋېلىش تۈپەيلىدىن قېچىپ كېتىپ توي قىلىشىۋالغان بولسا، 1986 - يىلى 69 جۈپ ياش قېچىپ كېتىپ توي قىلىشقان. بەزى كىشىلەر ئوغۇللىرىنى ئۆيلەش ئۈچۈن كوللېكتىپتىن باھاغا سۇندۇرۇپ

* * «نىكاھ رىسالىسى» دىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

بېرىلگەن چارۋا مال ۋە باشقا نەرسىلەرنى سېتىۋېتىپ كوللېكتىپقا زىيان سالغان، ئۆزلىرىمۇ ئېغىر قەرزگە بوغۇلۇپ تۇرمۇشتا تەس كۈنلەرگە قالغان . . .» («شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1987 - يىل 7 - سېنتەبىر ساندىن)

قىز - يىگىتلەر قېچىپ كېتىپ توي قىلىشىدىغان مۇنداق ئىشلار بىزدە بۇرۇندىن تارتىپ تۈگىمەي كېلىۋاتىدۇ. قېچىپ كېتىپ توي قىلىشقان قىز - يىگىتلەر ئارىسىدا ئاتا - ئانىلارنىڭ نارازىلىق بېسىمى، «نومۇس» چاتىقى بىلەن يۇرت ئاتلاپ مۇساپىر بولۇپ كەتكەنلەر، قېچىپ يۈرۈپ ئاجرىشىپ كەتكەنلەر، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن تاشلىشىپ كەتكەنلەر، ھەتتا تېخى چۈشكۈنلىشىپ قاتتىق بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلارنى بىزدە كىم يوق دېيەلەيدۇ؟

توي - تۆكۈندىكى ھەشەمخورلۇقنىڭ كاساپىتى بىلەن (توي چىقىمىنىڭ ئېغىرلىقى، ئاتا - ئانىلارنىڭ نىكاھقا ئارىلىشىپ تەرسالىق قىلىشلىرى ئارقىسىدا) ھېسسىياتلىرى بوغۇلۇپ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقان قىز - يىگىتلەرنى بىزدە كىم يوق دېيەلەيدۇ؟ توي - تۆكۈن ھەشەمخورلۇقى ئۈچۈن دۆلەت مالىيىسىگە خىيانەت قىلىپ، ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ تۈرمىلەردە يېتىۋاتقان قىز - يىگىتلەرنى بىزدە كىم يوق دېيەلەيدۇ؟ ئوغۇل ئۆيلەپ پۇل - ۋەجىدىن ئايرىلىپ، قەرزگە بوغۇلۇپ تۇرمۇشتا قىسىلىپ بىچارە بولۇپ قالغان ئاتا - ئانىلارنى بىزدە كىم يوق دېيەلەيدۇ؟ ھەشەمخورلۇق كاساپىتىدىن توي قىلىشالماي دەردمەن بولۇپ سەپتىن چىقىۋاتقان (تەرسالىشىپ كەتكەن، قولى ئىشقا بارمايدىغان چېكەرمەن، ئىچەرمەن بولۇپ كېتىشكەن) مەغلۇب مۇھەببەت ئەسىرلىرىنى بىز ھەريەردە دېگۈدەك ئۇچرىتىپ تۇرۇۋاتىمىزغۇ؟ توي - تۆكۈندىكى ھەشەمخورلۇق سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان ئۇرۇش - جېدەل - ماجىرالار، مەستلەر سەتچىلىكلىرى . . . بۇزۇلغان تويلار، بۇزۇلغان چايلار، زايا بولۇپ كەتكەن بايلىقلارچۇ تېخى؟ دېسەك گەپ تولا. دېمەك، ئازچىلىق ھەشەمخورلىرىمىزدىن باشلىنىپ تەدرىجىي «جەمئىيەت ئادىتى» بولۇپ يېيىلىپ، مىللىي ھاياتىمىزدا بىر خىل ئىجتىمائىي كېسەل تۈسىنى ئېلىۋاتقان بۇنداق چوڭ بىر مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلمەي، تۈزەتمەي، توسماي، «نېمە كارىم» بىلەن يۈرۈشنى ھەر بىر ۋىجدانلىق مۇسۇلمان قېرىندىشىمىز تۈگىمەس ئەلەم - نادامەت ھېسابلىشى لازىم، ئەلۋەتتە.

مېنىڭچە، توي مەنپەئەت ئۈستىگە ئەمەس، ئىشەنچ ئۈستىگە ئۆتكەن چاغلار بىزنىڭ ئەسلى ئەنئەنىمىز ئەسلىگە كەلگەن كۈنىمىز بولۇپ قالغۇسىدۇر.

## مېيىت چىقىرىشمۇ؟ ياكى ھەشەمەتچىلىك قىلىشمۇ؟

بىزدىكى ھەشەمەتچىلىكنىڭ ئەڭ قاباھەت تۈرلىرىدىن بىرى - مېيىت ئۇزىتىش (ناماز چىقىرىش، زەرەت ئىزنا قىلىش، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش، سەدىقە - پىتىر ئاتاش . . .) ئادىتىمىزدە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان مۇسۇلمانچىلىقتا زىت بەزىبىر قىلىق ۋە قىلمىشلاردىن ئىبارەتتۇر.

ۋاپات بولغان مەرھۇملىرىمىز ئۈچۈن ئىقتىسادىي مادارىغا بېقىپ زەرەت ئىزناقىلىش، دەپنە ئۈستىدە قىلىنىدىغان ئىستىقامەت، دۇئاتىلاۋەت . . . نى ئىخلاس بىلەن بېجىرىش، جامائەت پاتىھەلىرىنى ئۆتكۈزۈش، تۆت نەزىر (ئۈچى، يەتتىسى، قىرقى، يىلى) نى ئۆتكۈزۈپ قايغۇ، ماتەم ھېسسىياتىمىزنى ئىپادىلەش، زەرەت بېشىدا ئايەت ئىسلام ئوقۇتۇپ، سەدىقە، پىتىر ئاتاپ مەرھۇمنىڭ روھلىرىغا سېغىنىپ تۇرۇش - بىزنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان دىنىي ئادەت ئەنئەنىلىرىمىز. بۇنىڭدا گەپ يوق.

لېكىن ئۇنداق قائىدە، ئادەتلەر چوقۇمكى ئىسلام دىنىنىڭ نەزىر - نۇزرەت ھەققىدىكى پرىنسىپ؛ تەلىملىرىدىن قەتئىي چەتنەپ كەتمەسلىكى، يەنى خۇددى «قۇرئان كەرىم» 76 - سۈرە «سۈرەئى دەھرى» نىڭ 7 -، 8 -، 9 - ئايەتلىرىدە قەيت قىلىنغاندەك: «مۆمىن، ھەقىقىي مۇسۇلمانلار نەزىرلىرىنى يېتىم، مىسكىن، يېسىرلارغا ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن تەقدىم ئېتىپ، ئۇلاردىن باشقا نەرسە كۈتمەستىن، خالىس بولۇشى شەرت. نەزىرنى يېتىم، مىسكىن، يېسىرلار دەپ تونۇلغانلاردىن باشقىلارنىڭ يېيىشى جايىز ئەمەس - گۇناھ

...» دېگەن پرىنسىپتىن چەتنەپ كەتمەسلىكى شەرتتۇر. تەپسىردە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «سەدىقە، پىتىر، كاپارەت، فىدىيە، نەزىرنىڭ ھەممىسى يېتىم، مىسكىن، يېسىرلارنىڭ، مۇساپىرلارنىڭ، پۇقسۇللارنىڭ ھەققى. جايىنى تېپىپ بەرمىگۈچىلەر ۋە يېيىشكە ھەقسىز تۇرۇپ يېگۈچىلەر ئازابقا قالىدۇ ...»

بىزنىڭ ھازىرقى چاغلاردىكى مېيىت چىقىرىش (ئىجتىمائىي مۇسىبەتچىلىك) ئادەت، قىلىقلىرىمىز يۇقىرىقى دىنىي پرىنسىپقا ئۇيغۇنمۇ؟ ياق، ئۇيغۇن بولمايۋاتقان تەرەپلىرى خېلى بار. بەزىبىر كىشىلىرىمىز (مۇشۇ ئىشتا ئالدىنقى قاتاردا تۇرغۇچى كىشىلىرىمىز) نىڭ مېيىت چىقىرىشقا بولغان مەۋقەلىرى تازا ساپ ئەمەس. مەسىلەن، بەزىبىر دىنىي كىشىلىرىمىز ياكى شۇلارغا ياندىشىپ تۇرغان بەزىلەر مېيىت ئۇزىتىشنى تاپاۋەت قىلىشنىڭ بىر خىل پۇرسىتى، «خۇدايى پۇرسەت» قىلىشىۋالغان. يەنە بەزىبىر كىشىلەر بولسا، مېيىت ئۇزىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلۈشكە ھاجەت بولغان ئىرىم - دىنىي قائىدىلەر (دەپنە قىلىش، تۆت نەزىر - ئۈچى، يەتتىسى، قىرقى، يىلى) نى، سەدىقە، پىتىر، كاپارەت، فىدىيە، دۇئا - تىلاۋەت ئۆتكۈزۈش ... مۇراسىملىرىنى نام - ئاتاق چىقىرىش، شۆھرەت قازىنىش سورۇنلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، گوياكى ئۇنى ۋاپات بولغۇچىنىڭ ... ئىنچى كۈنىنى ئەسلەش، خاتىرىلەش «زىياپىتى» گە ئايلاندۇرۇۋالغان. يەنە بەزىلەر پەۋقۇلئاددە مۇتەئەسسىپ (جاھالەتچىلىك) ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرىدە دىنىي ئىسلام پرىنسىپلىرىدا يوق نەزىر، سەدىقە، پىتىر تۈرلىرىنى، ھەشەمەتلىك قەبرىلەرنى قاتۇرۇش، بىزەشنى «كەشپى تەرغىبات» قىلىشىپ، بەزىبىر كىشىلەرنى مېيىت چىقىرىش ئادەتلىرىنى يەنىمۇ ھەشەمەتلەشتۈرۈشكە دالالەت قىلىپ باشلاپ ئۆتۈشمەكتە، ۋاھاكازالار.

لېكىن مۇنداق قىلىق ۋە ئادەتلەر مېنىڭچە ئەنئەنىۋى ئىسلامىيەت قائىدىسىگە، مۇسۇلمانچىلىق مىزانلىرىغا، مىللىي، دىنىي مادار، ئىقتىدارىمىزغا پۈتۈنلەي مۇخالىپتۇر. يەنى بۇنداق قىلىقلار: 1. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: «... قېچىڭلار، يېتىملارنىڭ ھەققىنى يېمەكتىن ...» («مىفتاھىل ھەدىس» تىن)؛ 2. «بىزدىكى ئىسلامىيەت» تە تەكىتلەنگەن: «... قەرز ئېلىپ نەزىر - چىراغ قىلماق، سەدىقە، پىتىر ئاتىماق، يېتىم پەرزەنتلەرنى، تۇغقان - ئەقرىبالىرىنى مېيىت ئۈچۈن مال - مۈلۈك تېپىش، چىقىم قىلىشقا دالالەت يىلەن سەۋەبچى بولماق، بۇ ئالەم ۋەسۋەسىسى بىلەن مېيىت ئۇزاتماق، ئاخىرەت ئىشلىرىغا بۇ ئالەم مۇددىئالىرىنى سىڭدۈرمەك، مېيىت مۇسىبىتىنى سەۋەب، مۇددىئا قىلىپ مەقسەتكە يەتمەك، ئاتاق ئالماق ... ئىسلام يولى ئەمەستۇر، قەتئىي مەنئىي يولدۇر ...» دېگەن ئايەت ۋە پرىنسىپلارغا تۈپتىن مۇخالىپتۇر.

ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئالغاندىمۇ، دىنىي پرىنسىپلارغا مۇخالىپ كېلىۋاتقان ئۇنداق قىلىق ۋە ئادەتلەر بىر قىسىم جاي ۋە بىر قىسىم جامائەتچىلىكىمىز ئارىسىدا بايلار بىلەن نامراتلار نەزىر - چىراغلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقىنى، پەرقى بىنەپلىكىنى، نەزىر - چىراغ جامائىتىنىڭ ناباب سالاھىيەت قاتلىمىنى، ھەر خىل مىقدارلىق چىقىملار تۈرلىرىنى شەكىللەندۈرۈپلا قالماي، بەلكى دۇئا - تىلاۋەت قىلىنىدىغان ئىرىم، قىلىقلارنىڭ يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ، ئۆزگىرىپ بېرىشىنى، نەزىر - چىراغقا بولغان بىلىش ۋە قاراشنىڭ مەنبەسىزلىكىنى، «تۈزۈمسىز ئادەت»، «ئىگىسىز قىلىقلار» نىڭ يامراپ كېتىشىنى، ئەڭ مۇھىمى، نەزىرچىراغ راسخوتىنىڭ يىلدىن، يىلغا ئېشىپ بېرىشى ۋە جاھالەتچىلىك قىلىقلىرىنىڭ يامراپ تۈرۈشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. بۇنى بىزنىڭ ھازىرقى چاغ مىللىي يۈكسىلىش ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمىزگە زىت سەلبىي پېشكەللىكنىڭ مەنبەسى دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز، ئەلۋەتتە.

1. ئايرىم جايلاردىكى بىر قىسىم تەقۋاردا مۇتەئەسسىپلىرىمىز ئۆز جايلىرىدا قانداقتۇر ئۆلۈم مۇراسىملىرى ئۈچۈن بولىدىغان ھەر خىل چىقىم تۈرلىرىنى ھەدەپ ئاشۇرۇشنى، ھەرخىل «قائىدە»، «رەسمىيەت» لەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ئىجرا قىلىپ تۇرۇشنى تەكىتلىشىپ يەنى مەسىلەن: «مېيىت ئۈچۈن دۇئاتىلاۋەت قانچە كۆپ بولسا، ساۋابىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ»، «خۇدالىقى ئۈچۈن داۋاملىق سەدىقە، پىتىر ئاتاپ تۇرۇش مېيىت ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن قىلىنغان ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ ...» دېيىشىپ، ئەسلى ئەنئەنىدىكى «مادارىغا قاراپ ئۆلۈم ئۇزىتىش» نى «جامائەتنى رازى قىلىش» قا قاراپ ئۆلۈم ئۇزىتىشقا ئۆزگەرتىپ، ئۆلۈم مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئالاھىدە

ئېغىرلاشتۇرۇپ قويۇشۇۋاتىدۇ. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1987 - يىلى 3 - سىنتەبىر سانىدا بۇ ھەقتە مۇنداق بىر پاكىت نەقىل قىلىنغان: «موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شوتا يېزىسىدا بەزىبىر دىندار كىشىلەرنىڭ دەۋىتى بىلەن نەزىر - چىراغ قائىدە - يوسۇنلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئۆلۈم پاتىھەسىگە كەلگەن ئاياللارنىڭ ھەممىسىگە ئاق تارتىلىدىغان بولغان. بەزى ئۆلۈم مۇراسىملىرىدا ئىشلىتىلگەن ئاق 1200 مېترغا يەتكەن. ‹ئۈچى›، ‹يەتتىسى›، ‹قىرقى›، ‹يىلى›، نەزىرلىرى بەرگەندىن بۆلەك ‹ئازنىلىق›، ‹پەيشەنبىلىك›، . . . قاتارلىق پائالىيەتلەرمۇ داغدۇغىلىق، چوڭ ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەشەمەتلىك چوڭ ئىشقا ئايلانغان. قىسقىسى، چەكتىن ئېشىپ كەتكەن قائىدە - يوسۇنلار، نامۇۋاپىق ئىشلار جەمئىيەت كەيپىياتىنى بۇزۇپ كىشىلەرنى ئېغىر ئىقتىسادىي زىيانلارغا ئۇچراتماقتا . . .»

1989 - يىلى بىزنىڭ يېقىن بىر بۇرادىرىمىز قازا قىلغاندا، ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن تۇغقانلىرى يەكەن ۋە ئۈرۈمچىدە بولۇپ 17 جايدا بىرلا ۋاقىتتا ئۇنىڭ «يەتتە نەزىرىسى» نى بەرگەن. نەزىرگە سويۇلغان چوڭ - كىچىك مال 30 نەچچىگە، چىقىم قىلىنغان گۈرۈچ 900 كىلوگرامغا، ياغ 200 كىلوگرامغا، كەتكەن چىقىملارنىڭ قىممىتى 20 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. 1990 - يىلى ھەج قىلغىلى بېرىپ ھەرەمدە قازا قىلىپ كەتكەن X ھاجىمنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئۈچ ئېغىز ئۆيلۈك ھويلىسى ئۇنىڭ يىللىق نەزىر - چىراغلىرى ئۈچۈن سېتىۋېتىلىپ، مەرھۇمنىڭ پەرزەنتلىرى زېمىنسىز بولۇپ قالغان. بىز مۇنداق مىساللارنى ھازىر ھەممىلا يەردە دېگۈدەك ئۇچرىتىپ تۇرالايمىز.

تېخىمۇ ئەپلەشمەي تۇرۇۋاتقان بىر ئىش شۇكى، «ياش چېغىدا بەڭگى قىمارۋاز» ، «قېرىغاندا خۇدايى نامازى» ، «ياش چېغىدا سەۋدايى خېنىم» ، «قېرىغاندا بۇۋى خېنىم» بولۇۋېلىشقان بەزىبىر تېگى بۇزۇق، ئاقىۋىتى ئاقسا كىشىلەرمۇ ھازىرقى چاغنىڭ «دىن» چىلىرى بولۇشۇۋېلىپ، مېيىت ئۇزاتقۇچىلارنىڭ ئەڭ يېقىن «دىنىي جامائىتى» ، «پاتىھە ئەھلى» ، «قارىي» ، «بۇۋىم» لىك «سالاھىيەت» لىرى بىلەن خالىغان چاغدا خالىغانچە مېيىت ئۈچۈن «مەۋلۇت» ، «خەتمە» ، «دۇرۇت» ، «ئازنىلىق» ، «پەيشەنبىلىك» . . . نەزىر - نۇزرەت پاتىھەلىرىنى «ئوقۇپ» مۇسىبەتكارلاردىن ئالاھىدە نەپ ئېلىپ تۇرىدىغان «دۇئا - تىلاۋەت» قوزغۇنلىرىدىن بولۇپ كېتىشكەن. چۈشى بۇزۇلسىمۇ سەدىقە، كۆڭلى بۇزۇلسىمۇ سەدىقە، پېشكەللىك كەلسىمۇ سەدىقە، شۇم خەۋەرگىمۇ سەدىقە. قىسقىسى مىدىرلىسىلا «سەدىقە» ئالىدىغان ، «قازانامازغا، «ئىمان يېڭىلاش» . . . لارغىمۇ «خۇدايى ھەق» ئېلىپ تۇرۇشىدىغانلارمۇ دەل ئەنە شۇلار ئەمەسمۇ؟ بۇ يەردە قازاق خەلقىنىڭ «نادان ئەلنىڭ هارامدىن مولۇلىسى بولىدۇ» دېگەن تەمسىلىنى تەكرار - تەكرار ئەسلەشكە توغرا كېلىدۇ، خالاس.

2. ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ھەر خىل «نەزىر» لەرنىڭ شەكلى، ئېتىبارىنىڭ نابابلىقىنچۇ تېخى! بىزدە نەزىر - چىراغ جامائىتى تولا ھاللاردا نەزىر - چىراغ بەرگۈچىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، سالاھىيىتى، مادارىغا قاراپ تولپلىنىدىغان (باينىڭ جامائىتى باي، ئەربابنىڭ جامائىتى ئەرباب، كاسىپنىڭ جامائىتى كاسىپ، كادىرنىڭ جامائىتى كادىر، دېھقاننىڭ جامائىتى دېھقان، گادايىنىڭ جامائىتى گاداي . . . بولىدىغان) ئادەت تەدرىجىي شەكىللىنىپ بارغاچقا، ئەنئەنىۋى مىللىي سورۇنلىرىمىز ياكى دىنىي مۇراسىملىرىمىز قانداقتۇر بىر خىل جامائەت تەبىقىلىرى (قاتلاملىرى) شەكىللىنىپ چىقىدىغان بىر - بىرىگە بىئەپ «تەڭتۇش» لار سورۇنلىرىغا ئايلىنىپ تۇرماقتا. يېقىندا بىرسى ھازىر تۈزۈلۈۋاتقان نەزىر - چىراغ جامائىتىنىڭ جامائەتلىشىش خاراكتېرى توغرىسىدا توختىلىپ ماڭا مۇنداق دېدى: «بەزى نورمال ئىش - ئوقەتلىك كىشىلەر نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزسە ئۇنىڭ چاقىرىدىغان جامائىتى مۇقىم دۈكىنى، ئىش ئورنى، ئائىلىسى، ئىناۋىتى، دىيانىتى بار، ھال كۈنى ئوبدان . . . قويۇق تونۇش كىشىلەردىن تەركىب تاپىدۇ . . .»

راست، چوڭلار، پۇلدارلار، ئالىم، ئۆلىمالار . . . نىڭ جامائىتىمۇ ئۆز تەڭتۇشلىرىدىن تۈزۈلىدۇ - دە، ئەلۋەتتە. ئۇنداقلارنىڭ نەزىر - چىراغ سورۇنلىرىدا نەدىمۇ يېتىم، مىسكىن، يېسىر، يوقسۇل بىچارىلەر بولسۇن؟

دېمەك، بىزدە بولۇۋاتقان بەزىبىر نەزىر - چىراغ (مۇسىبەت) سورۇنلىرى ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى جامائەت بىرلىكىنى، مىللىي ئۇملۇكىنى، كىشىلەر ھەمدەملىكىنى شەكىللەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئالاھىدە خاسىيىتىدىن چەتنەپ «ئۆزى بۆلەكنىڭ يولى بۆلەك، يولى بۆلەكنىڭ ئۆلى بۆلەك» لەر تەبىقىلىرىنى

شەكىللەندۈرىدىغان ئوسال سورۇنلاردىن بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇنداق سورۇننى نەزىر - چىراغ سورۇنى دېگەندىن كۆرە جەمئىيەت كىشىلىرىنى ھەشەمەتچىلىك قايىنىمىغا سۆرەپ كىرىدىغان، كىشىلەرگە ھەشەمخورلۇق كۆزىنىكى بولۇپ بېرىدىغان زىيانلىق - سەلبىي سورۇن دېگەن تۈزۈك، ئەلۋەتتە.

3. ھەشەمەتلىك قەبرىلەرنى قاتۇرۇش، قەبرە زىننەتلەش بىزدە ئالاھىدە بىر خىل «دىنىي ئادەت» يۈزلىنىشى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بەزىبىر قەبرىستانلىقلارغا بارساق بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قەبرىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە ھەشەمەتلىك قاتۇرۇلغانلىقىنى، زىننەتلەنگەنلىكىنى، ھەر خىل نەرسىلەرگە ئورالغانلىقىنى، قەبرە ئۈستىگە بېكىتىلگەن نەرسىلەرنىڭ كۆپ ۋە قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى مۇسۇلمانچىلىق كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتىمىز.

1984 - يىلدىن بۇيان ئۈلساي زەرەتگاھلىقىدا ئالاھىدە قاتۇرۇلغان ۋە زىننەتلەنگەن قەبرىدىن104ى ياسىلىپتۇ. بىر قەبرىنىڭ پەقەت ئۇستا ئىش ھەققى چىقىمىلا 4 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. قەبرە قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىنغان ماتېرىيال، ترانسپورت، ئەمگەك چىقىمىمۇ 13 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولمىغان. بۇ زەرەتگاھلىقتا «قەبرىستان بىناكارلىقى» پەيدا بولغان.

بىز يۇقىرىقىدەك مىساللارنى نەدىنلا بولمىسۇن كۆپلەپ كەلتۈرەلەيمىز.

بىز قىلىۋاتقان بۇ خىل قىلىق ئىسلام دىنى قائىدىلىرىگە ئۇيغۇنمۇ، راست «دىنىي زۆرۈرىيەت» مۇ؟ قىلمىغانلار دىندا گۇناھكار بولامدۇ؟

ئۈرۈمچى شىخابا مەسچىتىنىڭ ئىمامى، مۆھتەرەم ئابدۇرېشىت مەخسۇم ھاجىم بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق يازىدۇ: «. . . قەبرە، گۈمبەز قاتۇرۇش، زىننەتلەش ئىسلام تەلىمىدە يوق. چوقۇم بۇددا دىنىنىڭ بىزدە ساقلىنىپ قالغان قالدۇقلىرى . . . قىسقارتىپ ئېيتقاندا قەبرە قاتۇرۇش، زىننەتلەش، قەبرىگە چوقۇنۇش، قەبرىدىن مەدەت تىلەش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئىسلام دىنىدا قاتتىق مەنئىي قىلىنغان. بۇ ئەھۋالنى مۇلاھىزە قىلماسلىق، خۇراپات - بىدئەتلىككە بېرىلىپ، ھەقىقىي بىلىم - مائارىپتىن يىراقلىشىپ، جاھالەتكە يۈزلەنگەنلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ بىزدە گۈمبەز، قەبرىلەرنىڭ ھەشەمەتلىك ياسىلىشى، زىننەتلىنىشى كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن خەۋپلىك مەسىلە ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى قەبرىگە ھەددىدىن تاشقىرى ئېتىبار بېرىش - مۇشرىكلىككە ئېلىپ بېرىشنىڭ باشلىنىشى . . .» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1984 - يىل 16 - ئاۋغۇست سانىدىن).

«. . . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زامانىسىدا مۇنداق گۈمبەز، قەبرە ياساشلار يوق ئىش بولۇپ، پەقەت قەبرە بېشىغا تاش قويۇپ بەلگە قىلىپ قويۇلاتتى. بۇ، قەبرىنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈنلا بولاتتى . . .» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1987 - يىل 3 - سان 32 - بەتتىن).

دېمەك، دىنىي ئېتىقاد يۈزىسىدىن ھەشەمەتلىك قەبرىلەرنى قاتۇرۇش، زىننەتلەش، مېيىت ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن توپا - تۇپراق بېشىغا ئالاھىدە ماددىي چىقىملارنى ئاتاش، زايا قىلىش ئادەتلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئەمەس، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىمىزدا پەيدا بولغان جاھالەتچىلىك ئادەتلىرىدىن بولغىنى ئۈچۈن بىز ئۇنداق «دىنىي» ئادەتنى قەتئىي رەت قىلىمىز، قارشىلايمىز. تارىختىكى مۇسۇلمان دۇنياسىدا شاللىنىپ كەتكەن ئىپتىدائىي دىنىي ئادەتلەر ياكى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالەتچىلىك «دىنىي» قىلمىقلىرىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنى بىز چوقۇم تاشلىۋېتىمىز، رەت قىلماي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە.

بىر مۆتىۋەر زات ماڭا: «قەبرە قاتۇرۇش ئەلۋەتتە ساۋابلىق ئىش، مۇسۇلمان ئۈچۈن خۇدايى ئادەت . . .» دەپ بىر قېتىم ھەرەمگە بارغىلى يەتكۈدەك پۇل بىلەن ئۆزىنىڭ بىر تۇغقىنى ئۈچۈن قەبرە ئەھيا قىلغانلىقىدىن پەخىرلەندى. خوش، ئۇ مۆتىۋەر ھوزۇرىغا مۇنداق بىر خۇدالىق سوئالنى قويۇپ باقايلى: ھاللىق مۇسۇلمانلار ئادا قىلالايدىغان، قولى قىسقا مۇسۇلمانلار ئادا قىلالمايدىغان، بىر مۇسۇلمان ئادا قىلىپ «ساۋاب» تاپسا، يەنە مىڭلىغان مۇسۇلمان قۇربى يەتمەي (ئادا قىلالماي) «گۇناھ» غا قالىدىغان ئۇنداق قىلىق قانداقمۇ «ئاخىرەت» لىك «دىنىي» قىلىق بولالىسۇن؟ قانداقمۇ خۇداغا قىلىنغان «قۇللۇق» مەنىسىنى ئالالىسۇن؟ قانداقمۇ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «. . . دىنىي ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار . . .» («مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» 101 - بەتتىن) دېگەن تەلىمىگە ئۇيغۇن كەلسۇن؟

www.uyghurkitap.com

بۇ يەردە شۇنىمۇ تەكىتلەش لازىمكى، تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ شەخسلەر (مىللىي داھىي، قەھرىمان، ئالىم، ئۆلىما، كەشپىياتچى ... لار) نىڭ مېيىت قەبرىلىرى بۇرۇندىن ھازىرغىچە بىزدە ئەسلىمە خاراكتېرى (مىللىي سېغىنىش، نام شەرىپىنى ئۇچۇرمەسلىك مەقسەتلىرى) دە ئەھيا قىلىنىپ، دىنىي تۈس ئۇنى قوغداپ تۇرۇشنىڭ مەنىۋى ئامالى قىلىنغانلىقى راست. شۇڭا، بىز ئۇنداق قەبرىلەرنى ئىجتىمائىي يادنامە قاتارىدىن سېغىنىپ، مەڭگۇ ئەسلەپ تۇرىمىز، مەشھۇر تارىخىي تۆھپىكار ئادەملەر بىلەن ئادەتتىكى مۇسۇلمان جەسىتىنىڭ دەپنە قىلىنىش پەرقىنى مەڭگۇ ئارىلاشتۇرىۋەتمەيمىز. بىرسى دىنىي ئادەت ئىشى، يەنە بىرسى بولسا ئىجتىمائىي ئىش دەپ مۇئامىلە قىلىمىز، ئەلۋەتتە.

دىنىي ئۇقۇم بىلەن ھەشەمەتلىك قەبرىلەرنى قاتۇرۇش، زىننەتلەش، قەبرىگە ئىخلاس قىلىش ... نىڭ بىزنىڭ ھازىرقى زامان ھاياتىمىزغا كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقان بەزىبىر سەلبىي تەسىرلىرىنى مۇنداق ئىزاھلاپ ئۆتۈشكىمۇ توغرا كېلىدۇ:

زەرەتكاھلىقلاردا ھەشەمەتلىك قەبرىلەرنى قاتۇرغۇچىلار بىلەن ئادەتتىكى زەرەت قىلغۇچىلار ھازىرقى چاغلاردا خۇدايى جامائەتچىلىك (ئاللا ئالدىدا ھەممە بەندە تەڭ) تويىدىن بىر - بىرى بىلەن قولاشمايدىغان ھەر خىل جامائەت تەبىقىلىرى توپلىرىغا بۆلۈنۈپ كەتمەكتە. ھاللىقلار ئاتىكاچى، قولى قىسقىلار بىچارە، ھاللىقنىڭ جامائىتى ھاللىق، ھالسىزنىڭ جامائىتى ھالسىز، چوڭنىڭ جامائىتى چوڭ، كىچىكنىڭ جامائىتى كىچىك بولۇپ كېتىشتەك ئادەت شەكىللەنمەكتە. دېمەك، زەرەتكاھلىق مېيىتلارنىڭ ماكانى ئەمەس، قەبرىلىرىمۇ پۈتىشمايدىغان مۇسۇلمان ئۆلۈكلىرىنىڭ پەرقلىنىپ تۇرۇش ماكانى، بۇ ئالەمدىكى ھاللىق مۇسۇلمانلار بىلەن ھالسىز مۇسۇلمانلارنىڭ بىر - بىرىگە زادىلا قوۋۇلاشمايدىغان تەبىقىلىشىش ماكانى، قىسقىسى «زەرەتكاھلىقلاردىكى بۆلۈنۈش» لەرنىڭ ماكانى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنى بىزدىكى ئىچكى پارچىلىنىش، قۇتۇپلىشىش ياكى تەپرىقىلىشىشنىڭ زەرەتكاھلىقلاردا باش كۆتۈرۈشى، ھېچ بولمىغاندا بىغ چىقىرىشى دېمەي بولمايدۇ. ھازىرقى چاغلاردا ئۆزىمىزنى زامانىۋى كۆچەيتىشىمىزگە (زامانىۋى ئۆيۈشۈش، تەرەققىي قىلىش قۇدرىتىمىزنى ئاشۇرۇشقا)، زامانىۋى دۇنياغا يۈزلىنىشىمىزگە توسالغۇ بولىدىغان ئەنە شۇنداق «دىنىي ئادەت»، «دىنىي قىلىقلار» نى رەت قىلىشقا، تاشلىۋېتىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

ئادەتنى ئىنسانلار يارىتىدۇ. دىنىنىمۇ ئىنسانلار تەرەققىي قىلدۇرغان. تارىختىن قالغان ئارخىپ (ئالىقاچان ۋاقتى ئۆتكەن) ھەر قانداق «دىنىي» ئادەت ئەمدى بىزگە مەنسۇپ بولماسلىقى لازىم.

قەبرىبازلىقنىڭ بىزنىڭ ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي مادارىمىزغا كۆرسىتىۋاتقان سەلبىي تەسىرى ئالاھىدە ئېغىرلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئىشتا بىزنىڭ مىجەزىمىزدىكى «سەندىن مەن قالامدىغان؟» دەيدىغان بىر خىل دوراپ سەكرەش شاملى يەنىمۇ باش كۆتۈرۈپ كەتتى.

1984 - يىلى گۇلساي قەبرىستانلىقىدا ئالاھىدە كۆركەم، ھەشەمەتلىك قاتۇرۇلغان قەبرە سەككىز، ئادەتتىكىچە قاتۇرۇلۇپ زىننەتلەنگەن قەبرە 29 بولغان بولسا، بۇيىل (1993 - يىل) قۇربان ھېيتقىچە ئۇنداق كۆركەم، ھەشەمەتلىك قاتۇرۇلغان قەبرىنىڭ سانى 104 كە، ئادەتتىكىچە قاتۇرۇلۇپ زىننەتلەنگەن قەبرىنىڭ سانى 123 كە كۆپەيگەنلىكىنى بايقىدىم.

بىزنىڭ بۇرۇنقى مەرھۇم قوشنىمىزنىڭ باللىرى مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدا تۈتقان ئۆي - مۈلۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەرھۇمنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرۇشقا چىقىم قىلىۋېتىپ، مەرھۇمنىڭ بۇ ئالەمدە قالغان ئەۋلادلىرىغا ھېچقانداق ماددىي مىراس نەمۇنىسى قالدۇرمىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇ زەرەتكاھلىقتا بەزىبىر ئۇرۇق - تۇغقانلار قازا قىلغان كىشىلىرىنىڭ مېيىتلىرى ئۈچۈن قەبرە قاتۇرۇشقا پۇل يىغىشالماي «سەن بەرمىدىڭ، مەن بەردىم» دېيىشىپ، بىر - بىرىدىن ياتلىشىپ كېتىشكەنلىرىنىمۇ ئاڭلىدىم.

ھەر بىرىمىز تاپقان - تەرگەن ئىقتىسادىي كۈچىمىزنى زادى ھەشەمەتلىك «دىنىي ئادەت»، «دىنىي يوسۇن» لارغىلا ئاتامدۇق ياكى مىللىتىمىزنىڭ، جەمئىيىتىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، گۈللىنىشىگە، كۈچىيىشىگىمۇ؟ مانا بۇ ھەر بىرۋىجدانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئالدىدا جاۋاب كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان جىددىي سوئالدۇر.

بىز مۆھتەرەم جامائەتچىلىكىمىزنىڭ ھوزۇرى ئېتىبارلىرىغا ئۇرۇمچى شىخابا مەسچىتىنىڭ ئىمامى،

پېشقەدەم ئۆلىما ئابدۇرېشىت مەخسۇم ھاجىمنىڭ مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە بايان قىلغان تۆۋەندىكى دىنىي نۇتقىنىڭ بىر قىسمىنى كۆچۈرۈپ ھەدىيە قىلىپ ئۆتىمىز: «... ئىسلام دىنىدا شەكىلۋازلىق قوبۇل قىلىنمايدۇ. كۆرۈنسىز، نامۇۋاپىق دىنىي قائىدە - يوسۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېتىمخانىسى مەكتەپ، كېسەلخانا، بىلىم يۇرت ... لىرىغا، يېتىم - يېسىر، ئاجىز - ناتىۋانلارغا ياردەم بېرىش - ئەڭ ئاساسلىق ئىشتۇر ... دىنىمىزدا كۆپچىلىك ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، يوقسۇل، ئاجىزلارغا ياردەم بېرىش، جەمئىيەت ئىشلىرى بىلەن خالىسانە شۇغۇللىنىش، ساختىپەزلىك، قىزىلكۆزلۈك، ھەشەمەتچىلىك، بەتخەجلىك، پەسكەشلىك ... تىن ساقلىنىش - دىنىي نەزەرىيىدە ئەڭ ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ ... نامۇۋاپىق خاتا قىلىق، خاتا خاھىشلارنى تۈگىتىپ، كونا خوراپىي ئادەتلەرگە خاتىمە بېرىپ ئۆلۈم - يېتىم مۇراسىملىرىمىزنى مىللىتىمىزنىڭ شەنىگە لايىق، دىنىمىزنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق ئورۇنلاشقا تىرىشمىقىمىز زۆرۈردۇر ...» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1984 - يىل 16 - ئاۋغۇست ساندىن).

# بۇ بىزدىكى ئىلغارلىقمۇ ياكى قالاقلىقمۇ؟

بىزدىكى ھەشەمخورلۇق - شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ نىكاھ، ئۆلۈم مۇراسىملىرىغا ئائىت بولمىغان ئالاھىدە تۈر، شەكىللىرىدىن يەنە بىرى - ھەر خىل ھەشەمەتلىك چاي، مەرىكىلەرنى كەشىپ قىلىش، بارغانسېرى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇۋاتىدۇ. ئۇمۇمەن كەڭ - كۇشادە خەجلەپ، كەڭ - كۇشادە يەپ - ئىچىپ (داستىخان يېيىپ تاماشا قىلىپ) ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان قىلىق بىز خەقنىڭ ھازىرقى زامان مىللىي قىلىقىمىز بولۇپ شەكىللىنىۋاتىدۇ.

«بۆشۈك چېيى»، «ئات چېيى»، «خەتمە چېيى» (ھازىر بىزدە «توي» دېيىلىۋاتىدۇ)، «ئۆي چېيى»، «توغۇت چېيى»، «ئۆزىتىش چېيى»، «كۈتۈۋېلىش چېيى»، «قىز چېيى»، «يىگىت چېيى»، «چوڭلار چېيى»، «كىچىكلەر چېيى»، «ھاردۇق چېيى»، «ئۇچرىشىش چېيى»، «باراۋەت چېيى»، «تاپاۋەت چېيى»، «ئىمتىھان چېيى»، «مەكتەپكە كىرىش چېيى»، «خىزمەت چېيى»، «تەبرىكلەش چېيى»، «ئۇتۇق چېيى»، «قاتار چاي»، «مەشرەپ چېيى»، «ھوسۇل چېيى»، «خامان چېيى»، «باغ چېيى»، «يايلاق چېيى»، «نورۇز چېيى»، «يېڭى يىل چېيى»، «ھېيت چېيى»، «ئەپلەشتۈرۈش چېيى»، «ناماقۇل چېيى»، «دۇئا - تىلاۋەت چېيى»، «زاراخەتمە چېيى»، «ئورۇق سېلىش چېيى»، «خامان چېيى»، «پۇتۇشۇش چېيى» ... (بەزى كىشىلەر تەسۋىرلىگەندەك «40 چاي») بىزنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ چىقىم ساھەسى بولۇپ قالماقتا.

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق 15 تارماق ۋە ئورۇننىڭ 1987 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاھالىلىرى (ئاساسەن مىللىي ئاھالىلەر) ئارىسىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا: «... يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۈرۈمچىدىكى ھەر بىر ئائىلىنىڭ ھەر خىل ئۆتكۈزۈلىدىغان چاي، ئولتۇرۇشلار ئۈچۈن ھەر يىلدا سەرپ قىلىدىغان نەق پۇلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 148 يۈەن 71 پۇڭ (سوۋغا قىلىنىدىغان ماددىي نەرسىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) دىن توغرا كېلىپ، ھەر يىلى تەخمىنەن 31.67% دىن ئېشىپ بارغان ... دېمەك، ئۇنداق خىراجەت خەلقنىڭ ھازىرقى كۆتۈرۈش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كېتىپ، ئىجتىمائىي ئاپەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ...» («شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1987 - يىل 4 - ئۆكتەبىر ساندىن). (ھازىر ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى، ئەلۋەتتە - مۇھەررىردىن). مۇشۇ ئىشقا ئائىت يەنە بەزىبىر ماتېرىياللاردا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاھالىلارنىڭ 1988 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مائارىپ، ئاممىۋى پاراۋانلىق، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ... ئىشلىرى (ئاممىۋى ئىئانە ئىشلىرى) غا ئىختىيارىي ئىئانە قىلغان يىللىق نەق پۇلى كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاران ئالتە، يەتتە يۈەن ئەتراپىدا توغرا كەلگەنلىكى قەيت قىلىنغان. سانجى شەھىرىدىكى 7300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئاھالىسى ئىچىدە 1990 - يىلى ھەر خىل «توي»، «چاي» لارنى ئۆتكۈزگەنلەر پۈتۈن ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ 37% نى تەشكىل قىلغان. لېكىن جەمئىيەتنىڭ ھەر

خىل ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، قۇتقۇزۇش . . . ئىشلىرىغا ۋە مائارىپقا ئىختىيارىي ئىئانە ھەدىيە قىلغانلار پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ 2% گىمۇ بارمىغان.

مەكىت، مارالبېشى، توقسۇ، پوسكام ناھىيىلىرىدىن كەلگەن بەزى ماتېرىياللاردىن بىلىشىمىزچە يېزا، بازارلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قىزىپ كەتكەن «قاتارى چاي»، «مەشرەپ چېيى»، «بۆشۈك چېيى»، «ئات چېيى»، «سۈننەت چېيى»، «مەشرەپ . . . » لەرنىڭ تەسىرىدە بەزى جۇۋان، چوكانلار ھەپتىلەپ ئويناپ كېتىپ ئۆيىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان، بەزى ياش - يۇسەن ئەرلەر ئايلاپ ئويناپ كېتىپ مەھەللە - ئائىلىسىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان يامان كەيپىيات پەيدا بولۇپ قالغان. بەزى «توي»، «چاي» لار ھاراق سورۇنى، ھەرخىل چېكىملىكلەر سورۇنى، ئاشنىۋازلار سورۇنى، جەمئىيەت تەرتىپىنى، جامائەت كەيپىياتىنى بۇزغۇچى مەنبە بولۇپ قالغان.

مەن يېقىندا بىر دوستۇمنىڭ نەۋرىسىنىڭ خەتمە تويىغا ئارىلىشىپ مۇلازىمەتچىلىك قىلدىم. چىقىم خاتىرىسى بويىچە ھېسابلىغاندا 4400 يۈەن خەجلەنگەن بۇ تويدىن نەۋرىمىزگە بىر ساندۇق كەلگۈدەك ھەر خىل ئويۇنچۇق، بىر قۇچاق يالتىراق گۈل، بىرەر تاغار كەلگۈدەك بالا كىيىمى، 30 نەچچە قاسقان گۈللۈك تورت، 790 يۈەن نەق پۇل كىرىم بولدى. تويدا ئىشلەتكەن زال چىقىمى، سۇنغان قاچا - قۇچا ئۈچۈن تۆلەم، «توي»دا جېدەللىشىپ قالغان مەستلەرنى ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىش ئۈچۈن كەتكەن چىقىملارنى قوشقاندا 801 يۈەن قوشۇمچە چىقىم تارتتۇق. ۋە ھالەنكى، مېنىڭ بۇ يېقىن دوستۇمنىڭ مەن بىلەن دوستلاشقان 30 نەچچە يىللىق تارىخىدا بىرەر مەكتەپ، بىرەر پاراۋانلىق ئورنى، بىرەر قۇتقۇزۇش ساھەسىگە ياكى بىرەر مەھەللىدىكى نامراتلار جامائىتىگە يۇقىرىسى 10 يۈەن، تۆۋىنى بىر يۈەن چاغلىق ئىختىيارىي ئىئانە بەرگەن چاغلىرىنى بىلمەيمەن. «چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان» قەدىرلىك دوستۇمنىڭ بۇ قېتىمقى «سېخىي» لىقى ماڭا ئالاھىدە بىلىندى. بۇنى قانداق سېخىيلىق، قانداق شۆھرەت دېگۈلۈك؟

بىز بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەيمىزكى، بىزتوي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئۇزىتىشتىكى، ھاجەتلىك دىنىي، ئىجتىمائىي، مىللىي مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشنى مىللىي ھاياتىمىزنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايمىز. شۇڭا بىز تارىختىن بۇيان خەلقىمىز ئارىسىدا نورمال، مۇۋاپىق، خالىس «ھالىغا بېقىپ ھال تارتىش»نى مەنبە قىلغان مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشنى ئېسىل مىللىي ئەنئەنىمىز قىلىپ، قەدىرلەپ، داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنمىز. بۇ بىزنىڭ ۋارىسلىق قارىشىمىز.

لېكىن، بىزنىڭ ھازىرقى بەزىبىر مۇراسىم سورۇنلىرىمىز ئۇنداق بولمايۋاتىدۇ. يۇقىرىدا تەكىتلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھەشەمەتچى يارانلىرىمىزنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئىسراپچىلىق سورۇنى، ئۆزىنى كۆرسىتىش سورۇنى، مۇتەئەسسىپلىك، نادانلىق سورۇنى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ بىزدىكى بىر خىل يامان سۈپەتلىك يۈزلىنىش ئەلۋەتتە. شۇنىسى ئېچىنىشلىقكى، ھازىرقى زاماندا مىللىتىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتارى ھېسابلانغان بەزىبىر مادار، ئىمتىياز ئىگىلىرى بۇنداق مۇراسىم، سورۇنلارنى تېخى «مىللىي ئەنئەنە»، «مىللىي ئادەت»، «مىللىي قائىدە» ئۇقۇمىدا شەرھلىشىپ، قانداقتۇر ئۇنى بىزگە «مەنىۋى تەرەققىيات»؛ «يېڭى يۈزلىنىش»، «مىللەت شۆھرىتى» . . . نىڭ «ئۆرنەك» كۆز - كۆزى قىلىشىۋاتىدۇ. تېخى بەزىلەر: «ئۆزى تاپقان پۇل، ۋەجىنى ئۆزى قانداق خەجلىسە مەيلى ئەمەسمۇ؟ خەقنىڭ نېمە كارى؟» دېيىشىۋاتامدۇ. مەسىلىمۇ دەل مۇشۇ يەردە.

ئىززەت - ھۆرمىتى زىيادە ئېشىپ كەتكەن، پۇل، مال، ھوقۇق كۈچى زىيادە چوڭىيىپ، ئېشىپ بارغان كىشىلەر دىققەت قىلمىسا، ئاخىر بېرىپ ھامان مەسخىرە ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ. ئەلنى سۆيگەنلەرگە بەخت تىلەش، سۆيمىگەنلەرگە لەنەت ئوقۇش، باشقىلارنىڭ ئەلنى سۆيۈشىگە توسقۇنلۇق قىلغانلارغا تېخىمۇ قاتتىق لەنەت ئوقۇش كېرەك.

ئەگەر سىز بۇ ئالەمدە تاپقان - تەرگەنلىرىڭىزنى ئۆزىڭىز بىلگەنچە ئۆز «شۆھرىتى»ڭىز ئۈچۈن چېچىۋەتسىڭىز، ھاراق - شاراب بەزمىلىرىگە، نەغمىلىك كەڭ قول سورۇنلارغا، ئۇپا - ئەڭلىك، پەرداز دۇۋىلىرىگە، قىممەت پۇللۇق بېزەكلەرگە، داڭلىق ئۆي بىساتلىرىغا، توي ھەشەمەتلىرىگە، باغلام - باغلام پۇللۇق لاتا - پىتە . . . لەرگە خەجلىۋەتسىڭىز، يۇرت خەلقىڭىزنىڭ، قوۋم - قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ -

قىسقىسى سىزنى ئادەم قىلغان، گەۋدە كېرىتكەن مۆھتەرەم جامائىتىڭىزنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئىقتىسادىي دەرد - ئەلەمگە، بۇزۇلۇپ تۇرۇۋاتقان مەكتەپ، ئاپەتتە قالغان يۇرت، مەھەللىڭىزگە، ئىڭراۋاتقان نامرات كېسەلمەنلەرگە، پاراۋانلىق مادارى ئاجىز ئورۇن ۋە جايلارغا، كىشىلەرگە ئازراقمۇ ئىنسانىي قېرىنداشلىق ياردەم، ئىئانە قولىڭىزنى سۇنمىسىڭىز ئۇنداقتا سىزنى نەسلىگە ۋاپا قىلمىدىغان، يۇرتىغا ۋاپا قىلمىدىغان، قوۋم - قېرىنداشلىرىغا ۋاپا قىلمىدىغان پەزىلەت ئىگىسى دېگىلى بولسۇن؟ قانداقمۇ ۋىجدانلىق قېرىنداش دېگىلى بولسۇن.

تاپقان - تەرگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى توي - تۆكۈنلىرىمىزنى دائىم ئالاھىدە ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشقا، «مېھمان دوست» لىقىمىزنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆلۈم - يېتىم مۇراسىملىرىمىزنى ھەيۋەتلىك كاتتا ئۆتكۈزۈپ، داغلىق قەبرىلەرنى قاتۇرۇپ زىننەتلەپ ئۆتۈشكە . . . ئايىماي سەرپ قىلىپ تۇرۇشنى ئۆزىمىزنىڭ مىللىي شۆھرىتى، ئەنئەنىۋى ئادىتى، مەجبۇرىيىتى، تەقدىرى، ئىستىقبالىمىزنىڭ ئۆلى - قۇدرىتى قىلىۋالساق بولامدۇ؟ بۇ خەلقىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا، زامانىۋى گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىقمۇ - زىيانلىق؟ مىللىتىمىزنى سەمرىتەمدۇ - ئورۇقلىتامدۇ؟

پۇل - مېلى كۆپ ئادەم پۇل - مېلىنى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى ۋە باشقىلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ ياخشى نامغا ۋە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولسىلا ئاندىن خەلقى - ئالەم ئارىسىدا ئىككىلا دۇنيالىق پەزىلەت ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۆز خەلقىنى كۆزلىمەي، پۇل - مېلىنى ياخشىلىق يوللىرىغا، پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلمىسا ھەممە ئادەمنىڭ نەزەرىدە پەزىلەت ئىگىسى ھېسابلانمايدۇ. ئۇ، ئەل بىزار - خۇدا بىزار خەسىس تەندۇر، خالاس.

# ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى

ئەختەم ئۆمەر

## پۇل ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

پۇل ھەققىدە جىق گەپلەر، تەرىپاتلار بولدى. مەن پۇلنى ئىنساننىڭ ياشاش قورالى دەپ قارايمەن. ھاياتنىڭ ئۆزى بىر جەڭ. بۇ جەڭگە قورالسىز كىرگەن ئادەم مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلىدۇ، ياكى دۈشمىنىگە ئەسىرگە چۈشۈپ ئۇنىڭغا قۇل بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭا يانچۇقتا پۇل بولمىسا، ئادەمنىڭ ھاياتى قورالى يوق ئەسكەرگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئەمما پۇلنى ئاتا - ئانا، پۇلنى دوست، پۇلنى ئېتىقادنىڭ ئورنىغا قويۇۋېلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنسا، بۇ تاپانچىغا تەزىم قىلغاندىنمۇ بەتتەر ھاماقەتلىكتۇر. شۇڭا، پۇلغا ئىلاھ ئورنىدا چوقۇنماي ئۇنى ئۆزىنى قۇدرەت تاپتۇرىدىغان قورال قىلىش، بۇ قورالنى ئادەملىك يولى بىلەن قولغا ئېلىش كېرەك. ئەگەر بۇ قورال ياخشى ئادەمنىڭ قولىغا چۈشسە جاھانغا ياخشىلىق تارايدۇ، يامانىنىڭ قولىغا چۈشسە زۇلۇم - سىتەم كۆپىيىدۇ. ھازىرقى ھالىمىزدا، قولىمىزدا تېخى ئىقتىسادتىن ئىبارەت قۇدرەتلىك قورال بولمىغاچقا، نامراتلىق تۈپەيلىدىن بويۇن قىسىپ، موھتاجلىق ئازابىدا قىينىلىۋاتىمىز. پۇل يوق قولىمىز قىسقا، پۇل يوق تىلىمىز قىسقا، پۇل يوق يولىمىز قىسقا، پۇل يوق ئەقلىمىز قىسقا بولۇۋاتىدۇ. بۇ مېنىڭ پۇلغا چوقۇنۇشقا قارشى تۇرغان ھالدا پۇلغا ئېرىشىش كۆز قارىشىم. پۇلدىن نەپرەتلىنىۋاتقان، پۇلنى تىللاۋاتقان بۇرادەرلەرنىڭ، ياپونىيىلىكلەر، ئامېرىكىلىقلار، گېرمانىيىلىكلەر ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئىلىم -ھۈنەر ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىنى ئىقتىساد ئىكەنلىكى، ئىقتىساد ئارقىلىق تېخىمۇ زامانىۋى پەن - تېخنىكىغا ئېرىشكەنلىكىدىن ئىبارەت زەنجىرسىمان باغلىنىشنى ئەقىل بىلەن ئويلاپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

www.uyghurkitap.com

# پەسلىشىپ كېتىۋاتقان تەبىئىيىتىمىزنىڭ بىر قانچە پاكىتلىرى

مەن چەت ئەلدە، بىنالىرى، زاۋۇتلىرى بار ئىككى ئۇيغۇر باينىڭ بىرى يەنە بىرىدىن بىر قوشۇق تۇز سورىسا تەستە بېرىپ تۇرۇپ، ئېشىپ قالغان يېرىم قوشۇق تۇزنى قايتۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. يۇرتىمىزدىكى بىر ئالتۇنچى باينىڭ ھەج قىلغىلى چىقىپ سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيىلەردە ئىككى يىل تىلەمچىلىك قىلغانلىقىنى قانچىلىغان نومۇسلۇق زاتلاردىن ئاڭلاپ يەرگە كىرىپ كەتمىدىم، ئۇنىڭ بىرىسى بولدۇم. يەنە، يۇرتىمىزدىن ھەج - تاۋابقا بارغان بىر بوۋاينىڭ ئەزان باھالىق مالنى تاغاردا يۈدۈپ ماگىزىنمۇ ماگىزىن: «مەن قېرى ئادەم. بۇ نەرسىلەرنى بىلمەي ئېلىپ قېلىپ يۇرتۇمغا كېتەلمىدىم» دەپ يالغان ئېيتىپ ئىككى يىل سۆرۈلۈپ يۈرگەنلىكىنى، يات ئەلدىكىلەرنىڭ ئىچ ئاغرىتىشى، خەيرى - ساخاۋەت قىلىشى بىلەن 70 مىڭ دوللار پۇلغا ئېرىشىپمۇ بىرەر ئېغىزلىق ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇشقا ياكى مېھمانخانىدا يېتىشقا چىدىماي قورۇلۇش باقىدىغان مەدىكارنىڭ سېمونت، قۇم دۆۋىسىدىن ياسىۋالغان كەپىسىدە يېتىپ جېنىدىن ئايرىلغانلىقىنىمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھەرەمگە بېرىپ مېھمانخانىدا يېتىشقا ياكى ئۆي ئىجارە ئېلىشقا چىدىماي بىكارلىق خەير — ساخاۋەت قونالغۇسىنىڭ تار بىر ئېغىزلىق ئۆيىدە 30 ـ 40 تىن بولۇپ تىقىلىشىپ، تەردىن سېسىپ، يۇراپ كەتكەن پۇللىرىنى بەدىنىگە چىڭ تېڭىۋالغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە؛ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئالدىدا ئىزا تارتماي، نومۇس قىلماي، يۈز - ئابرۇيىنى تۆكۈپ داللاردا، يول بويلىرىدا، دوقمۇش - دوقمۇشتا سۇنايلىنىپ يېتىشىپ كەتكەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە؛ ئۆشرە - زاكات پۇلىغا ئەكىلىپ تارقىتىپ بېرىدىغان يېمەكلىكلەرگە خۇددى شاپاقتا چىۋىن ئولاشقاندەك ئولىشىپ، بىر - بىرىنى دەسسەپ، چەيلەپ، تاماق تالىشىپ ئۇرۇشۇپ، پولۇنى خورجۇنغا، سومكىغا، گۆشنى قوينىغا تىقىشقان، «قورسىقىڭلار تويغىدەك ئېلىڭلار، يەنە ئەكېلىپ بېرىمىز، كۆپ ئېلىۋالساڭلار سېسىپ كېتىدۇ» دېسە ئۇنىماي، ئالغانلىرى جىق ئېلىۋېلىپ، ئاچ قالغان قېرىنداشلىرىغا بەرمەي، تائاملارنى سېسىتىپ تاشلىۋەتكەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئادەمنىڭ خورلۇقىنى كەلتۈرىدىغان ئىبرەتلىك پاراڭلارنى ئاڭلىدىم.

ھەرەمدە مۇھاجىرلار زاكاتقا ئېلىپ قويىغا بىكارلىق مېھمانخانىلاردا يەنە شۇ ئۇيغۇرلىرىمىز: «سەن ئۇ يەرلىك، سەن بۇ يەرلىك» دەپ بىر - بىرىنى پاتۇرماي قوغلاپ چىقىرىۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

چەت ئەلگە چىققان، ھەجگە بارغان مۇشۇ ئادەملەر ۋەتەندە ئۆزىنى بىر سانايدىغان، بىز باي، دەپ كېرىلىپ يۈرۈيدىغان ئاتالمىش ھۆرمەت ئىگىلىرى، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئىدى. ئەمما ئۇلار چەت ئەللىك مۇسۇلمانلارغا: «ئۇيغۇر دەيدىغان بىر مۇسۇلمانلار قوۋمى باركەنكى مەدىنەتچىلىكتە دۇنيادا بۇنداق ئادەملەر ئاز ئۇچرايدۇ. بەدىنىگە تېڭىۋالغان پۇلنى خەجلىمەي سېسىتىۋېتىپ، بىكارلىق تاماقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ يېيىشتە بۇلاردەك ئاچكۆز خەق بولماس. بۇلار نەدە چوڭ بولغان، مۇسۇلمانچىلىقنى قانداق ئۆگەنگەن خەقتۇ؟» دەيدىغان، بىزنى كۆرسە كەمسىتىپ كۈلۈدىغان، سېسىق تاپنى كۆرگەندەك بۇرنىنى يۆگەپ قاچىدىغان تەسىراتنى قالدۇرۇپ كېلىشتى.

ھەي چەت ئەلگە چىققانلار، ھەرەمگە بارغانلار، سىلەر بىزنىڭ بايلىرىمىز تۇرۇپ شۇنداق شەرمەندىلەرچە ئاچكۆزلۈك قىلساڭلار، چەت ئەللىك مۇسۇلمانلار بىزنىڭ مىليونلىغان نامرات، ئاچ كۆڭۈل، جاپاكەش خەلقىمىزنى: «ئۇلارنىڭ بايلىرى مۇشۇنداق ئاچكۆز بولسا، نامراتلىرى بىر - بىرىنى يەمدىغاندۇ» دەپ قالامدۇ؟! بىر مىللەتكە، ۋەتەنگە مۇشۇنداق كۆتۈرۈپ قوپقىسىز ھاقارەتنى كەلتۈرۈپمۇ يۈزىڭلار قىزارماستىن، ۋىجدانىڭلار ئازابلانماستىن كېرىلىپ يۈرۈۋاتىسىلەر. ۋەتەننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى، مىللەتنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى تۆككەن گۇناھىڭلارنى «ھاجىم» لىقىڭلار يېپىپ قالالامدۇ؟ سېسىق نامىڭلار ئۆزۈڭلاردىن بۇرۇن ۋەتەنگە كېلىپ خەلقىنىڭ نەپرىتىگە قالدىڭلار. بۇ پەقەت ھەج جەريانىدىكى ئاچكۆزلەرگىلا خەلق نامىدىن ئوقۇلغان لەنەت. لېكىن مىڭلىغان ساپ ئېتىقادلىق، دىيانەتلىك، ۋىجدانلىق، غورۇرلۇق ھەقىقىي ھاجىلار يەنىلا ئەلنىڭ ھۆرمەت تۆرىدە. بىز يۇقىرىقى

پەسلىك، ئاچكۆزلۈكلەرنى ئاشۇ ھۆرمەتلىك، نومۇسلۇق ھاجىملارنىڭ كۆز يېشى قىلىپ تۆرۈپ تۆككەن دەردلىرىدىن بىلدۈق، خالاس.

ئاچكۆزلۈك - ئەمەلىيەتتە خەلقىمىزگە ئىتتىنىڭ قوتۇر كېسىلىدەك تارقىلىۋاتقان يۇقۇملۇق كېسەل، بىز بۇ كېسىلىمىزنى ۋاقتىدا ساقايتىۋالمىساق، بۇ نەپسىگەرلىك ئاخىرى بېرىپ بىزنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئارىسىدا ئىززەت - غۇرۇرنى سېتىپ يەپ تۈگەتكەن، قاتاردا يوق، نومۇسسىز خەققە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇنداق قىلماي ئۆز ئەيىبىمىزنى تونۇيلى، ئۆزىمىزگە، ئۆز كېسىلىمىزگە داۋا قىلايلى!

# داغۋازلىق كېسىلى

قەشقەر شەھىرىدىكى ئۆي خوتۇنلىرىنىڭ بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشىدا بەزى خوتۇنلارنىڭ بىر - بىرىگە كۆز - كۆز قىلىپ 50 كويلۇق، 100 كويلۇق پۇلدا قولىنى سۈرتۈپ يەرگە تاشلاپ غادىيىشىپ ئولتۇرۇشقىنىنى ئاڭلاپ، ھازىرغىچە بۇ دوزىخى خوتۇنلارغا پۇل بەرگەن، ئاش - نان بەرگەن ئەرلىرىگە نەپرەتلىنىمەن. خۇدانىڭ بۇلارغا شۇنداق بىر رەسۋا موھتاجلىق، بىر تال دانغا زار كۈنلەرنى چوقۇم كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. «قول ئات مىنسە چىقمىغان دۆڭ قالماپتۇ، دېدەك مۈنچاق ئاسسا كىرمىگەن ساراي» دېگەندەك، نەچچە ئون يىللىق ئاچلىق، يالىڭاچلىق، موھتاجلىق، زارلىقلار چىرايىمىزدىن كەتمەي تۇرۇپ، بۈگۈن تېخى ئەمدىلا ئىككى - تۆت تەڭگە پۇل تېپىپلا نەدىن كەلگەن كۆپۈرانە ھاكاۋۇرلۇق، ھەددىدىن ئېشىش بۇ؟

ئۆز ۋاقتىدا دۇنيانى سورىغان ئەنگلىيىدەك باي دۆلەتنىڭ باش ۋەزىرى بولغان ساچىرخانىم مۇراسىملاردا بىر گەز تاۋار بولسىمۇ ئىسراپ بولمىسۇن دەپ ئەرزان باھالىق قىزىل شەلپەر قەغەزنى كەسكەن يەردە، بىزنىڭ بۇ سېسىق خوتۇنلارغا نەدىن كەلگەن ھال بۇ؟ ئۇ خوتۇنلار تېخىچە يۇرتىمىزدىكى ئۈچىسى يىللىغدەك كىيىم كىيەلمەي، قورسىقى تويغۇدەك تاماق يېيەلمەيۋاتقان نامرات - يوقسۇزلارنى، قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن ئۆيلىنەلمەي قېرىپ كېتىۋاتقان بويتاقلارنى، داۋالىنىشقا پۇلى يوق بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىۋاتقان بىچارە بىمارلارنى، ئاتا - ئانىسىزلىقتىن كوچىلاردا تىلەپ يۈرگەن توپ - توپ تىلەمچى بالىلارنى كۆرمەپتىمۇ؟

جاھاندىكى ھەر قانداق دىن، ئىرق، مىللەتتە باي ياكى نامرات بولسۇن، بۇ ئاياللاردەك پاسىق، رەزىل ئادەملەر يوق دەپ قارايمەن. بۇ خوتۇنلار مەيلى دىندا، مەيلى ۋىجداندا، مەيلى ئەخلاقتا بولسۇن ھەممە ئۇلۇغلۇقنىڭ دۈشمەنلىرىدۇر، خالاس.

# ئادەم بولۇشىمىزنىڭ تولىمۇ كېچىكىپ كېتىشى

ئەسلىدە بىز خەقنىڭ زامانىۋى دۇنياغا خاس ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلىدىن، بىز بالا تاپقان بىلەن تەربىيىلەشتە ھېچقانچە ئىلمىي بۇرچىمىزنى ئادا قىلالمىدۇق. قورسىقى ئاچ ئادەمدىن نان سورىغىلى بولمىغاندەك، ئۆزىمىز تۈزۈكرەك تەربىيىلەنمەي تۇرۇپ، بالىمىزنى زامانغا لايىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشتىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچالايتتۇق.

تەرەققىي تاپقان ئەللەردە تەربىيىلىنىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ، بالىلارنىڭ كىچىكىدىنلا مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ياپونلار بالا تەربىيىلەشتە، بالىلار تۇغۇلۇپ تاكى مۇستەقىل ئائىلە باشلىقى بولغانغا قەدەر سىستېمىلىق ئەخلاق دەرسى تەسىس قىلغان بولۇپ، يەسلىدىن باشلاپ جەمئىيەتكە چىققۇچە «بالىلار ئەخلاقى» ، «ياشلار ئەخلاقى» ، «ئەرلەر ئەخلاقى» ، «قىزلار ئەخلاقى» ، «ئائىلە سەنئىتى» دەرسلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىتىدۇ.

ئەمدى بىزنىڭ بالا تەربىيىلىشىمىزگە قاراپ باقايلى:

بىزدە بالا تۇغۇلىدۇ. 20 ـ 25 ياشقا كىرگىچە ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئارزۇلاپ بېقىپ چوڭ قىلىدۇ، ئوقۇتىدۇ؛ ھۈنەر - كەسىپلىك قىلىدۇ؛ چوڭ توي قىلىپ ئۆيلەپ قويىدۇ. 30 ياشقا كىرگىچە ئۇنى،

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ خوتۇنىنى باققىنى يەتمىگەندەك، بار بىساتىنى ئايىماي ئۇڭا ئايرىپ بېرىدۇ. شۇندىن كېيىن ئاتا - ئانىنىڭ ئۆمرى نەۋرىسىنى بېقىش، ئوغلىنىڭ ئىشىغا قارىشىش، تاپقان - تەرگىنىنى ئوغلىغا تۆكۈش، ئوغلىنى يۆلەش بىلەن ئۆتىدۇ. دېمەك، بالا تاپقان بالاسىغا ئۆلگۈچە بالىسى ئۈچۈن ئىشلەپ بۇ دۇنيادىن كېتىدۇ - گۆرگە كىرگىچە بالىسىغا قىلىدىغان خىزمىتى تۈگىمەيدۇ. مانا بۇ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش ئادىتى. ئاتا - ئانام بوۋام - مومامغا، مەن ئاتا - ئانامغا، بالام ماڭا يۆلىنىپ ياشاش روھىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۆگىنىپ كەلدۇق، كېلىۋاتىمىز. بۇنداق ساق تۇرۇپمۇ ئۆلگىچە بىر - بىرىگە يۆلىنىۋېلىپ ياشاش ئۇدۇمى خۇددى توكۇر ھاسىغا تايىنىپ ئۆرە تۇرمىسا ماڭالمىغاندەك، ھەر بىرىمىزنى مۇستەقىل ياشاش ئېڭى ۋە ئىقتىداردىن ئايرىلغان روھىي مەجرۇھلارغا ئايلاندۇرۇپ قويماقتا. يولۋاس بالىسىنىڭ ئەھۋالىدىن ئەنسىرەپ قەيەرگە بارسا چىشلەپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن 12 يىلدا ئاران بىر قېتىم تۇغقان بالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ئۆزىنى تالايدىكەن. كىيىك بالىسىنى تۇغۇپ ئۈچ كۈن بېقىپلا: «ئۆزۈڭ ياشا» دەپ كەڭ دالىغا قويۇپ كېتىدىكەن. ئەمما يولۋاسقا قارىغاندا، كىيىك يەنىلا نەسلى قۇرۇماي ياشاۋاتىدۇ. ئىنگلىزلار، نېمىسلار، ياپونلار، يەھۇدىيلارنىڭ بالىلىرى 18 ياشقا كىرگەن كۈنىدىن باشلاپ ئاتا - ئانىسىغا يۆلىنىۋالماي ئۆزىگە تايىنىپ ياشاش يولىنى تاپىدۇ. ئاتا - ئانىسىمۇ ئۇلارنى، قۇشلار بالىسىنى ئۇچۇشنى ئۆگىتىپلا ئايرىغاندەك، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ ئاندىن ئۆز ھالىغا قويۇۋېتىدۇ. بىز ئۇيغۇر خەق قىرىقنىڭ قارىسىنى ئالمىغىچە تېخى چوڭ بولمىساق، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى تېپىپ قىلالمىساق، ھەتتا چىنە چاغلىق بىر نەرسە ئېلىشتىن تارتىپ كىيىم كىيىش، سەپەر جابدۇقىغىچە ئاتا - ئانىمىز قىلىپ بەرمىسە، ئۆزىمىز قىلاي دېمىسەك، بەزىدە قىلاي دېگىلى قويماسلىق ئاتا - ئانىمىز باشقۇرغىلى تۇرسا. دېمەك، بىز 40 قا كىرگىچىمۇ ئادەم بولۇپ بولالمىساق، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەقلىمۇ، كۈچ - قۇۋۋىتىمۇ چېكىنىشكە باشلىسا، ئۆزۈڭىغا قالماي ئۆلۈپ بەرسەك، بۇ خىل ياشاش ئادىتى بىزنى نەگە ئېلىپ بارار؟ مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، بىر ئادەم باشقۇرمىسا ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرالمايدىغان، ھەممە ئىشتا ئۆزگىگە ئەمەس، باشقىلارغا تايىنىشنى ئەلا بىلىدىغان، بىر ئادەم ئۆگەتمىسە قىلالمايدىغان، بىر كىم دەپ بەرمىسە يولىنى تېپىپ ماڭالمايدىغان، ھەممە ئەزايى ساق تۇرۇپ ئىشلىتەلمەيدىغان بولۇپ قېلىشىمىز مۇقەررەر.

مانا بىز مۇشۇنداق تەربىيە ۋە روھ بىلەن چوڭ بولدۇق. شۇڭا بىزنىڭ ئادەم بولۇپ يېتىلىشىمىز باشقا ھەر قانداق قوۋمدىن ئاستا بولۇۋاتىدۇ. ئەمدى بىز ئۇيقۇمىزنى ئاچمىساق، ئادەملىك قەدىر - قىممىتىمىزنى يېڭىباشتىن تونۇمىساق، پەرزەنتلەر تەربىيىسىنى قايتىدىن ئويلانمىساق بولمايدىغان يەرگە يەتتى. بالىمىز يىقىلسا ئورنىدىن ئۆمىلەپ تۇرالىغۇدەك بولسىلا ھەرگىز يۆلىمەيلى. يىقىلغان بالا قوپۇشنىمۇ بىلىدۇ. ئۇ ئۆزى ئورنىدىن تۇرسۇن. بالىمىز قاچىسىدىكى تاماقنى ئۆزۈم يەيمەن دېسە، تۆكۈۋېتىسەن، مەن يېگۈزۈپ قويىمسام بولمايدۇ، دەپ تارتىۋالمايلى. ئۇ ئۆزى يېسۇن! بالىمىز سەپەرگە چىقىمەن دېسە، چىقىپ كۆرسۇن. بىز ئاللاغا نالە - پەريات قىلىپ يىغلاپ ئېسىلىۋالمايلى، ئۇ ئۆزى يول تاللاپ مېڭىشنى ئۆگەنسۇن. بىر - ئىككى قېتىم بۇرنىغا يەيدۇ، ئاستا - ئاستا ئۆگىنىدۇ، پىشىدۇ. بالىمىز ئەقلىنى جورۇپ، ئۆزى مۇستەقىل بىر ئىش قىلغىلى قوپسا، ئاتا - ئانىلىق قىممىتىمىزنى تۆۋەنلىتىپ، ئۇنى قىلساڭ بولمايتتى، بۇنى قىلساڭ بولمايتتى، ئۇ ئۇنداق، بۇ بۇنداق دەپ ھە دېسىلا ئەمىر - مەرۇپ قىلمايلى. بىز ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھۆكۈم قىلغۇچى خۇدا ئەمەس! بالىمىزنىڭ قىلغان ئىشى ئوڭۇشلۇق بولسا، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا بۇرنىغا سۇ كىرىپ ئىككىنچى قېتىم ئىشنى سوغۇققانلىق ۋە ئەقىل بىلەن قىلىپ بۇزمايدىغان بولىدۇ. مۇھىمى بىر قېتىم ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىدۇ. بىزنىڭ قەدىرلەيدىغىنىمىز دەل مۇشۇ نۇقتا بولسۇن.

## ئوزۇقلىنىشىمىز ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوزۇقلىنىش رىسالىدە رەسمىي ئېتىراپ قىلىنىغان تائام 72 خىل دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇششاق تۈرلەر قوشۇلسا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكى ئاتا - بوۋىلارغا ئايان پاكىت. ئەمما

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە پەقەت لەغمەن تۈرىدىكى بىر قانچە خىل تاماقلا قاپتۇ. شۇڭا بەزىدە گۆشتىن چۈشۈپ نېمە تاماق ئېتىشىمىزنى بىلمەيمۇ قالىمىز. لەغمەن قاتارلىق چاپلاشقاق، خېمىر تۈرىدىكى، رېزىنكىدەك بۇ تائاملارنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن بولجۇڭ گۆش، پەيلىرىمىز بوشاپ، ئېزىلەڭگۈلىشىپ، بەدىنىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقى زەئىپلىشىپ بىر تاغار لەۋا گۆشكە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئۈچەي، ئاشقازىنىمىز دۇنيادىكى قاۋۇل مىللەتلەر بولغان نېمىسلار، روسلار، ئىنگلىزلارنىڭ ئاشقازان - ئۈچەيلىرىدىن چوڭ. ئادەتتە بىر ئۇيغۇر ئەر بىر ئولتۇرۇشتا يېگەن تاماقنى نېمىسلاردىن ئۈچى، روسلاردىن ئىككىسى تەستە يەپ بولۇشى ھەتتا يەپ بولالماسلىقى مۇمكىن. دېمەك، بىر ئۇيغۇر ئەرنىڭ ئۈچەي - ئاشقازىنى ئۈچ ياكى ئىككى ياۋروپالىقنىڭ ئۈچەي - ئاشقازىنىدەك چىقامدۇ قانداق؟ ئۇلار قۇۋۋەتلىك قىلىپ بىر پىيالە تاماق يەيدۇ. ئەمما بەدەن قۇرۇلمىسى بىزدىن كۆپ تەرەققىي قىلغان. ئۇلاردا ئۈچەي كىچىك، تەن چوڭ. بىزدە قېرىن يوغان، تەن كىچىك. بىز خۇددى ھەلەپ يېگەن كالىدەك بىر ئولتۇرۇشىمىزدا ئۈچ، تۆت قاچا تاماق يەۋېتىمىز. ئەمما بەدىنىمىز قۇۋۋەتسىز. شۇڭا خېمىرغا كەتكەن چىقىمنى ئازايتىپ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى ھەر خىل قۇشلار، ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىگە، سۈتكە، تۇخۇمغا ۋە ھەسەل، مۇراببالارغا كۆپرەك پۇل خەجلىسەك، ئاز - ساز، ئەمما قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلىنالايمىز. كالىنى «سامانغا تويامسەن دانغىمۇ؟» دېسە، كالا ئاسمان پەلەك سامان بىلەن يەر يۈزى دانغا قاراپ ئاچكۆزلۈك قىلىپ سامانغا تويغاندەك، بىزمۇ ھەجىمگە تويماي قۇۋۋەتكە تويۇشنى - خېمىرلىق تاماقنى ئازراق، سۈت، ھەسەل، تۇخۇم، ھەر خىل گۆشلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشنى ئويلىشىپ كۆرەيلى.

مەن 1982 - يىلى زوردۇن سابىر ئاكىدىن: «ياۋروپالىقلاردا نېمىشقا ئالىم كۆپ، بىزدە ئالىم بەكمۇ ئاز. ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى ئادەملىرىمۇ نېمانداق بىزدىن ئۆتكۈر كېلىدۇ» دەپ سورىسام، زوردۇن ئاكا كۆپ ئويلانمايلا: «ئۇكام، بىز ئەتىگىنى تۈزدىن باشقا خورۇچى بولمىغان ئىككى مولۇق نان بىلەن تازىلىقى ناچار، سېسىغان ساماندەك چاينى ئىچىمىز. ئۇلار ئەتىگىنى مېغىز، مۇراببا، ھەسەل، سۈت، بولكا، تۇخۇم بىلەن ناشتا قىلىدۇ. بىز چۈشتە ھەلەپتەك، خورۇچى كېپەكتەك تاماق يەيمىز. ئۇلار بېلىق، كالا، توخۇ، قۇش گۆشىدىن ئېتىلگەن ئازغىنە تاماق بىلەن يېڭى مېۋە، يېڭى كۆكتات يەيدۇ. گۆش يېگەن ئادەم بىلەن ئوماچ ئىچكەن ئادەم يول ماڭسا، ئوماچ ئىچكىنى چوقۇم گۆش يېگەننىڭ كەينىدە قالىدۇ. مېڭە قۇۋۋەت تاپمىسا قانداقمۇ كۆپ نەرسىگە ئەقلى يېتىدۇ؟» دېگەنىدى. بۇ بىر رېئال ھەقىقەت ئىدى. كېيىن ئويلاپ باقسام، ئەسلىدە ئىنساننىڭ ئەقلى ئوخشاش بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەردىن باشقا، ئوزۇقلىنىش ئادىتىنىڭ ناچار بولۇشىدىنمۇ ئادەم گۆمۈشلىشىپ ئەقلى توختاپ قالىدىكەن.

بىزمۇ تۇخۇم، سۈت، ھەسەلگە قۇربىمىز يەتمىگۇدەك نامراتمۇ ئەمەس. قولىمىز ئۈزىراپ، ھالى - كۈنىمىزمۇ بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشىلىنىپ قالدى. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ بىر خۇمرانىنى خۇدانىڭ سۈيىگە چىلاپ يەپ، سەت كېكىرىپ، كالامپاي دەسسەپ يۈرگىچە بىر پىيالە سۈت، بىر بۇردا نان، بىر تۇخۇم، بىر قوشۇق ھەسەل، بىر تال ياڭاق، بىر قوشۇق مۇراببا بىلەن ناشتا قىلساق، چۈشلۈك، كەچلىك تائاملىرىمىزدا بىرلا خىل تاماققا ئېسىلىۋالماي، غىزا تۈرلىرىمىزنى يېڭىلاپ تۇرساق، ئاللا بىزنىڭ ساخاۋەتلىك يۇرتىمىزغا ئاتا قىلغان شۇنچە كۆپ، مول نېمەتلەردىن لايىقىدا يەپ ھوزۇرلانساق تېنىمىز قۇۋۋەت تېپىپ چىراي شەكلىمىز، بوي - بەستىمىز بارغانچە ئادەم ئىسكەتتىگە كىرىدۇ. مېڭىمىزمۇ ئادەمنىڭ مېڭىسىدەك تىرىلىپ ئاندىن ئۆزىمىزنى تونۇشقا باشلايمىز. بىزدە گۆش يېيىش ئادىتى ئاساسەن قوي گۆشىگىلا مەركەزلىشىپ قالغان بولۇپ، ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن گۆشلەرنى يېمەي كېلىۋاتىمىز. كالا، ئات، تۆگە، ئۆچكە، توخۇ، توشقان، قۇش گۆشلىرى ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرىنىمۇ ئىستېمال قىلىشنى ئادەت قىلساق، پەقەت بىرلا خىل گۆش بىلەن ئوزۇقلىنىشتىن تولماي قالغان نۇرغۇن كەمتۈكلۈكلىرىمىز تولۇقلىنىپ، بەدەن سۈپىتىمىزمۇ مۇكەممەللىشىشكە باشلىغان بولاتتى. مەسىلەن، بىز يەۋاتقان قوي ئۈستىدە ئاددىيلا توختىلايلى: قوي ھايۋانلار ئىچىدە ئەڭ دۆت، يۇۋاش، ئىشىكتىن چىقىپ كەتسە ئېغىلىنى تاپالمايدىغان، قارشىلىق روھى يوق، ئېغىلغا ئوت كەتسە كۆيۈپ ئۆلۈشكە رازىكى، قېچىپ قۇتۇلۇشنى بىلمەيدىغان، توختىماي مەرەيدىغان، غەلۋىسى تولا، ئۆلۈپ گۆش بولۇشتىن باشقىغا يارىمايدىغان ھايۋان. بىز دۆت ئادەمنى كالىغا ئوخشىتىمىز، ئەمما كالا مىڭ كىلومېتىر يولدىن قويۇۋەتسە قوتىنىنى تېپىپ

كېلەلەيدۇ. ئۇنىڭدا چىدام، كۈچ، ئېغىر - بېسىقلىق، سەۋرچانلىق، جاپاغا چىداپ ئىشلەش قاتارلىق قەھرىمانانە بىر خۇسۇسىيەت بار. قويدا بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يوق. ئادەم قانداق نەرسىدىن ئوزۇقلانسا، ئۇنىڭدا شۇ مىجەز - روھ، شۇ خۇسۇسىيەت چوقۇم يېتىلىدۇ. بىز قوينىلا يەۋەرسەك شەكلىمىزلا ئادەم سىياقىدا بولغان بىلەن پۈتۈن ئاڭ - مىجەزىمىز، دۆتلۈك - ئەخمەقلىقىمىز چوقۇم قويغىلا ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ قوي گۆشىنى كەمسىتكەنلىك، ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس. نېمە يەيسەن دېسە: لەغمەن بىلەن قوي گۆشى، دەپ خۇددى باشقا تامىقى ۋە گۆشى يوقتەك بىرلا خىل گۆشكە باغلىنىپ قالماي، بىزمۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزدەك باشقا گۆشلەرنىمۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىشىمىز لازىم. قوي گۆشى تولۇقلىمىغاننى كالا گۆشى، كالا گۆشى تولۇقلىمىغاننى ئات گۆشى، ئات گۆشى تولۇقلىمىغاننى تۆگە گۆشى، ئۆشكە، توشقان، بېلىق ۋە ھەر خىل قۇش - توخۇ گۆشلىرى تولۇقلايدۇ. چەت ئەلنىڭ قىرىق ياشلىق ئادەملىرى بىر قاراشقا بىزنىڭ يىگىرمە ياشلىق يىگىتلىرىمىزدىن ياش كۆرۈنىدۇ. سەۋەبى ئوزۇقلىنىش ئادىتى ياخشى. ئەر - ئاياللىرى مېۋە، ھەسەل ۋە سۈتنى بولۇپمۇ ئۈچ ۋاق تاماقنىڭ ھەممىسىدە ھەر خىل مېۋىنى كۆپلەپ ئىستېمال قىلىدۇ. مېۋە چىراينى ياشارتىش، پارقىراق قىلىش خۇسۇسىيىتى ئەڭ كۈچلۈك يېمەكلىك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ھەتتا يۈزىنى يۇيمىسىمۇ نۇر يېغىپ، ياشلىق جىلۋىسى جۇلالاپ تۇرىدۇ. بىزدە نېمە تولا - مېۋە - چېۋە تولا. قىز - ئاياللىرىمىز چىرايىڭلارنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىمىز دەيدىكەنسىلەر، بۇنىڭ داۋاسى ئۆزىمىزدە - تېرىنى بۇزغۇچى خىمىيىلىك پەرداز بۇيۇملىرىنى يۈزۈڭلەردىن نېرى قىلىپ ھەسەل بىلەن مېۋىنى كۆپ يەڭلار، رەڭگى - رۇخسارىڭلار شۇنچە نۇرلۇق بولۇپ ياشلىقىڭلارنى يوقاتمايسىلەر.

ئوزۇقلىنىش ئادىتىمىزدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، زەھەرلىك ئىچىملىك، چېكىملىكنىڭ يامراپ كېتىشى، يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆيدۈرگۈچى ھاراق، تۈرلۈك سوغۇق ئىچىملىكلەر ئەرلىرىمىز بولۇپمۇ ياش يىگىتلىرىمىزنىڭ جىنسىي ئىنتىلىشلىرىنى زەئىپلەشتۈرۈپ ۋە تۈرلۈك جىنسىي ئاجىزلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار قىلىپ ئاجايىپ بەختسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈۋاتىدۇ. بۇ سەۋەبلىك، ئۇلار ئازاب ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى دوختۇردىن سوراۋاتىدۇ. يۇ ئەمەلىيەتتە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، زەھەرلىنىشتىن ئىبارەت ئىككى سەۋەبتىن تۇغۇلغان سۇنئىي كېسەل. دۇنيانىڭ ھەر قانداق جايىدا بىزدەك يۇقىرى گرادۇسلۇق ھاراق ئىچمەيدۇ.

گىزى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ھاراقنى ئۆلگۈدەك ئىچىپ خۇدىمىزنى بىلمەي، ئەقلىدىن ئېزىپ، گالدى - گۇلدۇڭچىلىق، مەستلىكتە تاپقان بالىلىرىمىز دەلدۇش، ئەقىلسىز، شەرمى ھاياسىز، غايىسىز، بۇ دۇنياغا يەپ - ئىچىش ئۈچۈنلا كېلىدىغان ئادىمىي ھايۋان بولۇپ تۇرىلىدۇ. چۈنكى ئاشۇ بەتبۇي، سېسىغان، زەھەرلەنگەن بەدەندىن ئېقىپ چىققان بالا ئۇرۇقىغا بىزنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى شەرمەندىلىكلىرىمىز، مەست خىياللىرىمىز، پاسىق - گۇمراھلىقىمىز مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. دادىغا چىققان بىر تال موي، قاش - كىرپىك، ھەتتا مەڭلەر ئاشۇ كىچىككىنە بىر تامچە سۇيۇقلۇقتا ھۆجەيرە بولغان يەردە قاندىكى شۇنچىۋالا مەستلىكنىڭ ھايۋانىي خۇيلىرى سىغماي قالامدۇ؟ بىز قەدىمكى مازارلىرىمىزدىن چىققان بوۋىلىرىمىزنىڭ سۆڭەكلىرىگە قاراپ باقايلى: ھازىرقى بويىمىز ئۇلارنىڭ پاچاق سۆڭىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدا كېلىدۇ. ھاراقتىن ئىبارەت بۇ زەھەرنى زامانىۋى دۇنياغا يۈزلەنگەن ئىلغار مىللەتلەر بىزدەك ئىچمەيدۇ. ئۇلار مەستلىكنى ئەقلىدىن ئېزىش مەشقى، ئۆزى خالاپ ساراڭ بولۇش، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈش، دەپ قارايدۇ. پەقەت نادانلىقتا، مەستلىكتە ئەقلىنى ئۇپراتقان بىزلا ئۆلگۈدەك ئىچىۋاتىمىز. بۇ كەيپى نىجاسەت بىزنى كۈندىن - كۈنگە ئادىمىيلىك تەبىئىيىتىمىزدىن ئايرىپ روھىيىتىمىز، تۇرقى - سىياقىمىز، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىمىزنى پۇچەكلەشتۈرۈۋېتىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبلىك روھى بۇزۇلغان، ئەنئەنىۋى ئەخلاقى زاۋاللىقتا يۈز تۇتقان، تېنى زەئىپلىشىپ كۈندىن - كۈنگە ۋىجىكلەۋاتقان بىز ئاپىرىدە قىلغان پەرزەنتلەر بىزدىنمۇ بەتتەر بولىدۇكى، گۇشۇق بولمايدۇ.

يېمەك - ئىچمىكىمىزدىكى كەم قۇۋۋەتلىك، خىمىيىلىك بۇلغىنىش، ھاراقتىن زەئىپلىشىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى 1940 - يىللاردىن كېيىن تۇغۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆمرى قىسقىراپ، تېز قېرىپ، ئاسانلا كېسەلگە چېقىلىپ، بەزىلىرى ۋاقىتسىزلا ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. يۇرتىمىز دۇنيا ئېتىراپ قىلغان ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپانلىرى ماكانى ئىدى. ئەمما ھازىر ئۇنداق بولماي قالدى. ئەمدى بىزنىڭ ئۆز جېنىمىزغا ئىچىمىز ئاغرىيدىغان، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلايدىغان، زەھەرلىك چېكىملىك - ئىچىملىكلەردىن ئۆزىمىزنى تارتىدىغان، بوۋىلىرىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىشتىكى ئالتۇن دەۋرىنى تېپىۋالىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى.

# دولان دىيارىدىكى مەدەنىيەت پونكىتىغا زىيارەت





## خۇدا بەردى ئابدۇللا

(«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى)

بىز تۇمەنتال يېزىسىنىڭ ئاممىۋى پائالىيەت سورۇنىغا چۈشتىن كېيىن يېتىپ كەلدۇق. شەرق تەرەپكە قارىتىپ سېلىنغان مەدەنىيەت ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى مەيدان قىزىپ كەتكەنىدى. دېھقان ياشلىرى ئوڭ تەرەپتە ۋاسكېتبول سول تەرەپتە رەت - رەت قويۇلغان ئون نەچچە شىرەنى چۆرىدەپ بىليارت ئويناۋاتاتتى. مەن توپلانغان ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ، بۈگۈن بازار كۈنىمىكىن دەپ ئويلاپ قاپتىمەن، لېكىن بۇ بازار كۈنى ئەمەسكەن. يېنىمدىكى بىر كىشىدىن: «بۇ سورۇن كۈنلىكى مۇشۇنداق قىزىپ تۇرامدۇ؟ ياكى بۈگۈن ئېكسكۇرسىيىگە كېلىدىغانلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئادەم چاقىرىپ كەلدىڭلارمۇ؟» دەپ سورىدىم.

## ئاممىۋى مەدەنىيەت سېپىدە

www.uyghurkitap.com

ئۇ كىشى ماڭا: «كېۋەزنى تېرىپ بولدۇق، جىددىيلىك ئۆتۈپ كەتتى، مۇنداق چاغلاردا يېزا ياشلىرىنىڭ بۇ سورۇنغا توپلىنىشى تەبىئىي. يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلارنىڭ قولى بىر ئاز بوشىسىلا بۇ يەرگە كېلىپ كىتاب، گېزىت كۆرىدۇ، رەسىم سىزىدۇ، توپ، بىلىيارت، شاھمات، دامكا ئوينايدۇ، مەشرەپ قىلىدۇ» دېدى. بىز قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىدە ئىلغار بولۇپ باھالانغان مەكىت ناھىيىسى تۇمەنتال يېزىسىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت سورۇنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۈچۈن 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بۇ يەرگە كەلگەنىدۇق. مەن ۋەكىللەر بىلەن بىرلىكتە بۇ يېزىنىڭ مەدەنىيەت ئۆيلىرىنى ئارىلىدىم. گېزىت - ژۇرنال كۆرۈش، كىتاب ئارىيەت ئېلىش، رەسىم سىزىش، رەسىم تارتىش، شاھمات، دامكا ئويناش ئۆيلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، بۇ يېزىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى تەڭ تۇتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۆسمۈر - ياش ئوغۇللارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئۇچىسىدا كاستيۇم - بۇرۇلكا، قىزلارنىڭ ئۇچىسىدا زامانىۋى پاسوندا تىكىلگەن بېلى ئىنچىكە تار كۆڭلەك بار ئىدى. بويىغا يەتكەن قىز -يىگىتلەردىن تەر ئەمەس، ئەتىرنىڭ ھىدى كېلەتتى. مەن يېزىنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاپ قىز - يىگىتلەرنىڭ شەھەردىكىلەرگە ئوخشاش مەدەنىي كىيىنىپ، خۇشال - خۇرام يۈرۈشلىرىنىڭ سىرىنى ئۇققاندەك بولدۇم.


بىز ئازادە مەشرەپ زالىدا يېزا مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ باشلىقى مۇسا ئەيسانىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىدۇق.

تۇمەنتال يېزىسى مەكىت ناھىيە بازىرىدىن 38 كىلو مېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، 14 مىڭ 460 نوپۇسى بار باي يېزا ئىكەن. 1993 - يىلى ئىشلەپ چىقارغان ئاشلىقى ھەر نوپۇسقا 758 كىلوگرامدىن، پاختىسى 305 كىلو گرامدىن، ئومۇمىي كىرىم ھەر بىر نوپۇسقا ئوتتۇرىچە 1685 يۈەندىن توغرا كەپتۇ.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بۇ يېزىنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىپ، خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشى بېيىغاندىن كېيىن يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مەنىۋى مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپتۇ. 1990 - يىلى 115 مىڭ 500 يۈەن ئاجرىتىپ مەدەنىيەت پونكىتى سېلىپتۇ. 1992 - يىلى پونكىت خادىملىرىنى تولۇقلاپ سەككىز نەپەرگە يەتكۈزۈپتۇ. مەدەنىيەت پونكىتىدا ھازىر كىتاب - ژۇرنال، چالغۇ ئەسۋابلىرى، تەشۋىقات سايمانلىرى، كىنو قويۇش ئاپپاراتلىرى، تەنتەربىيە سايمانلىرى قاتارلىقلار بولۇپ 55 مىڭ يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈك بار ئىكەن. يېزا بويىچە ئىككى چوڭ تەنتەربىيە مەيدانى، 38 ۋاسكېتبول مەيدانى، ئىككى قىشلىق كىنوخانا، ئىككى يازلىق سىنئالغۇ فىلىمى قويۇش ئۆيى بار ئىكەن. چالغۇ ئەسۋابلىرى تولۇق بولغان 13 دولان مەشرىپى ئەترىتى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەزالىرى 462 كىشىگە يېتىپتۇ. 1993 - يىلى يېزا بويىچە ھەر خىل مەدەنىي پائالىيەتلەردىن 83 قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. بۇنىڭغا 30 مىڭ 416 ئادەم (قېتىم) قاتنىشىپتۇ. يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى مەدەنىيەت بازارلىرىنى كەڭ ئېچىش، ياخشى باشقۇرۇش، مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەتنى بېقىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز مالىيىسىنى مۇستەقىل باشقۇرۇپ، خادىملارنىڭ ئىش ھەققى، پاراۋانلىق، ئىشخانا راسخوتى قاتارلىقلارنى ئۆزلىرى ھەل قىلىپتۇ.

مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ خىزمىتىنىڭ جانلىنىشى بىلەن بۇ يېزىدا يامان ئىش، يامان ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئازىيىپ، ساغلام مەدەنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپىيىپتۇ، دېھقانلار خۇشال - خۇراملىق بىلەن: «ئوغۇل - قىزلىرىمىز يامان ئىشتىن قول يىغدى» دېسە، ياشلار: «ئاتا - ئانىلىرىمىز خۇراپاتلىقتىن ياندى» دەيدىغان بولۇشۇپتۇ.





ئىه، ئانا (ماي بوياق رەسىم) تۇرسۇن پازىل سىزغان
قەييۇم قادىر فوتوسى

www.uyghurkitap.com

خىروئىن چۇشى (ماي بوياق رەسىم)　　　　دىلشات سابىت سىزغان




«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1994- يىل 4- 5- سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى
تۈزگۈچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN65-1073/1
ۋەكالەت نومۇرى: 58 ـ 22. باھاسى: 2.40 يۈەن

«新疆文化»（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主　管：新疆维吾尔自治区文化厅
主　办：新疆维吾尔自治区群众艺术馆
编　辑：«新疆文化»杂志编辑部
印　刷：新疆«工人时报»印刷厂
发　行：乌鲁木齐市邮局
订　阅：全国各地邮局

国内统一刊号：CN65-1073/1
本刊代号：58-22.　　定　价：2.40